غەربىي يۇرت ئېكسپېدىتسىيەسىگە دائىر كىتابلار

# تەكلىماكاندىن ئۆتۈش

مارك ئاۋرېل ستەين (ئەنگلىيە)

تەرجىمە قىلغۇچى : ئايگۈل قادىر، رىزۋانگۈل نۇرۇللا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

穿越塔克拉玛干：维吾尔文／（英）斯坦因(Stein, A.)著；阿依古丽·卡迪尔，热孜莞古丽·努如拉译. —4版. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2010

（西域游历；6）

ISBN 978-7-228-12243-1

Ⅰ.①穿… Ⅱ.①斯… ②阿… ③热… Ⅲ.文化遗址—考察—新疆—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.①K878.04

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2010)第108990号

**责任编辑** 阿布都热合曼·艾白，阿不都黑力力·阿不都吉力力
**责任校对** 阿孜古丽·克力木
**封面设计** 买买提·诺拜提
**出版发行** 新疆人民出版社
**电　　话** 0991-2827472
**地　　址** 乌鲁木齐市解放南路348号
**邮　　编** 830001
**印　　刷** 新疆新华印刷二厂
**经　　销** 新疆维吾尔自治区新华书店
**开　　本** 880×1230毫米 32开本
**印　　张** 14.75
**版　　次** 2010年7月第1版
**印　　次** 2010年7月第1次印刷
**印　　数** 1—4000
**定　　价** 37.00 元



مارك ئاۋرېل ستەين (1862 — 1943)

www.uyghurkitap.com

# مارك ئاۋرېل ستەيننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

مارك ئاۋرېل ستەين — ئەنگلىيەلىك ئېكسپېدىتسىيەچى، ئارخېئولوگ، 1862 - يىلى 11 - ئاينىڭ 26 - كۈنى ۋېنگرىيەنىڭ بۇداپېشت شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1904 - يىلى ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. 1880 - يىلى لېيپزىگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1881 - يىلى ھىندىشۇناسلىق ۋە ئىرانشۇناسلىق كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش مەقسىتىدە تيۇبىنگېن ئۇنىۋېرسىتېتىدا بىلىم ئاشۇرۇپ، 1883 - يىلى فىلولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. 1887 - يىلى ھىندىستانغا كېلىپ، ھىندىستاندىكى شەرق ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1888 - يىلى پەنجاپ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئارخىپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتىگەن. 1889 - يىلىدىن باشلاپ كەشمىردە ئىلمىي تەكشۈرۈشتە بولغان. ئۇ 1 - قېتىملىق (1900 — 1901 - يىللار) ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيەسىدە خوتەن ۋە نىيە خارابىسىنى ئارخېئولوگىيەلىك قازغان ھەمدە خوتەندىكى دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىدىن قەدىمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن خوتەن پادىشاھىغا ياتلىق قىلىنغان مەلىكە سۈرەتلەنگەن بىر پارچە رەسىم تاختىسىنى ۋە بىراھمى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنى تاپقان. 1901 - يىلى نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۇنىڭ مىلادىيە 3 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى دەلىللىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئېكسپېدىتسىيەسى ھەققىدە 1903 - يىلى «قۇمغا كۆمۈلگەن خوتەن خارابىسى» دېگەن سەپەر خاتىرىسىنى، 1907 - يىلى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن رەسمىي دوكلاتىنى يازغان.

ستەين 2 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە (1906— 1908 - يىللار) خوتەن ۋە نىيە خارابىسىنى قايتا تەكشۈرگەندىن باشقا، يەنە چارقىلىق ۋە كروراندىكى قەدىمىي ئىزلارنىمۇ تەكشۈرگەن. ئۇ دۇنخۇاڭغا بېرىپ ۋاڭ راھىبتىن ئەرزان باھادا 24 ساندۇق پۈتۈك، شايىغا سىزىلغان رەسىم ۋە يىپەك توقۇلما بۇيۇملارنى سېتىۋېلىپ ئەكەتكەن. 1908 - يىلى كەشمىرگە قايتقان. 1921 - يىلى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن دوكلاتىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىنىڭ سۈرەتلىك خاتىرىسى» ناملىق بەش توملۇق كىتابنى يازغان. بۇ كىتاب ئۇنىڭ شىنجاڭ ۋە گەنسۇنىڭ غەربىدە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئومۇمىي نەتىجىلىرىنىڭ تەپسىلىي دوكلاتىدۇر.

ستەين 3 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە (1913 — 1915 - يىللار) خوتەن، نىيە، كروراننى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرگەن ھەمدە دۇنخۇاڭغا قايتا بېرىپ، ۋاڭ راھىب ساقلاۋاتقان 570 خىلدىن ئارتۇق «دۇنخۇاڭ پۈتۈكلىرى»نى قولغا چۈشۈرگەن. 1914 - يىلى 8 - ئايدا تۇرپاندىكى قەدىمىي قەبرىلەرنى قېزىپ نۇرغۇن بۇيۇملارنى تاپقان. 1916 - يىلى كەشمىر ئارقىلىق قايتىپ كەتكەن. 1928 - يىلى مۇشۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشىنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىندىكى» ناملىق دوكلاتنى يازغان. كېيىن ئۇنى ئۆزگەرتىپ «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسى» دەپ ئاتىغان.

ستەين 4 - قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسىدە (1930 -

يىلى) سىرىناگاردىن① قەشقەرگە كېلىپ، تۇرپاننى بىر مەزگىل ئايلانغاندىن كېيىن، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ تەكشۈرۈشىنى چەكلىگەن. لېكىن، ئۇ بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلماي، ئوغرىلىقچە نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى تەكشۈرۈشلىرىگە يېڭى مەزمۇنلارنى قوشقان. ئەمما، ئۇ بۇ قېتىم ئاساسەن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي قايتىپ كەتكەن.

ستەيىننىڭ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەسەرلىرىدىن باشقا، 1933 ـ يىلى 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى توغرىسىدا يازغان «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى يولدا» ۋە 1921 ـ يىلى دۇنخۇاڭ توغرىسىدا يازغان «مىڭئۆي: ‹جۇڭگونىڭ غەربىدىكى دۇنخۇاڭ ساڭرامىدىن قېزىۋېلىنغان بۇددا دىنىغا ئائىت رەسىملەر›» دېگەن ئەسەرلىرىمۇ بار. ستەيىن 1938 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىراق، سۇرىيە، ئىئوردانىيە قاتارلىق جايلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئافغانىستاندىكى ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا كېسەللى قوزغىلىپ قېلىپ، 1943 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى كابۇلدا 82 يېشىدا ۋاپات بولغان.

نەشرىياتىمىز بۇ قېتىم گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان، ستەيىننىڭ 2 ـ قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيەسى ئاساسىدا يېزىلغان «غەربىي يۇرت ئارخېئولوگىيەسىنىڭ سۈرەتلىك خاتىرىسى» ناملىق كىتابىدىن ئېلىنغان «تەكلىماكاندىن ئۆتۈش»، «نىيە خارابىسىنى تەكشۈرۈش»، «لوپنۇر قۇملۇقىدىن دۇنخۇاڭغىچە»، «خوتەن بوستانلىقىغا قايتا سەپەر»، «كرورانغا سەپەر» قاتارلىق بەش كىتابنى نەشر قىلدۇق. بۇ كىتابلاردا ستەيىننىڭ ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلىرىدىكى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي نەتىجىلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان

---

① سىرىناگار ــ ھىندى دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى جېلۇم دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان قەدىمكى شەھەر ــ مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، پايدىلىنىشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى، ئېكسپېدىتسىيە خاتىرىلىرى ۋە جۇڭگونىڭ غەربىي قىسمىنىڭ تارىخ، مىللەت، دىن، جۇغراپىيەسىگە ئائىت خاتىرىلەر ۋە سۈرەتلىك ماتېرىياللار بار. بۇلار ئوقۇرمەنلەرنىڭ ۋە بۇ ساھەدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلارنىڭ ستەيىننىڭ گەنسۇ، شىنجاڭ قاتارلىق جايلاردىكى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش خىزمىتى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى توپلاش ئەھۋالىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

# مۇندەرىجە


**بىرىنچى باب قەدىمكى گۇاجۇغا سەپەر ........................ 1**

1 ـ بۆلۈم گۇاجۇ بوستانلىقى ........................ 1

2 ـ بۆلۈم ئەنشى ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئىزلار ھەمدە شۇەنزاڭنىڭ قاشقوۋۇقتىن ئۆتۈشى ..................... 11

3 ـ بۆلۈم چىياۋزى ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابىلىكلەر ................................ 26

4 ـ بۆلۈم تۇمەنبۇت جىلغىسىدىكى تاش كېمىرلەر ... 48

**ئىككىنچى باب گەنسۇنىڭ غەربىي شىمال چېگراسى .......... 68**

1 ـ بۆلۈم سەددىچىن سېپىلى قوۋۇقىغا بېرىش ........ 68

2 ـ بۆلۈم جىيايۇگۇەننىڭ سېپىل تېمى .................. 79

3 ـ بۆلۈم سۇجۇ ۋە ئوتتۇرا بۆلەكتىكى نەنسەن تېغى ............................................ 95

4 ـ بۆلۈم گەنجۇدىن ئالتۇن مۇنارغىچە ............. 105

5 ـ بۆلۈم يۇمېن ناھىيەسىدىن ئەنشىدىكى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ سەددىچىن سېپىلىغىچە ............ 112

**ئۈچىنچى باب قۇمۇل ۋە تۇرپانغا سەپەر ..................... 122**

1 ـ بۆلۈم شىئەندىن قۇمۇلغىچە: شۇەنزاڭ ئۆتكەن قۇملۇق ............................................ 122

2 ـ بۆلۈم قۇمۇلنىڭ تارىخىي ئورنى .................. 135

3 ـ بۆلۈم ئاراتام ۋە لاپچۇق خارابىلىكلىرى ......... 146

4 ـ بۆلۈم تۇرپاندىكى خارابىلىكلەرنى تەكشۈرۈش .... 170

**تۆتىنچى باب قاراشەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلەر... 200**

1 ـ بۆلۈم قاراشەھەرنىڭ تارىخىي جۇغراپىيەسى ...... 200

2 ـ بۆلۈم شورچۇقنىڭ شىمالىدىكى مىڭئۆي

www.uyghurkitap.com

خارابىسى ........................ 213
3 ـ بۆلۈم  مىڭئۆي خارابىسىنىڭ غەربىي شىمال
قىسمىدىن بايقالغان لاي ھەيكەل ۋە تام
رەسىملىرى ........................ 240
4 ـ بۆلۈم  خورا خارابىسى ۋە تۆمۈر قوۋۇق .......... 275

**بەشىنچى باب  كۇچا ۋە كېرىيە دەرياسى ۋادىسىغا سەپەر .... 290**
1 ـ بۆلۈم  كورلا ۋە ئۇ يەردىكى قەدىمكى ئىزلار ..... 290
2 ـ بۆلۈم  ئىنچىكە دەرياسىدىن كۇچاغىچە ........... 297
3 ـ بۆلۈم  تەكلىماكاندىن ئۆتۈپ قارادۆڭگە بېرىش ...305

**ئالتىنچى باب  خوتەننىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسمىدىكى**
**خارابىلەر** ........................ 320
1 ـ بۆلۈم  پەرھاد بەگ يايلىقى ..................... 320
2 ـ بۆلۈم  F. XII ئىبادەتخانا ۋە ئۇنىڭ يىل دەۋرى ..... 335
3 ـ بۆلۈم  دامىكۇدىن خوتەنگە سەپەر ................ 347
4 ـ بۆلۈم  خوتەننىڭ شىمالىدىكى ئىبادەتخانا
خارابىلىرى ........................ 359

**يەتتىنچى باب  مازارتاغدىن مارالبېشىغىچە** .............. 375
1 ـ بۆلۈم  مازارتاغ قەدىمكى قەلئەسى ................ 375
2 ـ بۆلۈم  ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندىن ئۆتۈش ............ 388
3 ـ بۆلۈم  تاغ تىزمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەلپىنگە
بېرىش ........................ 399
4 ـ بۆلۈم  تۇمشۇق ۋە مارالبېشىنىڭ شىمالىي
قىسمىدىكى قۇملۇق خارابىلىرى ................ 416

**سەككىزىنچى باب  خوتەندىن لوندونغىچە** ............... 438
1 ـ بۆلۈم خوتەندىكى تەييارلىق ..................... 438
2 ـ بۆلۈم  قورۇم تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈش ............ 446
3 ـ بۆلۈم  قاراقورۇمدىن ئۆتۈپ ئەنگلىيەگە قايتىش ...461

# بىرىنچى باب

# قەدىمكى گۇاجۇغا سەپەر

## 1 ـ بۆلۈم گۇاجۇ بوستانلىقى

**مىڭئۆيدىن قوزغىلىش**

6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مەن دۇنخۇاڭ شەھىرىدە قىسقا ۋاقىت زىيارەتتە بولدۇم. شۇ يەردىكى جۇڭگو ئەمەلدارلىرىغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئۇلارنىڭ مېھماندوستلۇقى ۋە دوستانە ياردىمى خىزمىتىمگە نۇرغۇن قولايلىقلارنى يارىتىپ بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن 12 غاردىن يىغىۋالغان قولىيازما ھۆججەت ۋە گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوراپ ـ قاچىلاپ، مىڭئۆيدىن قوزغىلىپ، دۇنخۇاڭنىڭ شەرقىدىكى ئەنشىگە قاراپ يولغا چىقتىم. نۇرغۇن يول ئازابى چېكىپ، نەنسەن تېغى① تىزمىسىدىكى ئادەمسىز توپىلىق يولنى بويلاپ 55 ئىنگلىز مىل يۈرگەندىن كېيىن، يول بويىدىكى كىچىك ئۆتەڭ گۇاجۇ ئېغىزىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ ئىسىم ئاشۇ قەدىمكى بوستانلىقتىن كەلگەن بولۇپ، گۇاجۇ بوستانلىقىنىڭ ئەڭ جەنۇب تەرىپى دېگەن مەنىدە.

---

① گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ تاغ تارىختا، بولۇپمۇ ھۇنلار زامانىدا خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە نەنسەن (南山) دەپ ئاتالغان، چىلىيەنشەن (祁连山) دەپمۇ ئاتالغان. بۇ تاغ چىلىيەن تېغى، چىلەن تېغى، چىلانتاغ ۋە تىلەن تېغى دەپمۇ ئاتىلىۋاتىدۇ. «چىلىيەن» ياكى «تىلەن» ھۇنچە ئىسىم بولۇپ، «تەڭرىگە سېغىنىش» مەنىسىدە قارىلىۋاتىدۇ — مۇھەررىردىن.

www.uyghurkitap.com

### يەرلىكلەرنىڭ «سۈترىشىنا بۇلىقى» توغرىسىدىكى رىۋايەتلىرى

دوكتور ل . گېرس مەندىكى مىڭئۆيگە مۇناسىۋەتلىك قولىيازما ھۆججەتلەر ئىچىدىن تەرجىمە قىلىپ چىققان قىممەتلىك بىر پارچە پۈتۈكتە، قۇمۇلۇقنىڭ شەرقىدىكى «ئۈچ كۆنلۈك» مۇساپىگە جايلاشقان ئاجايىپ سېھىرلىك بۇلاق ھەققىدە بايان بار. خەن پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ۋۇدى زامانىدىكى «سۈترىشىنا سانغۇن» لى گۇاڭلىدىن كېيىن، بۇ بۇلاق «سۈترىشىنا بۇلىقى» دەپ ئاتالغان. لى گۇاڭلى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 102 ~ 104 ـ يىللىرى فەرغانە ياكى سۈترىشىنا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان، بۇ ۋەقە «تارىخىي خاتىرىلەر»دە بەك داڭلىق. رىۋايەت قىلىنىشىچە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە لى گۇاڭلىنىڭ قوشۇنى ھەربىي يۈرۈشتە قەھەتچىلىككە ئۇچراپتۇ، ئۇ تاغ ئىلاھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، قىلىچىنى چىقىرىپ تاغنى ئىككى پارچە قىپتۇ. ئۇ يەردىن شۇ ھامان بۇلاق سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ، غەرب تەرەپكە بىرنەچچە كىلومېتىر ئېقىپ سېرىق كۆلگىچە كەپتۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بىر سانغۇن بۇلاقتىن سۇ ئىچىۋېتىپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇغا چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇلاق سۈيى ئېقىشتىن توختاپ، پەقەت شۇ يەردىلا سىرغىپ چىقىدىغان بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، نۇرغۇن ئادەملەر بۇلاقتىن سۇ ئىچسە، بۇلاق سۈيى بارغانچە ئۇلغىيىدىكەن؛ ئاز ئادەملەر سۇ ئىچسە، بۇلاق سۈيى بارغانچە ئازلاپ كېتىدىكەن. بۇ خىل ھادىسە تا بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىۋېتىپتۇ.

«سۈترىشىنا بۇتخانىسى» يول بويىغا سېلىنغان بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بەك كونىراپ كەتكەن. تامنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تاشلىرى بىر تەرەپكە دۆۋىلەنگەن بولۇپ، يولۇچىلار تۆگە ۋە ئات ـ ئۇلاغلىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ،

ئۆزلىرىنىڭ بەخت ـ تەلىيى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىدۇ. شەرق تەرەپكە ماڭغاندا گۇاجۇ رايونىغا كىرگىلى بولىدۇ.

### قەدىمكى گۇاجۇ بوستانلىقى

گۇاجۇ ئېگىزىدىن غەربىي شىمالغا قاراپ 15 مىل مېڭىپ، بۈگۈنكى ئەنشىنىڭ مەركىزىي رايونىغا يېتىپ كەلدىم، بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە قەدىمكى گۇاجۇ بوستانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەنزىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى قويۇق دەل ـ دەرەخلەر، بىپايان تۈزلەڭلىك نەنسەن تېغىنى ئوراپ تۇرغان ئېگىز ـ پەس دۆڭلۈكلەر ئاستىدىن تاكى سۇلې دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىغىچە سوزۇلغانىدى. بۇ تۈزلەڭلىكتە كەڭ كۆلەمدىكى بوز يەرلەر ھەمدە ئۆستەڭلەر بىلەن سۇغىرىلىدىغان كىچىك ـ كىچىك ئۈنۈمسىز ئېتىزلار ئۆزئارا گىرەلەشكەن بولۇپ، ئىنتايىن قالايمىقان ئىدى. شياۋۋەن مەھەللىسى بىلەن خۇاڭچۇ ئۆستىڭى ئېغىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى سۇلې دەرياسىدىن باشلاپ، بۇ ئېتىزلار كۆرۈنمەيتتى. يولدا كۆرگەن تام بىلەن قورشالغان كەنت ۋە بازار خارابىلىرى شالاڭ ئېتىزلار ۋە ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان يېزا ـ كەنتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا خېلىلا كۆپ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ كەنت ۋە بازارلارنىڭ كۆپ قىسمى تۇڭگانلارنىڭ ئۇشتۇمتۇت بېسىپ كىرىشى بىلەن خارابىگە ئايلانغانىكەن. لېكىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسمى ئۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنقى مەزگىلدىلا تاشلىۋېتىلگەن. «توۋگۇڭ يېزىسى (شەكسىزكى، ئۇ سۇلې دەرياسىنىڭ كونا ئېقىنى ئىدى) ئەتراپىدىكى بىر پارچە كەڭ ۋە ئەگرى جىلغىدىن ئۆتكەندىن كېيىنكى يول قەدىمكى «گۇاجۇ شەھىرى»گە تۇتىشىدۇ. «گۇاجۇ» دېگەن بۇ نام پۈتۈن بوستانلىقنىڭ قەدىمكى نامىدىن كەلگەن. بۇ خارابىلىكنىڭ قورشاۋ تېمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 1/2 مىل، كەڭلىكى 1/3 مىل بولۇپ، تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىلدىكى چۆرىمە تام قورشاپ تۇراتتى، ئەمما بۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ

www.uyghurkitap.com

قالغان ئۆي خارابىلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ يەردە ئىلگىرى ھەربىي ئىشلارغا قوماندانلىق قىلىدىغان «يامۇل» تەسىس قىلىنغان بولۇپ، كېيىنچە دۇنخۇاڭغا يۆتكەلگەنىكەن.

شىمالىي قوۋۇقنىڭ سىرتىدا ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر بۆتخانىنى بايقىدىم، ئۇ ھازىرمۇ يەرلىكنىڭ بايرام ئۆتكۈزىدىغان پائالىيەت سورۇنى ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، مەزكۇر شەھەر تۇڭگانلار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغانىدىكەن. شەھەرنىڭ ئىچىدىكى تاشلىۋېتىلگەن يەرلەردىن قارىغاندا، بۇ شەھەرنىڭ ئىلگىرى يېرىمى دېگۈدەك خارابىلىشىپ كەتكەنىكەن. مەزكۇر شەھەرنىڭ بوستانلىقتىكى مەركەزلىك ئورنىغا ھەمدە تۆۋەندە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىنىدىغان ئارخېئولوگىيەلىك ئالامەتلەرگە ئاساسلىنىپ ھۆكۈم قىلساق، ئۇنىڭ بۇرۇن شۇنچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى دەل ئۇنىڭ قەدىمكى گۇاجۇنىڭ مەركىزىي رايونى ئىكەنلىكىدىن بولسا كېرەك.

ئەنشى شەھىرى

گۇاجۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بۇ ئۇنۇمسىز يەردىن ئۆتۈپ 4 مىل كەڭلىكتىكى چاتقاللىق يولغا كىردۇق، ھەممە يەر شېغىللىق ئىدى، بۇ يەرلەردە ئىلگىرى تېرىقچىلىق قىلىنغانلىقىنىڭ ئازراق ئىزناسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يەنە ئالدىمىزغا ماڭساق، ئەڭ كەڭ يېرى تەخمىنەن 2 مىل كېلىدىغان زىچ تېرىقچىلىق رايونى بولۇپ، ئۇ بۈگۈنكى بوستانلىقنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغان، بۇنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان شەھەر دەل بۈگۈنكى «ئەنشى» شەھىرىدۇر. «ئەنشى» دېگەن بۇ ئىسىم (غەربنى قوغدىغۇچى رايون ياكى ئىدارە قىلغۇچى جاي) قانچىلىك جاراڭلىق ئاڭلىنىشى ياكى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە جۇڭگونىڭ پۈتكۈل غەربىي رايونىنى كونترول قىلىدىغان باش ئورگاننىڭ مەركىزى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر،

بۇ يەردىكى بارلىق (1907 ـ يىلى ئۇ يەنە «ۋىلايەت» ياكى «مۇستەقىل ۋىلايەتلىك شەھەر» دەپ ئاتىلغان) نەرسىلەردە خىزمەتتىكى بىپەرۋالىق، ئالغا باسماي بىر ئىزدا توختاپ قېلىشتەك كەيپىيات ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. چۆللىشىپ كەتكەن، خارابىلىككە ئايلانغان شەھەر سېپىلىدىن مۇكەممەلرەك بىر يولنى تېپىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەنشى شۇنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇكى، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھىملىقىنى پەقەت گەنسۇ، قۇمۇل ھەمدە شىنجاڭ يولىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئۆتەڭلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىرى بولۇشى بىلەنلا ئاخىرلاشتۇرغانىدى. ئەنشى شەھىرىنىڭ غەربىي چوڭ قوۋۇقىدىن چىقىپ، سۇلې دەرياسىدىن نەچچە مىل ماڭغاندىن كېيىن، بۇ سودا يولىنى بويلاپ ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان يولۇچىلارنىڭ كېيىنكى يولى شىمالىي تاغدىكى شېغىللىق قۇملۇق ئىدى. يەنە 12 ئۆتەڭلىك جاپالىق سەپەردىن كېيىن، ئاندىن تېرىلغۇ يەرلەرنى كۆرگىلى بولاتتى.

### بوستانلىقنىڭ چەكلىك يەر كۆلىمى ۋە بايلىق مەنبەسى

چاتقال باسقان بىپايان تۇزلەڭلىكتىكى بۇ ئاساسلىق بوستانلىقنىڭ ئاشۇ تارقاقلاشقان يېزا ـ كەنتلىرى تۇڭگانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان قورقۇنچلۇق ۋەيرانچىلىقتىن ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلگەنىدى. نوپۇسنىڭ ئازلىقى نېمە ئۈچۈن ھازىرغىچە ساقلانغان زور مىقداردىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىنى قامدىيالىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئىلگىرىكى تېرىقچىلىق ئىزلىرى بولغان تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ چۆللىشىپ كەتكەنلىكىنى، پاكار ـ پاكار قۇملۇق چاتقاللىرىنىڭ ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ سەۋەبلەردىن باشقا، بىز يەنە تۇپراقنىڭ تەبىئىي ئەھۋالىدىنمۇ بۇ قەدىمىي گۋاجۇ بوستانلىقىنى كۆلەم ۋە مۇنبەتلىك جەھەتتە دۇنخۇاڭ بوستانلىقىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئاسانلا بىلىپ يېتەلەيمىز. تاغ ئېتىكى بىلەن ئەمەلىي سوغىرىش سىستېمىسى قۇرۇشقا بولىدىغان دەريا ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 16 مىل، ئاستىنىڭ كەڭلىكى 10 مىل كېلىدىغان ئۈچ بۇرجەكلىك يەر بىلەن چەكلىنىدۇ. يەنە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ يەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان سۆلې دەرياسىنىڭ سۈيى دۇنخۇاڭنىڭكىدەك قولايلىق ئەمەس ئىدى. دۇنخۇاڭ داڭخې دەرياسى سۈيى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۇنىڭ بوستانلىقىنىكى ئورنى ناھايىتى ئەۋزەل، يەنى ئۇ چوڭ ھەم مۇنبەت يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسىگە جايلاشقان ئىدى.

### سۆلې دەرياسىنىڭ سوغىرىش ئىشلىرى

سۆلې دەرياسىنىڭ سوغۇرۇلىنىدىغان رايونى بەك چوڭ، دەريانىڭ سۇ مەنبەسىدىكى مۇزلۇقلار كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. 1907 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، مەن مۇزلۇقنىڭ قىسمەن جايلىرىنى تەكشۈردۈم. دەريا سۈيى بۇرۇن چاڭما (Changma)نىڭ تۆۋىنىدىكى بىپايان شېغىللىق ھەمدە يومېن ناھىيەسى ۋە ئەنشىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئېرىق ئارىسىدىكى ئۇزۇن كەتكەن، قۇرغاق يەرلەرنى بويلاپ ئېقىپ، پارلىنىش ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن جىق ئازىيىپ كەتكەن. 6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، ئەنشىدىكى ۋاقتىمدا ئۇ يەردىكى دەريا ئېقىنىنىڭ تارىيىپ ئاستا ئاقىدىغان، پايدىسىز بىر ئېقىنىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، سۇ ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 20 فۇت بولۇپ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 2 فۇتقىمۇ يەتمەيتتى. لېكىن، مەن يەنە 200 فۇت كەڭلىكتىكى قۇرۇق دەريا قىنىنىمۇ كۆردۈم، بۇ كىچىك ئېقىن يىلاندەك تولغىنىپ ئاقاتتى. 15 ~ 20 فۇت ئېگىزلىكتىكى چوڭقۇر دەريا بويىدىن قارىغاندا، باش باھاردا تاغدىكى قار ـ مۇزلار ئېرىشكە باشلىغاندا، سۆلې دەرياسىدا

كەلكۆن ئۆلغىيىپ كېتەتتى. كەچ ياز مەزگىلىدە، سۈلې دەرياسى نەنسەن تاغ ئېتىكى (Suess Range) دىكى چوڭ مۇزلۇقلار ئېرىگەن چاغدا، دەريادىكى كەلكۆن سۈيى يەنە بىر قېتىم شىددەت بىلەن ئۆلغۇياتتى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنداق ئەھۋال ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ رېمونت ئىشلىرىغا ھەمدە ھالقىلىق پەسىللەردىكى سۇ بىلەن تەمىنلەشكە چوقۇم تەسىر كۆرسىتەتتى. بۇ جەھەتتىكى قىيىنچىلىقنى باشقۇرۇش رايونىدىكى ئەمەلدارلارمۇ ئېتىراپ قىلاتتى.

ئەنشىنىڭ نوپۇسى

ئۇلار تەمىنلىگەن ئۇچۇرلاردىن قارىغاندا، ئەنشىنىڭ يەرلىك ئومۇمىي نوپۇسى تەخمىنەن 900 تۈتۈن ئەتراپىدا ئىكەن. بۇ سانلىق مەلۇمات كۆپتۇرۇۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ دەريانىڭ ئەڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىرنەچچە كىچىك بوستانلىقتىكى ئاھالىلەرنى (مەسىلەن، شىياۋۋەن ۋە جۇپ مۇنار قورغىنى) ۋە دېڭىزدىكى نىسبەتەن ئاۋاتلاشقان ئاز ساندىكى يېزا - كەنتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. مەن كېيىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى كەنتنى زىيارەت قىلدىم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، مۇنداق ھۆكۈمنى چىقىرىش ئىشەنچلىكتەك قىلىدۇ، يەنى گۇاجۇ ئىقتىسادىي بايلىق ۋە مۇھىملىق جەھەتتە، ھەتتا قەدىمكى دەۋردىمۇ روشەن ھالدا دۇنخۇاڭدىن كېيىنكى ئورۇندا تۇرغان.

دۇنخۇاڭ بىلەن بولغان تارىخىي باغلىنىشى

بۇ ھۆكۈمنى گۇاجۇغا مۇناسىۋەتلىك ئىلگىرىكى يازما مەلۇماتلار دەلىللەيدۇ. مەن ئۇ مەلۇماتلارنى چۈشىنىمەن، ئۇلاردا گۇاجۇ بىلەن دۇنخۇاڭنىڭ قويۇق سىياسىي مۇناسىۋىتى ياكى بولمىسا ئۇنىڭ دۇنخۇاڭغا بېقىنىدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

www.uyghurkitap.com

گەرچە جۇڭگو سالنامىلىرىدىكى گۇاجۇغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە مەلۇماتلارنى ئاختۇرۇپ كۆرۈشكە ئامالسىز بولسامۇ، ئەمما مېنىڭ تەكىتلەيدىغىنىم، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە دۇنخۇاڭغا قاراشلىق جايلار ناھايىتى روشەنكى گۇاجۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، گۇاجۇمۇ ئوخشاشلا يەنە شاجۇ ۋە دۇنخۇاڭغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، كېيىنكى بىر ھاكىمىيەتنى گەنسۇنىڭ غەربىدىكى بىر يەرلىك ھۆكۈمدار جاڭ جۈن (Chang chun) مىلادىيە 345 - يىلى قۇرغانىدى. «خەننامە» دە خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى ئىستېلا قىلغان ھەم تەسىس قىلغان ۋىلايەتلەردىن جيۇچۇەن، ۋۇۋېي، جاڭيې ھەمدە دۇنخۇاڭ چېگراسىغا تەۋە جايلارنى ۋە بۇ يەرلەرنىڭ تەشكىللىنىش ئەھۋالىنى خاتىرىلىگەندە، گۇاجۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتمىگەن. بۇنىڭدىن گۇاجۇنىڭ دۇنخۇاڭنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ. شۈەنزاڭنىڭ يولغا چىقىشى ھەم ئۇنىڭ ئۇلۇغ ساياھىتىدىكى ھېكايىلىرىدە، گۇاجۇنىڭ ناھايىتى مۇھىم جاي ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان، بۇ مەن كۆرگەن تەرجىمە تارىخنامىلىرىدە گۇاجۇنى ئەڭ بۇرۇن تىلغا ئالغان شەخس ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، مەن پۇرسەت ئىزدەپ بۇنى تونۇشتۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇم. مىڭئۆيدىكى مىلادىيە 894 - يىلىدىكى بىر خاتىرىدە گۇاجۇدىكى بىر ئەمەلدار تىلغا ئېلىنغان، بۇ كىشى مىلادىيە 850 - يىلىدىكى دۇنخۇاڭ رايونىنىڭ ئاتامانى جاڭ يىچاۋنىڭ نەۋرىسى بولۇپ، بۇ كىشىنىڭ ئاكىلىرىنىڭ شاجۇدا ئىكەنلىكى دەلىللەنگەن. بۇ ئىش ئاشۇ مەزگىلدە بۇ ئىككى يەرنىڭ ئوخشاش بىر جەمەتنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسى جۇڭگو ئەلچىسى گاۋ جۇخۇينىڭ ئۇدۇنغا ئەلچىلىككە بارغانلىقى (938 — 942 - يىللار) بولۇپ، ئۇ گۇاجۇ ۋە شاجۇ ئاھالىسىنىڭ ئاساسەن خەنزۇ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە

ھەممىسىنىڭ ساۋ جەمەتى (曹氏)①دىكىلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى بايقىغان.

گۋاجۇنىڭ غەربىي چوڭ يولدىكى ئورنى

بارلىق بوستانلىقلار نەنسەن تېغىنى بويلاپ شىمالىي تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۇستىگە غەربكە سوزۇلغان يول ئۈستىدە بولۇپ، بۇ دەل جۇڭگونىڭ تارىم ئويمانلىقىغا بولغان سودا ۋە سىياسىتىنى كېڭەيتىشىگە قولايلىق ئېلىپ كەلگەن. ناۋادا مۇشۇنداق دۆلەتخۇاڭغىچە سوزۇلغان تەمىنات ئۆتىكى بولمىغان بولسا، جۇڭگونىڭ ئەلچىلىرى، سودا كارۋانلىرى، يىراققا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلار لوپ قۇملۇقىدىكى شورلۇق يەرلەر ۋە قۇملۇقلارنى يېڭىشنىڭ ئىنتايىن جاپالىق ئىش ئىكەنلىكىنى بايقىغان بولاتتى. شۈبھىسىزكى، گۋاجۇ بۇ بوستانلىقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئارقا تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھالقىلىق جاي بولۇپ، ئۇ خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى ياساتقان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ھامىيلىقى ئاستىدا دەپ قارىلىدۇ. لېكىن، مىلادىيە 73 ـ يىلى جۇڭگو قوشۇنلىرى ئىگىلەپ، غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يېڭى يول لىنىيەسىنى ئاچقاندا، گۋاجۇنىڭ رايون ئەۋزەللىكى تېخىمۇ روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئەنشىدىن قۇمۇلغا بارىدىغان يول لىنىيەسىنىڭ مۇھىملىقى

بۇ يول كىروران ياكى «يېڭى شىمالىي يول»دىن ئۆتىدىغان يولدىن ئۇزۇن بولۇپلا قالماي، يەنە شىمالىي تاغنىڭ ئەڭ غەربىي رايونىدىكى تەكشۈرۈلمىگەن قاقاسلىقتىن ئۆتەتتى، ئەمما بۇ

---

① بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ساۋ جەمەتى دەسلەپكى تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا (ئۆزبېكىستان) دىكى ئۆرەتۆپە بەگلىكىدىن ئوتتۇرا ئىقلىمغا كېلىپ پائالىيەت قىلغان ھەم بۇ جايدا نەچچە ئەۋلاد ياشاپ كەلگەن توققۇز جاۋۇپ ئۇيغۇرلىرىدىن ئىدى ــ مۇھەررىردىن.

يولدا سۇ قىس ئەمەس ئىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن، بۇ يول تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن، ئۇ گەنسۇ بىلەن شىنجاڭ ئارىلىقىدىكى ھەر دائىم ئىشلىتىلىدىغان، ئەڭ مۇھىم بولغان قاتناش لىنىيەسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا مۇشۇ يول قۇمۇل بىلەن ئەنشىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ. بۇ يولنىڭ قۇملۇق بۆلىكى ئەڭ ئاز، كېيىنكى بوستانلىق بىلەن بولغان ئارىلىقى ئەڭ يېقىن ئىدى. قۇمۇلنىڭ تەبىئىي شارائىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ جاينىڭ باش قورغانلىق رولىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك تەرەپتىن قۇمۇلغا قاراپ يولغا چىقىشتا، بىۋاستە ئەنشىدىن ئۆتىدىغان يول دۇنخۇاڭدىن ئۆتىدىغان يولغا قارىغاندا خېلىلا قىسقا. بۇ بىزگە نېمە ئۈچۈن ئەنشى - قۇمۇل يولىنىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيانى ئايرىپ تۇرىدىغان «باياۋان» دىكى ئاساسلىق قاتناش لىنىيەسى ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى ھەمدە قەدىمكى گۇاجۇ گەرچە يەرلىك چەكلىمىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇشتەك ئالاھىدە مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر تەرەپتىكى تەكشۈرۈشىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئەنشى - قۇمۇل يولىنىڭ بىۋاستە جەنۇبىغا سوزۇلىدىغان يەنە بىر بۆلىكى بار بولۇپ، بۇ لىنىيە نەنسەن تېغىدىكى ئەپچىل تاغ ئېغىزلىرىنى بويلاپ ئۇدۇل سايدام ئېگىزلىكىگە، ئاندىن شىزاڭ ئېگىزلىكى ئارقىلىق لاساغا تۇتىشىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەنشىنىڭ ئورنى موڭغۇلىيە بىلەن شىزاڭنى بىۋاستە باغلاپ تۇرىدىغان قاتناش لىنىيەسىدە بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتساق، ئۇ دەسلەپكى دۇنخۇاڭغا ئوخشاش ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۆت كوچا يول ئېغىزىدىكى ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

# 2 ـ بۆلۈم  ئەنشى ئەتراپىدىكى قەدىمكى ئىزلار ھەمدە شۆھىزاڭنىڭ قاشقۇۋۇقتىن ئۆتۈشى

**خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ خارابىسىنى ئىزدەش**

بىز گۇاجۇ ئېغىزىدىن سوزۇلغان يولنىڭ غەرب تەرىپىدە يىراق ـ يىراق يەرلەرگە تارقىلىپ جايلاشقان بەزى تۇرلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۆلچىگۈچى رام سىنگ (مەن ئۇنى بۇ تەرەپنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەن) دوكلاتىدا، بۇ تۇرلارنىڭ دەۋرىنىڭ ئۇزۇن ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. لېكىن، ئۇ ئەنشىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى تېرىلغۇ رايونغا بېرىش يولىدا، خارابىلىكتە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىككى تۇرنى ئۇچرىتىپتۇ، قارىماققا خېلى قەدىمىي ئىكەن. 6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، بۇ خارابىلىكلەرنى تەكشۈرگىنىمدە، ئۇلارنىڭ سەددىچىن سېپىلى لىنىيەسىدىكى قورۇلۇش خارابىلىرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ھۆكۈم خاراكتېرلىك ئىسپاتنى بايقىدىم.

**تۇر خارابىلىرى**

بۇ تۇرلارنىڭ ئەڭ غەربىدىكى بىرى (ئۇ بىزنىڭ ۋاقىتلىق تۇرالغۇمىز بولغان) ئەنشى شەھىرىنىڭ غەربىي قوۋۇقىنىڭ سىرتىدىكى بۇتخانىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان، تۈز لىنىيە ئارىلىقى تەخمىنەن 4 مىل كېلەتتى. ئۇ تۇرنىڭ ئورنى يۇقىرىدا مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كەڭ كەتكەن خارابىلىكتە بولۇپ، بۇ يەر شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان گۇاجۇ شەھىرى بىلەن ئەنشى ئەتراپىدىكى تېرىلغۇ يەرنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلەتتى. تۇر شۇنچىلىك ۋەيران بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنە 18 فۇت ئېگىزلىكتە ئىدى، ئاستى تەرىپى خوراپ كەتكەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

بولسىمۇ، تەخمىنەن 14 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى باشقا تۇر خارابىلىرىگە ئاساسەن ئوخشايتتى، مېنىڭ قارىشىمچە، قۇرۇلۇش ئۇسۇلى دۇنخۇاڭ قۇملۇقىدىكى تۇر خارابىسىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى، بۇمۇ مۇستەھكەم خاڭدالغان توپا قاتلىمىغا توغراق ياغىچى تىرەك قىلىنىپ ياسالغان قۇرۇلۇش ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمىنى شەرقتىن غەربكە قاراپ شامال يالاپ تېشىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا يەر يۈزىدە تىك تۇرغانلىقى قۇرۇلۇشنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئەڭ ياخشى ئىسپات بولالايدۇ. تۇر سۇپىسىنىڭ ئاستىدا قارامتۇل كۈل رەڭدىكى بىر قىسىم ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتقانىكەن، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئىنچىكە سىزىقچىلار بولۇپ، خەن دەۋرى تىپىغا مەنسۇپ ئىدى، بۇ ساپال پارچىلىرى تۇرلارنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىسپاتلايتتى. ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىنىڭ تەۋەلىكىدە يەنە بىر پاكار توپا دۆۋىسى بار بولۇپ، بۇ يەردىنمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ساپال پارچىلىرى تېپىلغان. بۇ يەردىكى توپا دۆۋىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 32 فۇت، كەڭلىكى 0.5 فۇت كېلەتتى، كېسەكتىن سېلىنغان تام ئۇلىنىڭ قالدۇقلىرىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ تۇرنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. شامالدا يالىنىپ كەتكەن ۋە زەيلىكنىڭ تەسىرىدىن يالىڭاچلىنىپ قالغان بۇ جايدا، يۇقىرىقى خارابە ۋە يادىكارلىقلاردىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى بايقىمىدۇق.

### قەدىمكى سېپىل خارابىلىرى

مەن شەرق تەرەپتىكى تەخمىنەن 1 مىل ئارىلىقتىكى تۇرغا قاراپ ماڭغان ۋاقتىمدا، يۇمشاق سېرىق توپىلىق چاتقاللىق شېغىللىق قۇملۇققا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. شېغىللىق قۇملۇقتا شالاڭ يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرلا بار ئىدى، قۇملۇقنىڭ تەخمىنەن يېرىمىغا كەلگەندە، ئاندىن قەدىمىي چېگرا سېپىلىنىڭ تۆپىلىكتىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان خارابىسىنى ئېنىق كۆرگىلى

بولاتتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 4 ـ 5 فۇت كېلەتتى، شەرق تەرەپتىكى سۇپىغا يېقىن تەرىپىدە بىر ئازگال بار بولۇپ، ئازگالدىن رەتسىز تۇغراق شاخلىرىنىڭ شېغىل ئارىلاش توپا ئىچىگە قىستۇرۇلغانلىقىنى كۆردۇق. بۇ تۇر بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان، يۇقىرى قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 22 كۋادرات فۇت، تۆۋەن قىسمى تەخمىنەن 17 كىۋادرات فۇت كېلەتتى. بۇ تۇرنىڭ ئاستىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە بەزى ساپال پارچىلىرى تېپىلدى. بۇنىڭدىن سىرت، ئۇنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 55 يارد كېلىدىغان بىر تۆپىلىكتىنمۇ ئوخشاش ساپال پارچىلىرى تېپىلدى. بۇ تۆپىلىكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 28 فۇت، كەڭلىكى 16 فۇت، يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلگەن قىسمى 8 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى، ئۆگزە قىسمى ۋە يانباغرىنى رەتلەپ ـ يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، قاتلام هاسىل قىلغان شالاڭ ئوت ـ چۆپلەردىن باشقا، كۆپ مىقداردا خەن دەۋرى تىپىدىكى ساپال پارچىلىرى تېپىلدى. مۇشۇ ئورۇندىن باشلىغاندا، ھېچقانچە كۆچمەيلا شەرققە يېيىلغان تۇز سىزىق ئۇستىدىكى سېپىل خارابىسىنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بۇ سېپىل تۇر ۋە ئەنشىگە بارىدىغان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق تەخمىنەن 1.25 مىل كېلەتتى، يۇقىرىقى سېپىل لىنىيەسى بۇ ئارىلىقنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن. بۇ يەر يۈزىنىڭ ھەممىسى قىپقىزىل شېغىللىق ئىدى، خەن دەۋرىگە تەۋە سېپىللار دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ساقلىنىپ قالغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بۇ يەرلەردىن باشقا يەرلەرنىڭ ھەممىسى چاتقال باسقان سېرىق توپىلىق بولۇپ، ئۇ يەردىكى ئۆسۈملۈكلەر ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. 1907 ـ يىل 10 ـ ئايدا، مەن بۇ يەرنى قايتا زىيارەت قىلغان ۋاقىتتا، هارۋا يولىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى چاتقاللىق خارابىسىنىڭ بىر قىسمىنى سۇ يۇتۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم.

www.uyghurkitap.com

## تاشيول سەددىچىن سىپىلى لىنىيەسىنى كېسىپ ئۆتىدۇ

دۇنخۇاڭ بىلەن ئەنشى ئوتتۇرىسىدىكى ئاساسلىق يول لىنىيەسىنى بەلگە قىلىپ تۇرىدىغان سەددىچىن سىپىلى لىنىيەسىدە، بىرنەچچە قېتىم رېمونت قىلىنغان تۇر ئۇچرايدۇ، بۇ تۇر كونۇس شەكىللىك بولۇپ، سىرتقى يار تامنى بىر قەۋەت تىك تىزىلغان خىش ئوراپ تۇراتتى. جەنۇب تەرىپىگە ئۇنىڭغا يېقىن بىر كۆتۈرۈلمە ئۆيى جايلاشقان بولۇپ، مەركىزىي رايوندىن باشقا ھەممە رايونلاردا ئاساسەن دېگۈدەك مۇشۇ خىل قۇرۇلۇش شەكلىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى. جۇڭگونىڭ قائىدە ـ يوسۇن تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇلار يول بويىغا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئەمەلدارلارنى كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇزۇتۇشقا ئىشلىتىلگەن. ئۇ يەردىمۇ بەش كىچىك تۇر بار، ئۇلار بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە ئورۇنلاشقان، بۇ جۇڭگو تاشيوللىرىدىكى ئاساسلىق يول بۆلەكلىرىنى جايلاشتۇرۇش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ. چوڭراق تۇرلار سەددىچىن سىپىلى تېمىنىڭ لىنىيەسى ئۈستىگە جايلاشقانىدى، ئۇ شىمالىي تەرەپتىكى قەدىمىي تۇر بىلەن بىر تەرتىپتىكى ئارىلىق دائىرىسىدە بولۇپ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئۇنىڭ مەركىزىي قىسمىنىڭ ئىنتايىن قەدىمىي ئىكەنلىكىنى دەلىللىگىلى بولىدۇ. يەرلىكنىڭ بەزى ئەنئەنىلىرىنىڭ بۇ نۇقتىغا تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇ سەددىچىن سىپىلى لىنىيەسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يول بويىغا ياسالغان. جۇڭگونىڭ ئادىتىگە ئاساسلانغاندا، كىشىلەر دائىم تۇرلارنى بىر مەمۇرىي ئورۇن مەركىزى تۇرۇشلۇق جاينىڭ چېگرا بەلگىسى دەپ بىلىدىكەن. يۇقىرىقى قاراش بۇ مەسىلىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ بەرگەندەك قىلىدۇ. لېكىن، 1914 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، مەن ئەنشىنى تەكشۈرۈش پۈرسىتىدىن پايدىلىنىپ يەنە بىر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە، تۇرنىڭ ئەتراپىغا كىچىك، ئاددىي بىر بۇتخانىنىڭ سېلىنغانلىقىنى كۆردۈم. بۇ

بۇتخانىنىڭ ئەمەلدارلارنىڭ مۇراسىم ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى سەۋەبىدىن سېلىنغانلىقى ئېنىق.

### سەددىچىن سېپىلى لىنىيەسىنىڭ ئەنشىنىڭ شەرقىگە قاراپ سوزۇلۇشى

بۇ يەردىن يەنە شەرققە قاراپ ماڭساق، ئاشۇ سېپىل لىنىيەلىرىنىڭ ئىزلىرى يۇمشاق، چاتقال باسقان لاتقىلىق ئىچىدە پۈتۈنلەي يوقاپ كېتەتتى. لېكىن، يولغا تەخمىنەن بىر مىل كېلىدىغان يەردە ۋەيران بولۇپ كەتكەن بىر تۇرنىڭ ئاخىرقى ئىزىنى بايقىدىم. ئۇ كىچىك ھەم قاتتىق لاي دۆۋىسى شەكىللىك بولۇپ، تەخمىنەن 8 فۇت ئېگىزلىكتە، دىيامېتىرى 5 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. مەن بۇ يەردىن سەددىچىن سېپىلىنىڭ ھېچقانداق ئىزىنى تاپالمىدىم، لېكىن 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چىۋاۋزىغا ماڭغان ۋاقتىتا، شەرقىي جەنۇب — شەرق يۆنىلىشىدە تەخمىنەن 7 مىل ئەتراپىدىكى جايدا يەنە بىر قېتىم سېپىل لىنىيەسىنىڭ ئىزىنى ئۇچراتتىم. بۇ سېپىل ئىزى تاغ ئېتىكىدىكى شېغىللىقتا ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. نېمە ئۈچۈن قەدىمىي سەددىچىن سېپىلى ھازىرقى ئەنشى ئەتراپىدىن يىراق تېرىلغۇ يەرگە ھەمدە قوغدىلىدىغان يەردىن يىراق جايغا سېلىنىدۇ؟ بىز بۇ مەسىلىگە ئېنىق جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز. بەلكىم سۇلې دەرياسى ئېقىنىنىڭ جەنۇبقا ئۆزگەرتكەنلىكى ھەمدە تاشقىن بولۇش سەۋەبىدىن، كىشىلەر سەددىچىن سېپىلىنىڭ يۆنىلىشىنى بوستانلىقتىن ئايرىلىدىغان ئېگىزرەك جايلاردىن تاللىغان بولۇشى مۇمكىن.

### ئەنشى ئەتراپىدىكى تاشلاندۇق شەھەر خارابىسى

بۇ سېپىل ئىزلىرىدىن باشقا، ھازىرقى ئەنشى شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي يۆنىلىشىگە 1 مىل كېلىدىغان يەردە بىر قىسىم سېپىللىق قەدىمىي شەھەر خارابىسى ئۇچرىدى، يىل

www.uyghurkitap.com

دەۋرى كېيىنرەك بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئارخېئولوگىيەلىك قىممىتى بار ئىدى. يەرلىك ئەمەلدار ئېن تەيجىنىڭ رىۋايەت تۇسىدىكى چۈشەندۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، نىسبەتەن بۇرۇنقى دەۋرگە تەۋە ئەنشى شەھىرى كۆپ قېتىملىق ئوت ئاپىتىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، تەخمىنەن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاشلىۋېتىلگەنىكەن. شەھەر ئىچىدە ئازراقمۇ ئىمارەت ئىزلىرى قالمىغاچقا، قاقاس شېغىل دۆۋىسىگە ئوخشايتتى. بۇ سېپىل تاملىرى تەخمىنەن 600 ياردلىق چاسا شەكىلدە بولۇپ، خاڭداپ ياسالغان، قېلىنلىقى 15 فۇت (1 ـ رەسىمگە قاراڭ) كېلەتتى. يىل ئىسپاتى ئېنىق ئەمەس. ھەرقايسى نۇقتىلاردىن تەھلىل قىلغاندا، ئۇلار تاكى تاشلىۋېتىلگەنگە قەدەر قايتا ـ قايتا رېمونت قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

سېپىلنىڭ شەرقىي تەرىپى (مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، غەربىدىكى ئاز بىر قىسمى يېرىلىپ شىمال تەرەپنىڭ ئاز بىر قىسمى ) ئۆزۈلۈپ كەتكەن، يېرىقنىڭ ئىچى شامال ئۇچۇرۇپ



1 ـ رەسىم ئەنشىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملىشىپ كەتكەن شەھەرنىڭ شەرقىي شىمال بۇلۇڭى ئەترابىدىكى ئۆپرىغان شەرقىي سېپىل (تېمى)

كەلگەن قۇملار بىلەن تولۇپ كەتكەن. بۇ يېرىقلارنىڭ كۆپ قىسمى يەر ئاستىغا 5 ـ 6 فۇت ئەتراپىدا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن. 1 ـ رەسىمدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، سىپىلنىڭ شەرقىي شىمال دوقمۇشى شامالنىڭ يالىشى بىلەن يەر يۈزى بىلەن تەڭ بولۇپ قالغان.

## سىپىل ئۈستىدىكى شامال يالاپ پەيدا قىلغان يېرىقلار

بۇ يەردىن شامال كۈچىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ خىل كۈچلۈك شامال ئەنىشىدە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە چىقىدىكەن، شامال چىقمايدىغان كۈنلەر، ئىنتايىن ئاز بولۇپ، شامال ئۆزىنى توسۇيالمايدىغان ھەرقانداق يەرگىچە بارالايدىكەن. شەرق ياكى شەرقىي شىمال ـــ شەرق يۆنىلىشكە ئۇرۇلغان شامال شەرق تەرەپتىكى سېپىلنىڭ شامال ئۇرغان، قۇرت ـ قوڭغۇز ئۈپرىتقان تەرىپىنىڭ كۆلىمىنىڭ غەربىي سېپىلنىڭكىگە قارىغاندا، چوڭلۇقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شامال يالاپ ئويۇۋەتكەن ئورەكلەرنىڭ ھەممىسى كانايشەكلىدە بولۇپ، تۆۋەنگە ماڭغانسېرى كىچىكلەپ كەتكەن. شەرقىي سېپىلدىكى شامال يالاپ ئويۇۋەتكەن ئورەكلەر ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 13 فۇت چوڭقۇرلۇقتا، سەككىز فۇت كەڭلىكتە، غەربىي سېپىلدىكىلىرى تار ھەم كىچىك بولۇپ، بىر نەچچە دىيۇملا كېلەتتى. بۇ يەردە شامال كۈچى كۈچەيگەن چاغدا قۇملارنى كۆچۈرەتتى، شۇنىڭ بىلەن شامال ئۇرۇپ، قۇرت ـ قوڭغۇزلار ئۈپرىتقان ئورەكلەر تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىپ كېتەتتى. سېپىلغا ئۇرۇلغان كۆچمە قۇملار سېپىلنىڭ سىرتىدا ئۇنچىلىك قېلىن دۆۋىلىنىپ كەتمىگەن، ئازراق نېرىسىدىكى شېغىللىقتا يەر يۈزىنىڭ كۆپ قىسمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، شامال پەيدا قىلغان ئورەكلەردىن ئۆتكىنىمىزدە ئەھۋال باشقىچە ئىدى. سېپىلنىڭ غەربىي ياكى شەرقىي دالىدىسىدا، قۇم يىغىلىپ 18 ـــ 20 فۇت ئېگىزلىكتىكى

قوْم بارخىنىنى ھاسىل قىلغان. قوْم بارخىنى ساقلاپ قالالىغان كۆچمە قوْملار ياكى قاتتىق شامال ئۇرۇپ ئۇچۇرۇپ كەتكەن قوْملار يالىڭاچ سېپىلنىڭ ئىچكى قىسمىغا ئۇچۇپ كىرىپ، غەربىي سېپىلنى بوْزغۇنچىلىققا ئۇچرىتقانىدى.

**شامالنىڭ شەرق، غەرب تەرەپتىكى سېپىللارغا كۆرسەتكەن تەسىرى**

ناھايىتى ئېنىقكى، بوْنداق شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى سېپىللارنىڭ شامال يوْزىگە قارىغان قىسمى شامال يالاپ ئويۇۋەتكەن يالغۇز ئورەكلەر بىلەن ئاستا ــ ئاستا بىرلىشىپ، ئاخىرىدا ۋەيران بولۇشقا باشلىغانىدى. مەن يەنە شىمال ۋە جەنۇب تەرەپتىكى سېپىللارنىمۇ تەكشۈردۇم، ئۇلارنىڭ يۆنىلىشى شامال يۆنىلىشى بىلەن پاراللېل بولۇپ، ئازراقمۇ بوْزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانىكەن. ناۋادا بوْ يەردىكى شامال كۆچىنىڭ يېمىرىش تەسىرى ئىزچىل موْشوْنداق داۋاملىشىدىغان بولسا، يەنە بىر قانچە دەۋردىن كېيىن بوْ خارابىلىك جوْڭگونىڭ قەدىمكى دەۋردىكى ئۆتەڭ ــ كىروراندا ئوخشاپ قالاتتى. بوْ قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي سېپىللىرى ئەمەلىيەتتە ئاللىبوْروْن يوقاپ كەتكەن، مېنىڭ بوْ يەردە كۆرەلىگىنىم پەقەت شىمالىي ۋە جەنۇبىي سېپىلدىن ئىبارەت. ئەمەلىيەتتە، بوْ يەردىكى تەكشۈرۈشلەر بوْ ئالاھىدىلىكنى توْنجى قېتىم توغرا چۈشەندۈرۈپ بەردى، بوْروْن بوْ خىل ئالاھىدىلىك قەدىمىي كروران شەھىرىنى زىيارەت قىلغىنىمدا، مېنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

**ئۆزگىرىشچان يېمىرىش جەريانى**

مەن بوْ يەردە شامالنىڭ يېمىرىش جەريانى ۋە نەتىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشچان ئامىل ئىكەنلىكىنىمۇ كۆرسىتىشنى ئويلاۋاتىمەن. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بوْ تاشلاندۇق قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرقىي قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىكى يېرىم يۇمىلاق شەكىللىك قىرلىق ئىستىھكامدۇر. ئۇ جوْڭگونىڭ

يېقىنقى دەۋر قورغان قۇرۇلۇشىدا دائىم قوللىنىلىدىغان شەكىل ھېسابلىنىدۇ. گەرچە تام ئۇلىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى قۇم بورانلار ئۇپرىتىپ يىمىرىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باشقا قىسىملىرى ئانچە چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغانىدى. ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ ئاشۇ يۇمىلاق شەكىلدىكى سېپىلى كۆچمە قۇملارنى ئىككى تەرەپكە بۆلۈۋېتىدىغان بولغاچقا، شامالنىڭ يىمىرىشىدىن ساقلىنىپ قالغان. يېقىن ئەتراپتىكى يەر ئۈستى شارائىتى شامالنىڭ يىمىرىش دەرىجىسىنى، ھەتتا ئاتموسفېرا ئەھۋالىنىمۇ بەلگىلەپ قويغان، بۇنى دوبو شەھىرى بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىلىش مۇمكىن. كېيىنكىسى ئەنشىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن ئالتە مىل كېلەتتى. تۇڭگانلار توپىلىڭىدىن بۇيان (ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنراق بولمىغان بولسا) سېپىل پۈتۈنلەي خارابلاشقان، لېكىن سېپىل تېمىدا شامالنىڭ يىمىرگەن ئىزى كۆرۈنمەيتتى. بۇ خىل ھادىسە تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان پاكىت ئاساسىدا تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، يەنى دوبو شەھىرى گەرچە زامانىۋى ئېتىزلار يوق يەرگە جايلاشقان بولسىمۇ، لېكىن شەرق تەرىپىنى نۇرغۇن پاكار ئۆسكەن چاتقاللىقلار قوغداپ تۇراتتى. بۇ چاتقاللىق قەدىمىي شەھەر ئەتراپىدىكى خارابىلىككە تارقالغان بولۇپ، ئۇ كۆچمە قۇمنى توسۇپ تۇراتتى.

### شامال ۋەھىمىسىدە قالغان زامانىۋى سېپىللار

كېيىنكى قارىشىمىزنىڭ دەلىلىنى (لېكىن ئەكسىچە مەنىدىكى) بۈگۈنكى ئەنشى شەھىرىنىڭ ئۆزىدىن تېپىش مۇمكىن. بۇ شەھەرنىڭ ئەتراپىدىكى كۆپ قىسىم يەرلەرنى مەلۇم خىلدىكى ئېتىزلار ئوراپ تۇرغان، پەقەت شەھەرنىڭ شەرقىي قىسمىدىلا بىر پارچە كېرەكسىز يەر بولۇپ، ئۈستىدە نېپىز بىر قەۋەت كۆچمە قۇملار بار ئىدى. بۇ قۇملارنىڭ دەريا قىنىدىن ئۇچۇپ كەلگەنلىكىدە، شۇنداقلا ئۆسۈملۈك شالاڭ جايلاردا توختاپ

www.uyghurkitap.com

قالغانلىقىدا گەپ يوق. شۇ سەۋەبتىن، شەرقىي سېپىل تېمىنىڭ رەھىمسىز ئىسسىق شامال — «ئەنشى شامىلى» نىڭ تەسىرىدە غۇلاشقا ئاز قالغانلىقى ئادەمنى قىلچە ھەيران قالدۇرمايتتى. سېپىل ئۈستىنى شامالنىڭ يالاپ كېتىشىدىن ساقلاش ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ ئالاھىدە ئورۇنغا مۇستەھكەم تاشتىن غوجا تام ياسىغان، بۇ ئىش تۇڭگانلارنىڭ ئىسيانىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. گەرچە مەزكۇر سېپىلنىڭ ئىچىدە 15 — 20 فۇت ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ غوجا تام مەلۇم دەرىجىدە شامالنىڭ يالىشىدىن ساقلاپ قالغان. ئەمما، مەسىلىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن چىقىشقا باشلىغان، يەنى سېپىلنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى شامال كۈچى ئاجىزلىغان بولسىمۇ، لېكىن شەرق شامىلى ئۆچۈرتىپ كەلگەن قۇم ـ شېغىل سېپىلنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا شىددەت بىلەن ئۇرۇلغاچقا، كۆپلىگەن جايلاردىكى تام تۈۋىنى شامالنىڭ يېمىرىشى تۈپەيلى يىقىلايلا دەپ قالغانىدى.

### ئەنشىنىڭ شامال ۋە ئاتموسفېرا ئەھۋالى

بۇ يەردە يەنە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، ئەنشى ئەتراپىدىكى شامالنىڭ ئۈپرىتىش كۈچى ھەم كۈچلۈك، ھەم ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن كۆچمە قۇملار بولسىمۇ، لېكىن كۆرگەنلىرىمگە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەر يۈزىدىن شامال ئويۇۋەتكەن تېپىك ئىزلارنى كۆرگىلى بولمايتتى، يەنى لوپنۇر چۆللۈكىدە ساقلىنىپ قالغان ياردائلىق ياكى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ياقىلىرىدىكى قەدىمىي خارابىلىكلەردە ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان يەر يۈزى ئولتۇرۇشۇپ كېتىش ھادىسىسىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. چۈشەندۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغىنى شۇكى، ئۇ خىل شېغىل قاتلىمى (نېپىز ئۈستۈنكى قاتلام ۋە سېرىق توپا قاتلىمىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ) ھەممە يەر يۈزىنى يېپىپ تۇرغان يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر يېپىپ

تۇرغاچقا، كۆپ قىسىم جايلارنىڭ بوشاپ كەتكەن ئۇستۇنكى قاتلىمىنى تولۇق قوغداپ تۇرغان. بۇ يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇددى دۇنخۇاڭ بوستانلىقىنىڭ غەربىي چۆللۈكىدىكى ئاشۇ يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش، ئۆزىگە خاس يەرنى قوغداپ تۇرۇش ياكى يەرنىڭ ئويۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار، ئۇلار ئاساسەن يەر ئاستى سۈيى ۋە سۇلۇ دەرياسىنىڭ ئاندا ـ ساندا كېلىدىغان سارقىن سۈيى بىلەن ياشىرىپ تۇراتتى. لېكىن، ئۆزۈمنىڭ تەجرىبىسى ھەمدە ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلاردىن قارىغاندا، ئەنشى ئەتراپىدىكى ئاتموسفېرا ئەھۋالىنىڭ دۇنخۇاڭ رايونىنىڭكىگە قارىغاندا نەمرەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدىغان ئاساسىم بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلۇ دەريا ۋادىسى سۇجۇ رايونىغا يېقىن بولۇپ، دۇنخۇاڭدىن شەرققە قاراپ ئاققان بولغاچقا، بۇ جاينىڭ ئۆتكۈنچى يامغۇر مىقدارى يەڭگىل ۋە مۇقىم ھالدا ئېشىشقا باشلىغانىدى.

### گۇاجۇنىڭ تارىخىي جۇغراپىيەسى

ئەنشىدە ھايال بولۇپ قالغان مەزگىلدىكى بىۋاسىتە تەكشۈرۈشلىرىمگە ئاساسەن، بۇ يەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى قەدىمىي يادىكارلىقلار ۋە بۇ جاينىڭ قەدىمىي جۇغراپىيەسىگە ئائىت ماتېرىياللارنى يىغدىم. شۇڭا، مەن قەدىمىي گۇاجۇ بوستانلىقىنىڭ تارىخىي جۇغراپىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلارنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىماقچى بولدۇم. ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر چۈشىنىدىغان ھەم ئالاھىدە قىزىقىدىغان ماتېرىيالىم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ ماتېرىياللار شۇەنزاڭدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان بىر ئىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. مېنىڭ كۆرسىتىدىغىنىم شۇەنزاڭنىڭ ئىمپېرىيە چېگراسىدىن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ غەربىي يۇرتقا قاراپ يولغا چىققانلىقىدۇر. بۇ ئۇلۇغ نوم ئەكەلگۈچىنىڭ «ھاياتىم»ناملىق كىتابىدا ئۇنىڭ قانداق خىيال ۋە مەقسەتتە لياڭ

جۇدىن (ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىيە 629 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدۇ) ماڭغانلىقى، يەنە قانداق قىلىپ گۇاجۇغا بارغانلىقى يېزىلىدۇ. غەربىي يۇرتقا بارىدىغان يولنى ئىزدەشتە، بۇ ھەزرەت باشقىلاردىن: «بۇ يەردىن شىمالغا قاراپ 50 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن خۇلۇ دەرياسى ئۇچرايدۇ، بۇ دەريانىڭ ئاستى كەڭ، ئۈستى تار بولۇپ، سۇ ئۇلۇغ ھەم چوڭقۇر، ئۆتمەك تەس. يۇقىرىسىدا قاشقوۋۇق بولۇپ، ئۇ چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يول، يەنى غەرب چېگراسىنىڭ بوغۇزى ئىدى. قوۋۇق سىرتىنىڭ غەربىي شىمالىدا يەنە بەش تۇر بار، ئۇ يەردە تۇر ساقلىغۇچىلار ئولتۇراقلاشقان، ھەرقايسىسىنىڭ ئارىلىقى 100 چاقىرىم كېلەتتى، ئوت - چۆپ ۋە سۇ يوق، بەش تۇرنىڭ نېرىسى باغايان قۇملۇقى، ئىۋۇرغول چېگراسى» بىلەن تۇتىشىدىغانلىقىنى.

## شۈەنزاڭ گۇاجۇدىن يولغا چىققان

مەن چوقۇم جۇلىئانىنىڭ «خاتىرىسى» دە بايان قىلىنغان تەسىرلىك ھېكايىنى نەقىل كەلتۈرۈشۈم كېرەك. بۇ ھېكايە بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، بۇ سەممىمىي تاۋاپچى خاسىيەتلىك چۈشى ۋە بېشارىتىنىڭ ئىلھامى ھەمدە يەرلىك مەنسەپدارنىڭ رازىلىق بىلدۈرۈشى بىلەن (ئۇ ئادەم شۈەنزاڭنىڭ ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ، بىر كۆزىنى قىسىپ، بىر كۆزىنى يۇمۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، شۈەنزاڭنىڭ چېگرادىن چىقىشىغا يول قويغان) مەھكىمىنىڭ چەكلەش بۇيرۇقىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، خەۋپ - خەتەرگە قارىماي چېگرادىن چىقىپ، ۋەھىمىلىك چوڭ قۇملۇققا كىرىپ كەتكەن. بۇ يەردە ھەممىمىزنى قىزىقتۇرىدىغىنى، ئەينى ۋاقىتتىكى قاشقوۋۇقنىڭ جايلاشقان ئورنى ھەمدە شۈەنزاڭ ھېكايىسىدە تىلغا ئېلىنغان قەدىمىي گۇاجۇ دىيارى ۋە قۇمۇلغا بارىدىغان يول ھەققىدىكى ئۇچۇرلاردىن ئىبارەت. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، شۈەنزاڭ

سەپىرىدە «مىنگەن ئېتى يەنە ئۆلۈپ قىلىش»، «سودا ئارقىلىق بىر ئاتقا ئېرىشىش، لېكىن يول كۆرسىتىپ، ياردەم بېرىدىغان ئادەمنىڭ بولماسلىقىدىن قىينىلىش» تەك ئەھۋاللارغا يولۇققان. غوز يىگىتى «ئۇنى بەش تۇردىن ئۆتكۈزۈپ قويغان» ھەم «غەرب يولىغا يېششىق، ئۆزىرغولىغا 30 قېتىمدىن ئارتۇق بېرىپ كەلگەن» بىر ياشانغان غۇز كىشىنى تونۇشتۇرۇپ قويغان، بۇ موي‍سىپىت كىشى: «ئۇستازىنىڭ ئىشلىرى خەيرلىك ئىشتۇر، مېنىڭ ئېتىمنى مىنىپ ماڭغايلا، بۇ ئات ئۆزىرغولىغا 15 قېتىمدىن ئارتۇق بېرىپ ـ كەلگەن بولۇپ، يولنى پىششىق بىلىدۇ» دېگەن. شۈەنزاڭ بىلەن شۈەنزاڭ «ئاتنى دەرھال ئالماشتۇرغان»، «غۇز يىگىت بىلەن يېرىم كېچىدە سەپەرگە چىقىپ» ئۆزىرغولىغا يۈرۈپ كەتكەن («ئۇلۇغ مېھىر ـ شەپقەت ئىبادەتخانىسى ئۇچ ئاغىلىق راھىب كالامىلار تەرجىمىھالى»غا قارالسۇن، جۇلىنئاننىڭ ئەسەرلىرى ئىچىدە بۇ كىتابنىڭ تەرجىمىسى بار، تۆۋەندىمۇ ئوخشاش. ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن). بۇ ھېكايە بىزگە بۇ نوم ئەكەلگۈچىنىڭ قۇملۇقتىن قۇتۇلۇپ چىققانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ ھېكايىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭ مىنگەن ئېتىنىڭ شۇ جاينى تونۇش ئەھۋالى ۋە ھېسسىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇنداق قۇملۇق شارائىتىغا ئادەتلەنگەن ئاتنىڭ يەرلىك ئەھۋالغا بولغان بىۋاسىتە سېزىمىنىڭ يۇقىرى بولىدىغانلىقىنى ئىلگىرى خېلى كۆپ كۆرگەنىدىم.

شۈەنزاڭ سۇلې دەرياسىدىن ئۆتكەن

شۈەنزاڭ قاتارلىقلار «يېرىم كېچىدە دەريا بويىغا يېتىپ كەپتۇ، يىراقتىن قاشقوۋۇقنى كۆرۈپتۇ، يۇقىرىغا 10 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، قىرغاقنىڭ ئىككى يېقى كېڭىيىپتۇ (10 فۇت)، قىرغاقنىڭ يېنىدا چىنارزارلىق بار ئىكەن، غۇز يىگىت

www.uyghurkitap.com

ياغاچنى ئوشتۇپ كۆۋرۈك قىلىپ، ئوت ـ چۆپلەر بىلەن دەريانى تولدۇرۇپ ئاتنى ئۆتكۈزۈپتۇ. ھەزرەت دەريادىن ئۆتكىنىگە خۇش بوپتۇ ۋە ھاردۇق چىقىرىپ ئارام ئاپتۇ». ھەزرەت دەريا بويىدا ئارام ئالغاندىن كېيىن، مېھمۇھېرىشنى خالىمىغان بۇ ياش يىگىت بىلەن خوشلىشىپتۇ، بۇ ساياھەتچى بىرىنچى تۇرغا قاراپ يالغۇز يۈرۈپ كېتىپتۇ. تۆۋەندىكى باب، بۆلۈملەردە بىز ئۇنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى توغرىسىدا توختىلىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ ماڭغان يولنىڭ بۈگۈنكى سودا كارۋىنى ماڭىدىغان ئەنشى بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدىكى يولغا يېقىنلىقىغا تولۇق ئىشىنىدىغان ئاساسىمىز بار①.

**شۈەنزاڭنىڭ «ھاياتىم» ناملىق كىتابىدىكى شۇ جايغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار**

يۇقىرىقى بىر بۆلۈك بايان ھەمدە شۈەنزاڭنىڭ بۇرۇن يىغقان شۇ جايغا مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلىرىغا ئاساسلىنىپ، بۇ جاينىڭ يەرلىك تەزكىرىسىگە مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى ماتېرىياللارغا ئېرىشەلەيمىز: گۇاجۇ شەھىرىدىن يولغا چىقىپ، قۇمۇلغا بارىدىغان يولغا بېرىشتا ئاۋۋال شىمالغا 50 چاقىرىم مېڭىپ، خۇلۇ دەرياسىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ يەردە قاشقوۋۇقنىڭ تۇرلىرى بار ئىدى. بۇ يەردىن باشلاپ يول غەربىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، قۇملۇق ئەتراپىغا كىرىدۇ. شۈەنزاڭ چېگرادىن چىقىشقا رۇخسەت ئالمىغاچقا، نازارەت قىلغۇچىلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ ئالدىبۇرۇن رۇخسەت قىلىنغان دائىرىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزەتكۈچىلەر تەرىپىدىن ئۇشتۇمتۇت بايقىلىپ قالسا، مەنئى قىلىشقا ئۇچرايتتى. شۇڭلاشقا، ئۇ كېچىسى گۇاجۇدىن يولغا چىقىپ، يېرىم كېچىدە قاشقوۋۇقنىڭ ئۈستى تەرىپىگە 10 چاقىرىم كېلىدىغان يەردىكى دەريا بويىغا يېتىپ بارغان. شۇ يەردىن كىشىلەرگە تۇيدۇرماي دەريادىن ئۆتۈپ

① ئۈچىنچى بابنىڭ 1 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

كەتكەن. ئاشۇ يەردىن باشلاپ، ئۇ ئەڭ يېقىن ئەتراپىتىكى تۇرغا بارىدىغان يولنى تاللىۋالغان، بۇ دەل بىز ئۇنىڭ «ھاياتىم» ناملىق كىتابىتا كۆرگەنگە ئوخشاش، ئۇ 80 چاقىرىملىق يولنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ھېلىقى تۇرغا يېتىپ كەلگەن.

**«ھاياتىم»ناملىق كىتابىتا خاتىرىلەنگەن مۇساپە توغرا**

ئاتالمىش خۇلۇ دەرياسى پەقەت سۇلې دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ. گۇاجۇ شەھىرى خارابىسىنىڭ جايلاشقان مەركىزىي ئورنى ھەمدە ساقلىنىپ كەلگەن رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ، گۇاجۇنىڭ تاڭ دەۋرىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىمەك تەس ئەمەس. ئۇ ھازىر قۇمۇلغا بارىدىغان يول بىلەن سۇلې دەرياسى كېسىشىدىغان نۇقتىغا جايلاشقان بولۇپ، شىمالىي تۇز سىزىققا 8 مىل كېلىدىغان يەردە ئىدى. ناۋادا بىز سۇلې دەرياسىنىڭ دەريا قىنىنى شۇەنزاڭ دەۋرىدە شىمالغا تەخمىنەن 2 مىل ئاققان دەپ پەرەز قىلساق (رام سىنگىنىڭ قىياسىدا بىر كونا دەريا قىنىنىڭ بارلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن)، بۇنداق بولغاندا «ھاياتىم» دېگەن كىتابىتا تىلغا ئېلىنغان «50 مېتىر ئارىلىقتا» دېگەن ھۆكۈمگە تېخىمۇ يېقىنلىشىدۇ. چۈنكى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەجرىبىلىرىم ئىسپاتلىدىكى، ئادەتتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن شۇەنزاڭنىڭ مۆلچەرىدىكى 5 چاقىرىم يول ئەمەلىيەتتە 1 مىلغا باراۋەردۇر. سۇلې دەرياسىدىن قۇمۇلغا بارىدىغان يول ئاستا ـ ئاستا شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ ئۆزگىرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدىغان بىر نۇقتا، شۇەنزاڭنىڭ قوۋۇقتىن ئۆتۈپ تۇرغا بارغۇچە بولغان مۇساپىسى 80 چاقىرىم بولۇپ، بۇ سانلىق مەلۇمات بىلەن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كونا دەريا قىنى ۋە بەيدۈنزى ئوتتۇرىسىدىكى 16 چاقىرىم ئارىلىق بىردەك ئىدى. بەيدۈنزى ھازىرقى سودا يولىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇرۇن بىر تۇنجى قېتىم ئاياغ باسقان جاي ئىدى، ئۇ يەردە بۇلاق سۈيى بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 3 - بۆلۈم چياۋزى ئەتراپىدىكى قەدىمكى خارابىلىكلەر

**نەنسەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ چەت ياقىلىرىدىن ئۆتۈش**

1907 - يىلى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، مەن شامال كۆپ چىقىدىغان قاقاس شەھەر ئەنشىدىن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشتىكى ئېگىز تاغلىق رايونغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئۇ يەردىكى يازلىق جۇغراپىيەلىك ئېكسپېدىتسىيە خىزمىتىنى باشلاشتىن بۇرۇن، يولدا نەنسەن تېغىنىڭ چەت قىسمىغا جايلاشقان ئىككى يەردىكى خارابىلىكنى زىيارەت قىلدىم. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ خارابىلىكلەرنىڭ ئارخېئولوگىيەلىك قىممىتى بار ئىكەن. مېنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانىم چياۋزى يېزىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بىر كونا شەھەر خارابىلىكى بولۇپ، ئەنشىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان بىر مۇسۇلمان سودىگەر بۇرۇن مېنى بۇ يەر توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپكى ئۇچۇر بىلەن تەمىنلىگەنىدى. ئۇنىڭ ھەممىسى زۆرۈر ھەم ئەڭ قوپال ئىزنالاردىن ئىبارەت ئىدى. بىز نەنسەن تېغىنىڭ چەت ياقىلىرىدىكى كەڭ ھەم ئوت - چۆپ ئۈنمەيدىغان ئېدىرلىقتىن ئۆتكەندىن كېيىن، تاغ ئېتىكىدىكى خۇاڭچۇكو كەنتىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە يېقىنلاشتۇق، مەن ئۇ يەردە تۇنجى قېتىم قىسقا ھەم ئىزناسى ئېنىق بولغان قەدىمكى سەددىچىن سېپىلى ئىزىنى بايقىدىم. ئۇ ماڭا بۇ بۆلەك سېپىلنىڭ، يەنى سەددىچىن سېپىلى لىنىيەسىنىڭ ئەنشىدىن سىرتقا قاراپ سوزۇلغان بۆلۈكى ئىكەنلىكىگە ھەققىي ئىشەندۈردى.

**چياۋزىنىڭ ئورنى**

چياۋزى كەنتى بۇ ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مۇھىم رايون ھېسابلىنىدۇ. ئۇ كىچىك بىر بوستانلىق بولسىمۇ،

لېكىن ئىنتايىن مۇنبەت، سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ مول، كەڭ تۈزلەڭلىككە جايلاشقان. بۇ تۈزلەڭلىك كەڭتاشا دەريا ۋادىسىنىڭ ئاستى قىسمىغا جايلاشقان. ھالبۇكى، بۇ دەريا ۋادىسى نەنسەن تېغىنىڭ ئەڭ چەت ياقىلىرىدا ئۇچرايدىغان ئىككى تاغلىق رايوننى ئايرىپ تۇراتتى. يېزا سىرتىغا تارقالغان ئاز ساندىكى ئادەملەرنى قوشقاندا، چياۋزى كەنتىدە جەمئىي 200 گە يېقىن ئائىلىلىك بار ئىدى. بىر بۆلۈك قورۇق تام بۇ يېزىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئوراپ تۇراتتى، بۇ جايدا يەنە نۇرغۇنلىغان بۇتخانا ھەم ئىمارەتلەرمۇ بار بولۇپ، ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى غۇلاپ چۈشۈپ كەتكەن. بۇ ئىزلار تۇڭگانلار توپىلىڭى بۇ يەرگە بۇزغۇنچىلىق سېلىشتىن بۇرۇن بۇ بوستانلىقتا نۇرغۇنلىغان ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. بۇ جاي پەقەت ئەلۋەك بۇلاق سۈيىگە تايىنىپ ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن. بۇ بۇلاقلار بوستانلىقنىڭ جەنۇبىي ۋە غەربىدىكى كەڭ كەتكەن سازلىقلارغا تارقالغان بولۇپ، شۇ يەردىن يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىققانىدى.

## چياۋزى دەرياسى ۋادىسىدىكى ئوتلاق

يېتەرلىك سۇ مەنبەسى ئۈنۈملۈك سۇغىرىش شارائىتىنى ھازىرلىغان بولۇپ، كىشىلەرنىڭ تېرىلغۇ ئىشلىرىغا قولايلىق ياراتقان. بۇلاق سۈيى 150 كىۋادرات مىل يەرنى گۈزەل ئوتلاققا ئايلاندۇرغانىدى. بۇ جىلغا بۇرۇنقى ئاشۇ چارۋىچىلىق ۋە يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان باشقا مىللەتلەرنىڭ (مەسىلەن، توخرىلار ۋە ھۇنلار) كۆڭلىدىكىدەك قىشلىقىغا ئايلانغان. ئۇلار بۇ يەردە چارۋىچىلىق قىلاتتى، بۇ ھالەت تاكى خەنزۇلار گەنسۇ ۋە غەربىي قىسمىغا ئىلگىرىلەپ، ئۇلارنى شەرق تەرەپكە قوغلىۋەتكەنگە قەدەر داۋاملاشقان. تىبەت، ئۇيغۇر ۋە تاڭغۇتلارمۇ بۇرۇن بۇ يەرنىڭ ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتىدىن بەھرىمەن بولغان، ئۇلار بۇ بوستانلىق بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى

تېخىمۇ ئېگىز دەريا ۋادىسىدىكى چارۋىچىلىق رايونىدىن چىن قەلبىدىن رازى بولۇشقان، شۇڭا ئۇلار بۇ جايلارنى ئۇزۇن مەزگىلگىچە ئىشغال قىلىۋالغان. لېكىن خەنزۇلارنىڭ قەلبىدە چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا بولغان بىزارلىق چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولغاچقا، ئۇلار بۇ مۇنبەت ئوتلاقتىن ۋاز كېچىپ، ئىشلەتمەسلىككە رازى ئىدى.

تۇڭگان ۋە تاڭغۇتلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى ۋە بۇلاڭچىلىقىدىن ئىبارەت پاجىئەلىك ئۆتمۈشنىڭ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە ئىزچىل ساقلىنىپ كەلگەنلىكى ئۇلارنىڭ چارۋىچى قوشنىلىرىغا نىسبەتەن بىر خىل ئەنئەنىۋى قورقۇش پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ يەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنالايدىغان ئادەملەرنىڭ مەزكۇر يەرگە كېلىشىدىن ئۇلار ئىنتايىن ئېھتىيات قىلغان. نەنسەن تاغ تىزمىسىنى بويلاپ گەنجۇ قاتارلىق جايلارغا سوزۇلغان تاغ ئېتەكلىرىدە يەنە بەزى كىچىك قىشلاقلار بايقالدى، بۇ خىل جۇغراپىيەلىك ئەھۋالنى بۇ يەردە تەكىتلەپ ئۆتۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ناۋادا پۇتكول رايون دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي ھەمدە سۇلې دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى چۆل - باياۋان بىلەن ئوخشاش دەپ قارالسا ياكى تارىم ئويمانلىقىدىكى پەقەت سوغۇرۇشقا تايىنىپ ۋە جاپالىق تىرىشچانلىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىقىنى ساقلاپ قالغان بوستانلىققا ئوخشاش دەپ قارالسا، تەبىئىي شارائىت نۇقتىسىدىن، بۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بۇ يەرنى ئۇزاققىچە ئىگىلەپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

### سوياڭ شەھىرى خارابىسىنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى

مەن «قەدىمكى شەھەر» دەپ دوكلات قىلىنغان ئۇ يەرنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. خارابىلىك ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنتايىن كۈچلۈك ئىلھاملاندۇرۇش رولىغا ئىگە

ئىدى. بۇ خارابە شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 5 مىل، جەنۇبتىن شىمالغىچە بولغان كەڭلىكى 3 مىلدىن ئارتۇق (شەرقىي بۆلەك) كېلىدىغان جايلارغا تارقالغان. قورۇق تام سېلىنغان چىۋىزى يېرىسىنى بويلاپ جەنۇبقا مېڭىپ، 1 مىل ئۇزۇنلۇقتىكى ئېتىزدىن ئۆتكەندىن كېيىن، 3 مىل كەڭلىكتىكى سازلىقتا جايلاشقان بۇلاقتىكى باراقسان بولۇپ كەتكەن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بەلبېغىغا يېتىپ كېلىمىز. يۇلغۇن ئۆسۈپ كەتكەن قۇم بارخىنى بۇ يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلبېغىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. خارابىلىك ئاشۇ تەرەپكە سوزۇلغان بولۇپ، بىر قىسمىنى شامال يالاپ كەتكەن يەنە بىر قىسمى يۇلغۇن ۋە قومۇشلار ئۆسكەن قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان. ئالدى تەرەپكە 1 مىل ماڭغاندىن كېيىن، ئالدىمدا پەيدا بولغان مەنزىرە خوتەندە كۆرگەن تاتىنى ئەسلەتتى، مەن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بىر خارابىلىك ئارىسىدا تۇراتتىم. بۇ رەتسىز چاسا شەكىلدىكى قورۇق تاملىق كىچىك شەھەر ئىدى، ئۆز ـ ئارا تۇتاشقان شىمالىي تام بىلەن غەربىي تامنىڭ بەزى جايلىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانىدى. چىۋىزى كەنتىدىكى ئادەملەر بۇ خارابىلىكنى «سوياڭ شەھىرى» دەپ ئاتىشاتتى.

خارابە ئەتراپىدىكى شامالدا يېمىرىلىپ كەتكەن يەرلەر

شەھەرنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي شىمال يۆنىلىشىگە 3 ـ 4 مىل كېلىدىغان ئورۇندىكى شالاڭ يەرلەردىن لايدىن ياسالغان بەزى مۇنار ۋە قورۇق تاملارنى كۆرگىلى بولاتتى. پۈتۈنلەي يېمىرىلىپ كەتكەن ئولتۇراق ئۆيلەردىن بەزى قېلىن ساپال پارچىلىرى بايقالدى، بۇ ئىزلار بۇ يەرنىڭ بىر مەزگىل ئاھالە زىچ ئولتۇراقلاشقان رايون ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كونا بوستانلىقتىكى تېرىلغۇ يەرلەر بەلكىم خېلى يىراق جايلارغىچە سوزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. پۈتكۈل خارابىلىك مۇنبەت ۋە

www.uyghurkitap.com

تەكشى سىغىز تۇپىلىق يەرگە تارقالغان بولۇپ، بۇ سىغىز تۇپىلىق يەر جەنۇب تەرەپتىكى تاغ يانباغرىدىن ئېقىپ كەلگەن لاي ۋە تاش دۆۋىلىرىگىچە سوزۇلغان. ئۇنىڭدىن كېيىنلا تۇمەنبۇت جىلغىسىغا بارىدىغان يولدا، قۇم ـ شېغىللىق يوللارنىڭ بارلىقىنى كۆردۇم. سۇ كەملىك سەۋەبىدىن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانمىغان سىغىز تۇپىلىق يەر شەرق شامىلىنىڭ كۈچلۈك يېمىرىشىگە ئۇچرىغان. بۇ خىل شامال سۇلىي دەرياسى ئويمانلىقىدىكى شەرقتىن غەربكىچە بولغان ئېدىرلىق ۋە يېرىقلار ئارقىلىق بىر يىلنىڭ تۆت پەسلىدە توختىماي چىقاتتى، بۇ يەردە لوپنۇر چۆللۈكىنىڭ كروران ئەتراپىدىكى ياردائلىق يەر شەكلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى قايتا نامايان بولاتتى، پەقەت ياردائنىڭ كۆلىمى كىچىكلەپ قالغانىدى، خالاس. ئارىلىقى 2 ~ 5 فۇت كېلىدىغان تېيىز جىلغا بىزگە تۆۋەندىكى ئەمەلىيەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ: يەر يۈزى ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوقالغىنىغا 1000 يىلچە بولغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ جاينىڭ يەر يۈزىدىكى سىغىز تۇپىنىڭ قېلىنلىقىمۇ چەكلىك بولۇپ، مېنىڭ بايقىشىمچە دەل مۇشۇ سەۋەبتىن سىغىز تۇپىلار پۈتۈنلەي يېمىرىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن، ئاستىدىكى ئۇششاق تاش، شېغىل قاتلاملىرى كۆرۈنۈپ قالغان. ئەسلىدىكى نۇرغۇن شېغىللار ئوراپ تۇرغان دۆڭلۈك قۇملىرى ناھايىتى يېرىك بولۇپ، شامالنىڭ يېمىرىشىگە ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن. يېمىرىلىپ كەتكەن كەڭ سىغىز تۇپىلىق شەرققە قاراپ سوزۇلغان بولۇپ، كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ. قاراپ باقساق، ھەممە يەردىكى سايسېرىق قۇم ۋە كونا بوستانلىق ئىچىدىكى چاتقاللار قۇم بارخانلىرىنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينىغان. مەن بايان قىلىپ ئۆتكەندەك، سىپىلنىڭ ئىچىدىكى چوڭ تامنىڭ قوغداش رولى بولغاچقا، كۆچمە قۇم يىغىلىپ يوغان قۇم بارخىنى ھاسىل قىلغان.

## قەدىمكى سۇغىرىش ئىزلىرى

مېنىڭ بۇ جايلاردىكى تەكشۈرۈشىمۇ ھېلىلا بايان قىلىپ ئۆتكەن تەبىئىي ئەھۋال بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، شەھەرنى ھەمدە ئەتراپتىكى ئېتىزلارنى سۇ مەنبەسىنى تەمىنلەپ كېلىۋاتقان ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىسپاتلاپ بېرىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ھازىرقى چياۋزى بوستانلىقىنى تەمىنلەۋاتقان سۇ بۇلاقلار جايلاشقان سازلىقتىن كەلگەن ئەمەس، ئازراق كۆزەتسەكلا بارلىق بۇلاق ئورنىنىڭ تاشلاندۇق خارابە رايونىنىڭ يەر تەكشىلىكىدىن تۆۋەنلىكىنى بايقايمىز. ساھىلدىكى بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن نەچچە مىل كېلىدىغان مۇز دۆمبەل جىنسىلىرى بىلەن قاپلانغان سوياڭ شەھىرىدىن باشلاپ دۆڭلۈكنىڭ ئاستى تەرەپلىرىگىچە بولغان ئارىلىقتا بىرەر دەريا ئىزىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئەمما، مەن شەرق تەرەپتىكى شامال يېمىرىپ كەتكەن يەردىن بۇ قېتىم تەكشۈرمەكچى بولغان مەنزىلدىكى قەدىمكى شەھەر خارابىسىگە بارغاندا، شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان، شېغىل بىلەن قاپلانغان تاغ ئومۇرتقىسى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالدى. ئارزۇ قىلغىنىمدەك، ئۇ يەردە بىر قەدىمىي ئۆستەڭ بار ئىدى. ئېرىقنىڭ قىرغىقى ۋە ئۇستى يەنىلا ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى، سۇ تاغ ئېتىكىدىن ئېقىتىپ كەلگەن قۇم ۋە شېغىللار ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەريا قىنىنىڭ ئۆرلىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن، بۇ بىزنىڭ خوتەندىن ئەنشىگە بارىدىغان ھەربىر بوستانلىقتا كۆرگىنىمىزگە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۆستەڭگە سۇ كەلمىگەن ۋاقىتلاردا، نۇرغۇن چۆكۈندىلەر ئۆستەڭنى قوغداپ شامالنىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قالغان. سۇغىرىش توختىغاندىن كېيىن، بۇنداق شامال ئۆستەڭنىڭ ئىككى يېقىدىكى يەرنى ئۇزلۇكسىز يالاپ كەتكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۆستەڭنىڭ ئۇستى قىسمى ساقلىنىپ قېلىپ،

www.uyghurkitap.com

ئىككى تەرەپتىكى يىمىرىلىپ كەتكەن يەردىن تەخمىنەن 10 ~ 12 فۇت ئېگىزلەپ كەتكەن.

### قەدىمىي ئۆستەڭ لىنىيەسى

ئۆستەڭ لىنىيەسى بىرقانچە تارماق ئۆستەڭلەرگە ئايرىلغان بولۇپ، بىر تاشلاندۇق بۇتخانا بىلەن ئارىلىقى 1 مىل كېلىدۇ. بۇ يەردىن 4 مىل ئەتراپتىكى ئۆستەڭلەرنىڭ ھەممىسىنى قەدىمكى شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى بىر لاي دۆۋىسىنىڭ ئەتراپىغا قەدەر ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. مۇشۇ يەردىن باشلاپ، ئۆستەڭ لىنىيەسى يارداڭ بولۇپ كەتكەن يەرگىچە پۈتۈنلەي غايىب بولغان.

### قۇرغاقلىشىشنىڭ بېشارىتى

شۇنداقتىمۇ، تەخمىنەن يېرىم مىل كەڭلىكتىكى يىمىرىلىپ كەتكەن يەرنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا بارغانسېرى ئاشكارىلىنىپ، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان تاش ئۇۋاقلىرى ۋە شېغىل دۆۋىلىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئەمما بۇ يەردىن ئۆستەڭ لىنىيەسىنىڭ ئىزىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن، شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشكە قاراپ، ئاق لايدىن شەكىللەنگەن بىر تىك يار لىنىيەسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم، بۇ بەلكىم قۇرۇپ تاش ئۇۋاقلىرى ۋە شېغىللار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەن دەريا قىنى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىگە ئەڭ يېقىن ئارىلىقتىكى دۆڭلۈكنىڭ ئۈستىدە، بىر كەڭ جىلغا بولۇپ، بۇ مېنى دەريا سۈيى يەنە بىر ئېگىز تاغ تىزمىسىدىن ئېقىپ ئۆتكەندە توسۇلۇپ قالغانمىكىن، دېگەن ئويغا كەلتۈردى. كېيىنكى تەكشۈرۈشلىرىمدە مەلۇم بولغاندەك، بۇ تاغنىڭ ئېگىزلىكى 12 مىڭ فۇتتىن يۇقىرى ئىدى، ئۇنىڭدا مەڭگۈلۈك يىغىلىپ قالغان قار بولمىسىمۇ، خالىغان ۋاقىتتا زور مىقداردىكى نەملىكنى قوبۇل قىلالايتتى. بۇ ئېقىن ھازىر چياۋزىنىڭ شەرق تەرىپى ۋە شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى سازلىق

رايونىدا يەنە پەيدا بولدى. لېكىن، يەر يۈزى شارائىتىدىن قارىغاندا، ھازىرقى يەر ئۈستى سۇيى قەدىمىي بوستانلىقنى سۇغىرىشقا يەتمەيتتى. ئومۇمىيۈزلۈك ياكى قىسمەن دائىرىدە ساقلىنىپ قېلىش نۇقتىسىدىن، بۇ رايوندىكى ئېنىق ئىسپاتلار قۇرغاقلىشىشنىڭ ئىزلىرىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ مەسىلە خارابىلىقنى تەكشۈرۈپ ئېرىشكەن پاكىتلارنى باشقىچە قىممەتكە ئىگە قىلدى.

### سوياڭ شەھىرىنىڭ سېپىلى

مەن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن سوياڭ شەھىرى خارابىسىدىن باشلاپ بۇ ئىزلارنى تەسۋىرلەپ ئۆتىمەن. خاڭدىلىپ، چۆرىدەپ سېلىنغان سېپىل تېمى تۆت تەرەپلىك كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شىمالىي سېپىلىنىڭ سىرتقى تەرىپى تەخمىنەن 670 يارد، جەنۇبىي سېپىل 493 يارد، باشقا ئىككى تەرىپى 650 يارد ئۇزۇنلۇقتا. سېپىلنىڭ قېلىنلىقى ئوخشاش ئەمەس، سېپىل تۈۋىنىڭ سىرتقى قېلىنلىقى تەخمىنەن 20 ~ 30 فۇت ئەتراپىدا، سېپىل بۇلۇڭىدا يۇمىلاق شەكىلدىكى قىرلىق ئىستىھكام بار، قىرلىق ئىستىھكامنى ئارىسىدىكى رەتسىز ئارىلىق تاملارنى بويلاپ ماڭساق، ئارىلىق تامنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر چاسا شەكىللىك قىرلىق ئىستىھكامنى كۆرىمىز. ساقلىنىپ قالغان شىمالىي ۋە غەربىي قوۋۇق ئەتراپىدا بىر خىل چاسا شەكىلدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى بار. بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونىڭ شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ سىرتقى تەرىپىدە كۆرگىلى بولىدىغان، ئەمما دائىم يېرىم يۇمىلاق شەكىلدە ياسىلىدىغان ئىمارەتلەرگە ئوخشايدۇ. سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇب بۇلۇڭى ئىچكىرى جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە بىر كىچىك چۆرىمە تاملىق ئىمارەت بار، ئۇ بىر ئىچكى ئىستىھكام بولۇشى مۇمكىن. جەنۇب، شىمال تەرەپلەردىمۇ ئىچكى تام ئىزلىرى بار، ئەمما ئۇلار ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولۇپ، ئالاھىدىلىكىنى پەرقلەندۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**قوش شەرقىي سېپىل**

مەزكۇر شەھەرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدا ئىچكى ـ تاشقى شەرقىي سېپىلى بار، ئىككىسىنىڭ ئارىلىقى 200 يارد بولۇپ، تەكشى ئەمەس، ئىچكى سېپىلنىڭ خېلى ئۇزۇن بىر بۆلىكىدە يىمىرىلىش سەۋەبىدىن يېرىق ھاسىل بولغان.

**شەرقىي سېپىل ۋە ئۇنىڭ شامالدا خوراش ئۇنۇمى**

2 ـ رەسىمدە سوياڭ شەھىرىدىكى ئىچكى شەرقىي سېپىلنىڭ مەنزىرىسى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، قۇم ـ بورانىنىڭ تەسىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، بۇ ئەنشىنىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى تاشلاندۇق شەھەرنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ①. ئىچكى سېپىل ئۇزۇن مۇددەت يىمىرىلگەن بولسىمۇ، ئاساسىي بۆلىكى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان، شۇنداقلا بەزى قىرلىق ئىستىھكاملارنى ھەمدە، ئوتتۇرا قىسمىدىكى شەھەر قوۋۇقىنىڭ ئورنىنى يەنىلا پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۇ سىرتقى تەرەپتىكى شەرقىي سېپىل بىلەن ئوخشىمايدۇ، كېيىنكىسى شەرق شامىلىنىڭ يىمىرىشكە بەرداشلىق بېرەلمىگەچكە، كۆپ قىسىم جايلىرى ئاللىبۇرۇن تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن. پەقەت باشقا يەردىن ئېگىز دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن بىر پەس سېپىل لىنىيەسىنى تاپتۇق. شۇنداق بىر پاكىت باركى، سىرتقى تەرەپتىكى شەرقىي سېپىل يىمىرىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىچكى تەرەپتىكى شەرقىي سېپىلنى قوغداپ قېلىش رولىنى ئۆتىگەن. بىز كېيىنكىسىنىڭ نىسبەتەن ياخشى ساقلىنىپ قالغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى كېيىن سېلىنغان دەپ مۇقەررەر كېسىپ ئېيتالمايمىز. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى ھازىرقى ئەنشى شەھىرىنىڭ شەرقىي سېپىلىدا كۆرگەنلىرىمگە بىرلەشتۇرۇپ ئويلاپ باقسام، مەندە

---

① مۇشۇ بابنىڭ 2 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.



2 ـ رەسىم سوياڭ شەھىرىنىڭ بۇرۇنقى شەرقىي سېپىلى، ئىچكى قىسىمدىكى شامال يالىغان كامار، شەرقتىن كۆرۈنۈشى

تەبىئىيلا مۇنداق بىر قاراش پەيدا بولدى: سوياڭ شەھىرىنىڭ ئىچكى شەرقىي سېپىلى كېيىنرەك ياسالغان، ئەينى مەزگىلدە سىرتقى سېپىل ئاستا ھەم توختاۋسىز سوققان قۇم ـ بورانلارنىڭ تەسىرىدىن قايتىدىن ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياكى مۇداپىئە سېپىلى ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولماي قالغان. ئىچكى سېپىلنىڭ ئورنىغا يېقىن شىمالىي شەھەر قوۋۇقى ھەمدە تام بۇلۇڭىدىكى يېرىم يۇمىلاق شەكىلدىكى قىرلىق ئىستىھكامدىن قارىغاندىمۇ، بۇ ھۆكۈمنى قوللاشقا بولىدىغاندەك تۇرىدۇ.

### شىمالىي سېپىل ۋە جەنۇبىي سېپىلنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى

ئەنشىدىكى تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، قەدىمكى شەھەرنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي سېپىللىرى ئازراق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بىرەر يەرنىڭ پۈتۈنلەي ئۆرۈلۈپ كەتكىنىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شامال ئاساسەن شەرق تەرەپتىن كەلگەن، شۇنداقلا جەنۇبىي ـ شىمالىي سېپىللار مۇشۇ يۆنىلىشكە سوزۇلغان بولغاچقا، ساقلاپ قېلىنىش مۇمكىنچىلىكى تۇغۇلغان، بۇمۇ كىروران قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى يەنە بىر ئېنىق چۈشەنچە بىلەن تەمىنلىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### شامالدا تەدرىجىي يىمىرىلىش

شەرقىي سېپىلىنىڭ دالدىسىدا، كۆچمە قۇملار قورۇق سېپىلىنىڭ ئىچىدە يىغىلىپ ئۆرگەچكە، غەربىي سېپىل قوغدىلىپ قالغان، گەرچە ئۇنىڭ چوققىسى يىمىرىلىشكە باشلىغان بولسىمۇ، بۇزۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدى ئېلىنغان، قورۇق سېپىلىنىڭ غەربىي شىمال بۆلۈكىدە سېغىز توپىدىن ياسالغان بىر تۇر بار، ئۇنىڭ تۆۋەن قىسمىدا كېسەكتىن سېلىنغان ئۆگزىلىك كارىدور بار. تۇر تەخمىنەن 30 فۇت ئېگىزلىكتە. شۈبھىسىزكى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ يېرىقلار بارغانچە چوڭقۇرلاشقاندا، شامال ئۇرۇپ يېرىقنىڭ ئىچىنى قۇم بىلەن توشقۇزۇۋەتكەن. بۇ قۇملار غەربىي تەرەپتىكى يېرىق سېپىلنى سىيپاپ ئۆتكەن ۋاقىتتا سىرتقى سېپىل بەكرەك يىمىرىلىپ كەتكەن، بۇ چاغدا سېپىل ئىچكى قاتلاملىرىغىچە يىمىرىلگەن بولۇپ، يېرىمى قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلگەن بۇ يەر تاتىغا ئايلىنىپ قالغانىدى، پەقەت شىمالىي سېپىل بىلەن جەنۇبىي سېپىلىنىڭ ئىزنالىرىلا بۇرۇن بۇ يەردە قورۇق تاملىق، ئەتراپى خەندەكلەر بىلەن قورشالغان سېپىلىنىڭ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

### خارابىلىكنىڭ ئىچكى قىسمى

بۇ جەرياننىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشمۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق. ئىچكى ـ تاشقى سېپىللارنىڭ ئارىسىدىكى قۇملار ئىنتايىن نېپىز بولۇپ، توپا دۆۋىلىرى ۋە يىمىرىلىپ كەتكەن ئولتۇراق ئۆي ئەتراپلىرىغا تارقالغانىدى. بۇ يەرنىڭ يەر يۈزىدىن قەدىمكى ساپال پارچىلىرىنى، ياغاچ كۆمۈر تىپىدىكى ئۇششاق يادىكارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئەمما تام سىرتىدىكى پۈتۈنلەي يىمىرىلىپ تۈگىگەن يەردىن بۇنداق زور مىقداردىكى ئۇششاق يادىكارلىق پارچىلىرىنى ھەرگىز ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. سېپىلنىڭ سىرتىدىكى يولغۇنلارنىڭ كۆپ

قىسمى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەن، يۇلغۇنلۇق قوم بارخانلىرى پارچىلىنىشقا ۋە تۇزلىنىشكە باشلىغانىدى. ئىچكى شەرقىي تامنىڭ كەينىدىكى قورۇق تام ئىچىدە يەنە كۆپلىگەن يۇلغۇنلۇق قوم دۆۋىلىرى بار بولۇپ، ئۈستىدە ياپيېشىل چاتقاللار ئۆسكەن، غەربىي تامغا يېقىنلاشقانسېرى بۇك ـ باراقسان ئۆسكەن ياۋا تېرەك ۋە جىگدە دەرەخلىرى ئۇچرايدۇ. كۆپ قىسىم جايلاردىكى كۆچمە قوم دۆۋىلىرى 6 ~ 10 فۇت ئېگىزلىكتە ئىدى. پەقەت بىر قىسىم جايلاردا ساپال پارچىلىرى (بىر قىسىم فارفۇر قاچا ـ قۇچىلار ۋە سىرلانغان قوپال ساپال پارچىلىرى) ۋە تاڭ دەۋرىگە خاس بىرونزا پۇللارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ جايلاردا بىر قەدەر چوڭ ئەخلەت دۆۋىلىرى بولۇپ، بۇلار غۇلاپ چۈشكەن ئىمارەتلەرنىڭ كېسەكلىرى بولۇشى مۇمكىن، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆچمە قۇمنىڭ ئۈستىدە ئىدى سېپىلنىڭ غەرب تەرىپىدە، سىرتقى تەرىپى قورۇق تام بىلەن قورشالغان تام (ئۇنىڭ بەلگىسى بولسا بىر قەدەر ئۇششاق تام ئىزلىرىدىن ئىبارەت) نىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇن چاتقال ۋە قومۇشلار ئۆسكەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ جايدا يەر ئاستى سۈيىنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلالايمىز. ئۇ بەلكىم يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان شەھەرنىڭ غەربى ۋە جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان قۇرۇق دەريا قىنىدىن چىققان سۇ بولۇشى، جەنۇب تەرەپتىكى ئۇچىنچى ئېگىزلىكتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

### ئىگىلىۋېلىنىش سۇڭ دەۋرىگىچە داۋاملاشقان

فارفۇر قاچا ـ قۇچىلار ۋە سىرلانغان ساپال پارچىلىرى، شۇنداقلا مەن تۆنجى قېتىم بۇ خارابىلىكنى تەكشۈرگەندە توپلىغان پۇللار، بۇ كىچىك شەھەر ۋە ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ مۇقىم يىل دەۋرىنىڭ سۇڭ دەۋرىگىچە (ناۋادا تېخىمۇ كېيىن بولمىغاندا) تۈتىشىدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ پاكىتلار ھەممىدە يېپيېنچا ئۆسۈملۈك ئۆسىۋاتقان جايدا ئاسانلا

بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرايدىغان خارابىلىكنىڭ ۋەيرانە بولغان ھالىتى يەردە سىستېمىلىق قېزىش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغانلىقىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قورۇق تام ئىچىدىكى كۆپ قىسىم جايلارغا قېلىن كۆچمە قۇم تارقالغان بولۇپ، ئۇ مەزگىللەردە يېتەرلىك ئىشچىلارنى يالاپ ئىشلىتىش ئىنتايىن تەسكە توختايتتى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ قېزىش ئىشلىرىمنى خېلىلا ئارقىغا سۈرۈۋەتتى. قورۇق تامنىڭ غەربىي جەنۇب بۇلۇڭىدىكى ئېگىز يەرگە جايلاشقان قۇملۇق يەر يۈزىدىكى توپا دۆۋىلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە قېزىپ كۆرگەندىن كېيىن، تۇرالغۇغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خارابىلىك ئاشكارىلاندى. بۇ تۇرالغۇ بىر يادىكارلىق ئۇۋاقلىرى دۆۋىسى ئۈستىگە سېلىنغان. پارچە - پۇراتلار دۆۋىسىدە پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتكەن ياغاچ ماتېرىياللار، سۇنۇپ كەتكەن كېسەكلەر ھەمدە چارۋا مال تېزەكلىرى بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە باشقىچە ئىزلارمۇ بولۇپ، بۇلار قەدىمىي شەھەر ئىمارەتلىرى تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن زور ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

كىشىلەر يېقىنقى يىللاردىمۇ بۇ خارابىگە كېلىپ تۇرغان

شۇنداقتىمۇ، بۇ قەدىمىي شەھەر بىراقلا تاشلىۋېتىلمىگەن، بەلكى پەيدىنپەي تاشلىنىپ كېتىش جەريانىنى باشتىن كەچۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ قاراش تۆۋەندىكى پاكىت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان: تېپىلغان كونا پۇللار ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمىيسى جىن (Chin) سۇلالىسىدىكى بىر پادىشاھنىڭ دەۋرىگە (1156 — 1161 - يىللار) تەۋە بولۇپ، يەنە ئاز مىقداردىكى فارفۇر قاچا - قۇچا پارچىلىرى بايقالغان، خوبسون (霍布森) ئەپەندى بۇ فارفۇر قاچا - قۇچا پارچىلىرىنىڭ دەۋرىنى 17 - ئەسىرگە تەۋە، دېگەن قاراشقا مايىللاراق. خارابىلىك بىلەن چىياۋزى كەنتى ئارىلىقىنىڭ يېقىنلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا،

كۆزىتىش ۋە قېزىش جەريانىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن چياۋزى كەنتىدىكى ئاھالىلەردىن ئاخلىغان بىر قاراش توغرىدەك قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەسلەپ بېرىشىچە، شىمالىي تەرەپتىكى ئوتلاقتا پاكار ئاتلارنى باقىدىغان چارۋىچىلار بولۇپ، ھەمىشە ئاز ساندىكى بىرقانچە تاشلاندۇق ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ، قىش پەسلىنىڭ سوغۇقتىن ئۆتكۈدەك سوغۇقىدىن پاناھلىنىدىكەن. بۇ ئىمارەتلەر روشەن ھالدا كېيىنكى مەزگىلگە تەۋە بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا يەنىلا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانىكەن. ئىسپاتلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بۇ تاشلاندۇق قەدىمىي شەھەرنىڭ ھەتتا ھازىرمۇ بىر قىسىم ۋاقىتلىق ئاھالىلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى سېلىترا يىغىۋالىدىغان ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن. بۇرۇنقى ئىمارەت توپىسى ئىچىدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سېلىترالارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. كىشىلەر ماڭا كۆرسەتكەن غەربىي تام تۈۋىدىكى كىچىك مورىلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ سېلىترا كولىغۇچىلار كولاپ چىقارغان.

### ياغاچ ھەيكەل

گەمە ئۆي شەكلىدىكى تۇرالغۇنىڭ ئالدىدىكى لايدىن ياسالغان ئىبادەتخانا (دەۋرى خېلى كېيىن) نىڭ ئىچىدىن ھەمدە ئىمارەت ئەخلىتى دۆۋىسىدىن، ماڭا ھەمراھ بولغان سەۋىيەلىك بىر كىچىك ئەمەلدار بىر خىل قىزىقارلىق قەدىمكى بۇيۇمنى تېپىۋالدى. ئۇ ياخشى ئويۇلغان بىر ياغاچ ھەيكەلنىڭ يۇقىرى بىلىكى (3 ـ رەسىمگە قاراڭ) بولۇپ، ئۇ چوڭلۇقى ئادەمچىلىك بولغان ھەيكەلنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يۇقىرىقى بۆلىكى تېپىز قاپارتما ئويما بولۇپ، ئىككى يورۇش كېيىمدىكى بېزەك نەقىشلەرنى ئىپادىلەيدۇ. نەقىشنىڭ بىر قىسمى ئۆسۈملۈك نەقىشى بولۇپ، بۇ بىرگە قەندەھەرنىڭ بېزەك



3 - رەسىم ياغاچ ھەيكەلنىڭ يۇقىرى بۆلىكى

نەقىشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ نەقىشتە تۆت گۈل بەرگى ماندارىنغا ئوخشاش گۈل غۇنچىسى بار ئىدى. نىيە ۋە كروراندىن قېزىپ چىقىرىلغان ياغاچ ھەيكەللەرنى كۆرگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بىز بۇ خىل نۇسخىنىغا خېلى پىششىق بولۇپ قالغانىدۇق. بۇ نەرسىلەر مىنىڭ قولۇمغا يەتكۈزۈلگەندە، ئۈستىدە يەنىلا ئوچۇق رەڭ ئىزناسىنىڭ بارلىقىنى كۆردۈم. بۇ ھەيكەلنىڭ يىل دەۋرى جەزمەن تاڭ دەۋرىدىن بۇرۇن. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ھېچقانداق بىر ئىز ئۇنىڭ ئەسلىي قېزىلغان ئورنىنى ئىپادىلەپ بېرەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ سوياڭ شەھىرىنىڭ ئىچىدىكى تۆپىلىك ۋە كۆچمە قۇمنىڭ ئاستىدىكى تاتى تىپىدىكى كىچىك ئۇۋاقچىلارلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئارخېئولوگىيەلىك قىممىتى مول بولغان نەرسىلەرنىڭمۇ كۆمۈلۈپ ياتقانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەمما، بۇلارنى سىستېمىلىق رەتلەپ چىقىشقا نۇرغۇن ۋاقىت ھەم كۈچ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

### قورۇق تاملىق قەبرىستانلىق

شەھەردىن چىقىپ غەربىي شىمالغا قاراپ مېڭىپ، شەھەرنىڭ غەربىي شىمال بۆلۈكىگە تەخمىنەن 1000 يارد كېلىدىغان جايغا كەلگەندە خاڭداپ سېلىنغان ئىككى چوڭ ئىمارەت تۆپىلىكى دىققىتىمنى تارتتى. ئىراقتا تۇرۇپ قارىسىڭىز، ئۇلار كىچىك قورغانغا ئوخشايتتى. ئەمما، يېقىن كېلىپ كۆزەتسىڭىز، شىمالىي تەرەپتە سىرتقى تەرىپى ئېغىر بۇزۇلغان قورۇق تاملىق

خارابە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزگىچە شەكلى مېنى دەرھال جەلپ قىلىۋالدى. ئىنتايىن ياخشى قوپۇرۇلغان بۇ توپا تامنىڭ قېلىنلىقى 20 فۇت بولۇپ، ئۇ ھازىرمۇ خېلى ئېگىز ئىدى. ئۇ ھەر تەرىپى 70 فۇت ئەتراپىدىكى مۇستەھكەم چاسا شەكىللىك ئىمارەتتىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مەخسۇس لايىھەلەنگەن كىرىش ئېغىزى ياكى پەلەمپەينى، كۆرگىلى بولمايدۇ. تامنىڭ بىرلەشكەن قىسمىدىن بىر يېرىق شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ يېرىق بىلەن بۇ غەلىتە ئىمارەتنىڭ ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، دەسلەپتە بۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغان ئىمارەت ئىكەنلىكىنى ئىزدەيمەن دەپ بىھۇدە ئاۋارە بوپتىمەن. كېيىن بىر قىسىم يېرىلغان ياغاچ تاختايلارغا دىققەت قىلدىم. ئۇلار قۇملۇققا چېچىلغان بولۇپ، قورۇق تامنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن. ياغاچ تاختاينىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن ئوخشاش. بۇلۇڭدىكى قۇمنى سىيرىۋەتكەندىن كېيىن يۇقىرىقىدىكىگە ئوخشاش بىر ياغاچ تاختاينى بايقىدىم، ئۇ يەنىلا ئۆز جايىدا بولۇپ، ئىچىدە ناھايىتى چىرىپ كەتكەن بىر ئىسكىلىت بار ئىكەن. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئېگىز تاملار قەبرىستانلىقنى قوغداش ئۈچۈن قوپۇرۇلغان. ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىت شامالنىڭ يىمىرىشىگە تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن قۇم ۋە «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىنى توسۇپ قالالمىغان. مەن مەزكۇر قورۇق تامنىڭ ئەسلىدىكى كىرىش ئىشىكىنىڭ قەيەردىلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىدىم. ئەتراپتىكى يەر يۈزىنى كۆچمە قۇم ئۇچۇرۇپ، ھېچنېمىسى قالماي ئېچىلىپ قالغانىدى، ئارقىدىنلا يىمىرىلىشكە باشلىغانىدى. تەكشۈرۈشتىن قارىغاندا، بۇ قورۇق تامنىڭ ئىچى بىر قەبرىستانلىق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن. لېكىن گۆرنىڭ ئىچىدە ئادەملەرنىڭ ئۇششاق جەسەت سۆڭەكلىرىدىن باشقا ھېچنېمە قالمىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قەدىمىي بۇددا مۇنارى

خارابىلىكتىكى ئەڭ كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ئىمارەت ئەڭ نەپىس، ئەڭ گۈزەل بېزەلگەن چوڭ تىپتىكى بۇددا مۇنارىدۇر. مۇنارنىڭ بىر قىسمى ئادەم كۆچىگە تايىنىپ سېلىنغان، يەنە بىر قىسمى يىمىرىلىپ كەتكەن تۆپىلىكتىن شەكىللەنگەن بولۇپ، سوياڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى شەرقىي تامغا 1 مىلمۇ كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ جەنۇب قىسمى 4 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بولۇپ، 5 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى ئۇنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى ئىدى، شىمالىي ۋە شەرقىي شىمال يۆنىلىشتە بىر قاتار كىچىك بۇددا مۇنارلىرى بار ئىدى. بايلىق ئىزدىگۈچىلەر بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇستى تەرىپىنى كولاپ يوغان ئورەك چىقىرىپ قويغان بولۇپ، بۇ بۇددا مۇنارىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. بۇنىڭدىن سىرت، ئەسلىدە سىرتقى تامنى ئوراپ تۇرىدىغان قىلىن، قاتتىق، سېرىق لاي بوزۇۋېتىلگەچكە، مەن كۆزلىگەن ۋاقىت ئىچىدە بۇددا مۇنارىنى توغرا ئۆلچەپ چىقىشىم تەسكە توختىدى. مەن تارتقان سۈرەتلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ بۇددا مۇنارى شەكىل ۋە نىسبەت جەھەتتىن، مەن تارىم ئويمانلىقىدا تەكشۈرگەن بۇددا مۇنارلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ.

ئېنىقكى، بۇ مۇنار بىر قەدەر كېيىنكى دەۋر تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى ئاساسىي سۇپا قىسمى چاسا شەكىلدە كۆرۈنىدىغان بولۇپ، كۆپ قىسمىنى پارچە تەرسىلەر كۆمۈپ تاشلىغان، ئىككىنچى قەۋىتى دۈگىلەك بولۇپ، كۆپىنچە قىر ھالىتىدە ئىدى ئېگىزلىكى 15 فۇتتىن يۇقىرى بولۇپ، يۇمىلاق شەكىلدىكى مۇنار گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچىنچى قەۋەت سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، گۈمبەزسىمان چوققىسى ئاساسەن تۆپتۈز بولۇپ كەتكەن. ئۈستىدىكى خىشتىن سېلىنغان بىر قاتار چوڭ كۇنلۇكسىمان



4 ـ رەسىم سوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئاساسىي مۇنار خارابىسىنىڭ جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى



5 ـ رەسىم سوياڭ شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاشلىۋېتىلگەن بۇتخانا ۋە بۇددا مۇنار خارابىسى، غەربتىن جەنۇبقا قارىغاندىكى كۆرۈنۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆگزىلەر ئالاھىدىرەك بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس بولسىمۇ، ئەمما نىسبەت ھاسىل قىلالمىغان. بۇددا مۇنارىنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى قارىماققا 40 فۇتتىن يۇقىرىدەك كۆرۈنىدۇ، ئۇل قىسمىنىڭ دىئامېتىرى تەخمىنەن 27 فۇت ئىدى. مېنىڭ بۇ پۈتۈن مۇنارغا بولغان تەسىراتىم: ئۇ سۇڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە تەۋە ياكى گەنسۇ ھەمدە غەربىي رايونلارغا تاڭغۇتلار ياكى غەربىي شيا ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرگە (11 — 13 - ئەسىرلەر) تەۋە بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئىشەنچلىك خرونولوگىيە ماتېرىيالى كەمچىل ئەھۋالدا، مەيلى بۇ يەردىكى ياكى تۇرپان ۋە قارا شەھەرنىڭ «شىكشىم مىڭئۆي»دىكى مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە بۇددا مۇنارلىرى بولسۇن، بۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى يەككىللىك بىلەن بېكىتىشكە ھازىرچە ئاجىزمىز.

### «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر قازغان لايدىن ياسالغان ئۇششاق مۇنارلار

بۇ يەردە ھېچقانداق بۇيۇم ساقلىنىپ قالمىغان. «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر مۇنارنىڭ ئىچىنى قېزىپ باققان بولسا كېرەك. بۇلارنى قېزىلغان ئۆڭكۈرلەردىن كۆرۈۋالالايمىز. پەلەمپەينىڭ شىمالىي باقىسىغا ئورنىتىلغان، دىيامېتىرى تەخمىنەن 10 ~ 12 فۇت ئەتراپىدىكى ئالتە دانە كىچىك بۇددا مۇنارىمۇ «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەرنىڭ كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىغان، بەزى بۇددا مۇنارلىرى مۇشۇ سەۋەبتىن پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مۇنارنىڭ ئىچىدە 2 فۇتقىمۇ يەتمەيدىغان كىچىك بىر ھوجرا بار. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىككى بۇددا مۇنارى ھوجرىسىدا سېغىز تۇپىدىن ياسالغان يۈزدىن ئارتۇق كىچىك بۇددا مۇنارى مودېللىرى بايقالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ شەكلى خادىلىقتىكى بۇتخانىدىن بايقىغانلىرىم بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. ئۇششاق ياغاچ بۇيۇملارنىڭ كۆپ قىسمى سىرتقا تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، ئازدۇر - كۆپتۇر ئۇپرىغان، پۈتۈنلەي ساق



8 ـ رەسىم 7 ـ رەسىم 6 ـ رەسىم

سېغىزدىن ياسالغان كىچىك بۇددا مۇنارلىرى

ئەۋرىشكىلەرمۇ ساقلىنىپ قالغان، بۇلاردىن ئۇلارنىڭ ئاز ساندىكى ئەۋرىشكىلەرگە تەقلىد قىلىنغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ ئەۋرىشكىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىكى 6 ـ رەسىمدىكىسى بولۇپ، ئۇ راۋاق بۇددا مۇنارىنىڭ تەكشىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىنتايىن توغرا ئىپادىلەپ بەرگەن ئۇنىڭ ئاساسلىق ئۇلىدا پەلەمپەي ۋە كىرىست شەكلىدىكى تۆت نال بىلەك بار، لېكىن ئۈستى قۇرۇلمىسىنىڭ ئىنچىكە قىسىملىرى ساقلىنىپ قالمىغان. 7 ـ رەسىمدە مۇنارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇ نىسبەتەن تۈوم قېلىپتا ياسالغان. ئەمما، 8 ـ رەسىم خادىلىقتىكى ئادەتتىكى مودېللارغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

## ساپال قاچا ۋە ھەيكەل پارچىلىرى

ئاساسىي بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى سۇپا بۆلىكىدە بۇرۇن بىر بۇتخانا سېلىنغاندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئۇل قىسمىغىچە ۋەيران بولۇپ كەتكەن، بۇ بەلكىم ئۇنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. بۇ بۇتخانىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى زور مىقداردىكى قاتتىق، يېشىل ساپال پارچىلىرى بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن، بۇ ساپال

www.uyghurkitap.com




9 - رەسىم قاپارتما نەقىشلىك ساپال پارچىسى 10 - رەسىم ھەيكەل پارچىلىرى

پارچىلىرىنىڭ ئۆگزە كاھىشىغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەۋرىشكىسى 9 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك قېلىپتا قاپارتما نەقىشلىك ھالەتتە ياسالغان، ئۇستىدىكى بەزى يەرگە قاناتلىق ئەجدىھانىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. 10 - رەسىمدىكىسى ئېمال سىر بىلەن سىرلانغان، قوشۇمچە ئىشلىتىدىغان ھەيكەل پارچىلىرى بولۇپ، بۇلار بۇتخانىلاردىكى تامنى بېزەشكە ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

بۇنىڭغا ئوخشايدىغان يەنە بىر قوپالراق ساپال ھەيكەلنىڭ بىلىكى بار بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا ئېمال سىر بىلەن سىرلانغان. بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتىدىغىنىم، 1914 - يىلى مەن قارخوتتىكى (قارا بالىقنى كۆرسىتىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) بىر بۇتخانىدىن (تاڭغۇت خانلىقى دەۋرىگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن) مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئۆگزە ۋە تاملارنى بېزەيدىغان نۇرغۇن يېشىل سىرلىق كاھىشلارنى بايقىغانىدىم. مەن بۇتخانىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىنى ئازراق تازىلىغان (ئۇ يەردىن بەزى تاملارنىڭ ئىزلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى) بولساممۇ، ئاقىۋەتتە ھېچنېمىنى بايقىيالمىدىم.

يەر يۈزىدىكى پارچە - پۇرات نەرسىلەر

مەن بۇ يەردە تەكشۈرگەن بەزى باشقا ئىمارەت ئىزلىرى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇلار ئاساسلىقى ئاز ھەم ئېنىق

① مۇشۇ بابنىڭ 4 - بۆلۈمىگە قاراڭ.

بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىق بېكىتىشكە ئاجىزلىق قىلدۇق. ئەتراپتىكى توپا دۆۋىسى (بۇ يەردىن قەدىمكى سۇغىرىش لىنىيەسىنى كۆرگىلى بولىدۇ)دىن① شىمالغا قايتقاندا تاتىق يەرلەردىن ئۆتتۇم، ئۇنىڭ جەنۇبتىن شىمالغىچە ئارىلىقى تەخمىنەن 3 مىل كېلىدۇ. پۇتكۇل مۇساپىدە قارامتۇل، كۇل رەڭ ۋە قىزىل لايدىن ياسالغان نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى يەر يۇزىدە چېچىلىپ ياتاتتى.

## پۇل جەھەتتىكى خرونولوگىيەلىك ئىسپاتلار

مەن قەدىمكى شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلار توغرىسىدىكى خرونولوگىيەلىك ئىسپاتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇم، ئۇ يەردىن يىغىۋېلىنغان ساپال پارچىلىرى ئۇنىڭ ۋاقتىنىڭ تاڭ ۋە سۇڭ دەۋرىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بەردى. تولۇقلاپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، پۇل جەھەتتىكى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپات بۇ قاراش بىلەن تامامەن بىردەكلىككە ئىگە ئىدى. باھالاپ چىقىلغان 38 دانە مىس پۇل (يارماق) ياكى مىس پۇل پارچىلىرى ئىچىدىكى 25 دانىسىنىڭ ئۈستىدە «كەييۈەن» دېگەن ئويما يېزىق بار ئىدى. بۇ خىل ئويما يېزىق ئەڭ بۇرۇن تاڭ سۇلالىسى پادىشاھى گاۋزۇ دەۋرىدە (618 — 627)① قوللىنىلغان، لېكىن تاڭ دەۋرىدىكى نۇرغۇن پۇللاردىمۇ بۇ خىل ئويما يېزىق ئۇچرايدۇ. ئېشىپ قالغان بىر دانە يارماق «چيەنيۈەن يارمىقى» بولۇپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرى مىلادىيە 758 — 760 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ؛ ئىككى دانە يارماق سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە تەۋە ؛ ئۇنىڭدىن باشقا 10 دانە بەش جۇلۇق يارماق بار، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى سۇي سۇلالىسى دەۋرى (581 — 618) گە تەۋە. باشقىلىرىنىڭ يىل دەۋرى نىسبەتەن بالدۇر.

① ئەسلى ئەسەر مۇشۇنداق. — تۈزگۈچىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com


# 4 ـ بۆلۈم تۇمەنبۇت جىلغىسىدىكى تاش كېمىرلەر

### تاشقا سەپەر

چياۋزى كەنتىدە ئازراق توختىغاندىن كېيىن، جەنۇب تەرەپتىكى تاغلىق رايونغا ماڭدىم. ئەڭ ئاۋۋال ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەن بىر تۇزلەڭلىكتىن ئۆتتۈم، بۇ يەردە تېخى ئېچىلمىغان چوڭ بىر پارچە يايلاق بار ئىكەن. ئارقىدىنلا تاشقا يېتىپ كەلدىم. بۇ بوستانلىقنىڭ كۆلىمى چياۋزىدىكى بوستانلىق بىلەن ئوخشاش ئىدى، لېكىن دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇلىرى كۆپ ھەم تارقاق ئىكەن، سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان سۇيى نەنسەن تېغىدىكى قار ـ مۇزلاردىن ھاسىل بولغان دەريادىن كېلىدىكەن، بىر قىسمى شەرقىي جەنۇب ئەتراپىدىكى ئېدىرلىق ئېتىكىدىن ئېتىلىپ چىققان بۇلاق سۈيى ئىكەن. ناھايىتى ئېنىقكى، دەل مۇشۇ بۇلاقنىڭ مەنبەسى خېلى بۇرۇنلا كىشىلەرنىڭ شەرقىي جەنۇبتىكى 5 مىل كېلىدىغان جايدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن. ئۆلچەپ ـ سىزغۇچىنىڭ دېيىشىچە، ھازىر ئۇ يەردە پەقەت بەزى توپا دۆۋىلىرىلا بار بولۇپ، ئۇ مۇزلۇق ئېقىتىپ كەلگەن لاي ۋە تاشلارنىڭ دۆۋىسىگە سېغىز توپىدىن سېلىنغان قەدىمىي خارابىلىكتەك كۆرۈنىدىكەن.

### «كىچىك مىڭئۆي» تاش كېمىر ئىبادەتخانىسى

تاشىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن تاشيول لىنىيەسىنى ئۇچراتتۇق، بۇ يول ئەنشى، شىمالىي شىنجاڭ ۋە موڭغۇلىيەدىن كېلىدىغان ھەمدە سايدام ئېگىزلىكىدىن ئۆتۈپ شىزاڭغا بارىدىغان يول بىلەن تۇتاشتۇرۇۋېتىلگەن. ئەتىسى 10 مىلدىن ئارتۇق يول يۈرگەندىن كېيىن تاشى دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا يامىشىپ چىقتۇق، چوڭقۇرلاۋاتقان دەريا قىنىنىڭ



11 ـ رەسىم تاشنىڭ يۇقىرىسىدىكى كىچىك مىڭئۆي تاش كېمىرلىرى، غەربتىن شىمالغا قارىغاندىكى كۆرۈنۈشى

ئۇدۇلىدىكى قورام تاشلىق تىك قىيادا تەخمىنەن ئوندەك كىچىك تاش كېمىر بار ئىكەن (11 ـ رەسىمگە قاراڭ). «كىچىك مىڭئۆي» دېگەن ئىسىم مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن. بۇ ئىسىمۇ دەل جايىدا قويۇلغان. چۈنكى، بۇ تاش كېمىرلەر ئىچىگە سىزىلغان تام رەسىملىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئۇسلۇبى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيلىرىدىكى ئاشۇ كىچىك تىپتىكى تاش كېمىرلەردىكى تام رەسىملىرىگە ئىنتايىن ئوخشاش، كېيىنكىسىنىڭ يىل دەۋرى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. كۆلىمى 16 فۇتتىن ئاشىدىغان بىرمۇ تاش كېمىر يوق بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاران 10 ~ 12 فۇت ئەتراپىدا، ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان يۇلما سۇۋاق لاي ھەيكەللەردىن قارىغاندا، بارلىق تاش كېمىرلەرنىڭ ھەممىسى رېمونت قىلىنغان.

### تاشى دەرياسى جىلغىسىدىكى «قورغان»

بۇ يەردە ئەستايىدىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى نەزەرگە ئېلىپ، كىچىك مىڭئۆيىنىڭ يۇقىرىسىدىكى دەريا سۈيى ئېقىپ ئۆتىدىغان سىرتقى جىلغىنى داۋاملىق كەزدۇق، بۇ جىلغا ئەگرى ـ توقاي بولۇپ، مەنزىرىسى خۇددى رەسىملەردىكىدەكلا ئىدى. تاشتىن 15 مىل يۇقىرىغا ماڭغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىكى ھەرە چىشى شەكىللىك تىك يار ئارىسىدىكى يول بارغانسېرى تارلىششقا باشلىدى، قارىماققا ئىنتايىن قەدىمىي غايەت زور تاش تام جىلغىنىڭ ئاستى تەرىپىدە تىك تۇرغاندەك كۆرۈنەتتى. تەخمىنەن 250 يارد ئېگىزلىكتىكى تىك ياناباغىردىن شەرق تەرەپتىكى جىلغىغا قارىدۇق. بۇ مۇھىم قاتناش يولىنى توسۇش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن تەرتىپلىك «قورغان» (Chiusa) بولۇپ، دائىم جەنۇب تەرەپتىن ئۈشتۈمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ كىرىدىغانلار دەل مۇشۇ يول ئارقىلىق شىمال تەرەپتىكىلەرگە تەھدىت سالاتتى. بۇ خىل ئۈشتۈمتۇت تاجاۋۇز قىلىپ كىرىش تاكى 1894 ـ يىلىغىچە ئۇدا يۈز بېرىپ تۇرغان، تۇڭگان توپىلاڭچىلىرىنىڭ تاشقا قىلغان ئۈشتۈمتۇت تاجاۋۇزىمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تاش شەھەر ھەمدە بۇ تاغلىق رايونلارنىڭ باشقا جايلىرىدا قۇرۇلغان ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى ئۈچۈن ياسالغان يوللارنى قوشقاندا، شۇنى پەرەز قىلدىمكى، سۇجۇدىن دۇنخۇاڭغا بارىدىغان قەدىمىي قاتناش لىنىيەسىدىكى خەنزۇلار ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەر بۇرۇن چوقۇم سايدام ئېگىزلىكى ۋە چوڭقۇر جىلغىدىكىلەرنىڭ ئۈشتۈمتۇت تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغان، بۇ خىل ئۈشتۈمتۇت تاجاۋۇزچىلىق شىمالىي ۋە غەربىي چوڭ قۇملۇقتىكى غوزلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىدەكلا كۆپ بولغان بولۇشى مۇمكىن.

تۈمەنبۇت جىلغىسىدىكى تاش كېمىرلەرگە قاراپ يۈرۈش

بۇ جىلغىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى دەريا ۋادىسى ئازراق كېڭىيىشكە باشلىغان بولسىمۇ، يەنىلا قاقاس ھالەتتە ئىدى.


تەخمىنەن 2 مىل ماڭغاندىن كېيىن، يۇقىرىغا ماڭىدىغان يول دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى كىچىك ئويمانلىققا تۇتىشىدۇ. بۇ يەردە چاتقال ۋە دەل ـ دەرەخلەر ئۆسكەن بولۇپ، «ئېشەكمەدىكى پەشتىقى» دېيىلىدىكەن. بۇ يەردە دەريا يولىدىن باشقا يەنە ئىنتايىن چوڭقۇر، كىرمەك تەس بىر جىلغا بار. جىلغىنىڭ ئىككى تەرەپ يانتۇلۇقى گەرچە ئۇزۇنغا سوزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما پەيدىنپەي يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن، جىلغا شۇ جايدىن كېڭىيىپ كەڭ ھەم قۇرۇق قاقشال ھالەتتىكى شېغىللىق تۆپىلىكنى ھاسىل قىلىپ، جەنۇبقا يۈزلەنگەن چەت ياقىدىكى ئۈچىنچى بىر ئېگىزلىكنى پەيدا قىلغان. مېنىڭ قارىشىمچە، ئېشەكمەدىكى پەشتىقىغا ئوخشاش مۇشۇنداق مۇنبەت يەر (ئۇ قاقاسلىق ھەم شېغىللىق چۆل ـ باياۋاننى، پېتەرلىك چارۋىچىلىق مەيدانى ۋە يېقىلغۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن) تۇمەنبۇت جىلغىسىدىكى تاش غارلارنى ئەۋزەل شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن. دەريا ۋادىسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىكى ئاستا ـ ئاستا ئېگىزلەۋاتقان شېغىل سايلىقتىن يۇقىرىغا قاراپ تەخمىنەن 4 مىل ماڭغاندىن كېيىن، دەريا جىلغىسىغا جايلاشقان ھېلىقى يەرگە يېتىپ كېلىپ، بىر جىلغىنىڭ ئىچىگە كىردۇق. بۇ جىلغا ئارقىلىق ھېچقانداق كۆچمەستىنلا ھېلىقى بۇددا دىنى خارابىسىگە بارغىلى بولاتتى. ئەمما، دۇنخۇاڭدا ئىرىشكەن ئۈچۈرلىرىم مېنى ئەندىشىگە سالدى، بۇ يەردىكى تاش غار ئىبادەتخانىلىرىنى كۆلەم ۋە مۇھىملىق جەھەتتە دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەر بىلەن ھەرگىز سېلىشتۇرۇشقا بولمايتتى. ئۇنىڭ كۆلىمىنىڭ كىچىكلىكىنى ناچار مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقارغاندەك قىلىدۇ. ئۇ مەندە كۈچلۈك تەسىر قالدۇردى.

## تۇمەنبۇت جىلغىسىدىكى تاش كېمىرلەرنىڭ ئەھۋالى

جىلغىنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ كەڭلىكى ئارانلا 200 يارد بولۇپ، ئېگىزگە ئۆرلىگەنسېرى جىلغا شۇنچە تارىيىدۇ. تاش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلئەنىڭ يۇقىرىسىدىكى قارلىق تاغدىن ئېقىپ چۈشكەن دەريا سۈيى جىلغىنى بىرنەچچە تىك يارغا بۆلۈۋەتكەنىدى. تاش غارلار مۇشۇ تىك يارلارغا قېزىلغان بولۇپ، 1/4 مىلدىن ئارتۇق يەرگىچە سوزۇلغان. جىلغىنىڭ ئاستى قىسمىدىكى بىر پارچە تار مېۋىلىك باغ ۋە تېرىلغۇ يەر 100 فۇت ئېگىزلىكتىكى قىيا تاش ۋە ئۇستى تەرەپتە قېزىلغان قاپقارا غارلارنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈپ، يەنىمۇ ئېگىز كۆرسىتىپ تۇراتتى. بىر كىچىك ئېرىق مېۋىلىك باغ ۋە تېرىلغۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتەتتى، تىك يانتۇ يەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئۇپراپ كەتكەن تاش پارچىلىرى بولۇپ، يۇقىرىقى ئېگىز پەشتاققىچە سوزۇلغانىدى. پەقەت شېغىللار بىلەن توشقان دەريا قىنىدىن ئېقىۋاتقان دەريا سۈيىنىڭ شىر - شىر ئاۋازىلا، بۇ قاقاسلىقتا ھاياتىي كۈچ بېغىشلاۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ دەريا سۈيى شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى تاشلىقتىن ئېقىپ چىققان، بۇ مەنزىرە خىلۋەت ھەم جىمجىت تاغ ئېتىكى ئاستىدىكى كىچىك ئويمانلىق بىلەن بىللە



12 ـ رەسىم تۈمەنبۇت جىلغىسىدىكى دەريا قىرغىقىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تاش غار ئىبادەتخانىسى، شەرقتىن غەربكە قارىغاندىكى كۆرۈنۈشى

بىر خىل گارمونىيەلىك كارتىنىنى شەكىللەندۈرگەن. گەرچە تاش كېمىرلەرنىڭ ئىچكى قىسمى خېلى بۇرۇنلا ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ئوك قىرغاق تىلىك ئېگىزلىكتىكى ئۈستى ئوچۇق ھۇجرىدا يەنىلا نۇرغۇن بۇت تەكچىلىرى ۋە بۇددا مۇنارلىرى ساقلانغان (12 - رەسىمگە قاراڭ) بولۇپ، قارىغاندا خېلى ياخشى رېمونت قىلىنغاندەك قىلاتتى. بۇلار تاش كېمىردىكى ئۈچ تويىن مۇخلىسىنىڭ يېقىملىق ئىپادىسى بىلەن قوشۇلۇپ، ئورتاق بىر خىل دىنىي كەيپىياتنى نامايان قىلغانىدى.

جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىز تاغ جىلغىسىدىن ھەمدە ئېگىزلىك رايونىدىن كەلگەن موڭغۇللارنىڭ ئېتىقادىي ۋە ساداقەتمەنلىك بىلەن سەدىقە بېرىشى نەتىجىسىدە ئىبادەتخانا ياخشى قوغدالغان ۋە رېمونت قىلىنغانىدى. بۇ ئۈچ نەپەر تويىن مۇخلىسى ئۆزلىرىنى بۇ ئىبادەتخانىنى قوغداۋاتقىلى 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى، دەپ قارايدىكەن، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى قوغداۋاتقان جاينىڭ تارىخى توغرىسىدا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىكەن. كۆپلىگەن بېشارەتلەردىن قارىغاندا، ئىبادەتخانا تۇپرىقىنىڭ ئۇنۇمسىزلىكى ۋە خىلۋەت ئورۇنغا جايلاشقانلىقى سەۋەبىدىن تۇڭگانلارنىڭ ئۆشتۇمتۇت تاجاۋۇزچىلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالغان.


ئوك قىرغاقنىڭ ئاستىدىكى تاش كېمىرلەر

تۇمەنبۇت جىلغىسىدىكى تاش كېمىرلەرنىڭ كۆلىمى كىچىك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ئاساسلىق ئىمارەتلەرنىڭ جايلىشىشى ۋە بېزىلىش سەنئىتى يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن مىڭئۆيلەرنىڭ ئادەتتىكى تىپلىرىغا ئەڭ يېقىن كېلىدۇ. كېيىنكىسىنىڭ دەۋرى تەخمىنەن مىلادىيە 9 - 10 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. 12 - رەسىمدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، دەريانىڭ ئوك قىرغىقىدىكى تاش غارلار ئىككى

قەۋەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئاستىنقى قەۋىتى بىر يانتۇلۇققا كولانغان، دەريا قىنىدىن تەخمىنەن 20 فۇت ئېگىزلىكتە ئىدى، ئۈستۈنكى قەۋىتى تۆۋەنكى قەۋەتتىن تەخمىنەن 50 ~ 60 فۇت ئېگىزلىكتىكى گورىزونتال سىزىق ئۈستىگە كولانغان. تۆۋەن قەۋىتى بەش ئاساسلىق غاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن باشلانغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسىدە ئولتۇرغان ھالەتتىكى ناھايىتى زور بىر بۇت بار بولۇپ، ئېگىزلىكى يۇقىرىقى بىر قەۋەتكە تەڭ كېلىدۇ، ئۇ XVII نومۇرلۇق كېمىر بىلەن تۇتىشىدۇ. يەنە بىر كېمىرنىڭ ئىچىدە نىرۋانا بۇتىنىڭ چوڭ سۈرىتى بار بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 30 فۇت كېلىدۇ. بۇ ئىككى مەرتىۋىلىك بۇت تۇمەنبۇت جىلغىسىدىكى باشقا يۇلما سۇۋاق لاي بۇتلارغا ئوخشاش، ھەممىسىلا كەڭ كۆلەملىك رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ مەرتىۋىلىك بۇتلارنىڭ ھازىرقى قىياپىتى بارلىققا كەلگەن تۆۋەن قەۋەتتىكى بەش غارنىڭ ئالدىغا ئايۋان چىقىرىلغانلىقتىن، يورۇقلۇق توسۇلۇپ قالغان ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىلغان كۇجە ھەم شاملارنىڭ ئىسى تۈپەيلى تۇخۇم پېغى بىلەن تەڭشەلگەن رەڭ ۋە بوياق تام رەسىملىرىنى كۆزىتىش ئىنتايىن تەس ئىدى. چوڭراق بېزەش تاختىسىدىكى رەسىملەردە ئىپادىلەنگىنى يەنىلا بۇت ۋە بۇدساتۋا ئوبرازلىرى بولۇپ، چاسا رامكىنىڭ ئىچىگە سىزىلغان، بۇ خىل چاسا رامكا يۇمىلاق ياكى ئېللىپس شەكىلدىكى ئۆسۈملۈك نەقىشىنى چۆرىدەپ تۇرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ رەسىملەرنىڭ بىر قىسمى شىزاڭچە ئۇسلۇبنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئاساسلىق كېمىرلەر يېڭى تام رەسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بەش - ئالتە كىچىك كېمىر بىلەن قوشۇلۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇددا راھىبلىرى ۋە تاۋاپ قىلغۇچىلارنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان ئورۇن بولۇپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

### ئوڭ قىرغاقنىڭ ئۈستىدىكى كېمىرلەر

ئۈستى قەۋەتتىكى كېمىرلەر تاغ جىنسى ئۈستىدىكى پەلەمپەيلەرنى قېزىش ئارقىلىق ياسالغان. بۇ قەۋەتتىكى بەزى كىچىك غارلار بۇددا راھىبلىرىنىڭ ئۆيى قىلىنغان، 12 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئاشۇ كىچىك كېمىرلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لىڭشىپ تۇرغان بىر كۆۋرۈك ئارقىلىق، چوڭقۇر تىك يار يېرىقلىرىدىن ھالقىپ ئۆتتۇق ھەمدە ئالدى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن غار ئارقىلىق ئاددىيلا ياسالغان كارىدورغا كەلدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر يۆنىلىشتە قېزىلغان كېمىر ئىبادەتخانا XI ~ X XIII نىڭ شىمالىي چېتىگە يېتىپ كەلدۇق، بۇ غارلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر گورىزونتال سىزىق ئۈستىگە جايلاشقان. بارلىق كېمىرلەر چاسا شەكىلدىكى بىر ساراي ۋە چاسا شەكىلگە



13 ـ رەسىم تۇمەنبۇت جىلغىسى X V II دىكى ئالدىنقى زالنىڭ غەربىي شىمالىي تېمى ۋە شەرقىي شىمالىي تېمىدىكى رەسىملەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يېقىنراق بىر نەچچە سارايدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، يان تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 فۇتتىن 32 فۇتقىچە ئىدى، سارايىنىڭ كەڭلىكى بىلەن ماس كېلىدىغان ئالدى ھۇجرا ئوتتۇرا ھال چوڭقۇرلۇقتا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ساراي قىسقا ھەم كەڭ بىر يول ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئېگىز پېشايۋان ياكى سىرتقى ئايۋاننىڭ مۇكەممەل ساقلانغان يېرىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 20 ~ 30 فۇت بولۇپ، قۇياش نۇرى ۋە ھاۋا ئېگىز ھەم تىك ياردىن كىرىدىكەن، 12 ـ رەسىمدىن ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىبادەتخانىلار ئەسلىدە قىيا تاشنىڭ ئالدى تەرىپىگە ھاك لاي بىلەن يۆلەپ سېلىنغان يوللار ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدىكەن. ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، مېڭىش ئىمكانىيىتى بولمىغان كارىدوردىن كېيىنكى مەزگىلدە قىيا تاشنى يونۇپ ئالدى ھۇجرا بىلەن تۇتىشىدىغان قوپال بىر يول چىقىرىلغان. بۇنى بۇزۇلۇپ كەتكەن تام رەسىمدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ (13 ـ رەسىمگە قاراڭ). بارلىق ئىبادەتخانىلارنىڭ جايلاشتۇرۇلۇش جەھەتتىكى بۇ خىل ئوخشاشلىقى، ئۇلارنىڭ مۇئەييەن بىر لايىھەگە ئاساسەن ياسالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت جەھەتتىمۇ ئۇنچىلىك پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن، ئۇلارنىڭ بېزەش ئۇسلۇبىنىڭمۇ ئوخشاشلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

### تام رەسىملىرىنىڭ تېمىسى

بارلىق تاش كېمىرلەردىكى تۇخۇم يېلىمى ئىشلىتىپ سىزىلغان تام رەسىملەر ئۇسلۇب جەھەتتە دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى تام رەسىملەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كارىدورنىڭ بىر يېنىدىكى تامغا ئەرلەرنىڭ ھەيكىلى چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇچىسىغا تۇتۇق قىزىل رەڭلىك نىمچە، بېشىغا كەڭ زىغزىقلىق قارا دوپپا كىيگۈزۈلگەن. يەنە بىر تەرەپكە بىر قاتار ئايالچە ھەيكەللەر چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇلارغا كەڭ يەڭلىك كىيىم كىيگۈزۈلگەن، چاچلىرى ئىنتايىن نەپىس زىننەتلەنگەن، يۇمىلاق بۆكلىرىنىڭ

ئەتراپىغا گۈل غۇنچىلار قىستۇرۇلۇپ، لېنتا تاقالغان. دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيلەرنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بىز بۇ تام رەسىملىرىنىڭ 10 - ئەسىردە دۇنخۇاڭ رايونىدا مودا بولغان كىيىم - كېچەكلەرنىڭ نۇسخىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالايمىز. سەدىقە بۇيۇملىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تۇرغانلارنىڭ رەسىملىرى سارايغا كىرىدىغان ئېغىزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامغىمۇ سىزىلغان بولۇپ، ئۇلار دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆينىڭ بەزى كېمىرلىرىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ تىپىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، تام رەسىملەردە ئىپادىلەنگىنى ئەر - ئايال سەدىقە بەرگۈچىلەرنىڭ پورترېتى ئىدى. ساراي ۋە ئالدى هوجرىدىكى تاملارغا ھەشەمەتلىك ھەم پۇزۇر كىيىنگەن، كۆڭلۈك ئاستىدا كېتىۋاتقان بىر قاتار چوڭ بۇدساتۋالارنىڭ ھەيكىلى سىزىلغان (14 - رەسىمگە قاراڭ) ياكى ھەر خىل بېزەكلىك كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان بولۇپ، ئۇستىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇددا ساماۋى قەسىرلىرى مەنزىرىسى (13 - رەسىمگە قاراڭ) چۈشۈرۈلگەن، ئۇنىڭدىن باشقا بۇددانى



14 - رەسىم تۇمەنبۇت جىلغىسى Ⅷ X دىكى ئالدى زالنىڭ شەرقىي شىمالىي تېمى ۋە غەربىي شىمالىي تېمىدىكى رەسىملەر

بۇدساتۇۋالار ئارىغا ئىلىنغان كۆرۈنۈشمۇ بار (14 ـ رەسىم) ئىدى. شۇنداقلا چوڭ تىپتىكى مەنچۇشىرى بۇدساتۋا ۋە سەمەنتەبەدەر بۇدساتۇۋالارنىڭ رەسىملىرىمۇ بار. بۇ خىل بېزەكچىلىك ئۇسلۇبىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئاز ساندىكى ئۆلگىلىك رەسىملەرنى دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆيگە مۇناسىۋەتلىك تام رەسىملىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇب جەھەتتە ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئوخشاش ئەھۋال ئاشۇ خىل غەلىتە «مەنزىرە» رەسىمدە ئىپادىلىنىپ چىققان، مەن يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەندەك، بۇ خىل رەسىمنى دۇنخۇاڭ مىڭئۆيدىكى Ch . X VI تامدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇ يەردىكى مىڭئۆينىڭ ئىككى سارىيىنىڭ ئارقا تېمىدىن يەنە بىر قېتىم ئوخشاش ماتېرىيال ۋە تەپسىلاتلار بايقالدى.

**خەنزۇ يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تىبەت يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلار**

XII كارىدورنىڭ سول تەرىپىدىكى رەڭسىز يولما سۇۋاق بىلەن بېزەلگەن تامغا نۇرغۇن خەنزۇ يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ھەمدە تىبەت يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلار يېزىلغان بولۇپ، يەنە بىر يېرىدە ئەرەب يېزىقىمۇ ئۇچرايدۇ. خەنزۇ يېزىقىدىكى يىلنامە خاتىرىلەنگەن ئاشۇ قىسمىنى جىيالڭ بېگىمگە كۆپەيتكۈزۈۋالدىم، بۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر موڭغۇل پادىشاھىنىڭ جىشۇن ۋە جىجىڭ يىللىرىدا ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى (مىلادىيە 1330 ـــ 1333 ـ يىللار، 1341 ـــ 1368 ـ يىللار) ئىسپاتلاپ بېرەتتى. يېقىن ئارىلىقتىكى كىچىك غار XIII دىكى رەسىملەر پۈتۈنلەي تويىن دىنىنىڭ تام رەسىملىرى ۋە لاي ھەيكەللىرىگە ئۆزگەرتىلگەن. ساداقەتمەن تويىن دىنى مۇخلىسلىرى بىر بۇلۇڭغا بىر دۆۋە يولما لاي ھەيكەل بېزەك تاختىسىنى قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قېلىپتىن چىققان، ئۈستىگە بۇت تەكچىسىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان مەبۇد سىزىلغان. ئاخلاشلارغا

قارنغاندا، ئۇلار يېقىندىن ھاك لاي سۇرۇلۇشتىن بۇرۇن بىر تامدىن يۆتكىۋېتىلگەنىكەن. ئەمەلىيەتتە، مەن 1914 ـ يىلى گەنجۇنىڭ جەنۇبىدىكى ئات تۇيىقى ئىبادەتخانىسى (马蹄寺)دىكى تاش كېمىر ئىبادەتخانىسىنىڭ بىر غارىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كېمىر بېزىكىنى بايقىغانىدىم، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ دەۋرىنى سۇڭ دەۋرىگىچە سۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ بېزەك تاختايلارنىڭ بۇنچىلىك كىچىك بولۇشىغا كەلسەك (تەخمىنەن 2.3 × 1.5 دىيۇم)، ئۇلارنىڭ بىر خىل ھۆرمەت بۇيۇملىرى قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

XVI قەسىردىكى تام رەسىملەر

XVI غاردىكى قەسىردە ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن سىزىلغان تام رەسىمى بار، ئەمما يورۇقلۇق بەك سۇس بولغاچقا، مەن ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىشقا ئامالسىز قالدىم. پاسىل تامنىڭ ھەربىر يۈزىگە ئەرشنىڭ ئىككى پارچە مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن تام رەسىملەر سىزىلغان، شەرق تەرەپتىكى ئارقا تامدا بىر خىل «مەنزىرە» رەسىمنىڭ قىسمەن بىر تەرىپى ساقلىنىپ قالغان. قەسىرنىڭ كىرىش ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان سول تەرەپتىكى تام رەسىملىرىدىن بايقالغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى (ياكى موڭغۇل يېزىقى؟)، تىبەت يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەكلا يىلنامە يوق ئىكەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن XVII ئىبادەتخانا قەسرىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرغان كاتتا بۇت ھەيكىلىنىڭ ئۇستۇنكى قىسمى ساقلانغان بولۇپ، ساپ ئالتۇن يالىتىلغان باش قىسمىدىن يېقىندىلا قايتىدىن رېمونت قىلىنغان ئىزنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. 13 ـ رەسىم ئالدىنقى زالنىڭ سول (ياكى غەربىي شىمال تەرىپى) تەرىپىدىكى تامغا قايتىدىن تەقلىد قىلىپ سىزىلغان بېزەك نەقىشلىك رەسىمدە شىرغا مىنگەن مەنچۇشرى بۇدساتۋانىڭ رەسىمى ھەم چوڭ، ھەم جانلىق سىزىلغان، ئۇنى ئىككى بۇدساتۋا ھىمايە



15 ـ رەسىم تۇمەنبۇت جىلغىسى كىمىرىدىكى XVIII ئىچكى سارايغا كىرىدىغان ئىشـ
ىكتىكى تام رەسىملەر ۋە پىلاستىر بۇت، بىر قىسمى قايتا رېمونت قىلىنغان


قىلىنۋاتقان كۆرۈنۈشتە ئەكس ئەتكەنىدى، ئۇدۇلىدا سەمەنتەبەدەر بۇدساتۋانىڭ رەسىمى بار ئىدى.

XVIII غاردىكى ھەيكەل ۋە تام رەسىملەر

پۇتكۇل بىر قاتاردىكىلەرنىڭ ئىچىدە XVIII ئىبادەتخانا ئەڭ چوڭى بولۇپ، تۆۋەندە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ ئۆتىمىز. قەسىرنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 38 × 32 فۇت بولۇپ، تاغ جىنسىغا كولانغان مەركىزىي تۈۋرۈكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تۈۋرۈكنىڭ ئۇلى 20 فۇت، 4 دىيۇم ئۇزۇنلۇقتا، 18 فۇت كەڭلىكتە، ئۇنىڭ تۆت تەرىپىنىڭ ھەربىرىدە بىردىن ئويۇق بار. ئويۇقنىڭ ئىچىدە ئىبتىداپتا ئولتۇرغان بىر كاتتا بۇت بولۇپ، 15 ـ رەسىمدىن ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئاللىبۇرۇن قايتا رېمونت قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىگە قويۇلغان ھىمايە قىلغۇچى سىياقىدىكى ئىككى يولما لاي ھەيكەل ئاللىبۇرۇن بۇزۇۋېتىلگەن، ئەمما ئويۇقنىڭ ئىككى

تەرىپىدە يەنە باشقا ئىككى پارچە رەسىم بار. بۇنىڭدىن باشقا ئۇيۇققا يېقىن بۇددا رەسىمىدىكى چوڭ يالقۇنلۇق ئوت نەقىشكە بۇددا مۇخلىسلىرىنىڭ ئىككى پارچە رەسىمى سىزىلغان قەسىرنىڭ تېمى سەككىز پارچە رەسىم بىلەن بېزەلگەن، ھەربىر پارچىسىدا بىر بۇت بولۇپ، ئۇلارنى ھىمايە قىلغۇچى ئىككى بۇدساتۋا ھەيكىلى ئارىسىغا ئېلىنىۋالغان، ئۇلار بېشىدا نۇر چەمبىرىكى بار كىچىك بەش قاتار ھەيكەلنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ئىدى. كىيىم ـ كېچىكى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھەر خىل رەڭلەردىن (قارامتۇل سۆسۈن ۋە سۆس يېشىل) پايدىلىنىپ ئىپادىلىگەن. شەرقىي تام ۋە بۇلۇڭدىكى كۆرۈنۈشلەردە، ھەشەمەتلىك بېزەلگەن بۇددا رەسىملىرى سىزىلغان ھەمدە خىلمۇخىل قىياپەتلەردە تەسۋىرلەنگەن. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مايترى بۇددا بار ئىدى. ئوخشىشىپ كېتىدىغان گۈل ۋە مېۋە كۆتۈرۈۋالغان بۇدساتۋا رەسىملىرى سارايدىن ئالدى ھۇجرىغا كىرىدىغان يولغا 7 فۇت كېلىدىغان پاسىل تامغا سىزىلغان. بۇ خىل رەسىملەر ئالدى ھۇجرىدىكى چوڭراق تاملاردىمۇ بار بولۇپ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەملەر بىلەن تەڭ ئىدى، بۇنى 14 ـ رەسىمدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئالدى ھۇجرىدىكى تامنىڭ يۈزى 29 فۇت ئۇزۇنلۇقتا، 10.5 فۇت كەڭلىكتە بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئۈستىدە بېزەلگەن بىردىن كۆرۈنۈش بار بولۇپ، ئۇنىڭغا سۆسۈن تەنلىك بۇت سىزىلغان، بۇ بۇت تۆت قاتار بۇدساتۋانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەددەس سۇپىدا ئولتۇرغان (14 ـ رەسىمنىڭ سول تەرىپى). بۇتنىڭ ئالدىدىكى سۇپا (16 ـ رەسىمگە قاراڭ) ئۈستىگە رەڭلىك داستىخان يېپىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستى يېپىلغان چوڭ بىر تەخسە قويۇلغان بولۇپ، ئۇ چىرايلىق بېزەلگەن ئىككى كومزەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىنغان. كېيىنكىسى كۆيدۈرۈلگەن توپا رەڭلىك تەخسىگە ئوخشىتىپ سىزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىق شەكلى تۇچتىن ياسالغان كونا «ئاپتۇۋا» (Aptabas) غا ئىنتايىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



16 - رەسىم تۇمەنبۇت جىلغىسى كېمىرىدىكى X VIII ئالدى خانىنىڭ
غەربىي شىمال تېمىدىكى تام رەسىملەر

ئوخشايدۇ. بۇ خىل نەرسىنى تارىم ئويمانلىقىدىكى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ئۇ 19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ئاساسلىقى خوتەندە ياسىلىدۇ. كومزەك ۋە تەخسىلەردىكى قارا رەڭلىك ئىزنالارنى رەسىمگە تارتىپ چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مېنىڭچە، ئۇلار بىر خىل ئۆتمە - قاپارتما ئويمىچىلىقنىڭ ئۇنۇمىنى چىقىرىشنى ئويلىغان، بۇ قەدىمكى خوتەننىڭ سىرىق مىس قاچىلىرىدىكى بىر خىل ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرقىسى كارىدوردىكى تام رەسىملەر بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 20.5 فۇت، كەڭلىكى 9 فۇت 4 دىيۇم، سىزىلغىنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئاشۇ خىلدىكى تېۋىنغۇچىلار تىزمىسىدىن ئىبارەت.

ئوك قىرغاقتىكى باشقا كېمىرلەر

باشقا ئىبادەتخانىلار ئادەمنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتالمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ناھايىتى كىچىك بولۇپ، خىرە يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇرىدىكەن، بولۇپمۇ XIX دىكىسى شۇنداق ئىكەن. بۇ كېمىرنىڭ قەسىرىدىكى پاسىل تامدا بېزەلگەن ئەرش ئوردىسىنىڭ رەسىمى بار ئىكەن، ئارقا تامدا چوڭ تېپىنىكى «مەنزىرە» رەسىمى سىزىلغان. قەسىرنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ ئوڭ تەرەپ تېمىغا بىر تېۋىنغۇچىنىڭ بىر يان تەرىپى سىزىلغان بولۇپ، ئېگىز ـ پەس يېزىلغان توققۇز دانە براھمى يېزىقى بار ئىكەن. بۇ قىزىقارلىق ئىسپاتلار بۇ ئىبادەتخانىلارنىڭ ئۇدۇن تىلى ئىشلىتىلىشتىن توختاشتىن بۇرۇن سېلىنغانلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. غار XX ~ XII نىڭ ئالدى ھوجرىسى پاكى كارىدوردىكى تاملاردا بەزى خەنزۇچە بېغىشلىمىلار بار بولۇپ، يىل دەۋرى مىلادىيە 1332 ـ يىلى، 1353 ـ يىلى، 1357 ـ يىلى ۋە 1367 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر غار XXIII دا خەنزۇچە بېغىشلىمىلار ئىنتايىن كۆپ، ھەممىسى جىجيۈ يىللىرىغا (1341 — 1368 ـ يىللار) غا تەۋە بولۇپ، بۇ يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا يېقىن كېلىدۇ. قىزىقارلىق يېرى، كارىدوردىكى تېۋىنغۇچىلار سۈرىتىنىڭ ئۈستىدىكى قاينام ھاسىل قىلغان نەقىشلەر بولۇپ، يوقىرىدىكى ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە ئاخىرقى تېپىنىكىسى ئۇيغۇر يېزىقىغا مەنسۇپ بولسا كېرەك.

سول قىرغاقتىكى تاش كېمىر ئىبادەتخانىلىرى

سول قىرغاقتىكى دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىن 60 ~ 80 فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ، قاتار تىزىلغان جەمئىي 10 كېمىر بار (17 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭدىكى ئىمارەتلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئوڭ قىرغاقتىكى كېمىرلەرگە ئاز - تولا ئوخشايدۇ، پەقەت كارىدور تارراق بولۇپ، بۇ قىسمىنى بەلكىم قىيا تاش يۈزىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ تاش كېمىردىكى تام رەسىملەر قوپال سىزىپ چىقىلغان بولۇپ، قېلىپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋېلىش ئاسان. بۇ نۇقتىنى كېمىرنىڭ قالايمىقان تىزىلىشى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە، نىسبەتەن كېيىنرەك كولانغان جاينىڭ ئىزىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى بىرىنچى قاتار كېمىرلەردىكى ( I ~ VI ) تام رەسىملىرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ئوڭ قىرغاق كېمىردىكى تام رەسىملىرىدىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. 18 - رەسىمدە ئىپادىلەنگىنى II ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى پاسىل تام بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە بىر خىل «مەنزىرە» رەسىمى سىزىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ يەردە يەنە ئاشۇ خىلدىكى مەركىزىي تۈۋرۈك قۇرۇلمىسىنى كۆردۇق، بۇ خىل قۇرۇلما VI



17 - رەسىم تۇمەنبۇت جىلغىسى دەريا قىرغىقىنىڭ سول تەرىپىدىكى تاش كېمىر ئىبادەتخانىسى، شىمال تەرەپتىن قارىغاندىكى كۆرۈنۈشى



18 ـ رەسىم تۆمەنبۇت جىلغىسى غارى II دىكى ئىچكى سارىيىنىڭ شەرقىي جەنۇب تېمىدا ئىپادىلەنگەن رىۋايەتلىك تام رەسىمى

Ch. X دە بۇت تەكچىسىنىڭ ئارقىسىغا چىمىلدىق بىلەن يوشۇرۇپ قويۇلغان. 18 ـ رەسىمدىكى II دىكى كېمىر قەسىرنىڭ تېمىدىكى تۆشۈك قىيا تاش يۈزىنىڭ گۇمۇرۇلۇشى تۈپەيلى پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل گۇمۇرۇلۇش كارىدورنى بۇزۇۋەتكەن ھەم ئەتراپتىكى غار ئارىلىقىدىن ئالدى ھۇجرىغا بارىدىغان ئۆتۈشمىنى خەتەرلىك ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان.

## غەربىي قىرغاق كېمىرلىرىدىكى يىلنامىلىك بېغىشلىمىلار

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ بىر قاتار كېمىرنىڭ يىل دەۋرى كېيىنرەكتەك قىلىدۇ، بۇنى كېمىرلەرنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم خەنزۇچە بېغىشلىمىلارنىڭ يىل دەۋرىدىن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ. بۇ بېغىشلىمىلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە توغرا كېلىدۇ، ئۇلار بۇ غارنىڭ 14 ـ ئەسىرنىڭ

ئىككىنچى چارىكىدىن بۇرۇن قىزىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. Ⅶ كېمىر بىر يېگانە ئىبادەتخانا بولۇپ، قارىماققا دەۋرى بىر قەدەر كېيىن ھەم ئومۇميۇزلۇك رېمونت قىلىنغانىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىدىكى ئېگىز تىك يارغا بىر گورۇپپا كېمىرلەر (رەت نومۇرى Ⅷ ~ Ⅹ) جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تام رەسىملەرنىڭ دەۋرىمۇ مېنىڭچە خېلى كېيىن، بەزىلىرىنىڭ ئورنىغا ئاللىبۇرۇن ھازىرقى زامان تويىن دىنى تام رەسىملىرى ئالماشتۇرۇلغان. لېكىن Ⅹ كېمىر (ئالدى ھوجرىدا يەنە بەزى ئىپتىدائىي تېۋىنغۇچىلارنىڭ رەسىمى ساقلانغان)دا، بىر بۆلەك يىلنامىلىك بېغىشلىمىلار بولۇپ، جياڭ بېگىم بۇ يىلنامىنى تەي دىڭ (泰定، مىلادىيە 1324 ~ 1328 ـ يىل) دەپ ئوقۇدى.

## تاش كېمىرنىڭ قېزىلغان دەۋرى

بۇ خارابىلىك توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى بىرنەچچە جۈملە بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇشۇممۇ مۇمكىن. جياڭ بېگىمنىڭ بايانىدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىنى چىقاردىم: تام رەسىمنىڭ بىر تەرىپىگە يېزىلغان خەنزۇچە بېغىشلىمىلارغا ئاساسەن تۆمەنبۇت جىلغىسىغا جايلاشقان تاش كېمىر ئىبادەتخانىسى ئىچىدىكى ھېچقانداق بىر كېمىرنىڭ قېزىلغان يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە بولمىدى. ئۇلار قىرغاقتىكى كۆپ قىسىم غارلارنىڭ بېزىلىش سەنئىتى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن دۇنخۇاڭ مىڭئۆيىدىكى 10 ـ ئەسىرگە تەۋە كېمىرلەر بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش دەۋردە قېزىلغان. تاڭغۇت يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلارنىڭ كەم بولۇشى بەلكىم ناھايىتى ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا كېرەك. لېكىن، ⅩⅧ غاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلاردىن باشقا، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇرچە قاينام شەكىللىك بېزەكلەردىن ھازىر تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن يىل دەۋرىنى مۆلچەرلەپ چىقىش ناھايىتى ئاسان. يىلنامىلىك خەنزۇچە بېغىشلىمىلار (ئۇلار يۈەن سۇلالىسىنىڭ

ئاخىرقى مەزگىللىرىدە مەزكۇر ئىبادەتخانىنى تاۋاپ قىلغۇچىلار قالدۇرۇپ كەتكەن تام رەسىملىرى) بۇ تاش كېمىر ئىبادەتخانىسىنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 14 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچىلا قىياس قىلىش ئىمكانىيىتىنى هازىرلاپ بېرىدۇ، XIX غاردىكى براهمى يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلار تاش كېمىر ئىبادەتخانىسىنىڭ يىل دەۋرىنى تېخىمۇ ئالدىغا سۈرىدۇ. ئەلۋەتتە، زىيارەتچىلەر ئاشۇ تام رەسىملىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن دەۋردىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەۋرىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىزمىز. هەر جەھەتتىن قارىغاندىمۇ، بۇلارنىڭ هەممىسى بۇ خارابىلىكنىڭ ئەينى ۋاقىتتا داڭلىق ئىسرىقخانا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەنە كىشىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن بۇ خارابىلىككە مۇناسىۋەتلىك بەزى ماتېرىياللارنى تېپىش ئۇمىدىنىڭ بارلىقىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تاش كېمىر ئىبادەتخانىسىنىڭ خىلۋەت تاغدىكى ئورنى هەمدە هازىرقى ساقلىنىش هالىتىدىن قارىغاندا، ئىشەنچلىك هالدا شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇ: ئۇ دۇنخۇاڭ ئەتراپىدىكى مىڭئۆي خارابىلىرىگە قارىغاندا هالاكەت خاراكتېرلىك بۇزغۇنچىلىققا ئازراق ئۇچرىغان. ئەمما، بۇ يەردىن بۇددا دىنى نوم ـ سۇترالىرىغا مۇناسىۋەتلىك يادىكارلىقلارنى ئەسلا ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

# گەنسۇنىڭ غەربىي شىمال چېگراسى

## 1 ـ بۆلۈم سەددىچىن سېپىلى قوۋۇقىغا بېرىش

**نەنسەننىڭ غەربىي قىسمىدىكى جۇغراپىيەلىك تەكشۈرۈش**

1907 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، تۇمەنبۇت جىلغىسىدىن يولغا چىقىپ، نەنسەننى بويلاپ غەربىي قىسىم ئېگىز تاغلىق رايونىدىكى ئېكسپېدىتسىيەمنى باشلىۋەتتىم. تەكشۈرۈش ئارقىلىق توپا داۋاننىڭ غەربىدىكى نەنسەننىڭ شۇ يەردىكى دەريا ۋادىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى جەزملەشتۈردۈم. تاش دەرياسىنىڭ مەنبەسىدە ئۈچ بۇرجەكسىمان ئازگال بولۇپ، گەرچە ئۇلار ئاساسلىق دەريا ئېقىنىغا يېقىن بولسىمۇ، لېكىن قاقاسلىق ئىدى. ئاشۇ يەردىكى بىر يەر بۇرۇن بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەندەك قىلاتتى، يەنى ئۇ تاشتىن قوپۇرۇلغان تاشلاندۇق قورغان ئىدى. خارابىلىك تاشتىن چۆرىمە تام قىلىپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، تەخمىنەن 180 فۇت ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ يەردە مۇداپىئە رايونى بولغاندىن باشقا، بىر بۆلۈكىدا كۆزەتخانىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭدىن جىلغىنىڭ ئۈستىنى كۆزەتكىلى بولاتتى، جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىز تاغدىن چۈشكەن يوللار مۇشۇ جايدا ئۇچرىشاتتى. بۇ خارابىلىكنىڭ دەۋرى قارىماققا ئۇزۇن ئەمەس ئىدى، لېكىن ئۇ ھەربىي ئىشلاردا مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولغان بولسا كېرەك.

**چاگما دەرياسى بوستانلىقى ۋە ئۇنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق يەرلەر**

قاقاس تاشلىق ياكى شېغىللىق ئېگىزلىكتىن ئۇدا شەرققە قاراپ 50 مىل ماڭغاندىن كېيىن، چاگمادىكى ئاۋات بوستانلىققا كەلدۇق، ئۇ سۇلىي دەرياسى ئۆتىدىغان كارىدور — نەنسەن تېغى تىزمىسى ئارقىلىق قاشقوۋۇق ناھىيەسىگە بارىدىغان جىلغىدىن 7000 فۇت ئېگىزلىكتە ئىدى. ئەمما، دەريا ئۆتىدىغان ئەڭ ئېگىز جاي ئۆتۈش مۇمكىن بولمايدىغان جىلغا ئىدى. ئۇ 19 — 20 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتىكى چاگمانىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ئاساسىي تاغ تىزمىسى بولۇپ، مېڭىشقا بولىدىغان يول يوق ئىدى. تۆۋەنگە سوزۇلغان قىيالىقنىڭ ئۇستۇنكى بۆلىكىدىكى قاقاسلىقتا يەر ئۇستى سۇيىمۇ ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. شۇڭا، چاگما ئانچە مۇھىم جاي ھېسابلانمايتتى. ھازىر ناھايىتى ياخشى پەسىل بولسىمۇ، لېكىن بىز سۇلىي دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى تاغلىق يولدىن ئۆتكەندە ئىچىملىك سۇدىن ناھايىتى قىينالدۇق. كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغىنى، ئۆستەڭ جىلغىسى تاغ ئېغىزىدا ئۆتەڭ خارابىلىكىدىن ئىككىنى بايقىدىم. ئۇلار دەريا ۋادىسىدىكى يولدىن قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ھازىرقى سۇ بار جاينىڭ ئەتراپىدا ئىدى. مانا بۇ ئەمەلىيەت بۇ كىچىك ئۆتەڭلەر سېلىنغاندىن كېيىنكى قۇرغاقلىشىشقا ئىسپات بولالايدۇ، دەپ قارايمەن.

**توپا داۋان ئەتراپىدىكى ھاۋا كىلىماتى ئۆزگىرىشى**

بەيياڭخې دەرياسىنىڭ سىرتىدىكى شېغىللىق ئېگىزلىكتىن يۇقىرىغا قاراپ توپا داۋانغا كەلگەندە، كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش يۈز بەردى. بۇ تاغ ئېغىزى نەنسەن كارىدورىدىن ئۆتىدىغان ئاشۇ تاغ ئېغىزلىرىنىڭ ئەڭ غەربىدىكى بىر تاغ ئېغىزى ئىدى، بۇ يەرگە تۇتىشىدىغان كەڭ دەريا ۋادىسى بوك ـ باراقسان ئوت ـ چۆپ ۋە گۈل ـ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن بولۇپ، ئادەمگە ئالپىس

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تېغىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئەسلىتەتتى. بۇ ھاۋا كىلىماتىدا روشەن ئۆزگىرىش بولغانلىقىنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالنى كېيىن نەنسەن تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە كۆزەتتۇق، ئاشۇ تاغ ئېتىكىنىڭ شىمالىي قىسمىنىڭ كىلىماتى ناچارراق ئىدى. شۇ تاپتا بىز ئاسىيانىڭ كىندىك رايونى بولغان تارىم ئويمانلىقى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سۇسىز رايونلارغا ۋەكىللىك قىلىدىغان چوڭ قۇرغاقچىلىق رايونىنىڭ شەرقىي جەنۇب چېگراسىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، جۇڭگونىڭ ئەڭ غەربىي قىسمىغا كىردۇق. ئۇ گەرچە تىنچ ئوكياندىن خېلى يىراق بولسىمۇ، ئەمما ئادەمگە نەملىك دەرىجىسىنىڭ ئالىبۇرۇن ئۆرلىگەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇپ تۇراتتى.

## جىيايۇگۇەن ئەتراپىدىكى تەبىئىي چېگرا پاسلى

مۇھىمى شۇكى، بىز ئاسىيانىڭ ئىككى چوڭ بەلۋېغىنىڭ دەل مۇشۇ جايدا ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئېنىق تونۇپ يەتتۇق. چۈنكى، يېقىنقى 500 يىلدىن بۇيان، بۇ جۇغراپىيەلىك پاكىت بۇرۇن ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرىدىغان غەربتىكى ئاساسلىق ئېغىز ھېسابلىنىدىغان بۇ جايغا تەسىر كۆرسەتكەن. مېنىڭ كۆرسىتىۋاتقىنىم داڭلىق جىيايۇگۇەن بولۇپ، قەدىمىي قاشقوۋۇقنىڭ ھازىرقى زاماندىكى نامايەندىسى ئىدى، ئۇ توپا داۋان دەريا ۋادىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىغا 25 مىل كېلەتتى. بۇ ياپيېشىل تاغ جىلغىسى بىلەن غەرب تەرەپتىكى قاقاس نەنسەن تېغى ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن پەرق بىر سەيياھنىڭ غەربتىن شەرقىي يۆنىلىشكە قاراپ جىيايۇگۇەنگە كىرگەن ۋاقىتتىكى كەچۈرمىشلىرىگە ئوخشاش ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان ئىدى. ئاشۇ ۋاقىتتا ئاشۇ سەيياھ بىپايان شېغىللىق ئوتلاقنى كېسىپ ئۆتۈپ، سەددىچىن سېپىلىغا ھەمدە جىيايۇگۇەن ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قاتار مۇنبەت يەرلەرگە بارغان.

**سەددىچىن سېپىلىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈش**

7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچتە، سەددىچىن سېپىلىنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم، ئەينى ۋاقىتتا توپا داۋاندىن چۈشۈپ نەنسەن تاغ تىزمىسىدىكى شامالدا يىمىرىلىپ كەتكەن يەرلەرنى بويلاپ، شەرق تەرەپتىكى كىچىك كەنت داخەنجۇاڭغا ئاتلىق يېتىپ كەلدىم. شىمالىي تەرەپتە، ئادەم ئاياغ باسمىغان شېغىللىق بار ئىدى. بۇ شېغىللىق 12 ~ 15 مىل كەڭلىكتە بولۇپ، قار بىلەن قاپلانغان نەنسەن تېغى چېگراسى بىلەن ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغان قاقاسلىقنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇراتتى، قاقاسلىق جاي بىلەن نەنسەن تېغى پاراللېل بولغاچقا، بېيشەن تېغىدا شەرقىي جەنۇب ئارماق تاغ تىزمىسىنى ھاسىل قىلغان ئىدى. مەن 8000 فۇت ئېگىزلىكتە تۇرۇپ پەسكە قارىغىنىمدا، بۇ بىپايان ۋادىنى بويلاپ شەرققە يۈزلەنگىنىمدە، كۆز ئالدىمدا ھەممە نەرسە نامايان بولدى. يىراقتىكى شېغىللىق ساھىلىنىڭ چەت ياقىسى بېيداخې دەرياسىنىڭ سۇ بۆلگۈچ چوققىسى بولۇپ، ۋادىنىڭ شەرقىي تەرىپىنى ھاسىل قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. مۇشۇ يۆنىلىشنى بويلاپ قارىساق، كەچكى شەپەق ئاستىدا چاقناۋاتقان، گاھىدا كۆرۈنۈپ، گاھىدا كۆرۈنمەيدىغان ئۇزۇن كەتكەن ئۇپۇق سىزىقى — سەددىچىن سېپىلى لىنىيەسىنى كۆرىمىز. مېنىڭ ئۇ يەر بىلەن بولغان ئەڭ يېقىن ئارىلىقىم 20 مىلدىن كۆپرەك كېلەتتى. ساپ ھاۋادا نۇر قايتۇرۇۋاتقان تۇرلارنىڭ ئىزىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇلار گورىزونتال سىزىق ئۈستىدە غايىب بولاتتى. بۇلاردىن باشقىسى بىپايان زېمىن ئىدى. ئۇ گەنسۇنىڭ مۇنبەت جايلىرى بولۇپ، ياپيېشىل ئېتىزلىق بىلەن دەل ـ دەرەخلەر ئۆز ئارا تۇتىشىپ، كۈل رەڭ قاقاسلىق بىلەن قىزىل رەڭ قاقاسلىقنى ئايرىۋەتكەنىدى. بۇ، جۇڭگودىكى ئاتالمىش «شەنخەيگۇەننىڭ غەربىدىكى، جىيايۈيگۇەننىڭ شەرقىدىكى

www.uyghurkitap.com

جايلار»نىڭ قانداق مەنىدە ئىكەنلىكىنى ھەممە نېمە ئۇچۇن قوۋۇقنىڭ بۇ يەرگە سېلىنغانلىقىنى تونۇتتى.

جىيايۇگۇەن بازىرىغا يېقىنلىشىش

مەن تاڭ سەھەردە، داخەنجۇاڭدىكى قورغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان كىچىك ئۆتەڭنى كۆزدىن كەچۈردۈم (19 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ جاي جىيايۇگۇەننىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، بىر قىسىم ئەسكەرلەر ئۇ يەردە تاغ ئېتىكىدىكى يولغا كۆزەتچىلىك قىلاتتى. ئۆتەڭدىكى غايەت زور تۇر ھەممە ئۇنىڭ ئەتراپىغا سېلىنغان تاملارنىڭ يېرىمى ئاللىبۇرۇن تۇپتۇز بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ خۇددى قەدىمكى دەۋردىكى خەن سۇلالىسى سېپىلىنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلەپ بەرگەندەك كۆرۈنەتتى. بىز شۇ كۈنى ئۇزۇن يول يۈرۈپ قىيپاش جىلغىدىكى يالىڭاچ شېغىللىق سايدىن ئۆتۈپ، چوڭ يولدىكى مەلۇم بىر نۇقتىغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ جاي جىيايۇگۇەننىڭ غەربىگە تەخمىنەن 4 مىل كېلەتتى. بارلىق سېپىل ۋە مۇھىم ئورۇنلارنىڭ سايىسى كۈندۈزدە كىشىنى ھەيران قالدۇرۇپ،



19 ـ رەسىم جىيايۇگۇەن غەربىي جەنۇب نەنسەن تېغىنىڭ سىرتىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان داخەنجۇاڭ تۇرى ۋە ئۆتەڭ

كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇر سىزىقى ئارىسىدا تۇيۇقسىز يوقاپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ ئورنىدا بىز ئالدىدا تىلغا ئالغان ئۇزۇن كەتكەن قاقاسلىقنىڭ شەرقىي تەرىپى پەيدا بولاتتى. ئۇ شىمالىي تەرەپتىن بۇ قىيپاش ئويمانلىقنى ئوراپ تۇراتتى. ھەرە چىشسىمان تاغ ئومۇرتقىسىنى تار كەتكەن دەريا تۇمشۇقى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەنىدى، ئۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردە ئەنشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بارىدىغان يولدىكى غايەت زور تەبىئىي يېپىق توسالغۇ ئىكەنلىكىنى تولۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. بۇ تاغ ئېتىكىنى بويلاپ ماڭغاندا، ئۈچ ئۆتەڭلىك مۇساپە بار ئىدى. بىز ماڭغان چوڭ تاشيولنىڭ ئورنىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە، خاۋشەنكۇ (بۈگۈنكى شياكۇ) دەپ ئاتىلىدىغان جايدىكى بىر كىچىك دەريا ۋادىسى نەنسەن تېغىدىن كەلگەن يەر ئاستى سۈيىنى ئۆزىگە تارتىپ، بۇ جايدا يەر يۈزىگە ئېقىپ چىققان ھەمدە تاغنىڭ شەرق، جەنۇب تەرىپىنى ئايرىۋەتكەن. تاغ ئاستىدىكى بەزى تۇرلار ئادەملەرنىڭ بۇ جايغا يېقىنلىشىشىنى توسۇش ئۈچۈن سېلىنغانىدى. جيايۈگۈەنگە ئۆتىشىدىغان تار ئۇلاغ يولىدا مېڭىۋاتقىنىمدا ئۆزۈمنى تارىخنىڭ بېتىدە مېڭىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. چۈنكى، دەل مۇشۇ گەنسۇ بىلەن ئەنشىنى ۋە دۇنخۇاڭنى بىۋاستە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قولايلىق قاتناش لىنىيەسى 2000 يىلدىن بۇيان جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتتىكى بارلىق ئىشلىرىنى، جۈملىدىن ھەربىي، سىياسىي ۋە سودا ئىشلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىدى.

### جيايۈگۈەندىكى قورغان ۋە سېپىل

تۇز، ئەمما ئۇزلۇكسىز ئۆرلەۋاتقان شېغىللىقتىن 4 مىل ماڭغاندىن كېيىن، كەڭ كەتكەن تاغ ئومۇرتقىسى چوققىسىغا چىقتۇق. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى تاغ چوققىسىدىن تەخمىنەن 80 ~ 100 فۇت كېلىدىغان پەستىكى تۈزلەڭلىكتە بولۇپ، ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



20 ـ رەسىم جىايۇگۇەننىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى «سەددىچىن سېپىلى»، نەنسەن تېغى دۆڭلۈك ئەتراپىدىن كۆرۈنۈشى

بەردە جىايۇگۇەن بازىرى بار ئىدى. غەربىي قوۋۇقتىكى ياغاچتىن ياسالغان ئەڭ چوڭ مۇنار (20 ـ رەسىمگە قاراڭ) 2 مىل يىراقتىنلا دىققىتىمنى تارتتى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن يەردە، سېغىز توپىدىن ياسالغان سېپىل بار ئىدى، ئۇ «جۇڭگو»دىن ئىبارەت بۇ چوڭ زېمىننى مۇداپىئە قىلىپ، ئىككى تەرەپكە قاراپ ئېچكىرىلەپ كەتكەنىدى. جەنۇب تەرەپتىن قارىغاندا، سېپىلنىڭ 6 مىل ئەتراپىدا ئۈزۈلۈپ، تاكى بېيداخې دەرياسى ياكى گەنسۇ دەرياسى ئەتراپىدىكى نەنسەن تېغىنىڭ كۆپۈنگى يۈزىنىڭ تاغ باغرىغىچە سوزۇلغانلىقىنى كۆرەلەيمىز (21 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇزاقتا ماڭماستىنلا شىمالىي يۆنىلىشتىكى سېپىل بىز تۇرغان تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ كەينىدە قالدى. يەنە تەخمىنەن 4 مىل ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىزىقچىلىرى قايتىدىن يەنە چاقناشقا باشلاپ، خاۋشەنكۇ جىلغىسىنىڭ شەرقىي شىمالىي بۆلىكى ئۈستىدىكى شېغىل تاشلىق دۆڭلۈككىچە يېتىپ باردى. تاغ ئومۇرتقىسىدىن شەرق تەرەپكە قارىغاندا، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بىپايان تۈزلەڭلىكنى، ئېتىز ـ ئېرىق ۋە ياپيېشىل دەرەخلەرنىڭ گەنسۇغىچە سوزۇلغانلىقىنى كۆرەلەيسىز.

مۇداپىئە ئورنىنىڭ ئەۋزەللىكى

پايدىلىق ئېگىزلىكنىڭ چېتىدە تۇرۇپ، شۇنى ئاسانلا پەرەز قىلالايمىز: ئەگەر بىر نۇقتىنى بۇ تەبىئىي يولغا توسقۇنلۇق قىلىپ، غەرب تەرەپتىن نەنسەن تاغ ئېتىكىدىكى تىرىلغۇ رايونىغا ھېچكىمنى كىرگۈزمىگەن، دەپ ئويلىساق، باشقا ھەرقانداق بىر جاي بۇ يەردەك مۇداپىئەگە مۇۋاپىق كەلمىگەن بولاتتى. باشقا جايلارغا نىسبەتەنمۇ بۇنداق كەڭ، قار يىغىلغان تاغ ئېتىكى بىلەن بېيشەن قۇملۇقى ئوتتۇرىسىدىكى قىيپاش ئويمانلىقنى ساقلاپ قېلىش مۇمكىنچىلىكى بولمايتتى. بۇ يۆنىلىشنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ كەڭلىكى 8 مىلغىمۇ يەتمەيتتى، ھەر تەرىپىدە تەبىئىي توسۇق بار ئىدى، جەنۇب تەرىپىدە بېيداخې دەرياسى بار ئىدى. شىمالىي تەرىپى تىك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ماڭغىلى بولمايدىغان تاغ ئومۇرتقىسى ئىدى. بۇ خىل بېكىنىۋېلىش، پاسسىپ مۇداپىئە سىياسىتى (ئۆزىمىز بىلگەن تارىخىي بىلىملەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ خىل سىياسەت جيايۇگۇەننىڭ سېلىنىشى بىلەن باشلانغانىدى) نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئالدى تەرىپى بۇنداق ئوپئوچۇق لاي ۋە قۇرۇق شېغىللىق چۆل (غەربكە 20 مىلچە سوزۇلغان) ھەممە ئارقا



21 ـ رەسىم جيايۇگۇەننىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى «سەددىچىن سېپىلى»، نەنسەن تېغى ئېدىرلىقى ئەتراپىدىن كۆرۈنۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەرىپىدە مول بايلىق مەنبەسى بولغان بۇ رايون ئىنتايىن ماس كەلگەن بولۇپ، روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىدى.

سېپىل لىنىيەسى

ئەمما، بىز كۆز ئالدىمىزدىكى ئەۋزەل يەر شەكلىنى ئويلاشقىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ نۇقتىنى توسقۇنلۇق نۇقتىسى قىلىپ تاللىغىنىمىزدا، پەقەت ئاشۇ تاغ ئومۇرتقىسى ئۇستىدىكى پارقىراپ تۇرىدىغان، ئارخېئولوگىيەلىك نۇقتىدىن كۆزىتىشكە ئەرزىيدىغان بىر نەرسىنى بايقايمىز. گەرچە ئۇ بىزدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئۇ كۆز ئالدىمىدىكى سېپىل لىنىيەسى بىلەن (ئۇ ئاساسەن غەربىي شىمالغا يۈزلەنگەن بولۇپ، خاۋشەنكۇ دەرياسىن چىقىش ئېغىزى ھېساپلىنىدۇ) ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، يىراقتىن شەرقىي شىمال يۆنىلىشىكە سوزۇلغان باشقا بىر سېپىل ۋە تۇر لىنىيەسىنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇلار ياخشى ساقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىزنالىرى ناھايىتى روشەن ئىدى. مەن بارلىق كىتاب ۋە خەرىتىدە (مەيلى جۇڭگونىڭ ياكى ياۋروپانىڭ بولسۇن)، گەنسۇنىڭ شىمالىي چېگراسىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىنى ساقلاپ قالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ سۇجۇنىڭ غەربىي قىسمىدىكى نەنسەن تېغىنىڭ ئالدى تاغ ئېتىكىدە، دەپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى تولۇق چۈشىنىمەن. سەددىچىن سېپىلى ئادەمگە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغان لىنىيە بولۇپ، ئەگرى - بوگرى كېتىكەن، ئەمما كۆرگىلى بولىدىغان سېپىل تېمى غەربىي جەنۇب ۋە شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە يۈزلەنگەن بولۇپ، جىيايۈگۇەننىڭ ئىككى تەرىپىدىن سوزۇلۇپ، سېپىل توسۇقىغىچە داۋاملاشقاندەك قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئوڭ بۆلۈكى بىلەن كېيىنكىسى ئۆزئارا تۇتاشقاندى ھەمدە ئۇنىڭ شىمالىي بۆلىكىدىكى ئوخشاش ئارىلىقتا ئاساسەن جىيايۈگۇەن

تۇتاشتۇرۇلغانىدى. بۇ ئىككىسى ئوخشاش بولمىغان دەۋردىكى قۇرۇلۇش بولۇشى ياكى باشلىنىشتىلا ئوخشاشمىغان مەقسەتتە ياسالغان بولۇشى مۇمكىن.

### قوۋۇق

جيايۇگۇەن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئەسىر قاتناش لىنىيەسىدىكى مۇھىم قوۋۇق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساقلانغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، يەرلىك كىشىلەرنىڭ قارىشىغا ئاساسلانغاندا، جيايۇگۇەن چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ زامانىسىدا (مىلادىيە 1736 — 1796) ياسالغان ئىدى، مەنمۇ مۇشۇ خىل قاراشنى قوللايمەن. بىر تەرەپتىن قارىغاندا، ئۇ ماڭا قاشقوۋۇقنىڭ قەدىمكى دۇنخۇاڭ شىپاڭ توسمىسىدىكى رولىنى ئەسلەتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ ياسالغان دەۋرى ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ سېپىل تېمى چاسا شەكىلدە ئىدى. تامنىڭ ئۈستىدە ھەرە چىشىسىمان توسۇق بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى رېمونت قىلىنغانىدى (20 ـ رەسىمگە قاراڭ). كەڭ كەتكەن بىر پۈتۈن كوچا شەرقتىن غەربكە قاراپ قىرلىق ئىستىھكامنى كېسىپ ئۆتكەنىدى. بىر ـ بىرلەپ سېلىنغان ئۈچ سېپىل قوۋۇقى غايەت زور قىرلىق ئىستىھكام ھەمدە ئىچكى قىسىمدىكى مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاندىن يۇقىرىدا بىز ئېيتىپ ئۆتكەن يولغا تۇتاشقانىدى. مەن سېپىل ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ مەھكىمە يامۇلى ۋە ئون نەچچە ئادەم تۇرغىلى بولىدىغان كىچىك گازارما رايونىدىن باشقا، كۆپ قىسىم جايلىرىنىڭ ئاللىبۇرۇن خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم. ئەمما، بۇ قوۋۇقنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىملىقىنى، چيەنلۇڭ زامانىسىدا خانىدانلىقنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسىنى ھەقىقىي نامايان قىلغان غەربتىكى مۇھىم ئېغىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.


چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتى

شۇ مەزگىللەرگە كەلگەندە، جىيايۇگۈەننىڭ ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى مەلۇم دەۋرلىك ھەربىي ئىشلار قىممىتىنى يوقاتقانىدى. ئۇنىڭ مۇھىملىقى پەقەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى مەمۇرىي چېگرا مۇداپىئەسىنىڭ قاراۋۇلخانىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى بىلەن گەۋدىلەنگەنىدى. چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى كاڭشى مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭەيمىچىلىك قىلىش سىياسىتى 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ئىلگىرىلا جۇڭگو ھەربىي قوشۇنىنىڭ غەربىي قىسىم چېگرانى قوغداش ۋە ساقلاش دائىرىسىنى يىراقتىكى گۇاجۇ ۋە دۇنخۇاڭ رايونلىرىغىچە كېڭەيتكەن. بىز تۆۋەندە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان تارىخىي خاتىرىلەردىن مىڭ سۇلالىسىدىن بۇيان جىيايۇگۈەننىڭ قانداق قىلىپ «قوۋۇق سىرتى» دىن كەلگەن ئات ـ ھارۋىلارنى تەكشۈرىدىغان پونكىت بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى چيەنلۇڭ مەزگىلىدىكى شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش بۇ قاتناش باشقۇرۇش پونكىتىنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە رولىغا تەسىر يەتكۈزگەن. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ قالغان، جىياڭ بېگىم ھازىرمۇ غەربىي قوۋۇقنىڭ ئىچكى قىسمىغا جايلاشقان ئاشۇ كىچىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى ئېنىق ئايرىيالايدىكەن، ئۇ يەردە شىنجاڭغا بارىدىغان ياكى قايتقان يولۇچىلار چوقۇم ئۆزلىرىنىڭ يول خېتىنى بېجىرىشى كېرەك ئىكەن. جىياڭ بېگىم ئاشۇ يەردىن 17 يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن ئىكەن. ھازىرقى جىيايۇگۈەن يەنىلا بىر تاموژنىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلىدىغان بارلىق ماللارنىڭ ھەممىسى بۇ يەردە باج تاپشۇرىدىكەن.

# 2 ـ بۆلۈم   جيايۇگۇەننىڭ سېپىل تېمى

**جيايۇگۇەننىڭ غەربىدىكى سېپىل تېمى**

جيايۇگۇەن قوۋۇقى ئىككى تەرەپتىكى (جەنۇب ۋە غەربىي شىمال يۈزى) سېپىل تېمى بىلەن قورشىلىپ، بىر پارچە مۇكەممەل توسۇقنى هاسىل قىلغان. سېپىل تېمىنىڭ ياخشى ساقلانغىنىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى هازىرقى قوۋۇقلار بىلەن ئوخشاش دېيىشكە بولاتتى، بۇ قوۋۇق رېمونت قىلىنغاندا ئومۇمىيۈزلۈك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇنىڭ خەن دەۋرىدىكى قاشقوۋۇقنىڭ سېپىل تېمىدىن كونا ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ جيايۇگۇەن سېپىلىنىڭ شەرقىي شىمال بۇلۇڭىدىن سېلىنىشقا باشلىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىك تاغ دۆڭلۈكىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى خاۋشەنكۇ دەرياسى ۋادىسىدىن تۆۋەنگە سوزۇلغانىدى. سېپىل تېمى خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، تام ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى 11 فۇت، ئېگىزلىكى 12 فۇت ئىدى، چوققىسىدا تەخمىنەن 4 فۇت ئېگىزلىكتىكى غوجا تام بار ئىدى. تۇر تامىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئۆزئارا ئارىلىقى تەخمىنەن 1.5 مىل كېلەتتى. قوۋۇققا ئەڭ يېقىن تۇرنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى (22 ـ رەسىمگە قاراڭ)نىڭ ئۇزۇنلۇقى 36 فۇت، كەڭلىكى 33 فۇت كېلەتتى. تۇرنىڭ چوققا قىسمىدا تەخمىنەن 6 فۇت ئېگىزلىكتىكى كۆزىتىش تۆشۈكى بار ئىدى، بۇلۇڭغا سېلىنغان بۇ كۆزىتىش ئۆيىمۇ مۇشۇ شەكىلدە ئىدى. تۇرنىڭ بىر تەرىپىدىكى تامدا قوش رەتلىك ئويۇقچە بولۇپ، ئۇ كۆزەتكۈچىنىڭ ئارغامچا بىلەن تۇرغا چىقىپ ـ چۈشۈشىدە ئىشلىتىلگەن. تۇرنىڭ ئەتراپىدا بىر تۇپا چۆرىمە تام بولۇپ، ئېگىزلىكى ئاساسىي سېپىل تېمىنىڭ قېلىنلىقىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر پارچە خارابىلىك بولۇپ، تۇرنى ۋە بۇ سېپىل تېمىنى




22 ـ رەسىم جىايۇگۇەننىڭ شىمالىي قىسمىدا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان پاسىل تامنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى تۇرنىڭ تەكشىلەش خەرىتىسى

ساقلاۋاتقان ئەسكەرلەر دەل ئاشۇ يەردە تۇراتتى. بۇنداق بولغاندا، ھەربىر تۇر خۇددى خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىغا ئوخشاش، بىر يىغىلىش نۇقتىسى رولىنى ئۆتەپ، زۆرۈر ئەھۋالدا مۇداپىئە مەقسىتىگە يەتكىلى بولاتتى.

سېپىل تېمىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى

سېپىل تېمىنىڭ سىرتقى تەرىپىدىكى 1 ~ 2 فۇلۇڭ (ئەنگلىيىنىڭ ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بولۇپ 1/8 مىل ياكى 201 .167 مېتىرغا توغرا كېلىدۇ ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)غا يەتمەيدىغان جايدا ئايرىۋېتىلگەن ئۈچ تۇر بار ئىكەن، بۇ تۇرلار چوڭ بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى كېسەكلەرگە ئوخشايدىغان كېسەكتىن سېلىنغان ھەمدە غەربكە سوزۇلغان ئېگىزلىك ئاستىدىكى تاغ تۇمشۇقىغىچە تارقالغان. سۇپا ئاستىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 40 فۇت، ئېگىزلىكى 30 فۇت بولۇپ، ئەتراپىنى چاسا شەكىللىك ئاكوپ ئوراپ تۇرىدىكەن. بۇ سۇپىلارنىڭ تاغدىن چۈشكەن جىلغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى كۆزىتىشكە ئىشلىتىلگەنلىكى ناھايىتى ئېنىق، لېكىن ئۇلار بىلەن باشقا جايلارنى ئۇنچىلىك ئەتراپلىق كۆزەتكىلى بولمايتتى. ئەتراپتىكى ئۈچىنچى تۇرغا تەخمىنەن 1

مىل كېلىدىغان جايدا، سېپىل تېمى خۇاڭخاۋىيلاڭ كەنىڭگە تۇتاشقانىدى. بۇ كەنت سېپىلنىڭ ئارقا تەرىپىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، خاۋشەنكۇ جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقانىدى. سېپىل تېمى يەر تېرىشقا ئىنتايىن ماس كېلىدىغان بۇ جاينى ھەمدە ئۇنى سۇ بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن كىچىك دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ، يەنە يېرىم مىل سوزۇلۇپ، سول قىرغاقتىكى قورام تاش تۇمشۇقىغىچە يېتىپ كەلگەن. شۇ چاغدىكى سېپىللار دەريا جىلغىسىدىن 200 فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۇنىڭدىن چۈشىدىغان يولدىكى قىيا تاشلارنى تىك كېسىپ مېڭىشقا بولمايدىكەن. سېپىل مۇشۇ يەردىن باشلاپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يان تەرىپى تەبىئىي دالدىدا ساقلىنىپ قالغان. تاش - شېغىللىق دۆڭلۈك (بۇ تاغ ئومۇرتقىسى ھەمدە قوشۇمچە تاغ قاتلىمى) ئۈزلۈكسىز غەربىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ سوزۇلغان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكىنىڭ تۈز سىزىق لىنىيەسى بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 10 مىلدىن 9200 فۇتقىچە، بۇ بۆلەك ئارىلىقتىكى سىرتقا يۈزلەنگەن جايلار قاقاس چۆللۈك ھەمدە تىك قىيا بولۇپ، ئۆتكىلى بولمايدىغان توسالغۇنى پەيدا قىلغان، شۇڭلاشقا باشقا ھەرقانداق مۇداپىئەنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى.

خاۋشەنكۇ دەرياسى ۋادىسىنى قامال قىلغان سېپىل

چۈشىنىكسىز يېرى شۇكى، قانچىلىغان كىشلەر يۇقىرىدا تەسۋىرلەپ ئۆتكەن ئاساسىي سېپىلنىڭ سىرتىغا جايلاشقان خاۋشەنكۇ دەريا ۋادىسىدىكى ئۈچ بۆلۈك شەكلىدىكى يەرنىڭ مۇداپىئە قىلىنىشىغا كۆپرەك قىزىققاندۇ؟ خۇاڭخاۋىيگىنىڭ جەنۇبىدىكى باغ - ھويلىلارنىڭ ئەتراپىدىن باشلاپ، بىر بۆلەك تارماق سېپىل غەربىي جەنۇب تەرەپكە يۈزلەنگەن، ھەتتا تىك تاغ تۇمشۇقلىرىغىچە سوزۇلغان. بۇ تاغ تۇمشۇقى ئوڭ تەرەپتە دەريا ئېقىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىنى توسقانىدى، سېپىل دەل مۇشۇ

يەردە ئاخىرلاشقان بولۇپ، بۇ تەرەپتىكى تىك قىيالاردىن ئۆتۈشمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن تەس ئىدى. مەن مەزكۇر جاينىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى تېرىشقا بولىدىغان كىچىك دەريا ۋادىسىدا تەخمىنەن 1 مىل ماڭغاندىن كېيىن، دەريا ۋادىسى تارىيىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 200 يارد ئەتراپىدا ئىدى. جيايۇگۇەن قوۋۇقىنىڭ ئاساسىي سېپىلىنىڭ گۇنگۇرە تېمىنى دەريا ۋادىسى ئوراپ تۇرغان بولۇپ، قەدىمىيلىكى كۆرۈنمەيتتى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نۇرغۇن كۆزىتىش تۆشۈكلىرى ئوت ئېچىش قورالى ئۈچۈن ئېچىلغانىدى. بۇ بۆلەك سېپىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ دەريا سۈيى تەسىرىدىن بۇزۇلغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئومۇميۈزلۈك ياخشى ساقلانغان. سېپىل غوجا تامنىڭ غەربىي جەنۇبىغا، يەنى دەريا ۋادىسى تەرەپكە يۈزلەنگەن، بۇنداق قىلىشنىڭ مەقسىتى ئۆز ـ ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك. تىك ياردىكى قىيا تاشلارنىڭ ئىككى تەرىپى 300 ~ 400 فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئېگىزلىكتىكى چوقچىيىپ تۇرغان چوڭ ـ كىچىك تاشلارنىڭ ھالىتى بىلەن ئوخشاش ئىدى، بۇ خاۋشەنكۇ جىلغىسى جايلاشقان يەردىكى يېپىق سېپىلنى مۇكەممەل ساقلاپ قالغان. بۇنداق بولغاندا، ئاساسىي تامنىڭ سىرتقى تەرىپىگە جايلاشقان خۇاڭساۋىنىڭ تېرىقچىلىق رايونىنى ساقلاپ قالغىلى بولاتتى، بەلكى ئۇ كېيىنكىلەرنىڭ قوغدىنىشىغا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن.

قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىكى ئىككىنچى يول سېپىل

ئەمما، كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان بىر پاكىت شۇكى، جىلغىنىڭ يۇقىرىسىغا نەچچە يۈز يارد كېلىدىغان جايدا بەزى ئىنتايىن قەدىمىي سېپىل ئىزنالىرى بار ئىدى، بۇلار سۇ ئۆزۈلمەيدىغان يەرنىڭ ئىككى تەرىپىگە سېلىنغانىدى. بۇلارمۇ دەريا جىلغىسىدىن ئۆتىدىغان يولنى قامال قىلىش ئۈچۈن

ياسالغان، ئەمما ئادەمنى ئەجەبلەندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۇنىڭ غوجا تام يۇزىنىڭ شەرقىي شىمال يۆنىلىشىگە، يەنى دەريا ۋادىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قارىغانلىقى ئىدى. ئىككىنچى يول سىپىل گەرچە ناھايىتى چوڭ سېلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بىرىنچى سىپىلغا قارىغاندا بەكرەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇ خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، ئاستى قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 11 فۇت كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۇلىدا بىر قەۋەت مۇستەھكەم قورام تاش بولۇپ، بىر قەۋەت چىمئوت بىلەن قاپلانغانىدى. سىپىلنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى يەنىلا 11 فۇت كېلەتتى. غوجا تامنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 2 فۇت، ئېگىزلىكى 3 فۇت بولۇپ، ئۈستىدە كۆزىتىش تۆشۈكى يوق ئىدى. ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگراسى ياكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ فېئوداللىق ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان مەلۇم رايونلىرىدىكى بەزى جىلغىلاردا، ئېگىز دۆڭلۈكلەرگە جايلاشقان، ئۇدۇل قارىشىپ تۇرىدىغان ئىككى مۇداپىئە نۇقتىسى لايىھەلەنگەن ئەھۋاللارمۇ بار ئىكەن. ئەمما، بۇ يەردە، يەنى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمال چېگرا رايونىدا، بۇنداق چۈشەندۈرۈش پۈت تىرەپ تۇرالمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، مۇشۇ خىل قارىمۇقارشى مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىقى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىكتىن كەلگەن، بۇ مۇقەررەر ھالدا باشتىلا بىر مەسىلىگە ئايلانغان.

### شەرقىي شىمالدا ئۇچراشقان سېپىل لىنىيەسى

نۆۋەتتە ئۇنىڭ مۇمكىنچىلىكى توغرىسىدىكى جاۋابىمنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن بۇرۇن، جىيايۈگۈەن توغرىسىدىكى ئەتراپلىق تەكشۈرۈشۈمنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن، چۈنكى ئۇ يەردە مەن كىشىنى گاڭگىرىتىپ قويىدىغان يەنە بىر خىل ھادىسىنى بايقىدىم. مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم، جىيايۈگۈەنگە يېقىنلاشقاندا تۇنجى بولۇپ كۆزۈمگە چېلىققان ھېلىقى سېپىل ئىدى، ئۇ يېقىنقى زاماندىكى شەھەر قوۋۇقى سېپىلىدىن باشلانغان ھەمدە

تىك بولۇڭ ھالەتتە شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە يۈزلەنگەن. قوۋۇقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سېپىلنى قوغدايدىغان بىرىنچى تۇر بار يەردىكى قوۋۇققا 1.5 مىل كېلىدىغان جايدا، ئوخشىمايدىغان سېپىل لىنىيەسىنىڭ بىرلەشكەن ئورنىنى بايقىدىم، بۇ ئىز ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بۇ بەلكىم ئەڭ بۇرۇن ياسالغان سېپىللارغا ئىسپات بولالىشى مۇمكىن، بۇ تام خۇددى جىيايۈگۈەنگە ئوخشاش خاڭداپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەن قىسمىنىڭ قېلىنلىقى 8.5 ~ 9 فۇت، كېيىنكىسىنىڭ قېلىنلىقى 11 فۇت كېلەتتى. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى غوجا تام قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا تەخمىنەن 8 فۇت كېلەتتى. ئەمما، ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان. غوجا تامنىڭ بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى پەقەت 1 فۇتلا كېلەتتى. سېغىز توپا قاتلىمىنى تەكشۈرۈپ روشەن بىر ئوخشاشلىقنى بايقىدىم: جىيايۈگۈەندىكى قوۋۇق سېپىلىنىڭ خاڭدالغان قەۋىتىنىڭ قېلىنلىقى 4 ~ 5 دىيۇم كېلەتتى، بۇ يەردىكى تىك بولۇڭ ھالەتتە ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتكەن، نىسبەتەن قەدىمىي بولغان سېپىلنىڭ خاڭدالغان قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 10 ~ 11 دىيۇم كېلەتتى.

### شەرقىي شىمال سېپىلنىڭ غولاپ چۈشۈش ئەھۋالى

بۇ سېپىلنىڭ يۆنىلىشى غەربىي جەنۇب — شەرقىي شىمال تەرەپكە يۈزلەنگەن بولۇپ، كېيىن تەكشۈرگەن ماتېرىياللاردا ئىپادىلەنگىنىگە ئوخشاش، ئۇنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى يىمىرىلىپ، يوغان - يوغان يېرىقلار پەيدا بولۇپ قالغان. ئەمما، بۇ يەردە تەكشۈرگەن سېپىل ئىچىدە، يېرىق ئېغىزىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان سېپىلنىڭ بىر قىسمى ئوخشاش چوڭلۇقتا بولسىمۇ، مەن ھېچقانچە كۆچىمەيلا سېپىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئەھۋالىنى پەرقلەندۇرۇپ چىقتىم. تۆپتۈز سېپىل لىنىيەسىدىن باشقا، لىنىيەنى بويلاپ سېلىنغان

تۆردىنمۇ ئۇنىڭ ئۇزىراپ كەتكەنلىكىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.

**شەرقىي شىمال سىپىلدىكى تۆر**

بۇ تۆرلارنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 1.5 مىل كېلەتتى، مەن بۇ يەردە تەكشۈرگەن ئىككى تۆرنىڭ ئاساسىي قىسمى 25 ~ 26 فۇت، ھازىرقى ئېگىزلىكى 20 ~ 22 فۇت كېلەتتى. ئۇلار خاڭداپ ياسالغان، خاڭدالغان قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى ئۇلارنى قوغداش ئۈچۈن سېلىنغان تامنىڭ قېلىنلىقى بىلەن ئوخشاش. ئەمما، پەلەمپەينىڭ ئۈستى تىك تىزىلغان كېسەك بىلەن رېمونت قىلىنغان بولۇپ، بۇ ئاخىرقى دەۋردىكى سېپىل قۇرۇلۇشىنىڭ تىپىك ئۇسلۇبى ھېسابلىنىدۇ. تېرىقچىلىق رايونى بۇ سېپىلنىڭ ئاستى ھەمدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن چوڭ يېرىقنىڭ ئەتراپىدىكى جايلارغىچە سوزۇلغان. ئۇلار بۇ مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ غۇلاپ چۈشكەن قىسمىنىڭ تېخىمۇ بۇرۇنقى دەۋرگە چېتىلىدىغانلىقىنى ئېنىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ سۇغىرىش ئېھتىياجىدىن ھاسىل بولغان نەم ھاۋا ئۇلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، بۇزۇلۇش جەريانىنى تېزلىتىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن.

**يېماۋەندىكى سېپىلنىڭ شىمالىي تۇمشۇقى**

بىز مېنزۇلاردىن پايدىلىنىپ جىايۇگۇەندىن يېماۋەنگىچە بولغان سېپىل لىنىيەسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ چىقالايمىز. بۇ يەردىن يېماۋەندىكى چوڭ قەلئەگە ئوخشاپ قالىدىغان قۇرۇلۇشنى كۆرەلەيمىز. بۇ قۇرۇلۇش سېپىلنىڭ تىك ئەگمە تەرىپىدە بولۇپ، ئاتلىنىشىمىزچە، بىر مۇھىم ئېغىزنى قوغداشقا ئىشلىتىلگەنىكەن، قۇمۇلدىن بىۋاستە كېلىدىغان بىر يول ئاشۇ ئېغىزدىن ئۆتەتتى. 1914 - يىلى تاشيول بويىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاقاسلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى سۇلىق دەرياسىنى بويلاپ سۇجۇغا بارىدىغان ۋاقىتتا، بۇ خىل قاراشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى، يەنى ئۇنى ناھايىتى توغرا بايقىغانلىقىمنى ئىسپاتلىدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن يەنە بېيداخې دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلىدىغان رايوننىڭ ئۈزلۈكسىز ھالدا يىماۋەن ھەمدە ئۇنىڭ سىرتىدىكى جايلارغىچە كېڭەيگەنلىكىنى ئىسپاتلىدىم، بۇ ئەمەلىيەت ناھايىتى ئېنىق ھالدا سېپىلنىڭ مۇشۇ جايدىن باشلاپ شىمالغا سوزۇلغان، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئەگىم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

سۇجۇ ۋە گەنجۇغىچە سوزۇلغان سېپىل

يىماۋەندىكى، سېپىلنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بۇزۇلۇش ئەھۋالىنىڭ جىيايۈگۇەننىڭ ئەتراپىدىكى بىلەن ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىدىم. سېپىل لىنىيەسى مۇشۇ جايدىن باشلاپ شەرقىي جەنۇبقا يۈزلىنىپ، چوڭ بىر سازلىق يەرنى بويلاپ، ئۇدۇل گەنجۇ شەھىرىنىڭ شىمالىغا تەخمىنەن 7.5 مىل كېلىدىغان جايغىچە سوزۇلغاندى. بۇ جاي شىنچېڭزى كەنتىگە يېقىن ئىدى. مەن 1907 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى گەنجۇدىن يولغا چىقىپ، يېڭىدىن تاپقان بۇ بۆلەك سېپىلنى نىشانلاپ يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. مەن ئۇ يەردىكى سېپىل خارابىلىرىنىڭ جىيايۈگۇەن ئەتراپىدىكى سېپىل بىلەن ئوخشاش تۈرگە تەۋەلىكىنى، ساقلىنىش ئەھۋالىنىڭمۇ ئوخشاشلىقىنى بايقىدىم. شۇ يەردىن باشلىنىپ شەرققە يۈزلەنگەن سېپىل گەنجۇنىڭ شىمالىي تەرىپىنى بويلاپ ئۈزۈلۈپ كەتكەنىدى. 1907 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، گەنجۇدىن قايتقان ۋاقتىمدا، بۇ سېپىلنىڭ گەنجۇ بوستانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال بۆلىكى ئەتراپىدىكى بېيداخې دەرياسى ياكى گەنجۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغىچە سوزۇلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىدىم. ئەنىمېن كەنتى ئەتراپىدىكى دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقى

يېقىندىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ يەنە گەنجۇغا بارىدىغان چوڭ يولنىڭ جەنۇب تەرىپىنى بويلاپ، شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ پاكار قاقاس تاغ ئېتەكلىرىگىچە سوزۇلغانىدى. مۇشۇ يەردىن باشلاپ سېپىل لىنىيەسى چوڭ قاتناش لىنىيەسى بىلەن پاراللېللىقنى ساقلاپ قالغان ھەمدە گەنجۇ دەرياسىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بويلاپ جايلاشقان.

### خەن دەۋرىدىكى مۇداپىئە قورغانىغا ئوخشاشمايدىغان سېپىل

بۇ يەردە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان مەسىلە ئەڭ ئالدى بىلەن مەزكۇر سېپىلنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە مەنبەسىگە چېتىلىدۇ، ئۇنىڭدىن قالسا ئۇنىڭ جىيايۇگۈەندىكى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان قوۋۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدۇر. بۇ يەردە ئالدىنقى مەسىلىگە ئېنىق، ئىشەنچلىك جاۋاب بەرمەكچى بولسام، ئۇنداقتا بۇ 1914 ـ يىلى مۇشۇ رايوننى تەكشۈرگەندە ئېرىشكەن زور نەتىجىلىرىمگە باغلىق بولىدۇ. بۇرۇن باشقىلارنىڭ تۇرتكىسىدە چىقارغان ئاشۇ پەرەزگە ئوخشاش، ئۇلار خەن سۇلالىسىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ سۇلې دەرياسى چوڭ ئەگمىسىدىن باشلانماي، شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشنى بويلاپ جىيايۇگۈەن ۋە گەنجۇغا سوزۇلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەمەلىيەتتە، تېخىچە داۋاملاشقان بىر خارابە لىنىيەسى دەسلەپتە شەرق تەرەپكە قاراپ خۇخەيزى ياكى يىڭپەن بوستانلىقىنىڭ سىرتىغىچە سوزۇلۇپ، دەل ئەنشى ـ گەنجۇ تاشيولىنىڭ شىمالىي تەرىپىگىچە يېتىپ بارغان. ئۇ مۇشۇ يەردىن باشلاپ، يىراق گەنجۇ دەرياسى ۋە گەنجۇ دەرياسى ئۇچرىشىدىغان ماۋمۇدىن باشقا شەرقىي شىمال رايوننى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغان. بۇ بايقاش گەنجۇدىن سۇجۇغىچە بولغان چوڭ يولنى بويلاپ جايلاشقان بۇ داڭلىق سېپىل لىنىيەسىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەڭ بۇرۇن گەنسۇ ۋە غەربىي رايوننى بويسۇندۇرغان ۋاقىتتا بەلگىلىگەن چېگرا سىزىق لىنىيەسى ئەمەسلىكىنى ھەم خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى زامانىسىدا كېڭەيتكەن سېپىل

ئەمەسلىكىنى ئەڭ ياخشى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ يىل دەۋرىنىڭ تېخىمۇ كېيىنلىكى مۇقەررەر، ھەر خىل ئارخېئولوگىيەلىك ۋە تارىخىي ئىسپاتلار شۇ يەردىكى يول باشلىغۇچىلارنىڭ قاراشلىرىنى، يەنى بۇ سېپىلنىڭ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياسالغانلىقىنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

### مىڭ دەۋرىدە چېگرانىڭ قامال قىلىنىشى

نۇرغۇن تارىخىي مەلۇماتلار مىڭ سۇلالىسى (1368 ـ يىلى) قۇرۇلغاندا سىياسەتتە پۈتۈنلەي ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى، ئۇ ۋاقىتتا مىڭ سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ غەربىي چېگراسى بىلەن چەت ئەلنىڭ مۇناسىۋىتىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋەتكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنداق بېكىنمىچىلىك سىياسىتى سەددىچىن سېپىلىنى ياساشتا يەر شەكلىدىكى بارلىق ئىستراتېگىيەلىك مەنپەئەتكە ئېتىبارسىز قارالغانلىقىنى، ئۇنىڭ سېپىل لىنىيەسىنىڭ پەقەت ئەڭ ئاسان مۇداپىئە قىلىدىغان جايلارغا ياسالغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ تەرىپى خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىغا ئوخشىمايدۇ. بىز بۇنىڭدىن بۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ جايلاشقان ئورنى توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى دەرھاللا تاپالايمىز. سېپىل ھەممىشە ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان رايون ياكى چوڭ يولغا يېقىن جايلارغا، ھەتتا ھەربىي تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىن پەرقلىق جايلارغا سېلىنغان. مۇشۇ نۇقتىغا ئاساسلىنىپ، بىزمۇ جىنتا ۋە ماۋمۇغا ئوخشاش بوستانلىقنىڭ خارابىلىككە ئايلىنىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز، ناۋادا ئۇلارنىمۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىدىغان بولساق، ئۇ يەرنى قوغداش ۋە تىزگىنلەشتىن سۆز ئاچقىلىمۇ بولمايدۇ. ھالبۇكى، بۇ سېپىل دەل جيايۈگۈەندە ئاخىرلاشقان. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جيايۈگۈەن ئالاھىدە جاي ھېسابلىناتتى، بۇ ئاشۇ غەرب سەيياھلىرىنىڭ ئېيتقانلىرى بىلەن بىردەك بولۇپ، ھەر يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىن «ئوتتۇرا

تۆزلەڭلىككە» كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدىغان ئاز ساندىكى ئەلچى ۋە سودا ئەترەتلىرىنىڭ جۇڭگو چېگراسىغا كىرىشىگە ئىجازەت بېرىشتىن بۇرۇن، ھەممىسى بۇ يەردە تەپسىلىي تەكشۈرۈلەتتى.

### مىڭ سۇلالىسىدىكى سەددىچىن سېپىلىغا نەزەر

بۇ سېپىل مىڭ سۇلالىسى دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۈنى مەن سېپىل لىنىيەسىنى بويلاپ ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئارقىلىق تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلايمەن. ئۇنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى بۇزۇلۇش ئەھۋالىنى جىيايۇگۇەن ئەتراپىدىكى ياخشى ساقلانغان سېپىلغا سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈنلەي غۇلاپ چۈشكەندەك كۆرۈنەتتى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچىلا، يەنى يېقىنقى ئىككى ـ ئۈچ ئەسىرگىچىلا سۈرۈشكە بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ قومۇش ئارىلاشتۇرۇلۇپ خاڭداپ (بۇ خىل ئۇسۇل بۇرۇن خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن) سېلىنغان سېپىل بولۇپ، كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن ياسالغان بولسا، 23 ـ رەسىمدىكىگە ئوخشاش ئېگىزلىكتە ناھايىتى ئاسانلا شامال ۋە نەم ھاۋانىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولاتتى. ھاۋا رايىنى ئويلاشقاندا (بىز شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ گەنجۇ ۋە لياڭجۇغا بارىدىغان سەددىچىن سېپىلغا يۈرگەن ۋاقىتتا، يول بويى ھاۋانىڭ بارغانسېرى نەملىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدۇق)، بۇمۇ سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە مىڭ سۇلالىسىدە ياسالغانلىقى توغرىسىدىكى پەرەزگە ماس كېلەتتى. 1420 ـ يىلىدىكى شاھرۇخ (Shah ـ Rukh ) ئەلچىلىرىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، ئاشۇ چاغدا جىيايۇگۇەنىنىڭ غەربىي چېگراسىدىكى تەكشۈرۈش پونكىتى سېلىنىپ بولغان بولۇپ، بۇلارغا ئاساسەن بىز تەكشۈرۈۋاتقان بۇ سېپىلنىڭ ئاشۇ



23 ـ رەسىم شىنجېڭزى ئەتراپىدىكى، سۇجۇنىڭ شىمالىدىكى قەدىمىي سېپىلى

مەزگىلدىمۇ بارلىقى توغرىسىدا خۇلاسە چىقىرالايمىز. ئۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرۇلغان بولۇپ، 1420 ـ يىلىغىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە سەددىچىن سېپىلىنى سېلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش توغرىسىدىكى تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىشى نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇلار ناھايىتى تولۇق بىلىنەتتى.

جىيايۇگۇەن مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ مەنبەسى

يەنە بىر مەسىلە بىز ئاللىبۇرۇن تەكشۈرگەن سېپىل بىلەن جىيايۇگۇەن يولى ئەتراپىدىكى سېپىل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسىدۇر. ئاۋۋالقىسى، جەنۇبىتا بېيداخې دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىن باشلىنىپ، شىمالدا خاۋشەنكۇ جىلغىسىغا يېتىپ بارىدۇ. ھازىرقى ساقلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كېيىنكىسىنىڭ يىل دەۋرى ئالدىنقىسىنىڭكىدىن خېلىلا كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈزۈلۈشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. كاڭشى خان مەزگىلىدە (1662 ــ 1723 ـ يىللار) يولغا قويۇلغان ئالغا ئىنتىلىش سىياسىتى ئەڭ ئاخىرىدا شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشقا تۈرتكە بولغانىدى. مىڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى ئۇزۇنغا

سوزۇلغان چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىبۇرۇن خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مۇشۇ پەيتتە، جىيايۇگۇەنگە سېلىنغان يەنە بىر مۇداپىئە لىنىيەسى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. ئۇ غەربتىكى چوڭ يولنى قامال قىلىپ تۇراتتى، ۋەزىيەتتە تۇساتتىن ئۆزگىرىش بولسا، ھەربىي ئىشلارغىمۇ ئىشلەتكىلى بولاتتى. 1697 ـ يىلىدىن بۇرۇن، چېگرا قورغىنى بولۇڭقىر ۋە دۇنخۇاڭ ئەتراپىغا كېڭەيگەن غەربىي شىمالدىكى كۈچلۈك جۇڭغار (Dzungar) ياكى ئويرات (Elenth) قەبىلىلىرىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق خەترىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما 1757 ـ يىلىغا قەدەر ئۇلار ئومۇميۈزلۈك يوقىتىلغان، چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ پۈتكۈل شىنجاڭ رايونىدا ئۆز ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى تەسىر كۈچى ئومۇميۈزلۈك يوقىتىلغان.

### خاۋشەنكۇ جىلغىسىدىكى قوش سېپىل تېمىنىڭ چۈشەندۈرۈلۈشى

مەن تۆۋەن خاۋشەنكۇ ئېغىزىدىكى ئايرىم جىلغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى كېسىپ ئۆتكەن، يۈزمۇيۈز تۇرغان ئىككى يول سېپىل تېمى توغرىسىدا توختىلىمەن. بۇ يەرنىڭ نىسبەتەن تۆۋەنىدىكىمۇ ئاخىرقى دەۋرلەرگە تەۋە سېپىل تېمى بولۇپ، ئۇنىڭ غوجا تام يۈزى غەربىي جەنۇب تەرەپكە قارىغان، بۇنىڭ جىيايۇگۇەننىڭ ئەتراپىدىكى مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ، خۇاڭخاۋيىڭنىڭ سىرتقى قىسمىنى بىخەتەرلىك ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. مېنىڭچە، ئۈستىدىكىرەك قەدىمىي سېپىلنى (يۈزى شەرقىي شىمالغا قارىغان) تۆۋەندىكىچە چۈشەندۈرۈش مۇمكىن: ئۇ جىيايۇگۇەننىڭ غەربىدىكى چوڭ يولنى قوغدايدۇ. ھەتتا مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، جۇڭگو غەربكە بارىدىغان مۇشۇنداق يولنى ئۆتەڭ تەسىس قىلىپ قوغدىغان. شاھرۇخ ئەلچىلىرى جىيايۇگۇەندىكى جۇڭگو چېگراسىغا يېتىپ بېرىشتىن بۇرۇن، «قۇملۇق»تىكى بىرقانچە

بەردە جۇڭگو ئەمەلدارلىرىنىڭ قوبۇل قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز بىتۇدىي گوئىسىنىڭ خاتىرىسىدىن ئۇنىڭ ئاشۇ دەۋردە قۇمۇل ۋە گەنجۇ يولىدىكى خەتەر سەۋەبىدىن، مۇشۇنداق قوغداشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇنىڭدىن سىرت، يۇقىرىدىكى ئۆتەڭلەر بىلەن ئوخشاش مەقسەتتە سېلىنغان تۇرلارمۇ بار ئىدى، ئۇلار خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، كروران يولىنىڭ دۇنخۇاڭ كۆزەتخانىسىدىن باشلانغان بۆلەكلىرىنىڭ سىرتىغىچە رېمونت قىلىنغان. شۇەنزاڭ قاشقۇۋۇقتىن چىققاندىن كېيىن ئاشۇ يوللاردىن مېڭىشقا مەجبۇر بولغانىدى. ناۋادا خاۋشەنكۇ چىلغىسىمۇ مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە سېپىل ئارقىلىق قامال قىلىنغان بولسا، جىيايۇگۇەن چېگرا دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى مەلۇم دائىرە ئىچىدە بۇ يول بىخەتەر بولاتتى، ھېچبولمىغاندا شىمالدىن كېلىدىغان تاجاۋۇزچىلىقتىن ساقلىنىپ قالغىلى بولاتتى. چۈنكى، بەيياڭ دەرياسىنىڭ سۈيى خۇخەيزى ئويمانلىقىدا شەكىللەندۈرگەن چىلغىغا بىرىشتىن بۇرۇن، شىمالىي تەرەپتىكى تىك تاغدىن ماڭىدىغان يولمۇ يوق ئىدى.

### جىيايۇگۇەن توغرىسىدىكى دەسلەپكى خاتىرىلەر

جىيايۇگۇەن ۋە سەددىچىن سېپىلىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئەمدى بىز غەرب سەيياھلىرىنىڭ بۇ قوۋۇق توغرىسىدىكى خاتىرىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى. ماركو پولو شاجۇدىن سۇجۇغا بېرىش يولىدا چوقۇم جىيايۇگۇەندىكى تار ئېغىزدىن ئۆتكەن، لېكىن ئۇ خارابىلىك ھەققىدە ھېچقانداق خاتىرە قالدۇرمىغان. بۇنى بىز ئاسانلا چۈشىنەلەيمىز، چۈنكى بىز بۇ ھەقتە توختالغان. ماركو پولو بۇ يەردىن ئۆتكەندە جىيايۇگۇەننىڭ خېشى كارىدورىنىڭ ئەڭ غەربىي چېگراسىنى ئوراپ تۇرۇۋدىغان سېپىلى تېخى ياسالمىغانىدى. مىلادىيە 938 ـ يىلى، جۇڭگونىڭ خوتەنگە ئەۋەتكەن بىر ئەلچىسى «تيەنمىن» دەپ ئاتىلىدىغان تار بىر

ئېغىزنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئورنىنىڭ گەنجۇنىڭ غەربىگە 100 مىل كېلىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بۇ جاي جىايۇگۇەندىكى تار ئېغىزنى كۆرسىتەتتى. ئەمما، يۈەن سۇلالىسى ھاكىمىيىتى مەزگىلىدە بۇ جايدا بىر قاراۋۇلخانا بولغان. قۇبىلاي خان دەۋرىدە، جۇڭگو سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ، غەرب بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قالغان مەزگىللەردە، بۇ قاراۋۇلخانىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمىغانىدى.

#### شاھرۇخنىڭ ئەلچىلىرى «قاراۋۇل» دىن ئۆتكەن

ھالبۇكى، شاھرۇخنىڭ ئەلچىلىرى 1420 - يىلى مۇشۇ يەردىن ئۆتكەندە ئەھۋالدا پۈتۈنلەي ئۆزگىرىش بولغانىدى. ئەلچىلەر نۇرغۇن سودىگەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا 25 كۈندە قۇمۇلنىڭ بىرىسىدىكى چوڭ قۇملۇقتىن ئۆتكەن. «جۇڭگو چېگراسى» غا ئاز قالغاندا، جۇڭگو ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى داغدۇغىلىق كۈتۈۋالغان. «ئۇلار قاراۋۇل (karaul) دەپ ئاتىلىدىغان مۇستەھكەم قورغانغا بارغان، بۇ قەلئە بىر جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، تاشيول جىلغىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن. ئۇلارغا ئۇ يەردە داۋاملىق يورۇش رۇخسەت قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسىملىرى خاتىرىلىۋېلىنغان. ئۇلار سۇجۇغا بارغاندا، شەھەر قوۋۇقىدىكى تۇرالغۇغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى». ھېنرى يۇل بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان تۈركىي تىلدا «قاراۋۇل» (مەنىسى: كۆزىتىش پونكىتى) دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈدىغان جاينىڭ جىايۇگۇەننى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان، بۇ تەرىپىدىن گۇمانلىنىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاشۇ يەردىكى «قورغان» نىڭ ھازىرقىلىرى بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر ئوخشىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

#### بۇسىيك خاتىرىلىگەن جىايۇگۇەن

بىر يېرىم ئەسىر بولماي، بىز قىتئالارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان قىزىقارلىق ھېكايىلەرنىڭ ئىچىدىن مەزكۇر چېگرا

www.uyghurkitap.com

مۇداپىئە ئۆتمىڭگە مۇناسىۋەتلىك بىر دوكلاتقا ئېرىشتۇق، ئۇنى جىسلېنلې بۇسبېك (Gislen le Busbeq) (چارلىس Charlesv، 5 ـ نىڭ پورتى، 1555 — 1562، porte، غا ئەۋەتكەن ئەلچىسى) جاھان كېزىپ يۈرگەن بىر تۈرك مۇسۇلماندىن ئاڭلىغانىكەن. بۇ ئەقىللىق ۋە چېچەن «تۈرك سەرگەردانى» بىلەن بىر سودا ئەترىتى پارس چېگراسىدىن يولغا چىقىپ، يىراق يەردىكى قىتانغا ساياھەتكە بېرىپتۇ. «ئۇلار نەچچە ئاي يول يۈرۈپ، ھالىدىن كېتەي دېگەندە بىر جىلغىغا يېتىپ كەپتۇ، بۇ جىلغا قىتان ئېلىنىڭ مۇھىم يول ئېغىزى ئىكەن. پادىشاھلىقنىڭ كۆپ قىسمى ئىچكى قۇرۇقلۇق بولۇپ، ئۇزۇن كەتكەن ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل، تىك يارلىق تاغ بۇ يەرنى ئوراپ تۇرىدىكەن، تار يولدىن باشقا ماڭغىلى بولىدىغان ھېچقانداق يەر يوق ئىكەن. پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن، بۇ يولنىڭ ئىچىگە بىر قەلئە سېلىنىپتۇ. ئۇ يەردە سودىگەرلەردىن: «ئېلىپ ماڭغىنىڭ قانداق نەرسە، قەيەردىن ئەكەلدىڭ، سىلەر قانچە ئادەم؟ دېگەندەك سوئاللار سورىلىدىكەن. ئۇلار جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، لەشكەرلەر يەنە بىر تۈرغا سىگنال يوللايدىكەن. ئەگەر كۈندۈزى بولسا تۈتەك ياقىدىكەن، كەچ بولسا ئوت ياقىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، خەۋەر بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن قىتان پادىشاھىغا يەتكۈزۈلىدىكەن، باشقىچە ئالاقىلەشكەندىمۇ، بىرنەچچە كۈن ۋاقىت كېتىدىكەن، پادىشاھ ئوخشاش ئۇسۇلدا ئۇلارغا بۇيرۇق يەتكۈزىدىكەن، ياكى بولمىسا ھەممىسىنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىدىكەن، ياكى بولمىسا بىر قىسمىنىڭ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىدىكەن، ياكى بولمىسا ھەممىسىنىڭ كېچىكىپ ئۆتۈشىگە رۇخسەت قىلىدىكەن··· ». بۇ بۆلەكتىكى خاتىرە پەرقلىق ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ جيايۇگۇەننىڭ ئورنىنى ئىنتايىن توغرا كۆرسەتكەن ھەمدە مىڭ سۇلالىسىنىڭ چېگرانى كونترول قىلىش تۈزۈمىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەن.

تۆرنىڭ ئىشلىتىلىشى چېگرا سېپىلىدىكى تۆرنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىنتايىن ياخشى ساقلانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

## 3 ـ بۆلۈم سۇجۇ ۋە ئوتتۇرا بۆلەكتىكى نەنسەن تېغى

**خەن سۇلالىسى ئىستېلاسىدىن كېيىنكى سۇجۇنىڭ مۇھىملىقى**

جيايۈگۈەندىن يولغا چىقىپ، 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى سۇجۇ شەھرىگە يېتىپ كەلدىم. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم جايلارنىڭ بىرى ئىدى. نەنسەن تېغىنى تەكشۈرۈش سەۋەبلىك، ئۇ يەردە ئالتە كۈن تۇرۇپ قالدىم، شۇڭا ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىنىمدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئالدىنقى مەزمۇندا خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىنىڭ نەنسەن تېغىنىڭ شىمالىدىكى ئېدىرلىق رايونلارنى ئىستېلا قىلغاندىن كېيىن، جيۇچۈەن ۋىلايىتىنى تەسىس قىلىپ، يېڭىدىن بېسىۋالغان رايونلارنى تەشكىللىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ پايتەختىنىڭ هازىرقى سۇجۇ ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدىم. مەن يەنە دۇنخۇاڭنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى مۇھىم جايلارنىڭ سېپىلىنىڭ مۇستەھكەم ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقىنى ھېس قىلدىم، بۇ قەدىمكى مۇداپىئە قورغانى توغرىسىدىكى پۈتۈكتىن ئېرىشكەن ئىسپات ئىدى.

**سۇجۇنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە سودىسى**

بېيداخې دەرياسى ھەم ئۇنىڭ ئېقىنلىرى (ئۇنىڭ سۈيى نەنسەن تېغىدىكى ئۇچ قارلىق تاغدىن كېلەتتى) دىن كەلگەن يېتەرلىك سۇ بۇ رايوندىكى تېرىقچىلىق كۆلىمىنى كېڭەيتكەنىدى. مانا مۇشۇنداق ئەۋزەللىك سۇجۇنى جۇڭگونىڭ غەربىدىكى مۇھىم جايغا ئايلاندۇرغانىدى، بۇنداق ئەۋزەللىك خەن دەۋرىدىن تارتىپ تا هازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەنىدى، 1877 ـ

يىلىدىكى شىنجاڭنى غەلىبىلىك قايتۇرۇۋېلىش ئۇرۇشىغىمۇ دەل سوجودا تەييارلىق قىلىنغان. تونگانلار توپىلىڭى سەۋەبلىك نوپۇس ئازلاپ كەتكەن بۇ رايون قايتىدىن نوپۇس كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ھەربىي قوشۇنى ۋە غەربىي شىمالدىن ئۆتۈشتىكى بازىسى بولغان مۇھىم جايغا ئايلانغانىدى. سوجو يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا يىپەك يولىدىكى جۇڭگو مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇدىغان جاي بولغاچقا، ناھايىتى مۇھىم رولغا ئىگە ئىدى. ھەتتا جۇڭگونىڭ بۇ قەدىمىي يولى ئۆزگەرگەن بولغىنىدىمۇ سوجو يەنىلا ناھايىتى گۈللەنگەن شەھەر ھېسابلىنىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەۋزەللىك بولغاچقا، موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي جەنۇب رايونلىرىنىڭ كۆپ قىسىم ئېھتىياجى دەل مۇشۇ يەر ۋە گەنجۇدا تەمىنلىنەتتى.

نەنسەن تاغ تىزمىسىدىكى چوڭ دەريا ۋادىسى

بىز بىر قاتار گۈزەل، كەڭرى كەتكەن ئېگىز دەريا ۋادىلىرىدىن ئۆتتۇق. بۇ ۋادىلاردا پامىر ئېگىزلىكىدىكى ۋادىلارغا ئوخشاش يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر نىسبەتەن مول ئىدى. مەن دەۋاتقان چوڭ ۋادىنى كارىدور (خېشى كارىدورى) نىڭ يېنىدىكى نەنسەن تېغى، تاۋلېشەن تېغى، تاۋلېنەنسەن تېغى ھەمدە سولې جەنۇبىي تېغى قاتارلىق قارلىق تاغلار ئوراپ تۇرغان ئېگىزلىك ئايرىپ تۇراتتى، ئۇلار سوجو دەرياسى، گەنجو دەرياسى ھەمدە سولې دەرياسىنىڭ سۈيىنى بىر ئېقىنغا يىغاتتى. بۇ ۋادىلار تەخمىنەن 11 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتىن باشلاپ تۆۋەن قىسمىدىكى چوڭ ئويمانلىقنى ھاسىل قىلغانىدى، ئوتلاق بىلەن قوشقاندا، ئۇ يان تەرەپتىكى تاغلىق رايونغا سوزۇلغانىدى. ئاشۇ ئېگىزلىكتە ھەمدە دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 13 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتىكى ۋادىدا يازلىق چارۋىچىلىق مەيدانى شەكىللەنگەنىدى. بۇ ئوتلاق مەن پامىردا كۆرگەن ھەرقانداق ئوتلاقتىن گۈزەل ھەم مۇنبەت ئىدى. بۇ ئوتلاقنىڭ كۆلىمىنى تۆۋەندىكى سانلىق مەلۇماتلار بىلەن مۆلچەرلەپ چىققىلى بولىدۇ:

بېيداخې دەرياسىنىڭ ئۈستۈنكى ئېقىنىدىكى كەڭ كەتكەن دەريا ۋادىسىنىڭ تۈز سىزىق ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 مىلدىن كەم ئەمەس، كەڭلىكى 12 مىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق، ئەمما گەنجۇ دەرياسىنىڭ ئۈستۈنكى ئېقىنىنىڭ ئەتراپى تېخىمۇ كەڭ ئىدى.

### ئېگىز ۋادىدىكى زور كۆلەملىك چارۋىچىلىق مەيدانى

نەم ھاۋا رايى تۇپەيلى بۇ دەريا ۋادىلىرىدا زور مىقداردىكى ئوتلاقلار پەيدا قىلغان، ئۇلار ئەنشى ۋە دۇنخۇاڭنىڭ جەنۇبىدىكى قاقاس تاغلىق رايونلاردىن روشەن دەرىجىدە پەرقلىنەتتى. بۇ خىل نەم كارىدورنىڭ ھاۋا يېنىدىكى نەنسەن تېغى قار سىزىقىدىن ئۆتكەچكە، شەرقىي شىمال تۆپىلىكىمۇ مول يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغانىدى. 1907 - ۋە 1914 - يىللىرى ماياڭخې (بۇ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، بۈگۈنكى مايىڭخې دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) دەرياسىنىڭ شەرقىدىن گەنجۇ ھەمدە ئۇنىڭ سىرتىدىكى ئويمانلىقلارغا كىرىپ قىلغان تەكشۈرۈشلىرىمىزدە دەريا ۋادىسىدىكى مول ۋە مۇنبەت ئوتلاقلارنى ھەمدە بىپايان ئورمانلىقنى ئۇچراتقانىدۇق. بۇ خىل ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنىڭ ئىقتىسادقا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بۇرۇنلا تەكىتلىگەن ئىدىم. گەنجۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ ئېتىكى رايونىدا، بۇنداق چېگرا ئايرىش سىزىقى ئىنتايىن روشەن بولۇپ، چېگرا سىزىقىنىڭ سىرتىدىكى جايلاردا سۇغىرىش ئارقىلىق يەر تېرىش ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى ئۇلار پۈتۈنلەي يامغۇرغا تايىنىپ تېرىقچىلىق قىلاتتى.

### نەنسەن ئوتلىقىغا ئېتىبارسىز قاراش

مۇشۇ يەردىكى كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان تەبىئىي شارائىتلارغا ئوخشاش، نەنسەن تېغى چوڭ ۋادىسىدىكى گۈزەل ئوتلاقتا پۈتۈنلەي ئېتىبارسىز قارالغان. ياز پەسلىدە بۇ تاغلىق

www.uyghurkitap.com

رايونلاردا كۆرمىگىلىغان ئات، كالىلار ئوتلىيالايتتى، بۇ يەر ئالەي تېغى ۋە ئوتتۇرا ۋە غەربىي تەڭرىتاغنىڭ داڭلىق ئوتلاقلىرىغا ئوخشاشلا، باتۇر كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرگە نىسبەتەن كۆچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى. ئەمما، بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئىللىق پەسىلدە، بۇ يەرگە ئادەم كەلمەيدىكەن. بۇ جايدىكى ئۈچ ھەپتىلىك جاپالىق ساياھەتتە، تەخمىنەن 320 مىل ماڭغانىدۇق، بۇ يەرگە كېلىپ ئالتۇن چايقايدىغان ئاز ساندىكى تۇڭگانلاردىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنى ئۇچراتمىدۇق. ئالتۇن چايقاش ئورنى تەخمىنەن 14 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ، كەلكۈن تۇسمىسى ۋە گەنجۇ دەرياسى سۇ بۆلگۈچ چوققىسىنىڭ ئەتراپىدا ئىكەن.

**ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكنىڭ سىياستى بۇ خىل ئېتىبارسىزلىقنى چۇشەندۇرۇپ بەردى**

ئىرق ھەم سىياسەتنىڭ ئەمەلىيلىكى نۇقتىسىدىن بىرلەشتۇرۇپ ئۇلارغا ئېتىبارسىز قارىغانلىقنى چۇشەندۇرگىلى بولاتتى، خەنزۇلارنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشنى ياقتۇرماسلىقى توغرىسىدا بۇ يەردە قايتا توختالمايمىز. بۇ خىل ئەنئەنە ئىزچىل ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھېسابلىناتتى، ئۇ مۇقەررەر ھالدا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن نەنسەن تېغى جىلغىسىدىكى ئاشۇ ئوتلاقلاردىن پايدىلىنىشنى توسۇپ قالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، خەنزۇلار ئۇزاق يىللاردىن بۇيان شىمالىي چوڭ ئوتلاقتىكى قوشنىلىرىنىڭ — ھۇنلار، تۈركلەر، موڭغۇللار ياكى جەنۇب تەرەپتىكى تىبەتلەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ كەلگەچكە، بۇ تەجرىبىلەردىن ساۋاق ئېلىپ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ۋادىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا قاراپ تۇرمىغان. گەنسۇغا ئوخشاش شىددەت بىلەن كېڭىيىۋاتقان جايلار جۇڭگو كۈچىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇھىم دەستىكى

ھېسابلىناتتى. شۇ سەۋەبتىن بارلىق تارىخىي دەۋرلەردە، جۇڭگونىڭ چېگرا رايون سىياسىتىنىڭ بىۋاسىتە پايدىسى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر (مەيلى قايسى ئۇرۇقتىن بولسۇن)نى بۇ تاغ رايونىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ قويغان. لېكىن، بەزى سىياسىي ئېھتىياج تۈپەيلى، بۇ تاغلىق رايونلارتەرتىپكە سېلىناتتى. تۇڭگانلار ئەڭ ئاخىرقى قېتىم توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن كېيىنكى ئەھۋالمۇ دەل مۇشۇنداق ئىدى.

### نەنسەن تېغىنىڭ شىمالىي ئېدىرلىقىدىكى چارۋىچى قەبىلە

ئەمما، ئۇزۇندىن بېرى يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتتە ئادەمگە غەلىتە تۇيغۇ بېرىدىغان زىددىيەت مەۋجۇت ئىدى. مەن تاغدىن چۈشۈپ گەنجۇغا بارىدىغان ۋاقتىمدا، يېرىم خەنزۇلاشقان موڭغۇل بارگاھىدىكىلەرنى ئۇچراتتىم، ئۇلار شاخېي بىلەن لىيۇەنخې ئوتتۇرىسىدىكى ئورمانلىق ئوراپ تۇرغان ئېگىزلىكتە پادا باقىدىكەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ نوپۇسى، مال - تۇياقلىرىنىڭ سانى، ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئوتلاق ۋە كۆپ خىل يەر يۈزى ئەۋزەللىكى سېلىشتۇرمىسىنىڭ روشەن ھالدا كىچىكلىكىگە دىققەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ يىلقا بېقىش ئۇسۇلىنى «بېقىپ كۆندۈرۈش» دەپ ئاتىدىم. ئەمما، ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىلەن ھازىرقى ئەھۋالى قارىماققا جۇڭگونىڭ بۇ رايوندىكى چېگرا مۇداپىئە سىياسىتىنىڭ يۈزەكى چۈشەندۈرۈلۈشىدەك كۆرۈنەتتى، مەن بۇ توغرىسىدا پەقەت ئاخىرىغا بارغاندا ئاندىن ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. ئۇنى پولكوۋنىك مانىنېرھېيم (C.G.E.Mannerheim) نىڭ ئەسىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن چۈشەندىم، مەزكۇر كىشى فىنلاندىيىنىڭ داڭلىق ئەمەلدارى ئىدى. ئۇنىڭ ماقالىسىدە مۇنداق يېزىلغانىدى: بۇ يەر كىچىك بولۇپ، ھازىر تېز سۈرئەتتە ئولتۇراقلىشىۋاتقان قەبىلىنىڭ يازلىق بارگاھى ئىدى، بۇ قەبىلىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنى سېرىق ئۇيغۇر دەپ ئاتايدىكەن،

www.uyghurkitap.com

ئۇلار موڭغۇل دىئالېكتىكىدا سۆزلىشىدىكەن. 17 - ئەسىردىكى جۇڭگو دائىرىلىرى ئۇلارنى ئاڭلىق ھالدا «سېرىق سىرتى» دىن گەنسۇنىڭ چېگرا رايونىغا كۆچۈرۈپ كەلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت، «غوز» ياردەمچىلىرىگە ئېرىشىپ، غەربىي شىمالدىن كېلىدىغان جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇش ئىكەن. سېرىق ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنى سارو ئۇيغۇرلىرىنىڭ كىچىك ئىجتىمائىي توپى بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار دەپ قارايدىكەن. بۇ قەبىلىلەر بىر خىل تۈركىي تىلدا سۆزلىشەتتى، ئۇلار بىرنەچچە چارۋىچىلىق رايونلىرىدىن يىغىلغان. بۇ قەبىلىلەر شېغىللىق تۈزلەڭلىكتىكى ئوت - چۆپى بار جايلارغا تارقالغان. مەركىزى تۈزلەڭلىك سۇجۇ - گەنجۇ چوڭ يولىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە، شۇاڭجىڭزى بىلەن گاۋتەي بوستانلىقىنىڭ ئارىسىغا تارقالغان.

توخرىلارنىڭ قەدىمكى مەھەللىسى

بۇ قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، ئۇزۇق ئالاھىدىلىكى ھەمدە نۆۋەتتىكى ھالىتى توغرىسىدا پەقەت گېنېرال ماننېرھېيمنىڭ ئىرق تارىخىغا ئائىت داڭلىق ئەسىرى بولسىلا يېتەرلىك. بۇ يەردە بىزنى قىزىقتۇرىدىغىنى، ئۇلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىستېلا قىلىش جەريانىغا تۈرتكە بولغان زامانىۋى قىستۇرما رەسىمنىڭ بولغانلىقىدا. جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىياسىي مەنپەئەتىنىڭ تۈرتكىسىدە، قار قاپلاپ تۇرىدىغان نەنسەن تېغى ئېتىكىدىكى بۇ «كارىدور» (رىتتېر خېلى ئۇزۇندىن بۇيان بۇ يەرنى شۇنداق ئاتاپ كەلگەن) نى بويلاپ ئىشغال قىلغاندىن كېيىنمۇ، بۇ جەريان توختىماستىن داۋاملاشقان. جۇڭگودىكى بىر پارچە تارىخىي خاتىرىدە، مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىۋاسىتە ئىسپات بار. ئۇ گەرچە مىلادىيە 10 - ئەسىردىكى ئىشقا ئالاقىدار بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دەۋردىن بۇرۇنقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالىنى

چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ياردىمى بار. گاۋ جۇخۇي تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: مىلادىيە 938 ـ يىلى جۇڭگو ئەلچىسى بۇ چېگرانى بويلاپ خوتەنگە بارىدىغان ۋاقىتتا «لياڭجۇدىن غەربكە 500 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن گەنجۇغا بارغان، گەنجۇ ئۇيغۇر ( uigurs ياكى hui – ho ) لارنىڭ پايتەختى ئىدى. نەنسەن تېغىدىن 100 نەچچە چاقىرىم كېلىدىغان يەر خەن دەۋرىدىكى توخرىلارنىڭ قەدىمكى يۇرتى ئىدى، ئۇ يەردە ساتارلار (سارت) دەپ ئاتىلىدىغان باشقا بىر مىللەت بار بولۇپ، ئۇلار يۇنجۇيى ئۇرۇقىدىكىلەرنىڭ ئەۋلادلىرى ھېسابلىنىدۇ («يېڭى بەش دەۋر تارىخى» 74 ـ جىلددىن ئېلىنىدى ـــ خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن).

گەنسۇنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان ساتار قەبىلىسى

گاۋجۇخۇي بۇ يەردە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ساتارلار غەربىي تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسىدۇر، ئۇلار تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە باركۆل(Barkul) نىڭ شەرقىدە ئولتۇراقلاشقان، 808 ـ يىلىدىن كېيىن گەنسۇنىڭ شىمالىي چېگراسىنى قوغداش ئۈچۈن، بۇ يەرگە كۆچۈرۈلگەن. گاۋ جۇخۇينىڭ بۇ يەردە ساتارلارنى تىلغا ئېلىشى بىزگە، ئۇلارنىڭ بىز تېز سۇرئەتتە تەكشۇرگەن تاغلىق رايوننى مەلۇم مەزگىل ئىگىلىۋالغانلىقىدىن ئېنىق بېشارەت بەردى. ئۇلار شۇ مەزگىللەردە گەنجۇنى ئىگىلىۋالغان ئۇيغۇرلارغا تەۋە ئىدى، ئەمما بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى شۇكى، گاۋ جۇخۇي دەۋرىدىكى يەرلىك رىۋايەتلەردە نەنسەن تېغىدىكى ئاشۇ دەريا جىلغىلىرى ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ بۇرۇن خەن دەۋرىدىكى توخرىلارنىڭ مال ـ چارۋا باقىدىغان يېرى ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر» دىكى بىر مۇھىم بۆلەكتە، توخرىلار ـــ لياڭجۇ ۋە دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدىكى بارلىق رايونلارنىڭ ئىلگىرىكى خوجىسى ـــ ھۇنلار تەرىپىدىن مەغلۇپ

قىلىنىپ، مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ھىندى دەرياسىغا كۆچۈرۈۋېتىلگەن سكىتايلارغا ئوخشاش ئامۇ دەرياسى قاتارلىق جايلارغا كەڭ كۆلەملىك كۆچكەندە، كۆچمىگەنلەردۇر، ئۇلار نەنسەن تېغىدىكى چاڭلارنى ساقلاپ قالغان، نامى توخرى، دېگەن مەلۇماتنى بەرگەن.

## كېيىنكى خەن ھەمدە كېيىنكى مەزگىللەردىكى توخرىلار

بىز «كېيىنكى خەننامە»دىن توخرىلارنىڭ شىنىڭ رايونغا تارقالغان چاڭ ۋە تىبەت قەبىلىلىرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايىدا پاناھلانغاندىن كېيىن، خەن سۇلالىسىگە بويسۇنغانلىقىنى چۈشەندۇق. ئۇ ۋاقىتتا، يەنى مىلادىيە 121 ـ يىلى ھۇنلار گەنسۇدىن قوغلاپ چىقىرىلغان، توخرىلارنىڭ بىر قىسمى شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ گەنجۇدىكى كونا ماكانىغا قايتقانىدى. مىلادىيە 189 ـ يىلى، ئوخشاش بىر تارىخىي كىتابتا توخرىلار ئارىسىدىكى بىر مەيدان ئاسىيلىق تىلغا ئېلىنغان، ئۇلار گەنجۇ ئەتراپىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ ئۆزلىرىگە قاراتقان ھۆكۈمرانلىقىغا قارشىلىق كۆرسەتكەن. خەن سۇلالىسىنىڭ بىر قىسىم توخرىلارنى ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇپ كېلىشتىكى مەقسىتى بىلەن، كېيىن بۇ رايونغا ساتار، سالا ۋە سېرىق ئۇيغۇرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتىكى مەقسىتى ئوخشاش بولۇپ، بۇ يەرنىڭ مۇداپىئەسىنى غايەت زور ھەربىي كۈچ بىلەن تەمىنلىگەن. ئەمما، توخرىلارنىڭ باشقا بەزى خارابىلىكلىرى روشەنكى غەرب تەرەپكە يېقىن تاغ ئىچىدە ساقلانغان. «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىكى مىلادىيە 239 ـ، 265 ـ يىللىرىدىكى خاتىرىدە توخرىلارنىڭ قالدۇقلىرى تىلغا ئېلىنغان، تىبەت قان سىستېمىسىغا تەۋە بولغان قەبىلىلەر دۇنخۇاڭدىن پامىرغا سوزۇلغان «نەنسەن تېغى» دا ئولتۇراقلاشقان. 939 ـ يىلى، گاۋ جۈخۈي دۇنخۇاڭنىڭ غەربىدىكى قاقاس تاغلىق ئىچىدىكى جۇڭيۇن قەبىلىسى

چېگراسىدىن ئۆتكەندە، «جۇڭگىيۇنلەرنىڭ توخرىلاردىن قالغان ئۇرۇق» ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى ئېنىق خاتىرىلىگەن. ئۇلار باتۇر، ئۇرۇشقا ماھىر، گۇاجۇ ۋە شاجۇ كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇلاردىن ئىنتايىن قورقىدۇ، دەپ تەسۋىرلىگەن.

### نەنسەن تېغىدىكى ئوتلاقنىڭ مۇھىملىقى

بۇ يۈزەكى تارىخىي خاتىرىلەرنىڭ بۇ رايوننىڭ مۇھىملىقىنى ئىسپاتلاشتا ياردىمى چوڭ. ئوتتۇرا قىسىمىدىكى نەنسەن تېغى دەريا ۋادىسى ۋە ئېگىزلىكتىكى كىشىگە ياقىدىغان تەبىئىي شارائىت، لياڭجۇ ۋە سۇجۇ رايونلىرى تارىختىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇن تۇتقانىدى. ناۋادا ئۇ يەردىكى كەڭ كەتكەن يازلىق چارۋىچىلىق مەيدانى بولمىغان بولسا، كارىدورنىڭ يېنىدىكى نەنسەن تاغ ئېتىكى ۋە شىمالغا يېقىن قۇرغاق، شېغىللىق جايلار ئارىسىدىكى تار تېرىقچىلىق رايونى تارىختىكى بىر قاتار كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر — ئۇيسۇن، توخرى، ھۇن، تىبەت، ئۇيغۇر، تاڭغۇت ھەمدە موڭغۇللارنىڭ تالىشىش ئوبيېكتىغا ئايلىنىپ قالمىغان بولاتتى.

### «كارىدور» نىڭ يان تەرىپىدىكى نەنسەن تېغى

دەرۋەقە، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە (ئەڭ دەسلەپتە مۇشۇ يەرنى بېسىۋالغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە 2000 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئۆتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىزچىل ھالدا كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىنى «كارىدور»نىڭ سىرتىدا توسۇشقا كۆچ چىقاردى) نىسبەتەن، بۇ رايوننى قوغدىمىسا زادىلا بولمايتتى. ئۇلار بەلكىم ئاشۇ تاغلىق رايونلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى بىلەن ھېسابلاشمىغاندۇ، بۇ تاغلىق رايونلار «كارىدور»غا موھتاج ئىدى، چۈنكى «كارىدور» ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سودا ۋە سىياسىي ئىشلىرى ئۈچۈن بىخەتەر داغدام يول ھېسابلىناتتى. جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىز تاغنىڭ قىممىتى دەل ئۇنىڭ بىر تەبىئىي توسۇق

بولغانلىقىدا ئىپادىلىنەتتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ غەرب تەرىپىدىكى چوڭ يولغا يان تەرەپتىن قوغداش رولىنى ئوينىغان. مەن مۇشۇ تۇسۇقتىن ئۆتىدىغان بارلىق يوللارغا دىققەت قىلىپ باقتىم، كۆپىنچىسى يولغا ھەمدە دەريا ۋادىسىنىڭ ئېغىزى ماس كېلىدىغان تۇرلار، «قەبرە» ياكى ھەربىي پونكىتتىكى قوغدىنىش ئورۇنلىرىغا تەسىس قىلىنغانىدى، بۇ تا بۇگۈنگە قەدەر كىشىلەرنىڭ بۇ ئورۇنغا ئېتىبار بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

**نەنسەن تېغىدىكى شىمالىي تۆپىلىكنىڭ ئاستىدىكى قىشلىق ئوتلاق**

شۇنداق بولسىمۇ، ئەگەر مۇۋاپىق ھاۋا رايى شارائىتىدا ئوتتۇرا قىسمىدىكى نەنسەن تېغىدا زور مىقداردا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر بولمىغان، ئېرىقچىلىق رايونىنىڭ يېنىدىكى زور مىقداردىكى قىشلىق ئوتلاقنىڭ ئەۋزەل شارائىتى بولمىغان بولسا، يەر كۆلىمى نىسبەتەن چەكلىك بولغان كۆچمەن چارۋىچىلارغا نىسبەتەن بۇ يەرنىڭ ئۇنچىلىك زور جەلپ قىلىش كۈچى بولمىغان بولاتتى. بۇ يەر شۇنىڭدىن تارتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاز بىر قىسىم مىللەتلەرنىڭ بىر قاتار تارىخىي مەزگىللەردىكى ئاساسلىق پائالىيەت رايونى بولۇپ قالغان. كۆپ خىل جۇغراپىيەلىك ئامىللارنىڭ ئۇنىۋېرسال تەسىرىدە، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قىشلىق ئوتلاق نەنسەن تېغى كارىدورىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغنىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئېدىرلىق ياكى مۇھمىراق دەريا ئېقىنىنىڭ تۆۋەنكى دەريا ۋادىسىغا كەڭرى تارقالغان. ئۇ تاغ ئېتىكىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا، ھەتتا 1914 ـ يىلى مەن تەكشۈرگەن زەنجىرسىمان قاقاسلىق تاغ ئېگىزلىكىگە يېقىنلىشىدۇ. بۇ خىل رەتكە تىزىلىش لىنىيەسىدىكى قاقاسلىق تاغ ئېرىقچىلىق رايونىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئالاتاغ ۋە بېيشەننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ.

**تارىختىكى «كارىدور» نى تالىشىش كۈرىشى**

مەن جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئاساسلىنىپ بۇرۇن ئىخچام قىلىپ كۆرسەتكەندەك، تارىخ بىزگە ئېيتىپ بەرگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ تەسىر كۈچى كىرىشتىن بۇرۇن ئۈيسۇنلار، توخرىلار ھەمدە ھۇنلارنىڭ مۇشۇ رايون ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇش - تالاشلىرىدىن بىز زادى نېمىنى چۈشىنەلەيمىز؟ ناۋادا بىز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەرنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربكە تۇتىشىدىغان يولنى ئاچقان دەپ توغرا باھا بەرسەك، ئۇنداقتا بۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بۇ جايغا بولغان تالاش - تارتىشىنىڭ بۇرۇن جەزمەن پات - پات يۈز بېرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

## 4 - بۆلۈم  گەنجۇدىن ئالتۇن مۇنارغىچە

**گەنجۇ ۋە ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكى**

8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى گەنجۇغا يېتىپ كەلدىم، بۇ ئەڭ شەرقىي قىسمىدىكى چېگرا ھېسابلىنىدۇ. گەنجۇ بىپايان مۇنبەت تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، گەنجۇ دەرياسى ياكى خېيخې دەرياسى ھەمدە غەرب تەرەپتىكى ئىككى تارماق ئېقىن بۇ يەرنى زور مىقداردىكى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدىكەن، ئۇنىڭ ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ شەھەر باشقا جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكلەرگىمۇ ئىگە. گەرچە ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى (دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 5100 فۇت ئېگىز ھاۋا كىلىماتىغا ئىگە) سۇجۇ بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئادەمگە ناھايىتى ياقىدۇ. ياز پەسلىدە بۇ جايدا تېخىمۇ كۆپ يامغۇر ياغىدۇ، ئەمما قىش ۋە ئەتىياز پەسلىدە شىمالىي تەرەپتىكى قۇملۇقتىن كەلگەن قەھرىتان سوغۇقنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. كېيىنكى بىر خىل

www.uyghurkitap.com

ئەۋزەللىكىنى گەنجۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى قاقاس ئېگىزلىك تەمىنلىگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئېگىزلىك دەريانىڭ چوڭ ئايلانما قىسمىدىن شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان، ئۇنىڭ ئەڭ شەرق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 9000 فۇت كېلىدۇ. ئەمما، ئىنتايىن مۇھىم ئەمەلىيەت شۇكى، گەنجۇ دەرياسىنىڭ تاغدىن سۇ چىقىش ئېغىزىدىكى دەريا قىرغىقى لىنىيەسىنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر تاغ ئېتىكى بەلبېغى بولۇپ، ئۇ يەردىكى تەبىئىي مۇنبەت يانتولۇقىنى سۇغارمايمۇ تېرىغىلى بولىدۇ.

### گەنجۇ ۋە ئۇنىڭ مەركىزىي ئورنى

گەنجۇ بىر ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلىگەن، نەنسەن تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان «كارىدور» ئۇنىڭ باشقا قىسىملىرىنى بىر - بىرىگە باغلاپ تۇرىدۇ، بۇ ئالاھىدە ئورۇندىن قارىغاندا، ئۇ جەزمەن مۇھىم مەمۇرىي ۋە سودا مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. گەنجۇ سۇجۇ بىلەن لياڭجۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، بۇ ئىككى يەر ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان ئاھالىنى باقالايدۇ. غەربىي جەنۇب يۆنىلىشتە گەنجۇ يەنە شىنىڭ بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدۇ. ئۇ شىزاڭغا بارىدىغان ئالدىنقى قاراۋۇل بولۇپ، بۇ يەردە تاغ ئېغىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان، دائىم ئىشلىتىلىدىغان بىر يول بار، بۇ يول ئارقىلىق داتۇڭخې (Tatung River) دەرياسى ۋادىسىغا بارغىلى بولىدۇ، بۇ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى (خۇاڭشۇي دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى - خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن). بۇ يول لياڭجۇ ۋە غەربىي جەنۇبتىكى تاغ تىزمىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىردىنبىر قاتناش لىنىيەسىنى ھاسىل قىلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ گەنسۇغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىدا ئىنتايىن ئۈنۈملۈك رول ئوينىغان. ئاخىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى، مەيلى سۇجۇ، لياڭجۇ بولسۇن بۇ ئىككى شەھەر

ئاسانلا شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىسىمۇ، گەنجۇ شىمالىي تەرىپىدىكى قالايمىقان چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىزلىكلەر ۋە چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلار ئارقىلىقمۇ ھەرقانداق بىر بىۋاسىتە ھۇجۇمدىن قۇتۇلۇپ قالالايدۇ.

**«قاراسۇ بەگلىكى» خارابىسى**

گەنجۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئاساسىي قوۋۇقنىڭ غەربىي شىمالى يۆنىلىشىدىكى تۈز سىزىق لىنىيەسىگە تەخمىنەن 6 مىل كېلىدىغان يەردە (ئۇ يەر يەنزى كەنتىنىڭ سىرتىدا) يول بىر يۇقىرى تەرىپىدە شالاڭ چاتقاللار ئۆسكەن، قىسمەن جايلىرى قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان بىپايان بەلباغقا كىرىپ كېتىدۇ، بۇ يەردە شامالدا يېمىرىلگەن بىر جاي بولۇپ، جەنۇب — شىمال ئۇزۇنلۇقى 3 مىلدىن كۆپرەك، كەڭلىكى 2 مىل كېلىدۇ، ئۈستى كىچىك ساپال پارچىلىرى، قاتتىق خىشقا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن قاپلانغان بولۇپ، شىنجاڭدا كۆرگەن مۇنارغا ئوخشايدۇ. بۇ خارابىلىك «قاراسۇ بەگلىكى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر، ئەنشىدىكى ۋاقتىمدا قەدىمىي يادىكارلىقلار سودىسى قىلىدىغان دوستۇم لى ئەپەندى ماڭا بۇ يەردىن ئوخشىمىغان تۈردىكى قەدىمىي يادىكارلىقلار چىققانلىقىنى دېگەنىدى. بەزىدە بۇ قەدىمىي يادىكارلىقلار گەنجۇغا ئېلىپ كېلىنىپ، يىغىپ ساقلىغۇچىلارغا بېرىلىدىكەن. بۇ جاينىڭ شەرق تەرىپىنى بويلاپ 25 ~ 30 فۇت ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرى دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ يەر يۈزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەرقانداق بىر خارابىلىكنى پۈتۈنلەي يېپىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئېگىز قۇم بارخانلىرىدىن سىرت، ھەممىلا يەردە دېگۈدەك شامالدا يېمىرىلگەن 1~3 فۇت ئەتراپىدىكى كىچىك تۆپىلىكلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە قېلىن ساپال ۋە خىش پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.

**خارابىلىكتىكى قورۇق تام**


قېپقالغان زور مىقداردىكى ساپال پارچىلىرىدىن قارىغاندا، بۇ

www.uyghurkitap.com

خارابىلىكنىڭ تاشلىۋېتىلگەن دەۋرى ئۈنچىلىك كېيىن ئەمەس، مەن يەر يۈزىدىكى كۆرگىلى بولىدىغان خارابىلىكنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرگەندىن كېيىن، بۇ ھۆكۈمنى تېخىمۇ ئېنىق ئىسپاتلىدىم. تەخمىنەن 60 كۋادرات يارد كېلىدىغان جايدا كېسەك بىلەن سېلىنغان بىر كىچىك قەلئە بولۇپ، ئېگىز قۇم بارخانلىرىنىڭ شەرقىگە يىراق ئەمەس ئىكەن، ئۇنىڭ يېرىمىنى قۇم تۈزلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭدىن باشقا، مەن چوڭ يولنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە تەخمىنەن 1 مىل كېلىدىغان جايدا 300 يارد كېلىدىغان بىر قورۇق تامنى بايقىدىم (24 ـ رەسىمگە قاراڭ)، ئۇ شەكىل ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئاشۇ «شەھەرلەر» گە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

شامالدا يېمىرىلىشنىڭ تەسىرى

بۈگۈنگىچە مۇشۇ چەت ـ ياقا يەرنى بويلاپ سېلىنغان كۆپ قىسىم يېزا ـ كەنت ۋە بازارلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن دالدىلىنىشقا ئىنتىلىدۇ. تامنىڭ ئۈستى قىسمىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 8 فۇت، ئېگىزلىكى 20 فۇت كېلىدۇ، شەرقىي شىمال بۇلۇڭىدا بىر غايەت زور چاسا شەكىللىك مۇنار بار، شەرقىي تام



24 ـ رەسىم گەنجۇ قاراسۇ بەگلىكى خارابىلىكىنىڭ شەرقىي جەنۇب ئۇچىدىكى تاشلاندۇق تام، غەربتىن شىمالغا قارىغاندىكى كۆرۈنۈشى

ئىچىدىكى كۆچمە قۇم دۆۋىسىنىڭ قېلىنلىقى 11 فۇتتىن ئارتۇق بولۇپ، خۇددى ئەنشىدە كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش، ئۇمۇ ئاساسلىق شامالنىڭ شەرق تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، كۆچمە قۇم گەنجۇ دەرياسىنىڭ قىنىدىن بۇ يەرگە كەلگەن، بۇ ئەتراپتىكى دەريا قىنىنىڭ كەڭلىكى 2 مىل كېلىدۇ.

بايقالغان نەرسىلەر

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شەرقىي تامدا تەكشۈرگەن كىچىك يېرىقلار مەزكۇر يەرنىڭ شامالدا يىمىرىلىش دەرىجىسىنىڭ ئەنشى رايونى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. قورۇق تامنىڭ ئىچىدە كۆپ مىقداردىكى خىش پارچىلىرى بار بولۇپ، بۇ ئۆي ئۇلى بارلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى، شۇڭا سىلىق بولۇڭلۇق كېسىشمە يولنى ھازىرمۇ ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى، بارلىق ئىمارەت خارابىلىكلىرى يېقىن ئەتراپتا ئولتۇراقلاشقان ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان، ئۇلارنىڭ كۆزلىگىنى ئىچىدىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىدى. قورۇق تامنىڭ ئىچىدە كۆپ مىقداردا فارفور بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى بار بولۇپ، بۇ يەر ۋە باشقا جايلاردىن يىغىۋېلىنغان ئەۋرىشكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ. مەزكۇر تاتىنىڭ شىمالىي گىرۋىكىگە يېقىن جايدا ئۈچىنچى قورۇق تام بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى كېيىنكىسى بىلەن ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تامنىڭ گەۋدىسى ئوخشاشلا ياخشى ساقلانغان. ئۇنىڭ غەربىي تېمىدىكى شامالدا يىمىرىلگەن يەر يۈزىدىن «كەييۈەن» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ بىر دانە يارماق يىغىۋېلىندى. لى ئەپەندىنىڭ قاراشۇ بەلگىسىدە تاڭ دەۋرىگە ئائىت مىتال بۇيۇملار بايقالدى، دېگەن گېپىنى ھەمدە مەن ئۇ يەردىن ئىلغىۋالغان قوپال ساپال

www.uyghurkitap.com

پارچىلىرى ۋە فارفور بۇيۇملارنىڭ ئىچىدە خوبسون ئەپەندىنىڭ تەھلىل قىلىپ، بەزى بۇيۇملارنى سۆڭ دەۋرىگە مەنسۇپ دېگەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كەلدىم: خارابىلىك شۇ ۋاقىتتا بەلكى ئۇنىڭدىمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتتا باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان، ئۇنىڭ تاشلىۋېتىلگەن ۋاقتى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىنمۇ كېيىن. مەن يەنە قوشۇمچە شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، خارابىلىك رايونىدا كەڭ چېچىلىپ ياتقان، يۇقىرى هارارەتتە پىشۇرۇلغان خىش پارچىلىرى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولماستىن، بەلكى قەبرىستانلىقتا ئىشلىتىدىغان بۇيۇم بولۇشى مۇمكىن.

دەريانىڭ شىمالىدىكى مىڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ سەددىچىن سېپىلى

بىر قورۇق تام قاراسۇ بەگلىكىنىڭ شىمالىدىكى مۇنبەت تىرىلغۇ رايونىدىن ئۆتكەن. بۇنىڭدىن شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇمىزكى، دەريا سۈيى ئوڭ قىرغاقنى بويلاپ شىمالغا سوزۇلغان قاقاس تاغ ئېتىكى ئارىسىدىكى تار تېرىلغۇ رايونىنىمۇ بېسىپ ئۆتىدىكەن، بۇ يەردە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگرا قاراۋۇل لىنىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك تۇر لىنىيەسى بار ئىكەن. 1914 ـ يىلى، مەن دەريانىڭ ئوڭ قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سېپىل خارابىسىنى نەق مەيداندا ئىزدەپ تېپىپ، بۇ بىر بۆلەكنى ئىسپاتلىغانىدىم. سەل كېيىنكى مەزگىللەرگە مەنسۇپ سەددىچىن سېپىلى لىنىيەسى ئوڭ قىرغاقتىكى تار تېرىلغۇ يەرلەرگىچە سوزۇلغانىدى، ئۇنىڭ ئىزناسىنى شياڭباۋ كەنتىگىچە بولغان جايلاردىن تاپقىلى بولاتتى، بۇ ئىز ئاشۇ جايدىن دەريانى كېسىپ ئۆتۈپ غەربكە قاراپ كېتىدىكەن.

گاۋتەيدىن سۇجۇغا بارىدىغان چوڭ يول

گاۋتەي دېگەن بۇ جايدا بەزى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە

قەدىمكى ئىزلار بار، ئۇ يەنە مەلۇم رايون خاراكتېرلىك مۇھىم جاي. بۇ يەردىكى يول نەنسەن تېغىدىكى مۇزلۇق ساھىللار ۋە گەنجۇ دەرياسىدىن ئۆتىدىغان قاقاس تاغ ئوتتۇرىسىدىكى تېرىقچىلىق رايونىدىن ئۆتىدۇ، ئىككىسى تۇتىشىدىغان جايدىكى تېرىقچىلىق رايونى بەك تارىيىپ كەتكەن بولۇپ، 5 مىلغىمۇ يەتمەيدۇ. خۇاچياڭزىغا بارغاندىن كېيىن، يول تېرىقچىلىق رايونىدىن ئايرىلىپ، گەنجۇ دەرياسى ۋە بەيىنەنخېدىكى سازلىق يەر ئوتتۇرىسىدىكى قاقاس شېغىل ئېگىزلىكتىن ئۆتۈپ، بىپايان چاتقاللىق ۋە قومۇشلۇق ساھىلغا كىرىپ كېتىدۇ. بۇ ساھىلنىڭ شەرقتىن غەربكىچە بولغان تۈز لىنىيەلىك ئارىلىقى 40 مىل ئەتراپىدا. بۇرۇن بۇنداق چوڭ يەرنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك جاي ھېسابلانغانلىقى مۇقەررەر، بۇ يەر قىشلىق چارۋىچىلىق مەيدانى قىلىشقا تولىمۇ ماس كېلەتتى. يولدىن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدىكى تۇر ۋە سەددىچىن سېپىلىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، يولنىڭ شىمالىي تەرىپى پاكار، تەكشى ئېگىزلىك ئىدى. 9 - ئاينىڭ باشلىرىدا مەن بۇ قەدىمىي يولنى بويلاپ ماڭغاندا، خوتەندىن ماي قاچىلاپ كېلىپ، بۇ يەردىن گەنجۇ ۋە لەنجۇغا كېتىۋاتقان تۆگە، ئېشەكلىك سودا كارۋانلىرىغا يولۇقۇپ، ئۇلارغا ناھايىتى قىزىقىپ قالغانىدىم. بۇ ئەھۋال، ماڭا ماركوپولو دەۋرى، شۇنداقلا ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تېخىمۇ قەدىمىي دەۋرنى ئەسلەتتى.

**ئالتۇن مۇنارنى كېسىپ ئۆتكەن مىڭ دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى**

شۇاڭجىڭزى (جۇپقۇدۇق) نىڭ يول ياقىسىدىكى ئۆتەڭدىن غەربىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. مەقسىتىم ئالتۇن مۇناردىن باشقا جايلارنى تەكشۈرۈش ئىدى. ئالتۇن مۇنارغا بارىدىغان يولدا، مەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى لىنىيەسىدىن ئۆتتۇم، بىۋاسىتە تۇرنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قۇرۇلمىنىڭ جيايۇگۇەننىڭ شەرقىي

شىمالى ھەمدە سۇجۇنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئۆزۈم كۆرگەن ئاشۇ سەددىچىن سېپىللىرى بىلەن ئوخشايدىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىدىم①. سەددىچىن سېپىلى يېنىدىكى پاكارراق ئېگىزلىكىنىڭ چوققىسى تۇتاشقان جايدىمۇ تۇر بولۇپ، بۇ مۇداپىئە سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىنى شەكىللەندۈرگەندى. بېيداخې دەرياسى ياكى سۇجۇ دەرياسىدىن باشلاپ كېلىنگەن ئۆستەڭ سۇلىرى بىلەن ئالتۇن مۇناردىكى بوستانلىق سۇغىرىلاتتى. بېكىنمىچىلىك سىياسىتى يولغا قويۇلغان مەزگىللەردە، بۇ بوستانلىق سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغانىدى. ئەمما ناھايىتى ئېنىقكى، بىز يەردىكى ئاھالىلەر يۇقىرىدا بايان قىلغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان يوللار ئارقىلىق تاجاۋۇزچىلىقتا ۋە ئازاب ــ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇشتىن ساقلانماقچى بولغان. چۈنكى، مەن تېرىقچىلىق رايونىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي چېتىدىن ئېگىز دەرىجىدە خارابىلەشكەن سېغىز توپا تامنى ئۇچراتتىم، تام بۇ تېرىقچىلىق رايونىنى چۆرىدەپ سېلىنغانىدى.

## 5 ــ بۆلۈم يۇمېن ناھىيەسىدىن ئەنشىدىكى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ سەددىچىن سېپىلىغىچە

**سۇجۇدىن يۇمېن ناھىيەسىگە بارىدىغان چوڭ يول**

سۇجۇغا قايتقاندىن كېيىن يۇمېن ناھىيەسىگە بارىدىغان يولنى بويلاپ سەپىرىمنى باشلىۋەتتىم. بۇ چوڭ يول قەدىمكى دەۋردىمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن دۇنخۇاڭ ۋە غەربىي يۇرتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئاساسلىق قاتناش لىنىيەسى ئىدى. لېكىن، ئۇ يەردە ھېچقانداق قەدىمىي ئىزنى ئۇچراتمىدىم.

---

① مۇشۇ بابنىڭ 2 ــ بۆلۈمىگە قاراڭ.

جىيۇگۇەن بىلەن يۈمىن ناھىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى يول بويىغا جايلاشقان ئۆتەڭنىڭ ئەتراپىدا كىچىك تىرىقچىلىق رايونى بار، ئىگىزلىكنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان بۇ تاغلىق رايوننىڭ يەر ئۈستى سۈيى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، بۇ كىچىك تىرىقچىلىق رايونىنىڭ ھېچقانداق تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئىدى. بىز جىيۇگۇەننىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئاشۇ تاشلىق تاغقا دىققەت قىلدۇق. بۇ تاغ يولىنى بويلاپ سوزۇلۇپ، بۇ يولنى شىمالىي تەرەپتىن قوغداش رولىنى ئوينىغان.

**شىمالغا تېخىمۇ يانداشقان خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى**

بۇ ئېگىزلىكتىن پىيادە مېڭىشتىن باشقا ھەرقانداق ئۇسۇلدا ئۆتكىلى بولمايتتى. بەيياڭخې دەرياسى ۋە چىجىنخې دەرياسى كېسىشكەن جايدىكى ئىككى جىلغىمۇ قوغدىنىشقا ناھايىتى باب ئىدى. دەل مۇشۇ تەبىئىي توسۇقنىڭ مۇستەھكەملىكىگە قاراپ، دەسلەپتە، مەن بۇ يەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۆتكەل مۇشۇ يەردە ئىكەن، دېگەن خاتا چۈشەنچىگە كېلىپ قالغانىدىم. ئەمەلىيەتتە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قوغدىنىش لىنىيەسى تاغنىڭ شىمالىدىكى تۈتاش كەتكەن ئويمانلىقلارغا جايلاشقانىكەن. ۋاقىت ۋە قاتناش قوراللىرىنىڭ چەكلىكلىكى سەۋەبىدىن، تاكى 1914 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئاندىن ئۇ يەرلەرنى زىيارەت قىلدىم. دەل شۇ ۋاقىتتا، مەن سۇلې دەرياسىدىن سۇجۇ دەرياسىغا بارىدىغان ھەم گەنجۇ دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدىكى خەن دەۋرىگە مەنسۇپ سەددىچىن سېپىلى خارابىسىنى بايقىدىم.

**12 دۆڭنى تەكشۈرۈش**

بۇ قېتىملىق ئەنشىگە قايتىش سەپىرىمدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئوڭۇشلۇق ئېنىقلىۋالدىم.

www.uyghurkitap.com

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، يۈمەن ناھىيەسىگە بېرىشتا، سۇلې دەرياسى بىلەن چىچىنخې دەرياسىنى ئايرىپ تۇرىدىغان جايدىكى پۇتۇنلەي قاقاس ئېگىزلىكتىن ئۆتتۇم، يىراقتىنلا بېيشەن تېغى ئېدىرلىقىدىكى بىر قاتار كەنتلەرگە دىققەت قىلدىم. ئوبرۇچېف (M. obrucheff) 1894 ـ يىلىدىكى ساياھەت خەرىتىسىدە، ئاشۇ رايوننىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان تۇر خارابىلىكلىرىگە بەلگە قويۇپ چىققانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ كەنتلەرنىڭ ئىسمى ئۆزگىچە بولۇپ، «ئون دۆڭ» («ئونىنچى تۇر»)، «ئون ئىككى دۆڭ» («ئون ئىككىنچى تۇر») دەپ ئاتىلاتتى، بۇ ئىسىملار ناھايىتى ئېنىقكى ئاشۇ تۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەتىسى يۈمەن ناھىيەسىدىن شىمالغا سەپەر قىلدىم، مەقسىتىم ئەھۋالنى ئوبدانراق چۈشىنىش ئىدى، ئاتلىق 16 مىل ماڭغاندىن كېيىن، بىز ئۆستەڭ سۈيى ۋە سۇلې دەرياسى بېسىپ كەتكەن، قومۇش ئۆسكەن ئويمانلىقتىن ئۆتۈپ ئون ئىككى دۆڭ كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق.

خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى ۋە تۇر

ئون ئىككى دۆڭدىكى ئېتىز ـ ئېرىقلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان دەريانىڭ سول قىرغىقىنىڭ ئۇستىدە تار دۆڭلۈك بولۇپ، ئۇ يەردىن قاقاس كەتكەن بېيشەن تېغىنى كۆرگىلى بولاتتى. تاغدا رەتلىك تىزىلغان تۇر بار ئىدى، بەزىلىرى ئىنتايىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بەزىلىرى قايتىدىن رېمونت قىلىنغان، ئەمما بارلىق تۇرنىڭ كونا ئۇلى بار ئىدى. ئون ئىككى دۆڭ ئۇستىدىكى تۇرلارنىڭ ئەڭ شەرق تەرەپتىكى بىرىنىڭ يۇز قىسمى قوپال خىش بىلەن تولۇق رېمونت قىلىنغان، كۆپ قىسىم جايلاردىكى خىشلار بۇرۇن خاڭدالغان قاتلامنىڭ ئىچىدە ساقلانغان. ئەمما، ئۇنىڭ تۆۋەن قىسمى تاغ ئومۇرتقىسى ئاستىدىكى كىچىك بىر قەلئەگە جايلاشقان بولۇپ، قارىماققا ئىنتايىن قەدىمىي كۆرۈنىدۇ، 10 فۇت قېلىنلىقتىكى سېغىز توپىدىن ياسالغان ئىنتايىن قېلىن، مۇستەھكەم بۇ تام

42×52 فۇت ئارىلىقىچە چۆرىدەپ سېلىنغانىدى، ئۇ كىشىلەرگە قەدىمكى يۇمىندىكى كىچىك قەلئە T · XVI نى ئەسلىتىدۇ. ئەڭ ئەھمىيەتلىكى شۇكى، ئۇنىڭمۇ ئوخشاشلا «كىچىك مۇداپىئە بارگاھى (小防盘)» دېگەن يەرلىك نامى بار. تاغ ئومۇرتقىسىنى بويلاپ غەربكە تەخمىنەن يېرىم مىل ماڭغاندىن كېيىن، ۋەيران بولغان ئىككىنچى تۇرغا يولۇقتۇم. ئۇ گەرچە ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بىر خىل روشەن قەدىمىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭدا خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى سېپىل تاملىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قومۇش قاتلىمى بار بولۇپ، 12 ~ 14 دىيۇم قىلىپ ئايرىلىپ خاڭدالغان قاتلامنى ئايرىۋەتكەن. ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى 19 ~ 20 فۇت بولۇپ، دۇنخۇاڭدىكى سەددىچىن سېپىلىدىكى كۆپلىگەن تۇرلارغا ئوخشايدۇ، پەقەت تەخمىنەن 14 فۇتنىڭ يۇقىرىسىلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن. ئۈچىنچى تۇرنى مۇشۇ تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ ئەڭ غەرب تەرىپىدىكى 1 مىل يىراقلىقتىن بايقىدىم، ئۇ تېخىمۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولۇپ، پەقەت 8 فۇتچە كېلىدۇ، ھەتتا ئېشىپ قالغان قىسمىمۇ شامالدا يىمىرىلىپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەن، بۇ تۇرنىڭ ئىچىدە نېپىز قومۇش قاتلىمى بولۇپ، خاڭدالغان قاتلىمىنىڭ ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

### قەدىمىي سېپىل ئىزى

تۇرغا يېقىن جايدىكى تاغ ئومۇرتقىسىدىكى تۆپىلىكتە (ئومۇرتقىسىنىڭ چوققىسى پەقەت 15 ~ 25 فۇت كېلىدۇ، ئەتراپتىكى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 30 فۇت ئېگىزلىكتە) تۇنجى قېتىم يېرىم سىلىتىسىيلەشكەن يۇلغۇن ۋە ياۋا تېرەك شاخلىرىنى كۆردۈم. ئۇلار بۇ تاغ ئومۇرتقىسى ئۈستىگە دۆۋىلەنگەن، ئەمما بۇ يەردە دەرەخ ئۆسمەيتتى، شۇ سەۋەبتىن كىشىلەر بۇلارنىڭ سېپىل ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنلىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرھال پەرەز قىلالايدۇ. دۇنخۇاڭنىڭ شىمالى ۋە غەربىدىكى سېپىل تاملىرى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ياسالغان. تېخىمۇ يېقىن بېرىپ كۆزەتسەك، بۇ تۇرنىڭ غەربكە تەخمىنەن 40 مىل كېلىدىغان تاغ ئۆمۈرتقىسىنىڭ چوققىسىدىكى سېپىل تاملىرىنىڭ يەنىلا ئۆز ئورنىدا ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. يېپىشقاق توپا ـ شېغىل ئۇۋاقلىرى قاتلىمىنىڭ ئارىسىغا شاخچىلار قىستۇرۇلغان، بۇ دۇنخۇاڭنىڭ سىرتىدىكى سەددىچىن سېپىلى يۆنىلىشىنى بويلاپ كۆرگەن ئەھۋاللار بىلەن ئوپمۇئوخشاش. بۇ يەرگە ئىشلەتكەن ماتېرىياللار قوپال بولغاچقا، سېپىل تېمىنىڭ ئاستى قىسمى قېلىن سېلىنغان، ئۇنىڭ ئەسلىي ئورنىدىكى ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى 15 فۇتچە كېلىدۇ، توپا ـ شېغىل ئۇۋاقلىرى بىلەن قاپلانغان 300 يارد كېلىدىغان تاغ ئۆمۈرتقىسى دائىرىسىدە بۇ خارابىلىكنى ئازدۇر ـ كۆپتۇر كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ سېپىل تاملىرى تاغ ئۆمۈرتقىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى شورلۇق تۈزلەڭلىككىچە سوزۇلغان ھەمدە ئەڭ ئاخىرىدا شۇ يەردە يوقاپ كەتكەن. ئۇ يەر دائىم سۇلۇق دەرياسىدىن كەلگەن كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. بەزى چاغلاردا شىمال تەرەپتىكى بېيشەن تېغىنىڭ بەلگىسى بولغان ئېگىزلىكتىن كەلگەن كەلكۈننىڭ ھۇجۇمىغىمۇ ئۇچرايدۇ.

### شەرققە سوزۇلغان سېپىل

غەربىي شىمال تەرەپتىن 3 مىل ئېگىزلىكتە بىر تۈر قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ تۇرغا يېقىن كەلگەندىن كېيىن، مەن داۋاملىشىپ كەلگەن سېپىل لىنىيەسىنى كۆردۇم. ئۇن ئىككى دۆڭنىڭ شەرقىدىكى خوخەيزى بوستانلىقىدىكى سېپىل لىنىيەسىنى تەكشۈردۈم. ئاندىن چوڭ بىر قۇملۇق خارابىسىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ماۋمۇ ئەتراپىدىكى سۇجۇ دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا كەلدىم. خوخەيزىنىڭ يەنە بىر ئىسمى يىڭپەن (ھەربىي گازارما) ئىدى. ئۇن ئىككى دۆڭ بىلەن خوخەيزى ئوتتۇرىسىدىكى

سىپىل بۆلىكى بۇگۇنكى كۈندىمۇ موگغۇللار ۋە باشقىلار ئىشلەتكەن يول بىلەن ئازدۇر ـ كۆپتۇر پاراللېل بولۇپ، ئۇ ئادەملەر ئەنشى ـــ قۇمۇل چوڭ يولىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى بېيشەن تېغىدىن ئۆتۈپ، بىۋاسىتە قۇمۇلغا بارغان. قۇمۇل تەرەپتىن مۇشۇ يولنى بويلاپ ساياھەت قىلىپ كەلگەن ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇن ئىككى دۆڭ گەنسۇ چېگراسىدىكى ئادەملەر ئولتۇراقلاشقان جاي ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، قەدىمكى دەۋرلەردە بۇ يەردىمۇ بىر «قوۋۇق» بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ ئەمەلىيەتتە «قاشقوۋۇق» نامىنىڭ كېيىن ئۆزگىرىپ، بۇگۇنكى يۇمىن ناھىيەسى بولۇشى مۇمكىن مەركىزىنىڭ نامىغا ئايلانغانلىقىنى ئېنىقلاشقا ياردىمى بارمۇ ـ يوق؟ بۇ مەسىلە كېيىن مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**سەنداۋگۇدىن بۇلۇڭجى يولىغىچە**

ئۇن ئىككى دۆڭدىن يولغا چىقىپ، سەنداۋگۇ كەنتى ئەتراپىدىكى ھازىرقى زامان تاشيولىغا قايتتىم، مەزكۇر كەنت يۇمىن ناھىيەسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە جايلاشقان.

**سۇلې دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى سىپىل**

9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈن بۇلۇڭجىغا يېتىپ كەلدىم، يول بويىدىكى چوڭ بىر پارچە يەرنى سۇلې دەرياسىدىن ئېقىپ چىققان سۇ بېسىپ كەتكەنىدى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە غەرب تەرەپتىكى شېغىللىق مۇزلۇق ساي ئاستىدا يىغىلغان بۇلاق سۇيىمۇ مەن تۇرغان يەرگە ئاستا ئېقىپ كەلمەكتە ئىدى. تاشلىۋېتىلگەن چوڭ بىر پارچە ئېتىز ھازىر يەنە چاتقاللىققا ئايلانغان بولۇپ، تاكى چىداگۇ (يەتتە جىلغا) غىچە باراتتى، ئۇلارنى تۆگىلار توپىلىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىر بىپايان ئوتلاق بار بولۇپ، بىر پارچە سازلىق ئۇ يەردىن ئۆتكەن ھەمدە بۇ مۇنبەت يەرنى بىر گۈزەل چارۋىچىلىق

مەيدانىغا ئايلاندۇرغان، ئۇنىڭ ئاشۇ كۆچمەن چارۋىچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانلىقى مۇقەررەردۇر. يول ئۆتۈشمىغان ئېگىزلىكتە تۇرۇپ شىمالغا قارىغىنىمدا، يىراقتىكى بىر لىنىيەگە تىزىلغان تۇرنىڭ كۆلەڭگىسىنى كۆردۈم، ئۇلار سۇلې دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر دەريا قىنىنىڭ سول قىرغىقىنى بويلاپ سوزۇلغانىدى. بەزى يەر بۆلەكلىرىنىڭ ئۇزلۇكسىز ھالدا شامالدا يېمىرىلىشىنىڭ تەسىرى ھەمدە بەزىبىر بۆلەكلەرنىڭ نەم ھاۋادا زەيلىشىش سەۋەبىدىن، يەر يۈزىدە سېپىل لىنىيەسىنىڭ ئىزىنى ئىنتايىن ئاز ئۇچراتقىلى بولاتتى. بۇ خىل ھالەت تاكى تاشلاندۇق ئۆتەڭ چىياۋۋەنچېڭنىڭ غەربىگە كەلگەندە ئاندىن ئازراق ياخشىلىنىدىكەن، ئۇ يەرنىڭ يەر يۈزى بىر خىل مۇستەھكەم شېغىللىق ساھىل ئىكەن.

### بولوجېر قورغىنى

بولوجېر قورغىنىنىڭ قورۇق تېمى 1100 يارد كىۋادرات بولۇپ، مىلادىيە 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە جۇڭگودىكى مۇھىم بىر قورغان ھېسابلىناتتى، ئەمما ئۇ جايلاشقان يەر بۈگۈنكى كۈندە پۈتۈنلەي قاقاسلىققا ئايلىنىپ كەتكەن. كاڭشى ۋە چيەنلۇڭ خان ەزگىللىرىدە، بۇ جاي جۇڭغارلار تەسىر كۈچىنىڭ تەھدىتىنى چېكىندۈرۈش ھەمدە شىنجاڭنى بويسۇندۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئالدىنقى سەپ بازىسى بولغان. بېيشەن تېغىدىكى بىرنەچچە يولنى (بىر تارماق كۆچمەن چارۋىچى دۈشمەنلەر قۇمۇلدىن مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۆتۈپ، سۇلې دەرياسى ۋە گەنسۇ چېگراسى ئىچىگە بارالايتتى) كونترول قىلىش ئۈچۈن، ئەلۋەتتە بولوجېردا مۇستەھكەم بىر قورغان قۇرۇش زۆرۈر ئىدى. بۇ قورغان ئارقىلىق يەنە غەرب تەرەپتىكى تەخمىنەن 12 مىل كېلىدىغان جىلغىنىمۇ مۇھاپىزەت قىلغىلى بولاتتى، ئۇ يەردە بىر دەريا بار ئىدى، تاشيولمۇ ئاشۇ جىلغىدىن ئۆتىدۇ.

ۋەنشەنزى جىلغىسى

پاكار، تىك كەلگەن تاشلىق ۋەنشەنزى تېغى بولسا، بىز بۇرۇن يول بويىدا ئۆتكەن چىياۋزىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتىن شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ سوزۇلغان. ئۇ دەريا قىرغىقىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ، قارشى تەرىپىدە كىچىك بىر ئېگىزلىك بار، ئۇ ئېگىزلىك بېيشەن تېغى تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە سوزۇلغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قالدۇق تىزما ھېسابلىنىدۇ. ئەگرى ـ بۈگرى دەريا سۈيى بۇ ئىككى ئېگىزلىك ئارىسىدىكى جىلغىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ، جىلغىنىڭ تېگىنىڭ كەڭلىكى پەقەت يېرىم مىل كېلىدۇ. ۋەنشەنزى تېغىنىڭ بىر بۆلىكى دەريا قىنى تەرىپىدە رەتلىك ئۈزۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، دەريا سۈيى ئۇنىڭ ئېتىكىدە ئاقىدۇ، يول پەقەت يۇقىرى تەرەپكە ئۆتىدىغان تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا ئىدى. ئۇ يەر دەريا قىنىدىن تەخمىنەن 200 فۇت ئېگىزلىكتە ئىدى. قەدىمكى توسۇق لايىھەلىگۈچىلەر دەل مۇشۇنىڭغا ئوخشاش كۆزىتىش ۋە قوغداشقا ئاسان بولغان يەر شەكلىنىڭ ھەربىي ئىشلاردا ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلىشىپ، چېگرا سىزىقىنى دەريانىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى قىرغىقى قىلىپ تاللىغان: 1914 ـ يىلى، مەن تاغ ئومۇرتقىسى چوققىسىدىكى ۋەنشەنزى تېغىغا قارايدىغان تۇرنى تەكشۈردۈم، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى خەن دەۋرىگىچە سۈرۈشتۈرۈشكە بولاتتى. كېيىن ئۇ يەرنىڭ تېگىدىكى دۆۋىلىنىپ قالغان ئۇۋاقچىلارنى تازىلىغاندا، ئۇ يەردىن شۇ دەۋرگە مەنسۇپ بىر ـ ئىككى پارچە خەن-دەۋردىكى ياغاچ تارىشا تېپىلدى. ئوخشاش بىر تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىنى بويلاپ ماڭغاندا، سېپىل ئىزناسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئەتراپتىكى تاملارنىڭ ھەممىسى قوپال تاش پارچىلىرىدىن قوپۇرۇلغان. غەربكە يېقىن پەس جايدا، بۇ ئىز تەبىئىيلا يوقاپ

www.uyghurkitap.com

كېتىدۇ، چۈنكى ئۇ تەرەپتىن يەنە تۆۋەنگە ماڭسا دەريا قىنىغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ.

**ۋەنشەنزىدىكى تۇر ۋە ئىبادەتخانا**

دەريانىڭ جەنۇبىي قىرغىقى ھەمدە ۋەنشەنزى تېغىنىڭ غەربىي شىمال ئۇچىدىنمۇ ھېچقانداق سېپىل ئىزناسىنى ئېنىق ئايرىپ چىقالمىدىم. ئەمما، ئاشۇ ئېگىزلىككە يېقىنلىشىدىغان يولدا، چوڭ ئىككى تۇر بار ئىدى، غەرب تەرەپتىكى تۇرنىڭ يېنىدا يەنە كىچىك خىشتا ياسالغان تۆت ئىمارەت بار بولۇپ، قارىماققا ئىبادەتخانا خارابىسىدەك قىلاتتى. بۇ يەردە تولۇقلاپ قويىدىغىنىم، دەريانىڭ سول قىرغىقىنىڭ ۋەنشەنزى تېغىنىڭ ئېتىكىگە يېقىنلاشقان قىسمىدا ئىنتايىن ياخشى سېلىنغان بىر ئىبادەتخانا خارابىلىكى ھەمدە بىرنەچچە بۇددا مۇنارى بار ئىدى، ئۇ «لاۋزى ئىبادەتخانىسى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ خارابىلىكلەر تۇڭگانلار توپىلىڭىدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئىلگىرى مەن پەرەز قىلىپ، ۋەنشەنزى تېغى ئېتىكىدىكى جىلغىنى چوقۇم دۇنخۇاڭ ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى جايلارغا بارىدىغان يوللارنى كېڭەيتىشتىن بۇرۇنقى خەن دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلىنىڭ بىر «قوۋۇقى» دېگەنىدىم. ئەگەر بۇرۇن مۇشۇنداق بولغان بولسا، ئىلگىرىكى چۈشەندۈرۈشنى ئويلىشىپ، بۇ ئىبادەتخانىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يەرلىك ئېتىقادنىڭ ئىزنالىرى ئاساسەن ئۆزگەرمەي بۇ «قوۋۇق» خارابىسىنى ئوراپ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز مۇمكىن.

**شياۋۋەننىڭ سىرتىدا بايقىغان سېپىل لىنىيەسى**

ۋەنشەنزى تېغىنىڭ سىرتىدىكى دەريانىڭ سول قىرغىقىدا، ئەسلىدە سېپىل بولغان، ئەمما شياۋۋەن كەنتىگە كەلگەندىن كېيىن ھېچقانداق خارابە ئىزىنى بايقىمىدىم. دەريا بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى ئېگىزلىك ئارىسىدىكى پەس يەردە بىر چاتقاللىق

بولۇپ، بۇ جايلار تېرىلغۇ يەر قىلىپ ئىشلىتىلمىگەن. بۇنداق يەردە قەدىمكى توسۇق قاتارلىق خارابە ئىزلىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى. شياۋۋېن كەنتىنىڭ تۆۋىنىدىكى تەخمىنەن 5 مىل كېلىدىغان يەردە، يول چاتقاللىق ۋە تاشلاندۇق ئېتىز ئۈستىدىكى كەڭ كەتكەن جايغىچە سوزۇلغانىدى. ئۇ يەردە تەخمىنەن 208 يارد كېۋادرات كېلىدىغان بىر قورۇق تام خارابىلىكنى ئۇچراتتىم، بۇ خارابىلىك «كونا شەھەر» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ «قەدىمىي شەھەر» دېگەن مەنىدە ئىدى. ئۇنىڭ سېپىلى ھېلىمۇ 10 ~ 12 فۇت ئېگىزلىكتە ئىكەن، قارىماققا ئانچە قەدىمىي كۆرۈنمەيتتى. سېپىلنىڭ سىرتىدىكى ئۆستەڭدە سۇ ئېقىپ تۇراتتى، بۇ سۇ تاكى گۇاجۇ بوستانلىقىدىكى تېرىقچىلىق رايونىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي قىسمىغىچە ئېقىپ باراتتى. ھازىر مەن ئۈچ ئاي ئىلگىرى چياۋزىغا بارىدىغان چاغدا كۆرگەن ئىككى تۇر جايلاشقان ھەممە ئۆلارنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان قاقاس ئېگىزلىككە يېقىنلىشىپ قالغانىدىم①. كونا شەھەرنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 1 مىل كېلىدىغان جايدا ئىنتايىن ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلىپ كەتكەن توپا دۆۋىسى بار ئىدى، ئۇ تەخمىنەن 12 فۇت ئېگىزلىكتە، دىيامېتىرى 10 فۇت بولۇپ، بىز ئۇنى ئىشەنچ بىلەن سەددىچىن سېپىلى لىنىيەسىدىكى بىر تۇر دەپ ئېيتالايمىز. ئۇنىڭ خاڭدالغان قاتلىمىنى يەنىلا ئېنىق تونۇغىلى بولاتتى.

① بىرىنچى بابنىڭ 3 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

# قۇمۇل ۋە تۇرپانغا سەپەر

## 1 ـ بۆلۈم شىئەندىن قۇمۇلغىچە: شۇەنزاڭ ئۆتكەن قۇملۇق

**شىئەندىن قۇمۇلغىچە بولغان تاغ يولى**

ۋاقىتنى تېجەش بىلەن بىللە قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ بىخەتەر توشۇلۇشىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەن تاغ يولى بىلەن قۇمۇلغا بېرىشنى تاللىدىم. بۇ يولدا مېڭىش ئۈچۈن چوقۇم شىمالىي تاغدىكى شېغىل قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، تەخمىنەن 11 بۆلەك 218 مىل مۇشەققەتلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتكەندىلا ئاندىن قۇمۇلغا بارغىلى بولاتتى. ياۋروپالىق سەيياھلار گېئولوگىيەگە ئالاقىدار تەپسىلىي ماتېرىياللارنى يىغىش ئۈچۈن دائىم بۇ يولدىن ماڭاتتى. ھالبۇكى، گېئولوگلاردىن باشقىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىپايان قاقاسلىقتا كۆرگىلى بولىدىغان يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن ئاز بولسا كېرەك. بۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان، 7000 فۇت ئېگىزلىكتىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان ئەگرى ـ بوگرى يول بولۇپ، تاغلىقتىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىغانىدى. بۇ يەردىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئارىلىقى بىرقەدەر كەڭ بولۇپ، ئاساسلىقى شېغىللىق جىلغا ۋە ئېگىزلىك ئىدى، ئۇلارنىڭ بۇ يول بىلەن بولغان ئارىلىقى پەقەت نەچچە يۈز فۇت كېلەتتى. بىراق، بۇ

قاقاسلىق يول قەدىمكى دەۋر يەر ئىلمىي تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان.

**مىلادىيە 73 - يىلىدىن كېيىنكى «شىمالىي يولنىڭ مۇھىم ئورنى»**

بىز يول بويىدىكى شارائىتى ئىنتايىن ناچار ئۆتەڭلەردىن بىر - بىرلەپ ئۆتتۇق، ھەربىر ئۆتەڭدە لايدىن ياسالغان ئاددىي ۋە كۆرۈمسىز ھۇجرا ۋە كىچىك تۇر بار ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، پۈتۈن ئەتراپتا قۇدۇق ياكى ئۆستەڭگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان تېيىز ئورەكلەرنى كۆرگىلى بولاتتى، سۇ كەمچىللىكتىن بۇ يەرلەر قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، ئورەكلەر دۆۋە - دۆۋە ئەخلەتلەر بىلەن تىنىپ كەتكەنىدى. بىز يەنە ئاندا - ساندا كەڭ كەتكەن گۈل - گىياھسىز يەرلەرنى ئۇچراتتۇق، بۇ يەرلەردە ھېچقانداق چاتقال، قومۇش ياكى ئوت - چۆپلەرگە ئوخشاش ئۆسۈملۈك يىپپىنچىلىرىمۇ يوق ئىدى. مېنىڭچە، بىز كۆزەتكەن بۇ خىل قاتناش ھالىتى چوقۇم ئۆزگىرىشى كېرەك ئىدى، ئەمما بۇ خىل ھالەتتە تا ھازىرغىچە ئۆزگىرىش بولمىغانىدى. شەرقىي خەن سۇلالىسى مىلادىيە 73 - يىلى قۇمۇلدا پۈت تىرەپ تۇرغاندىن كېيىن، «شىمالىي يول»نىڭ قىياپىتىدە ئاندىن ئۆزگىرىش بولغان، يەنى غەربتە دۇنخۇاڭ، شەرقتە سۇجۇ ۋە سۇلې دەرياسى ۋادىسىدىكى تارماق قاتناش يوللىرى كۆپەيتىلگەن. بۇ يول گەرچە ئاساسلىق يول ھېسابلانمىسىمۇ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى رايونلار بىلەن تارىم ئويمانلىقىغا قاتنايدىغان مۇھىم قاتناش يول لىنىيەسى بولۇپ، تارىختا ھەقىقەتەنمۇ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىق كۈچى كۈچەيگەن ھەمدە شىمالدىكى ياۋايىلارنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇدىغان چاغلاردا، بۇ شىمالىي يول خۇددى بوگۇنكىدەك قاينام - تاشقىنلىققا تولاتتى. بەزى خەنزۇچە ھۆججەت - ماتېرىياللار ۋە غەربنىڭ كېيىنكى ئالاقىدار ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، تۆۋەندىكى

يەكۈنى چىقارغىلى بولىدۇ، يەنى دۇنخۇاڭدىن بىۋاسىتە كىروران ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي بوستانلىقىغا تۇتىشىدىغان يول مىلادىيە 4 ـ ئەسىردە پۈتۈنلەي تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن، قۇمۇلغا تۇتىشىدىغان «شىمالىي يول» بۇگۈنكىدەكلا ئىشلىتىلىپ، جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى سودا ۋە ھەربىي ئىشلار پائالىيىتى جەھەتتىكى ئاساسلىق يولغا ئايلىنىپ قالغاندى.

### يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ ۋە سۇنىڭ ئىنتايىن قىسلىقى

مەيلى ئەنشى ئارقىلىق قۇمۇلغا تۇتىشىدىغان يول بولسۇن ياكى مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا يول بولسۇن، بۇ يوللارنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ يولدا ماڭغان ھەربىيلەر ياكى كارۋانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ بىر توپ مال ـ چارۋىلىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇشاتتى، چۈنكى ئۇلار يەنە يېتەرلىك ئوت ـ چۆپ تېپىپ چارۋىلىرىنى بېقىشقا ئامالسىز ئىدى. ھەتتا بەزى جايلاردا سۇمۇ تېپىلمايتتى. ئۇلار يەنە سۇ ۋە يېقىلغۇ قىيىنچىلىقىغا ئۇچرايتتى. بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇلارنىڭ سەپىرىگە ئېغىر توسالغۇ بولاتتى. يېقىلغۇ مەسىلىسىمۇ بۇ يەردە ئوخشاشلا مۇھىم ئىدى، چۈنكى شىمالىي تاغ تىزلەنلىكىنىڭ قىش پەسلىدىكى قەھرىتان سوغۇقى، شۇنداقلا ئەتىياز پەسلىدە چىقىدىغان قاتتىق شەرقىي شىمال شامىلى ئۇلارنى ئىنتايىن قىيىن ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوياتتى. بۇ قېتىملىق سەپەر جەريانىدا كۆرگەنلىرىم ھەمدە ھايات كىشىلەردىن يول توغرىسىدىكى قىيىنچىلىق توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرىم، ماڭا چىڭ سۇلالىسىنىڭ شۇنچىلىك زور بەدەللەرنى تۆلەپ، خۇيزۇلار توپىلىڭىنى تىنچىتقانلىقى ھەمدە گەنسۇدىن يولغا چىقىپ، قۇمۇلدا زور ھەربىي قوشۇن تەشكىللەپ، ناھايىتى تېزلىكتە ياقۇپبەگنىڭ شىنجاڭدا قۇرغان ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىغا خەۋپ

يەتكۈزگەنلىكى ۋە ئۇنى ئاغدۇرغانلىقىنى ئەسلەتتى.

**شىمالىي تاغدىن ئۆتكەندە يولۇققان قىيىنچىلىقلار**

خەن، تاڭ دەۋرلىرىدە يىراققا يۈرۈش قىلىشتا يولۇقىدىغان قىيىنچىلىقلار هازىرقىدىن ئاز ئەمەس ئىدى. هاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاق بولۇشى سۇ، يەم ـ خەشەك ۋە يېقىلغۇنى ئازلىتىۋەتكەنىدى، لېكىن بىزدىكى نۇرغۇن پاكىتلار شىمالىي تاغدىكى مەركىزىي رايونلارنىڭ ئەينى ۋاقىتتا بىر قاقاسلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ، خەنزۇلارنىڭ بۇنى تىلغا ئالسىلا قورقىدىغانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئېسىمىزدە بولۇشى لازىمكى، جۇڭگو ئۆز هۆكۈمرانلىقىدىكى قاتناش يوللىرىنى ئەڭ دەسلەپتە ئاچقان ۋە قوغدىغاندا، دائىم ئۆز دۈشمەنلىرى بىلەن شىددەتلىك ئۇرۇش قىلاتتى. بۇ پەقەت دۈشمەنلىرىنىڭ كۈچلۈك ھەربىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى مىللەت بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئىدى. ھەر تۈرلۈك مۇشەققەتلەرنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلغان ئاشۇ كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر، مەسىلەن، هۇن، تۈرك ۋە موڭغۇللارغا نىسبەتەن قۇملۇقتىن ئۆتۈش ھېچقانچىلىك ئىش ھېسابلانمايتتى. لېكىن، جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بارماقنى چىقىرىپ سانىغۇدەك نەچچە قۇدۇق، بۇلاق ۋە ياكى يايلاقتىكى قۇملۇقلاردىن ئۆتۈشمۇ ناھايىتى تەسكە توختايتتى.

بۇ قېتىملىق سەپەردىكى تەجرىبىلىرىم ھەممىدە 1914 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا سۇجۇ دەرياسىدىن قۇمۇلنىڭ شەرقىي شىمالىغىچە بولغان يولنى تەكشۈرگەندىكى تەجرىبىلەر ماڭا شىمالىي تاغنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قۇملۇق رايوندا دەھشەتلىك قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن مېڭىش مۇمكىن بولماسلىقتىن ئىلگىرى، قەدىمكى هۇن قەبىلىلىرى قانداق قىلىپ تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىن ئۆتۈپ، دۇنخۇاڭ تاش كېمىرلىرىگە ھۇجۇم

قىلغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق تونۇتتى. شىمالدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر خېلى بۇرۇنلا چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا ئادەتلەنگەن ھەمدە شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىنى پىششىق بىلگەچكە، شىمالىي تاغنىڭ مەركىزى ۋە شىمالىدىكى غايەت زور تەبىئىي توسالغۇدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي رايونلارغا بىۋاسىتە ھۇجۇم قىلالىغان.

### شۈەنزاڭنىڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ قۇمۇلغا بېرىشى

جۇڭگولۇقلار مۇقىم بولغان مەدەنىيەت چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇلارغا نىسبەتەن قۇملۇقتىن ئۆتۈش قالاق بىر تەرەپنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. بۇ نۇقتا شۈەنزاڭنىڭ «ھاياتىم»ناملىق كىتابىدا ئەينەن ئەكس ئەتكەن. «ھاياتىم»ناملىق كىتابتا شۈەنزاڭنىڭ نوم ئەكېلىش سەپىرىدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان، بۇنىڭ ئىچىدە شۈەنزاڭنىڭ گۇاجۇدىن يولغا چىقىپ، قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، ئىۋىرغول ياكى قۇمۇلغا بارغاندىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلىرى تىلغا ئېلىنغان. كىتابنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىمۇ ئىنتايىن ئۆزگىچە بولۇپ، جانلىق، تىلىمۇ ناھايىتى خاسلىققا ئىگە. مەن بۇ قېتىملىق سەپەرنىڭ باشلىنىشى ۋە قاشقۇۋۇقنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئېنىق ئورنىنى دەسلەپتىلا ئىزاھلاپ ئۆتكەن، شۇنىڭدەك شۈەنزاڭنىڭ سۇلې دەرياسىنىڭ مەلۇم قىسمىدىن يولغا چىقىپ، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتكىنىگە ئىشىنىدىغانلىقىمنى بايان قىلغانىدىم. بۇ جاي چوقۇم بۈگۈنكى ئەنشى بىلەن ئىنتايىن يېقىن، شۇنداقلا دەريادىن ئۆتىدىغان يول بىلەن بولغان ئارىلىقىمۇ يىراق ئەمەس. سۇ مەنبەسى مەسىلىسى نۇقتىسىدىن ئويلانغاندا، بۇ يول داچۈەن ۋە شاۋچۈەنزى ئارىسىدىكى بىر ئەگرى يولدىن باشقا، ئەنشى ياكى گۇاجۇدىن قۇمۇل بوستانلىقىغىچە بولغان يول بىلەن بىر تۈز سىزىقتا ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، شۈەنزاڭ



www.uyghurkitap.com

تاللىغان بۇ قەدىمكى يول دەل «ھاياتىم» ناملىق كىتابتا ئېنىق خاتىرىلەنگەن، يەنى شۇەنزاڭ ئىلگىرى تۆت بۆلەك مۇساپىنى بېسىپ بولغاندىن كېيىن بۇ يولدىن ماڭمىغان. ئەمما، مەن بۇ يولنىڭ ھازىرقى يول بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق ئەمەسلىكىگە ئىشىنىمەن.

### ئەنشىدىن قۇمۇلغا بارىدىغان يولنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى

جۇغراپىيەلىك ئامىل ئېكسپېدىتسىيە جەريانىدا ئىنتايىن مۇھىم، تارىختىكى باتۇر ئېكسپېدىتسىيەچىلەر ئۇسسۇزلۇق سەۋەبلىك يېرىم يولدا توختاپ قالغىلى تاسلا قالغان. شۇڭا، بىز ئاۋۋال بۇ جەھەتتىكى ئەھۋاللارنى چۈشىنىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئىزدىنىشكە ئاتلاندۇق. تۆۋەندە مەن ھازىرقى زامان تاغ يولىنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىمەن. ئەنشىدىن باشلانغان ئالدىنقى بەش بۆلەك يولدا مېڭىش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان كىچىك تاغ تىزمىلىرىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى، يول ئاساسلىقى شەرقتىن غەربكە قاراپ سوزۇلغان ھەمدە تاغ تىزمىسى بىلەن بولغان ئارىلىقى ئىنتايىن كەڭ بولغان ئېگىزلىكتىكى جىلغىدىن سەل ئېگىز ئىدى، سۇ بار ئۆتەڭ تاغنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە جايلاشقان ئىدى. ئالدىنقى ئۈچ ئۆتەڭ (بەيدۇنزى ‹ئاق دۆڭ دېگەن مەنىدە›، خۇڭلىيۇيۈەن ‹يۇلغۇنلۇق دېگەن مەنىدە›، داچۈەن ‹چوڭ بۇلاق دېگەن مەنىدە›) دىن ئىگىلىشىمىزچە دېھقانلار ئېرىق ئارقىلىق يەرلەرنى سۇغىرىدىكەن. لېكىن، مالىيەنجىڭ ۋە شىڭشىڭشيا (ئارا يۇلتۇز)دا 6 ~ 8 فۇت چوڭقۇرلۇقتا قۇدۇق قازسا سۇ چىقىدىكەن. بۇ يەرلەرنىڭ سۇيى ئەلۋەك، ئوت - چۆپىمۇ ئىنتايىن ياخشى ئىكەن، چارۋا ئوتلىقىمۇ بار ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەنسۇ بىلەن شىنجاڭدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكە چېگراسىنىڭ شىڭشىڭشيادا ئىكەنلىكى سەۋەبسىز ئەمەس ئىكەن. غەربكە ئىچكىرىلەپ ماڭغىنىمىزدا، جۇغراپىيەلىك

شارائىتتا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئەھۋال ئىنتايىن يامانلاشتى. مەسىلەن، قۇمبولاق بىلەن كۇشۇي (ئاچچىقسۇ)گە ماڭىدىغان ئىككى بۆلەك يولنىڭ كۆپىنچە بۆلەكلىرى پارقىراق قىيا تاشلىق ھەم شېغىل تاشلىق ئىدى. بۇ يەرلەرنىڭ دېڭىز يۈزى ئېگىزلىكىنى ئىلگىرى بايان قىلىنغان نەچچە ئورۇننىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، 2000 فۇت ئەتراپىدا ئىدى. بۇ يەرلەردىكى ئۆسۈملۈكلەر بارغانچە ئازلىدى، سۇنىڭ شورلىششى كۈچەيدى، «كۇشۇي» دېگەن بۇ يەر نامىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغا مەنىسى دەل بۇ يەرنىڭ ئويمانلىق ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرىدىكەن.

كۇشۇينىڭ غەربىدىكى مۇشكۇل سەپەر

كېيىنكى ئۆتەڭ يەندۇن ئىدى، بۇ بىزنىڭ جۇڭگو سەپىرىمىزدىكى يول شارائىتى ئەڭ ناچار بۆلەك بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 35 مىل ئەتراپىدا ئىدى، بۇ يول قاقاس شېغىل تاشلىق تىك دۆڭلۈكتىن تاكى كۇشۇيگە 1500 فۇت كېلىدىغان ئويمانلىقنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، يول بويى سۇ بولمىغاندىن سىرت، سايىدىغۇدەك بىرەر جايمۇ يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازنىڭ ئوتتەك ئىسسىقى ھەمدە كۈز ۋە قىش پەسلىدىكى شەرقىي شىمال شامىلىنىڭ سۆڭەكتىن ئۆتىدىغان سوغۇقى بۇ يولنى تېخىمۇ ۋەھىمىلىك تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. دەل 1914 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشۈمدە ئىسپاتلانغاندەك، بۇ چوڭ ئويمانلىق ياكى يەندۇن يولى شەرققە قاراپ تېخىمۇ ئۇزۇرايتتى، شۇنىڭدەك ئۇ موڭغۇلىيەنىڭ جەنۇبىدىن شەرققە قاراپ قورۇقتاغدىن ئۆتۈپ، شىمالغا قاراپ پەسلەپ، لوپنۇر ئويمانلىقىغا بارغۇچە جاندىن ئۆتىدىغان قىش پەسلىدىكى سوغۇق شامالنىڭ ئاساسلىق چىقىش ئېغىزىنى ھاسىل قىلاتتى. كۇشۇيدىن يولغا چىققاندا، يول بويىدا كارۋان ئەترەتلىرىنىڭ ھايۋانات تاپى ياكى ئۆلۈپ كەتكەن

ئادەملەرنىڭ سۆڭىكىنى يول بەلگىسى قىلىپ قويغانلىقىنى كۆردۈم. يەندۈندىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كېتىدىغان يول بۆلىكى ئوخشاشلا شېغىل تاشلىق قاقاسلىق بولۇپ، ئارىلىق نىسبەتەن قىسقا ئىدى، ئۇ ئەڭ ئاخىردا كەڭ سېرىق توپىلىق بەلۋاغنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى ئۆستەڭگە تۇتىشاتتى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى قارلىق تاغدىن كېلەتتى، دەريا قىنىدا بۈك ـ باراقسان دەرەخ ۋە قومۇشلار ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، بىز يەنە قۇمۇلدىكى يەر مەيدانى بىرقەدەر كىچىك بولغان بوستانلىقتىن ئۆتتۇق، يەنە ئىچكىرىلەپ ئىككى بۆلەك يولنى ماڭغاندىن كېيىن، بوستانلىقنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان قۇمۇل بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق.

شۇەنزاڭنىڭ تۇر ئەتراپىدىكى سەرگۈزەشتىسى

سۇلې دەرياسىدىن يولغا چىقىپ هايال ئۆتمەي، شۇەنزاڭنىڭ يەرلىك ياش يول باشلىغۇچىسى ئۇنى تاشلاپ كېتىپ قالغان. شۇەنزاڭ تۇر، هايۋانلارنىڭ تاپى ۋە ئاتنىڭ تېزەكلىرىنى بەلگە قىلىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىگەن. ئۇ يىراقتىن نۇرغۇن لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەشۋىشلەنگەن. ئۇ لەشكەرلەرگە يېقىنلاشقانسېرى ئۇلار يوقاپ كەتكەن، بۇ مەشهۇر «ئېزىتقۇ هادىسىسى» بولۇپ، خىيالىي تۇيغۇ ئىدى خالاس. مەن ئەنشىدىن يولغا چىقىپ، نەچچە بۆلەك مۇساپىنى بېسىش جەريانىدا، بۇ خىل شارائىتتا كۆز پەسلىنىڭ سالقىنلىقىنى هېس قىلىش بىلەن بىللە، يەنە بۇ خىل ئېزىتقۇ هادىسىسىنى كۆرەلىدىم. شۇەنزاڭ تەخمىنەن 80 چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، بىرىنچى تۇرغا يېتىپ بارغان. ئۇ بۇ جايدىن تۇيۇقسىز ئۆتۈش ئۈچۈن، يېرىم كېچە بولۇشنى كۈتكەن. ئۇ تۇر يېنىدىن سۇ قاچىلاشقا تەمشەلگەندە، تۇردىكى قاراۋۇل ئۇنىڭغا ئوقيا ئاتقان. شۇەنزاڭ ئۆزىنىڭ جۇڭگونىڭ مەركىزىي شەھىرىدىن كەلگەنلىكىنى دېگەچكە، قاراۋۇل ئۇنى تۇردىكى چاۋۇشبېشىنىڭ ئالدىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپارغان. چاۋشبېشى دۈنخۇاڭلىق كىشى بولۇپ، ئىسمى ۋاڭشياڭ ئىكەن، ئۇ شۈەنزاڭغا ئىنتايىن دوستانە مۇئامىلىدە بولغان. ئۇ شۈەنزاڭنى قايتىشقا قايىل قىلالماي، ئىككىنچى كۈنى سەھەردە ئۇنىڭغا تۆتىنچى تۇرغا قانداق يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن. تۆتىنچى تۇرغا ۋاڭشياڭنىڭ بىر يېقىن تۇغقىنى مەسئۇل ئىدى. شۈەنزاڭ تۇرغا يېتىپ بارغان كۈنى كەچتە، يەنە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش قىسمەتكە يولۇققان ھەمدە تۇردىكى قاراۋۇل تەرىپىدىن يارىلاندۇرۇلغان. چاۋشبېشى ۋاڭشياڭنىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاندىن شۈەنزاڭنىڭ جاراھىتىنى داۋالىغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شۈەنزاڭغا بەشىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى تۇرغا يېقىنلاشماسلىقنى ئېيتقان، چۈنكى ئۇ يەردىكى ئەسكەرلەرنىڭ مىجەزى چۇس بولغانلىقتىن، چاۋشبېشى تۇيۇقسىز بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. لېكىن، چاۋشبېشى شۈەنزاڭنىڭ يۈز چاقىرىم يىراقلىقتىكى «يېماچۈەن» دېگەن جايغا بېرىپ سۇ قاچىلىشىغا قوشۇلغان (خۇي لى، يەن زۇڭ: «بۈيۈك مېھىر - شەپقەتلىك ئىبادەتخانا ئۈچ نوم ئاچارىيا تەزكىرىسى»).

**شۈەنزاڭنىڭ باغايانلا يولدىن ئادىشىشى**

شۈەنزاڭ تۆتىنچى تۇردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇزۇن يۈرمەيلا قەدىمدىن تارتىپ قۇم دېڭىزى دەپ ئاتالغان، 800 چاقىرىم كېلىدىغان باغايان قۇملۇقىغا كىرگەن. بۇ قۇملۇقتا ئۇچار قۇش، جان - جانىۋار يوق بولغاندىن باشقا، سۇ ۋە ئوت - چۆپمۇ يوق ئىدى. قۇملۇقتىكى ئىزىتقۇنىڭ ئازدۇرۇشى تۈپەيلىدىن قۇملۇقتا نىشانىنى يوقىتىپ قويۇپ، «يېماچۈەن»نىمۇ تاپالمايدۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق بولغىنى، ئۇ تۆتىنچى تۇردىن ئېلىۋالغان تولۇم يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، ئىچىدىكى سۇنىڭ ھەممىسى تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، شۈەنزاڭ يولدىن بەكلا يىراقلىشىپ كەتكەچكە، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى

بىلەلمەيدۇ. ئاخىرىدا ئۇ شەرققە قاراپ مېڭىشنى قارار قىلىپ، تۆتىنچى تۇرغا قايتماقچى بولىدۇ، ئۇ ئالاھەزەل 10 چاقىرىمچە ماڭغاندىن كېيىن، تۇساتتىن قەسىمى ئېسىگە كېلىپ، دەرھال «ئەۋەلو كىتېشۋەرەگە سەممىيلىك بىلەن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىپ، غەربىي شىمالغا قىلغان سەپىرىگە يول باشلىشىنى تىلەيدۇ». ئۇ تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلىغىنىدا ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغ ئىزى بولمىغان چەكسىز دالىنىلا كۆرىدۇ. ئۇ كېچىدە ئېزىتقۇنىڭ ۋەھىمىسىگە، كۈندۈزى قاتتىق قۇم ـ بورانىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇنى ئۇسسۇزلۇق، ئاچ ـ زېرىنلىق قىينايدۇ، شۈەنزاڭ بەش كۈندۈز، تۆت كېچە يول يۈرۈپ بىر تېمىممۇ سۇ ئىچمەيدۇ، ئاخىر ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپ قالىدۇ. شۈەنزاڭ بەشىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە، سەممىيلىك بىلەن ئەۋەلو كىتېشۋەرەگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، بىر سالقىن شامال ئۆزىنى ھوشىغا كەلتۈرگەندەك ھېس قىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ بىر ئاز ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ھەمدە چۈشىدە بىر غايىۋانە سىرلىق كۈچنىڭ ئۇنى داۋاملىق مېڭىشقا دەۋەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ تەخمىنەن 10 چاقىرىم يول يۈرگەندىن كېيىن، ئېتى تۇيۇقسىز باشقا تەرەپكە قاراپ چاپىدۇ. ئات بىرنەچچە چاقىرىم چاپقاندىن كېيىن، ئۇنى بىر بوستانلىققا ئېلىپ كېلىدۇ. شۈەنزاڭ بۇ يەردە ئېتىنى ئوتلىتىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق مېڭىشقا تەمشەلگەندە، بۇ يەردە سۇ بارلىقىنى بايقاپ، قۇتۇلدۇم دەپ ئويلايدۇ، ئۇ يەردە بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن سۇ ۋە يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى ئېلىۋېلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئاخىرى قۇملۇقتىن چىقىپ قۇمۇلغا يېتىپ كېلىدۇ.

### شۈەنزاڭ ۋە يىماچۆەن

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۈەنزاڭغا بەشىنچى تۇرغا بارماسلىق ئېيتىلغان، بۇ يەردىكى بەشىنچى تۇر شىڭشىڭشىيا (ئارا يۇلتۇز)

www.uyghurkitap.com

ئىدى. ئۇ تۆتىنچى تۇردىن باشلاپ غول يولدىن ئادىشىپ قېلىپ، 100 چاقىرىم يىراقلىقتىكى «يېماچۇەن»نى ئىزدەيدۇ. ئۇ «يېماچۇەن»نى تاپالماي ئەسلىدىكى يول بويىچە تۆتىنچى تۇرغا قايتىپ كېتىدۇ. شۇەنزاڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ شەرققە قاراپ ئارقىغا قايتقان. بۇ «يېماچۇەن» نىڭ چوقۇم غەربتىكى مەلۇم بىر جايدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بىز چېگرادىن ئۆتىدىغان، رۇسىيە خەرىتىسىدە ئېنىق كۆرسىتىلگەن (مايور روبىروۋسكىينىڭ ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەكشۈرگەن ۋاقىتتا سىزغان)، دۇنخۇاڭدىن قۇمۇلغا بارىدىغان يول بىلەن مالىيەنجىڭدىن غەربكە 30 مىل مېڭىپ، كۇشۇي ۋە ئەنشى ئارقىلىق قۇمۇلغا كىرىشتىن بۇرۇن، مالىيەنجىڭنىڭ غەربىي شىمالىغا تەخمىنەن 30 مىل يۇرگەندىكى جايدا ئوت، سۇ بارلىقىنى كۆردۇق. شۇڭلاشقا، هازىرغىچە ئوچۇق تۇرغان قۇدۇق كۆزى شۇەنزاڭ ئىزدىگەن «يېماچۇەن» بولۇشى مۇمكىن. شۇەنزاڭ يول باشلىغۇچى بولمىغاچقا قۇدۇق كۆزىنى تاپالمىغان. بۇ ماڭا نىسبەتەن بىر تەجرىبە ئىدى. شۇڭا، مەن 1914 - يىلى 9 - ئايدا شىمالىي تاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تەكشۈرۈلمىگەن جايلاردىن ئۆتكەندە، ئامالنىڭ بارىچە ئەتراپتىكى مۇهىت بىلەن پىششىق تونۇشتۇم.

### شۇەنزاڭنىڭ مالىيەنجىڭدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى سەپىرىنىڭ لىنىيەسى

بۇگۈنكى كۈندە قۇمۇلغا بارغان ساياهەتچىلەر شىڭشىڭشىياغا قايتماقچى بولسا، ئەڭ ياخشىسى مالىيەنجىڭدىن ئايرىلىپ، ئاساسىي يولنى بويلاپ غەربىي شىمالدىن غەربكە قاراپ يۇرسە بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مۇشۇ يولنى تاللىغانلار چوقۇم ئېگىز - ئېگىز تاغلاردىن هالقىپ ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. چۈنكى، شىڭشىڭشىيا (ئارا يۇلتۇز)دىن باشلىنىدىغان بۇ يول ئېگىز - پەس داۋاندىن ئۆتەتتى. شۇڭا، بۇ جايدا تۈز سىزىقنى بويلاپ مېڭىشقا بولمايتتى، بۇ خىل جۇغراپىيەلىك مۇهىت شۇەنزاڭنىڭ

«ھاياتىم»ناملىق كىتابىدىكى مۇنۇ بىر جۈملە سۆزنى پۈتۈنلەي چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى: «ئاساسىي يولدىن قانچىلىك يىراقلاشسا، قايسى يۆنىلىشكە مېڭىشنى بىلەلمەي قالىدۇ». ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۆەنزاڭ «يېماچۈەن»نى تاپالمىغاندا غەربىي شىمالغا مېڭىشنى قارار قىلغان. ئۇ ئۇزۇق - تۈلۈك ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن قىينالمىغان ھەمدە قۇملۇقتىكى ھەر خىل جاپا - مۇشەققەتمۇ ئۇنى باش ئەگدۈرەلمىگەن. ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن. ئۇ شۇنىڭ بىلەن بىر ئۇلۇغ سەيياھنىڭ جاسارىتىنى نامايان قىلغان. قانداق قىلغاندا ئۆز نىشانىدىن ئادىشىپ قالماي مېڭىشنى بىلىدىغان كىشىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئاقىلانىلىك بىلەن چىقىرىلغان قارار ئىدى. شۆەنزاڭدا كومپاس ئىشلەتكەندەك ئالاھىدە تۇيغۇ بولۇپ، بۇ نۇقتا شۆەنزاڭنىڭ «غەربكە ساياھەت»تىكى يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى بايانلاردا تولۇق ئىسپاتلانغاندى.

### چەكسىز قۇملۇقتا مېڭىش

بۇ يولدىن غەربىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ ماڭغاندا، سەيياھلار كۆشۈي ئەتراپىدىكى چوڭ قاقاس شېغىللىقتىن ئۆتۈپ، يەندۈن ئۇيمانلىقىغا يېتىپ بارىدۇ. بۇ جايدىن يەنە شەرقىي جەنۇبقا قاراپ ماڭغاندا قۇرۇقتاغدىكى قار سۈيى بىلەن سۇغىرىلىدىغان سېرىق توپىلىق ئېتىزلىقىقا بارغىلى بولىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، باغاياندا قۇملۇقتىن ئۆتكەندە، شۆەنزاڭ بىر يۇتۇممۇ سۇ ئىچمەي بەش كۈندۈز، تۆت كېچىنى ئۆتكۈزگەن. بەشىنچى كۈنى يېرىم كېچىدە ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە نەچچە مىل يول يۈرگەن، ئاندىن كېيىن ئوت - چۆپ ۋە سۇ بار بىر جايغا يېتىپ كەلگەن. بىزنىڭ بايقىشىمىزچە، بۇ بىر بۆلەك ئارىلىقنىڭ ئۇزۇنلۇقى شۆەنزاڭ «ھاياتىم» ناملىق كىتابىدا خاتىرىلەنگەن ھەمدە بىز پەرەز قىلغان ئەمەلىي ئارىلىققا ئىنتايىن يېقىن. بىز بۇنى ھازىرقى ساياھەت لىنىيەسىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مالىيەنجىڭ»، يەنى تۆتىنچى تۇردىن قۇمۇل چېگراسى ئىچىدىكى بىرىنچى جايغا بەش بۆلەك يول يۇرگەندە بارغىلى بولىدىغانلىقىنى، پۈتۈن مۇساپىنىڭ 106 مىل كېلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇ ۋاقىتتا بەشىنچى تۇردىن قۇمۇلغا تۇتىشىدىغان يوللاردا يەنى شاچۇەنزى، كۇشۇي، يەندۇن ياكى ئۆلارغا يېقىن ئەتراپتىكى جايلاردا نۇرغۇن قۇدۇق بار ئىدى. شۇەنزاڭ بۇ قۇدۇقلارنى تاپالمىغان، چۈنكى ئۇ سەپەر لىنىيەسىدىن يىراقلاپ كەتكەن، ئوخشاشلا مېنىڭمۇ قۇملۇقتىكى سەپىرىم ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. شۇەنزاڭ تاللىغان يول بىلەن ئاساسلىق يول پاراللېل بولغاچقا، ئۆلارنىڭ ئارىلىقى نەچچە مىل پەرقلەنسىمۇ، يىراق شۇەنزاڭغا نىسبەتەن بۇ باشتىن - ئاخىر بىر سىر ئىدى.

### «هاياتىم»ناملىق كىتابتا خاتىرىلەنگەن رېئاللىق

مەن شۇەنزاڭنىڭ چارچىغاندا ئاتنىڭ پۇراش سېزىمى ياكى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىغا ئاساسەن ئاخىرى هاياتلىق بۇلىقىنى تاپقانلىقى باياسن قىلىنغان جەريانىنىڭ ھەقىقىيلىقىغا ئىشىنىمەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇەنزاڭ گۇاجۇدىن يولغا چىقىپ، خەتەرلىك سەپەرنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن يەرلىك كىشىلەر بىلەن ئات ئالماشتۇرغان. ھەممەيلەنگە مەلۇم، ئات بىلەن تۆگە قۇملۇقتا ئۆزىنىڭ پۇراش سېزىمىغا ئاساسەن سۇ، ئوت - چۆپنىڭ پۇرىقىنى بىلەلەيدۇ ياكى ئالاھىدە ئىقتىدارىغا ئاساسەن بىر قېتىم ئۆتكەن جايدىكى سۇ، ئوت - چۆپنىڭ ئېنىق ئورنىنى ئېسىدە تۇتالايدۇ. شۇڭا، مەنمۇ ئاتنى بىر قېتىم سىناپ باقماقچى بولدۇم. خۇي لى بايانىنىڭ توغرىلىقى خۇددى ئۇ ئېيتقاندەك، ئۆز - ئۆزىدىنلا مەلۇم ئىدى. شۇەنزاڭ سەپەر جەريانىدا ئىككى كۈندىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئاخىر قۇمۇلغا يېتىپ بارغان، بۇ هازىرقى قۇمۇلغا بېرىشقا كېتىدىغان ۋاقىت بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئارىلىقى 35 مىل كېلەتتى. شۇڭا، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، «هاياتىم» ناملىق

كىتابىتىكى خاتىرىلەر، يەنى شۇ قېتىملىق ساياھەت كىشىنى شۇنچىلىك دەرىجىدە قايىل قىلىدۇ. ئەمما، خەتەرلىك جەريانلار مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن ھەم توقۇپ چىقىرىلغان، لېكىن خۇي لىنىڭ تەسۋىرلىگىنى ھەقىقەتەنمۇ شۇەنزاڭنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان.

## 2 ـ بۆلۈم  قۇمۇلنىڭ تارىخىي ئورنى

### قۇمۇلنىڭ مۇھىملىقى

قۇمۇل جۇڭگو ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇناسىۋەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان، شۇڭا بۇ قېتىم شىمالىي يول بىلەن تارىم ئويمانلىقىغا قايتىپ، قۇمۇلنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. لېكىن، قۇمۇل بوستانلىقىدا ئۇزۇن تۇرمىدىم، بىرنەچچە چەت يېزىلاردىن ئالدىراپ ئۆتۈپ كەتكەچكە، بۇ زېمىندىكى ئۆتمۈش ۋە بۈگۈنگە ئائىت بەزى ئەھۋاللارنى چۈشىنىش ۋە ئىگىلەشكە ئامالسىز قالدىم. مېنىڭ قۇمۇل ۋە قۇمۇل كىشىلىرىگە بولغان تەسىراتىمنى ئۆز تەرجىمىھالىم يېزىلغان ئەسەردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇ يەردە مەن ئاساسلىق زېمىننى مۇھىم جۇغراپىيەلىك ئامىلغا بېغىشلىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، گەرچە بۇ يەرنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى كەمچىل بولسىمۇ، ئۇلار قۇمۇلنىڭ تارىخىي ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرۈشتە يېتەرلىك ئىدى.

### كروران بىلەن قۇمۇلنىڭ ئورنى ۋە ئوخشاشلىقى

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى «قۇمۇل» دېگەن نامنىڭ تۈركچە سۆزلىكىنى بىلىدۇ. قۇمۇلغا دائىر ۋەسىقىلەردە ئېنىق كۆرسىتىلىشىچە، خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە جۇڭگو سودا ئىشلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، قۇمۇلنىڭ شىمالىي يولدىكى ئورنىمۇ كۈندىن ـ

www.uyghurkitap.com

كۆنگە مۇھىملاشقان. شۇنىڭدەك جۇڭگو غەربكە قاراپ كېڭەيگەندە، شۇنداقلا خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە كروراننىڭ جەنۇبىي لىنىيەدىكى ئورنىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرغان. ناۋادا كروران لوپنۇر قۇملۇقىنىڭ غەربىي قىسمىدا كۆۋرۈكلۈك ۋە بازىلىق رول ئوينىمىغان بولسا، جۇڭگولۇقلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا بىۋاستە يېتىپ بېرىشى جىسمانىي جەھەتتىن مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئوخشاشلا، ئەگەر قۇمۇلدا تېرىلغۇ يەر رايونى، يەنى شىمالىي تاغ قۇملۇقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بىر تەبىئىي نۇقتا بولمىسا، ئۇنداقتا شەرقىي تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي رايونلىرىغا تۇتىشىدىغان يولنى ئېچىش ۋە قوغداش ئۇلارغا نىسبەتەن تېخىمۇ تەسكە توختايتتى.

### قۇمۇل — ئىنتايىن مۇھىم ئالدىنقى بازا

قۇمۇلدا تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان يەر ئاز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. ئېھتىمال قەدىمدە بۇ خىل ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىر بولسا كېرەك. ھالبۇكى، خەنزۇ ھەربىي بوز يەر ئاچقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە قۇمۇلنىڭ دېھقانچىلىقى خېلى تەرەققىي قىلغان، بۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قاراتقان تەدبىرىنىڭ مۇھىملىقىنى بىر - بىرلەپ ئىسپاتلاپ بەرگەنىدى. مىلادىيە 73 - يىلىدىن كېيىن ھەر قېتىم جۇڭگونىڭ كۈچى ئېشىپ، ئوتتۇرا ئاسىياغا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنى پىلانلىغاندا، قۇمۇل تەبىئىيلا خەنزۇلار قىسمىنىڭ بىر مۇقىم نۇقتىسى ياكى بازىسى بولۇپ قالاتتى. شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەردىن بولغان ھۇنلار ۋە تۈركلەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇش ۋە 1876 — 1877 - يىللاردىكى جۇڭغار توپىلىڭىنى باستۇرۇش ئۈچۈن قۇمۇل ھەربىي بازا قىلىنغانىدى. قەدىمدىن ھازىرغىچە كىشىلەرنىڭ ھەرخىل سودا ۋە ترانسپورت پائالىيەتلىرىدىكى بايقاشلىرىغا

نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىمالىي تاغ قۇملۇقى باشتىن - ئاخىر ھالقىپ بولالمايدىغان بىر تەبىئىي توسۇق ئىدى، شۇڭا قۇمۇل كارۋانلارنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكلىرىنى تولۇقلايدىغان ۋە ئۇلاغلىرىنى ئوبدان ئارام ئالدۇرىدىغان جاي ھېسابلىناتتى. «قۇمۇل ئىلگىرى بىر خانلىق بولۇپ، نۇرغۇن شەھەر - بازار ۋە يېزا قىشلاقلىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئاساسلىق شەھىرىنىڭ نامى قۇمۇل ئىدى. قۇمۇل ئىككى قۇملۇق بەلبېغى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، بىر تەرىپىدە لوپنۇر قۇملۇقى، يەنە بىر تەرىپىدە كىچىك قۇملۇق بەلبېغى بولۇپ، ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچ كۈنلۈك يول ئىدى. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دىنغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئالاھىدە بىر خىل تىلنى ئىشلىتەتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن مېۋىلىك دەرەخلىرى بار بولۇپ، ئاساسلىقى مېۋە - چىۋىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرەتتى، يەنە تېخى ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە سېتىپ بېرەتتى[①]».

**قۇمۇلنىڭ سۇ مەنبەسى كەمچىل**

قۇمۇل بوستانلىقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى سۇ مەنبەسىنىڭ مولluqىدا، يەنى بۇ سۇنىڭ قارلىق تاغ ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى رايونلارغا ئېقىپ كېلىدىغانلىقىدا. بۇ تاغ نامىنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان يوشۇرۇن مەنىسىدە ئىپادىلەنگەندەك، تاغ ئېگىز بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭدا يېتەرلىك نەملىك بولۇپ، يىل بويى قار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. تەڭرىتاغدىكى يىغىلىپ قالغان بىر قىسىم قارلار بىلەن قاپلانغان تاغ تىزمىلىرى ئۇزۇن ئەمەس ئىدى. تاغ چوققىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 25 مىل بولۇپ، تاغ باغرىدىن ئېقىپ چۈشىدىغان سۇنىڭ ئومۇمىي مىقدارى چەكلىك ئىدى. شۇ سەۋەبتىن سۇ شىمالىي قىسمىدىكى تاغنىڭ

---

① ھېنرى يۇل: «ماركو پولو»، 209 - بەت قاتارلىقلار. — تۈزگۈچىدىن.

www.uyghurkitap.com

شېغىللىق تۆپىلىكىدىن يەر يۈزىگە ئېقىپ ئۆتەلمەيتتى. پەقەت ئاندا ـ ساندا يامغۇر ياغسىلا، تاغدىكى ئېقىندىلار ئارقىلىق بۇ يەرگە ئېقىپ كېلەتتى. كۆپ مىقداردىكى سۇ ئېقىش جەريانىدا يارغا ئايلىنىپ كېتەتتى. شۇڭا، پەقەت يەر ئاستى سۈيىگە تايىنىپ شېغىللىقنىڭ ئاستىدىن قۇدۇق قېزىپ، سۇغىرىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا بولاتتى. خۇددى خوتەن بىلەن كېرىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاراسۇ دەرياسىغا ئوخشاش، تۆۋەنكى قىسمىدىكى تېرىقچىلىق قىلىشقا بولىدىغان سېرىق توپىلىق رايوننى سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولاتتى. ناۋادا ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغاندەك، پەس ئويمانلىققا جايلاشقان سۇنى ئۆستەڭ قېزىپ سۇغىرىشقا ئىشلەتكەندە، قارلىقتاغدىكى بىر قانچە پارچە تېرىلغۇ يەردىن كېچىشكە توغرا كېلەتتى، بۇنداق بولغاندا قۇمۇل رايونىدىكى تېرىلغۇ يەر كىچىككىنە مۇنبەت يەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالاتتى. چۈنكى، سازلىق ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قۇمۇلنىڭ ئاساسلىق بوستانلىق تېرىقچىلىق رايونىنىڭ ئەڭ كەڭ يېرى 5 مىلغىمۇ يەتمەيدىغان دائىرىدە چەكلىنىپ قالغانىدى. دەريا ئېقىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا، مەسىلەن، خوتەن، يەكەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىكىگە ئوخشاش چوڭ ـ كىچىك يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسى يەرلىرىنى سۇغارغىلى بولىدىغان يېتەرلىك چوڭلۇقتىكى دەريا ئېقىنلىرى يوق ئىدى. خەنزۇ يېزىقىدىكى بارلىق ۋەسىقىلەردە قۇمۇلنىڭ يېرى مۇنبەت، ھاۋا كىلىماتىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىسىمۇ، لېكىن قۇمۇلنىڭ تېرىلغۇ يەر رايونىدىكى نوپۇس ئىزچىل چەكلىك بولۇپ كەلگەن، بۇ خىل ئەھۋال كىروران بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتەتتى.

### قۇمۇل بىلەن كىرورانىنىڭ سېلىشتۇرۇلمىسى

كىروران بىلەن قۇمۇل ئىستىھكامى جۇڭگولۇقلارنىڭ كۆۋرۈكلۈك ئىستىھكامى بولغاچقا، كېيىنكى نەچچە ئەسىردە

جۇڭگولۇقلار بۇ يەر ئارقىلىق قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىياغا كىرگەن. ئەگەردە بۇ قاراش خاتا بولمىسا، ئۇنداقتا بۇ ئىككى رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتىكى پەرقى چوقۇم باشقا جەھەتلەردە ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. كروران ياكى گەنسۇدىن كروراندىچە بولغان قەدىمىي يولنى ئېلىپ ئېيتساق، مەن ئىلگىرى بۇ يولنىڭ شىمالىدىكى دۆشمەن كۈچلەرنىڭ پاراكەندىچىلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسەتكەنىدىم. لېكىن، بۇ يول ناھايىتى ياخشى قوغدالغانىدى. كەڭرى كەتكەن قۇملۇق بەلبېغى ۋە قۇرۇقتاغدىكى گىياھ ئۈنمەيدىغان ئېگىزلىكتە تەبىئىي مۇداپىئە ئىستىھكامى شەكىللەنگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى دۆشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمى توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان، چۈنكى ھۇنلار ياكى ئۇلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچى ۋارىسلىرى بۇ يەردىن ئوتلاقلارنى تاپالمايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك شارائىت تۈپەيلىدىن سۇغىرىش ئىشلىرىدىكى قىيىنچىلىقلارنىڭ بۇ كۆۋرۈكلۈك ئىستىھكامنى ئىشلىتىشنى باشتىلا ئىنتايىن خەتەرلىك ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىغىمۇ دىققەت قىلدۇق. بۇ دائىم قۇملۇقتىن يىراقتا جايلاشقان بوستانلىق رايوننى كونترول قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، داۋاملىق يۈز بېرىدىغان قۇرغاقچىلىقنى كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش، تەسىرگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. كروران دەل مىلادىيە 4 ـ ئەسىردىلا تاشلىنىپ قالغانىدى.

### قۇمۇلنىڭ شىمالىدا تەبىئىي توسۇق يوق ئىدى

ھالبۇكى، بىزقۇمۇلدا بايقىغان ئەھۋال باشقىچە ئىدى. بۇ يەردىكى تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىدىغان تەبىئىي سۇ مەنبەسى ئىنتايىن كەمچىل بولۇپ، تارىخىي مەزگىللەردە كىلىمات ئۆزگەرگەن ياكى ئۈچ بۇلۇڭ بەلباغ رايونىدىكى دەريا يولىدا يۆتكىلىش ھاسىل بولغان بولسىمۇ، قۇمۇلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇشىغا تەھدىت سالالمايتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، قۇمۇلنىڭ شىمالىي رايونىدا تەبىئىي توسۇق بولمىغاچقا، شىمالدىكى چارۋىچى مىللەتلەر ئاسانلا بېسىپ كىرەلەيتتى. بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئانچە قۇرغاق بولمىغاچقا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بۇ بىر بۆلەك يەردە ئوت ـ چۆپ، دەل ـ دەرەخلەر ناھايىتى ياخشى ئۆسەتتى. 1914 ـ يىلى، مەن باركۆل ۋە ئەسكىسار (گۇچۇڭ) غا بارغىنىمدا، بۇ ھەقتە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇم. بۇ جاي كۆپلىگەن كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنى جەلپ قىلغاچقا، ھەمىشە تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچراپ كەلگەن. خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىيقىلەردە خاتىرىلەنگەن خەن، تاڭ دەۋرلىرىدىكى تارىختىن نۇرغۇنلىغان پاكىتلارغا ئېرىشەلەيمىز. ھۇنلار ۋە كۆچمەن چارۋىچى ۋارىسلارنىڭ بۇ يەردىكى تەسىر كۈچى كۈچلۈك بولۇپلا قالماستىن، بۇ ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ۋاقىتنىڭ بىرقەدەر ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى. مەيلى قۇرۇقتاغنىڭ غەربىدىكى ياكى شەرقىدىكى رايونلارغا بېرىشتا بولسۇن، بۇ يەردە تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ماڭغىلى بولاتتى ھەمدە شىمالىي قىسمىدىن قۇمۇل تۈزلەڭلىكىگە بېرىشتىكى يول بار ئىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ ھۇجۇم قىلىشقا ئىنتايىن قولايلىق يارىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات ھارۋىسى باركۆل داۋىنىدىن ئاسانلا ئۆتۈپ، بىر كۈندىلا مەركىزىي بوستانلىققا يېتىپ بارالايتتى.

**خەن سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى قۇمۇل**

ھەر قېتىم جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۈچى ئاجىزلاشقاندا، قۇمۇل شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرايتتى. شىمالدىكى مىللەتلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز تاجاۋۇز قىلىشى قۇمۇلنىڭ ئالمىشىپ تۇرغان تارىخىنىڭ خۇددى «تارىخىي خاتىرىلەر»دە خاتىرىلەنگەندەك

ھازىرقى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە تولۇق كۇپايە قىلىدۇ. ئاراتۇركنىڭ تەقدىرىنىڭ تۈيۈقسىز ئۆزگىرىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش خۇددى قۇمۇلنى خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىغىچە بولغان دەۋردىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ بىلگىنىگە ئوخشاش، بىزنىڭ مۇھاكىمە قىلىش دائىرىمىزگە تەۋە ئەمەس ئىدى. مىلادىيە 73 ـ يىلى، خەن سۇلالىسى قۇمۇلدا تۇنجى بولۇپ ھەربىي بوز يەر ئېچىش رايونىنى تەسىس قىلغان. كېيىنكى تۆت يىلدا ئاراتۇرك يەنە بىر قېتىم ھۇنلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانىدى. مىلادىيە 90 — 104 ـ يىللاردا قۇمۇل يەنە ھۇنلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ئوخشاش تەقدىر ـ قىسمەتكە دۇچار بولغان. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 131 ـ يىلى خەن سۇلالىسى ھۆكۈمىتى قۇمۇلدا يەنە بىر قېتىم ھەربىي ئىشلار بوز يەر ئېچىش رايونىنى تەسىس قىلغان، خەن سۇلالىسىنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئاساسەن قۇمۇلنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلغان. لېكىن، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ غەربىي يۇرتتىكى ھۆكۈمرانلىق ئورنىنىڭ يىمىرىلىشىگە ئەگىشىپ، مىلادىيە 2 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن قۇمۇلغا بولغان كونتروللۇق تەبىئىي رەۋىشتە ئاخىرلاشقان. مىلادىيە 608 ـ يىلى سۈي سۇلالىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى قۇمۇلنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان بولسىمۇ، سۈي سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئۇزاققا بارمىغان. ئۇزۇن ئۆتمەي غەربىي تۈركلەر قۇمۇلنى قايتىدىن بويسۇندۇرغان. مىلادىيە 630 ـ يىلى تاڭ تەيزۇڭ غەربىي تۈركلەرگە بىر قاتار ھۇجۇملارنى ئېلىپ بارغان، كېيىنكى 20 يىلدا تاڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى غەربىي يۇرتقا بولغان ھۆكۈمرانلىق كۈچىنى كېڭەيتىپ، ئاخىرىدا غەربىي يۇرتنى، شۇنداقلا تېخىمۇ يىراق جايلارنى ئىگىلىگەن. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، قۇمۇل خانى ئەڭ ئاۋۋال تاڭ سۇلالىسىگە ئەل بولۇپ پاناھلىق تىلىگەنلەرنىڭ بىرى ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇڭگو غەربىي يۇرتقا قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىنكى قۇمۇل

مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىكى قالايمىقانچىلىق مەزگىللىرىدە شىمالدىكى تۈركلەر ۋە جەنۇبتىكى تىبەتلەر ئىنتايىن ھەددىدىن ئاشقانىدى، شۇڭا قۇمۇل ناھايىتى مۇشكۇل ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ۋاقىتتا تاڭ سۇلالىسى غەربىي يۇرتتىكى باشقا بەگلىكلەر بىلەن بولغان ئالاقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغداش ئۈچۈن، تۈركلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىكى تەسىر كۈچىنى ئۈزۈل - كېسىل بىتچىت قىلغان. بىراق، تەخمىنەن مىڭ يىلدىن كېيىن، كاڭشى خان جۇڭغارلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىغان، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ئوتتۇرا ئاسىيانى يەنە بىر قېتىم قايتۇرۇۋالغان. قۇمۇل ئىككى تەرەپ ئۇرۇشىدا يەنە بىر قېتىم تالاپەتكە ئۇچرىغان. قۇمۇلدىن ئىبارەت بۇ ئېچىنىشلىق كۆرۈنۈش ئىستىھكامىنى قوغداپ قېلىش جۇڭگولۇقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئىنتايىن قىيىنغا توختىغان. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتتا شىمالغا تولۇق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئەمەلگە ئاشمىغانىدى. غايەت زور ئىسلام توپىلىڭى مەزگىلىدە قۇمۇل يەنە بىر قېتىم قولدىن كەتكەن. بۇ بوستانلىقتا خەنزۇلار ۋە باركۆلدىن كەلگەن خۇيزۇلار نۆۋەتلىشىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان، ھەتتا بەزى يىللاردا تامامەن تاشلىنىپ قالغان.

باشقا مىللەتلەر ئاچقان قۇمۇل يولى

قۇمۇلنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى مىنىڭ تارىختىكى يېشىلمىگەن سىرلارنى ئېچىشىمغا تۈرتكە بولدى. دېمەكچى بولغىنىم، قۇمۇلنىڭ شىمالدىكى يول لوپنۇر قۇملۇقى ۋە كرورانغا بېرىشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان بولسىمۇ، خەنزۇلار نېمە ئۈچۈن ئىككى ئەسىردىن كېيىن بۇ يولدىن پايدىلىنىدۇ؟ ئېنىقكى، خەنزۇ سىياسىيونلار شىمالدىكى ھۇنلارنىڭ تەسىر



25 ـ رەسىم قۇمۇل ئاراتامىلىقلار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئانتروپولوگىيەلىك ئۆلچەش

كۆچىنى بىتچىت قىلىشتىن ئىلگىرى مۇشۇنداق بىر ئېچىۋېتىلگەن ئالدى بازىنى ئىگىلەشنىڭ قانچىلىك مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى ئېنىق تونۇپ يەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، تەبىئىي مۇھىت بىلەن كۈرەش قىلىش يېقىنلىشىش ۋە بويسۇندۇرۇشقا بولمايدىغان ھۇنلار بىلەن كۈرەش قىلىشتىن كۆپ بىخەتەر ئىدى. لېكىن، «ئارقا قاڭقىل»غا بارىدىغان مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يولنى ئىزدەش ھەقىقەتەن زۆرۈر بولۇپ قالغان. تۇرپان بىلەن چېگرالىنىدىغان ھازىرقى قەدىمىي شەھەر رايونىنىڭ تۇز لىنىيەلىك يولى مىلادىيە 2 ـ ئەسىردە قۇمۇلغا ئۆتىشىدىغان يول بولماستىن، بەلكى قەدىمكى قاشقۇۋۇقنىڭ شىمالىي قىسمىدىن يولغا چىقىدىغان قۇملۇق يول ئىدى، ئۇ «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا شىمالدىكى يېڭى يول دەپ تەسۋىرلەنگەن. يۇقىرىقى مەسىلە ئۈستىدە توختالغىنىمىزدا، بۇ يولنىڭ قۇمۇلدىن خېلى يىراقتا ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز ھەمدە سۇسىز، قۇملۇق چۆللۈكنىڭ تەبىئىي قوغدىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇمۇلدىكى ئىرقىي ئارىلىشىش

جۇغراپىيەلىك ئورۇن ئامىلى ھەم سىياسىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن، قۇمۇللۇقلاردا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە يەرلىك مەدەنىيەت ساقلانمىغان. خوتەن، كۇچا ۋە تۇرپان رايونلىرىدىكى خارابىلىكلەر ۋە مۇھىم ئىرقىي ئالاھىدىلىكلەر ئىسپاتلاپ بەرگىنىدەك، جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىن بۇ رايوندىكىلەر تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان، ئەمما بىر دەكلىكنى ساقلاپ قالغان. بىلىشىمچە، شىنجاڭنىڭ باشقا ھەرقانداق رايونى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى قۇمۇللۇقلار تىل، يۇرۇش - تۇرۇش، كىيىنىش جەھەتتە خەنزۇلارنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچرىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ بەدەن ساپاسىنىڭ ئالاھىدىلىكىدە ئىپادىلەنگىنى ساپ تۈركلەر تەركىبىنىڭ ئارىلاشمىسى، تارىم ئويمانلىقىدىكى يېشىل بوستانلىق بەلبېغىدا ئولتۇراقلىشىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاھالىلەر بىلەن بولغان پەرقمۇ ناھايىتى روشەن (25 ـ رەسىمگە قاراڭ ). شاۋان ئەپەندى مەن يىغىپ توپلىغان ئادەم سۆڭىكى ئەۋرىشكىلىرىنى باھالاپ، ئۇلاردا ئەسلىي ئالپىس تىپىدىكى ئىرانلىقلار ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەكۈنىدە قۇمۇللۇقلارنىڭ ئارىلاشما ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

قۇمۇلدىكى يېڭى مۇستەملىكىچىلەر

قۇمۇلنىڭ تارىخى بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئارىلاشما ئىرقىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ بوستانلىق رايونى ئىزچىل تۈردە جۇڭگو بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. ئارىدىن

1500 يىلدەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردىكى مۇنبەت تۇپراق يېڭى دېھقانچىلىق مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بېسىپ كىرىشىگە سەۋەبچى بولغان، ھەر قېتىملىق بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى زەربىدىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ نوپۇسى شىددەت بىلەن كۆپەيگەن. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جۇڭگونىڭ ئىچكىرى جايلىرىدىن، بەزىلىرى تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقىدىن كەلگەنلەر ئىدى. ساپ تۈرك ئىرقىي تەركىبىنىڭ ئارىلاشمىسى مۇنداق چۈشەندۈرۈلگەن، قۇمۇلنىڭ شىمالىغا يېقىن جايدا چارۋىچى مىللەتلەرنى، خۇددى تۈركلەرگە ئوخشاشلارنى كۈچلۈك جەلپ قىلىدىغان بىر جاي بولۇش بىللە، قۇرۇقتاغ جىلغىسىغا ئوخشاش ئولتۇراقلىشىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان ئەۋزەل شارائىت بولغاچقا، ھەرقايسى مىللەتلەر بۇ جايغا كېلىپ، ئىرق تەركىبىنىڭ ئارىلىشىشىغا سەۋەبچى بولغان. قۇمۇلدا تاكى بۈگۈنگىچە خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق رايونى بولغان، ئۇلار تۆڭگان قوزغىلىڭىنى تىنچىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئەۋەتىلگەنىدى. ھازىر ئۇلار تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئۇيغۇرلار بىلەن بىللە ياشىماقتا.

**قۇمۇلدىكى ئاتا مىراس سەردارلار**

بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا مىراس سەردارلىرى باشقۇرۇپ كەلگەن. قۇمۇل 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا جۇڭگونىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەندىن كېيىن، قۇمۇلنى باشقۇرۇش ھوقۇقى جۇڭغارلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ھوقۇق ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا قالدى. ئۇلارنىڭ ھازىرقى يولباشچىسى قۇمۇلنىڭ يېڭى ھۆكۈمرانلىرى ئىچىدىكى بىردىنبىر يەرلىك مىللىي يولباشچى ئىدى. يەرلىك يولباشچىلارنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى جۇڭگونىڭ سىياسىتىدىكى يەرلىكنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى ئىدارە قىلىش شەكلىدىكى ئادەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئىدى. تارىخىي خاتىرىلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاساسلانغاندا، جۇڭگو غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلغاندا مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى قوللانغان.

## 3 ـ بۆلۈم ئاراتام ۋە لاپچۇق خارابىلىكلىرى

قۇمۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى بۇددا خارابىسى

قۇمۇللۇقلار ماركو پولو دەۋرىدە يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، شاھرۇخ (ShahRukh) نىڭ ئەلچىلىرى قۇمۇلدا «ھەشەمەتلىك بېزەلگەن مەسچىتنىڭ يېنىدىكى نەپىس سېلىنغان بۇددا ئىبادەتخانىسى»نى كۆرگەن. ھازىر قۇمۇل بوستانلىقىدا ئىسلام دىنى كىرىشتىن ئىلگىرىكى دىنىي ئىمارەت خارابىسىنى تاپقىلى بولمايتتى. ئەمما، قۇمۇل شەھىرىنىڭ سىرتىدا يىل دەۋرى كېيىنرەك بولغان بۇددا دىنى ئىمارىتىنىڭ خارابىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ۋاقتىنىڭ قىسلىقى تۈپەيلىدىن، مەن پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان ئىككى جايدىكى خارابىلىكنى تەكشۈردۇم. 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يولغا چىقىپ، بىۋاستە شەرقىي شىمالغا قاراپ ماڭدۇق. بۇلار سىنگىنىڭ قارلىق تاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تاغ ئېغىزى بىلەن جىلغىنىڭ يەر شەكلىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى تاماملىشىغا تۈرتكە بولدى.

باركۆل يولىدىكى تۆر

بىز ماڭغان بىر بۆلەك يول ئاۋۋال تاغ باغرىدىكى شېغىللىقتىن ئۆتۈپ، ئاندىن تاغ ئېتىكىدىكى كىچىك كەنت تۆرۈك (تاشبالىق، Töruk ) كە تۇتىشاتتى. بۇنداق بولغاندا، مەن ئاقچىق قاراۋۇل (Akchik Koraul)دىكى غايەت زور تۆرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولاتتىم. بۇ قۇمۇللۇقلارنىڭ نەزىرىدە قەدىمىي يادىكارلىق دەپ قارىلاتتى. ئۇ

پىششىق خىشتىن ياسالغان، ئىنتايىن مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇلى ياكى ئاستىنقى قىسمى 40 فۇت، ئېگىزلىكىمۇ 40 فۇت كېلەتتى. سىرتقى يۈز قىسمىدا يانتۇلۇق (قەۋەت) بار ئىدى. مەن گۈگۈم چۈشۈشتىن ئىلگىرى، ئىنتايىن تېزلىكتە ئۇنىڭغا بىر قېتىم قاراپ چىقتىم. ئەمما، ئۇنىڭ يىل دەۋرىگە ئالاقىدار ھېچقانداق يىپ ئۇچىنىڭ بارلىقىنى جەزملەشتۈرەلمىدىم. شەك - شۈبھىسىزكى، چۆرىمە تامغا سېلىشتۇرغاندا، تاش پارچىلىرىدىن ياسالغان بۇ تامنىڭ دەۋرى خېلى بۇرۇن ئىدى. تام خارابىسىنىڭ يۈزى تەخمىنەن 90 فۇت كېلەتتى. بۇ تۇرنىڭ ئاساسلىق رولى سىگنال يەتكۈزۈش ئىدى، ئۇنىڭدىن سىرت، دۈشمەنلەر تاغدىن ئۆتۈپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا پاناھلىنىشقا بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئورنىمۇ مۇشۇ مەقسەتتە كۆككۆل قويۇپ تاللانغان، چۈنكى بۇ جايدىن باركۆل ۋە توركۆل (Tor – Kol) ئېغىزىدىكى يولنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى.


### ئاراتامنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى

مەن تولۇقتىن غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى تاقىر تاغ ئېتىكىنى بويلاپ ئاراتامغا قاراپ ماڭدىم. دوكلاتقا ئاساسلانغاندا، باغداش (Baghdash) دەرياسى ئېقىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا بۇتخانا خارابىسى بار ئىدى. ئۇ جايلاشقان كەنت قۇمۇل ۋاڭى ياكى ئاساسلىق سەردارلار ئولتۇراقلاشقان جاي بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، ئەتراپى چەكسىز كەتكەن مېۋىلىك باغ بولۇپ، مېۋىلىرىنىڭ ھەممە يەردە داڭقى بار ئىدى. قويۇق ئۆسكەن يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر خارابىلىكنىڭ يەنە بىر مەنزىرىسىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. كەينى تەرىپى تىك قىيا، گىياھ ئۈنمەيدىغان قىزىل رەڭلىك قۇم تاغ بولۇپ، باغداش تېغىدىن كەلگەن قار سۈيى تاغدىن ئۆتۈپ، ئۆتكىلى بولمايدىغان ئەگرى - بۈگرى جىلغىنى شەكىللەندۈرگەنىدى.

دەريا ئېقىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى

26 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەن خارابىلىكنىڭ ئورنى ۋە ئالاھىدىلىكىدىن قارىغاندا، ئۇ بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى مەركەزلەشكەن مۇقەددەس جاي ئىدى. بۇددا ئىبادەتخانىلىرى دەريا ئېقىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. چۈنكى، بۇ مۇقەددەس ئورۇن شۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇكى، بۇ دەريا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى قىممەتلىك ئىدى. مۇڭگۇزتاغ (Gosringa) ياكى ھازىرقى كوھمارىم (Kohmari) ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇ يەردە يەرلىك ئېتىقادنىڭ مۇستەھكەملىكىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەنىدىم. ئۇ يەردىكى تېرىقچىلار قەدىمدىن ھازىرغىچە ئۆزلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە يېتەرلىك سۇ مەنبەسىنىڭ بولۇشى ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

1907 — 1908 ـ يىللىرى ۋە 1915 ـ يىلى، مەن تۇرپان، كۇچا ۋە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي تاغ ئېتەكلىرىدىكى باشقا بوستانلىق رايونلىرىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، دەريا ياقىسىدىكى نۇرغۇن بۇتخانىلارنى كۆرگەنىدىم، بۇ خىل ئەھۋال ئىنتايىن ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ يەر «سۇباشى»، (su-bashi) يەنى «سۇنىڭ باش مەنبەسى» دېگەن نامدا ئاتالغان. دەريا ئېقىنى ئاراتام مېۋىلىك بېغىنىڭ يۇقىرىقى دۆڭلۈكىدە سۈزۈك سۇلۇق كىچىك شارقىراتمىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ يەرگە بۇتخانا سېلىنىشقا بولاتتى. شاقىراتما سۈيى دەريا ئېقىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى نۇرغۇن مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئۈزۈم كۆچىتىنى كېرەكلىك سۇ بىلەن تەمىنلىگەندىن باشقا، تاشئارا (Tash-ara، يەنى تۆۋەنكى مىياۋئېرگۇ) رايونىدىكى ئېتىزلارنى سۇغىرىدۇ، تۆۋەن ئېقىنى قارمۇقچى ( Karmukchi ياكى بىر تۈپ دەرەخ) كەنتىنىڭ ئەتراپىدىكى نۇرغۇن يەرلەردىن ئېقىپ ئۆتەتتى.




26 ـ رەسىم قۇمۇل ئاراتام بۇددا ئىبادەتخانىسى


www.uyghurkitap.com

**بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى**

ئاراتامدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى ئىككى بۆلەككە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئىككى بۆلەك بۇتخانا خارابىسى قۇمۇل ۋاڭنىڭ گۈللۈك ئوردىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەڭ تىك قىيانىڭ تاغ ئېتىكىگە يېقىن جايدا. ئۇ 27 ـ رەسىمدىكىدەك جايلاشقان بولۇپ A . I · II. بۇتخانىنىڭ (28 ـ رەسىمگە قاراڭ) بىر گۇرۇپپا خارابىلىكىدىن قۇمۇل ۋاڭنىڭ ئوردىسىغىچە بولغان ئارىلىق 300 يارد كېلىدۇ. بىر پارچە شېغىللىق كىچىك تاغ جىلغىسىنىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىدىكى تاغ چوققىسىنى قاپلىغان بولۇپ، يېنىدا ئېغىر دەرىجىدە ئۆرۈلۈپ كەتكەن كىچىكرەك ئىمارەت خارابىلىكى بار ئىدى. 29 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، بۇ تاغ جىلغىسىنىڭ چوققىسى يېقىن ئەتراپتىكى تېرىلغۇ يەردىن 120 نەچچە فۇت ئېگىز ئىدى، تاغ جىلغىسىنى بويلىغان جەنۇبىي ئېتەك كەڭرى كەتكەن شېغىللىق بولۇپ، ئۇ يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 40 فۇت ئېگىز ئىدى. قاپتالنىڭ شەرقىي چېتىدا كېسەك بىلەن ياسالغان بىر بۇددا قەسرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. قاپتالنىڭ ئۈستىدىكى ئۇزۇن، تار قىسمى پەلەمپەي بولۇپ، ئۇ شېغىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ياسالغان، ھازىر پەقەت ئۈستۈنكى قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان، بۇ ئارقىلىق A. I دىكى ئاساسلىق بۇتخانا ئىگىلىگەن جاينىڭ سۇپىسىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ جاينىڭ غەربىي شىمالىدىكى چۆرىمە تام تەبىئىي دۆڭلۈكتىن 16 فۇت ئېگىز ئىدى.


**A . I بۇتخانا خارابىسى**

بۇ بۇتخانىنىڭ ئالدىنقى زالىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 33.5 دىيۇم، كەڭلىكى 20 فۇت ئىدى، كەينى زالى تىك تۆتبۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 23.5 دىيۇم، كەڭلىكى 13 فۇت كېلەتتى. يەنە




27 ـ رەسىم قۇمۇل ئاراتام بۇددا قەسىرىنىڭ تەكشىلىكتىكى
خەرىتىسى

www.uyghurkitap.com




28 ـ رەسىم قومسۇل ئاراتام بۇددا قەسىرى II ، I .A نىڭ
تەكشىلىكتىكى خەرىتىسى



29 ـ رەسىم ئاراتام خارابىلىكىدىكى تاشلاندۇق بۇتخانا
II. A. I. Λ نىڭ شەرقتىن جەنۇبقا كۆرۈنۈشى

كىرەلمىگەن ئىككى يان ھۆجرا بار ئىدى. بۇ يەر بىلەن Λ. II بۇددا قەسرى تېمىنىڭ قېلىنلىقى 1 فۇت، 8 دىيۇمدىن 2.5 فۇتقىچە بولۇپ، ئۆلچىمى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12 × 6 × 4.5 × دىيۇم بولۇپ، ئاسان چېقىلىدىغان كېسەكتىن ياسالغان، بۇ كېسەكلەرنىڭ ھەممىسى تەكشى ياتقۇزۇلغان، ئوخشاش بولمىغان قەۋەتتە كېسەكنىڭ قېلىنلىقى ۋە تارلىقى كىرىشتۇرۇلۇپ، سىرتقا قارىتىپ قوپۇرۇلغان. پۈتۈن بۇتخانىنىڭ ئىچكى قىسمى 3 فۇتتىن ئارتۇق قېلىنلىقتىكى كېسەك پارچىلىرى بىلەن توشقۇزۇلغان، ئۈنىڭدىن سىرت، بۇددا قەسرىنىڭ ئىچىدىن كېيىنكى مەزگىلدە ئايرىپ ياسالغان تامنى بايقىدۇق. بۇ ئارقىلىق بۇ خارابىلىكنىڭ تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن قايتا ئىشلىتىلگەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ گورۇپپا خارابىلىكنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان كونا قاراۋۇل (kone-ka-raul) مۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

### I . Λ دىكى كېسەك پارچىلىرى

I . Λ خارابىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىنى رەتلىگەندە، بۇددا قەسىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن 14 دېيۇم ئېگىزلىكتىكى بىر ئات تۇيىقى شەكلىدىكى بۇددا ھەيكىلى بىلەن بىر دۈۋە رەڭلىك قاپارتما نەقىش ھەيكەلنى بايقىدۇق. ئۇ خۇددى 30 ـ رەسىمدىكى ئادەم ھەيكىلىنىڭ تۆۋەنكى يېرىمىغا ئوخشايتتى. بۇ قالدۇق پارچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بۇددا قەسىرىنىڭ تېمىنى زىننەتلەيدىغان كىچىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل بولۇپ، بۇددا قەسىرىنىڭ شەرقىي بۆلىكىنىڭ ئالدىنقى قىسمىغا جايلاشقان ئادەم چوڭلۇقىدىكى لاي ھەيكەل بۇزۇۋېتىلگەنىدى، ئۇنىڭ سىرتقى يۈزىدىكى رەڭلىك قىسمى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەن، لېكىن ئۈستىگە ئارتىلغان كاسايانى شۇنچىلىك ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولاتتى. ئىلگىرى بۇددا قەسىرىنىڭ تېمىنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن تام رەسىملىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز قىسمى ساقلىنىپ قالغان. I . Λ بىلەن II . A نىڭ ئىچىدىن پۈتۈنلەي كۆيۈپ كەتكەن ياغاچ پارچىلىرىنى بايقىدۇق، ئۇلار بۇ ئىككى ئىبادەتخانىنىڭ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى. شۇنداقلا قاپارتما ھەيكەللەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرى بىلەن پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى بۇ خارابىلىكنىڭ ئىلگىرى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى دەلىللەپ بېرەتتى. ئېيـ



30 ـ رەسىم لايدىن ياسالغان ئادەم ھەيكىلىنىڭ ئاستىنقى قىسمى


تىشلارغا قارىغاندا، ئاراتامىنىڭ قىش پەسلىدە 6 ~ 8 دىيۇم قېلىنلىقتا قار ياغىدىكەن، لېكىن پەقەتلا نەچچە ھەپتىلا داۋاملىشىدىكەن. ئەمما، جىلغىدىن 8 مىل يىراقلىقتىكى باغداشتا ھەر يىلى قىش پەسلىدە قار بىلەن قاپلىنىدىغان ۋاقىت نەچچە ئايغا يېتىدىكەن. ياز پەسلىدە دائىم يامغۇر ياغىدىكەن.

### A . II ئىبادەتخانىنىڭ تازىلىنىشى

A . II ئىبادەتخانىنىڭ تازىلىنىشى دېگەندەك ياخشى بولمىدى، بۇ ئىبادەتخانىدا يەر مەيدانى 32 فۇت كېلىدىغان ئالدى قەسىر بار بولۇپ، قەسىر ئىچىنىڭ يېرىمى باشقا قىسمىدىن 3 فۇت كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئېگىزلىكى 13 فۇت، كەڭلىكى 14 فۇت كېلىدىغان بۇددا قەسىرىمۇ بار ئىدى. رەڭلىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل قالدۇقلىرىدىن بۇددا قەسىرى تېمىنىڭ رىمونت قىلىنغان ئۇلى ئاستىدا لاي ھەيكەللەرنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. A . II نىڭ ئىككى تەرىپىنى تازىلىغاندا خام توپىدىن بىۋاستە قازغان تىك تۆت بۇلۇڭ شەكىللىك ئۇلنى بايقىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىلگىرى كىچىك بۇددا مۇنارى بار بولۇشى مۇمكىن.

### توپىلىق تاغ ئومۇرتقىسى ئۈستىگە كولانغان ئۆڭكۈرسىمان بۇتخانا

27 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك A . II ئىككىنچى گۇرۇپپا خارابىلىك بولۇپ، ئۇ بىر توپ قۇم شېغىللىق توپىلىق تاغ ئومۇرتقىسى ئۈستىگە كولانغان ئۆڭكۈرسىمان بۇتخانىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇ شەرقتىن غەربكە قاراپ ئۇزۇنىسىغا جايلاشقان ئىدى، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 400 فۇت كېلەتتى. ئۇ 32 ـ رەسىمدىكىگە



31 ـ رەسىم خام توپىدىن ياسالغان بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئۇلى

www.uyghurkitap.com


ئوخشايتتى. بۇ تاغ ئومۇرتقىسى بىلەن شىمالىي قىسمىدىكى تاغ جىنسلىرىدىن شەكىللەنگەن تاغ ئېتىكى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىنىڭ ئەڭ ئېگىز قىسمى 60 فۇت كېلەتتى، ئىلگىرى تاغ چوققىسىغا تۇتىشىدىغان ئىككى پەلەمپەي ياسالغان، تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا 33 ـ، 34 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بەش ئۆڭكۈر قېزىلغان بولۇپ، بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ يېرىمى توپىدىن، قالغان يېرىمىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېسەكتىن ياسالغانىكەن. ھەربىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە غايەت زور بۇددا ھەيكەللىرى بار بولۇپ، بۇ ھەيكەللەر ئاساسلىقى تاغ جىنسلىرىدىن ئويۇپ ياسالغان، بەزى ھەيكەللەر ياغاچ پارچىلىرىنى چاپلاش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئارقا تەرەپتىكى كېسەك تامنىڭ ئىچىگە قويۇلغان، شۇڭلاشقا بەزىلىرى ساقلىنىپ قالغان.

تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقى

يەر كۆلىمى تەخمىنەن 20 ~ 25 فۇت كېلىدىغان



32 ـ رەسىم تاغ تىزمىسىغا تارقالغان ئارا تام خارابىسى A.III قەسىرىنىڭ غەربتىن كۆرۈنۈشى



33 ـ رەسىم ئاراتام خارابىسىدىكى بۇددا غارى A.Ⅲiii نىڭ ئىچكى قىسمى

ئۆڭكۈردىكى A.Ⅲ.i بىرىنچى ئۆڭكۈر تاغ ئۈمۈرتقىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ ئېتىكىگە جايلاشقان بولۇپ، تاملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېسەكتىن قوپۇرۇلغان. لېكىن، ھازىر ھەممىسى بۇزۇۋېتىلگەن. 34 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، ئىككىنچى ئۆڭكۈر تاملىرىنىڭ سىرتقى يۈزى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، شىمالىي تېمىدا تاكى ھازىرغىچە بىر قىسىم تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى، شۇنداقلا ئەگمە قىسىملىرى ساقلىنىپ قالغان. شىمالىي تامغا يېقىن ئەتراپىكى چوڭ بۇت پۇتۇنلەي يوقالغان. لاي تامنىڭ سىرتقى قىسمى توخۇمنىڭ ئېقى بىلەن تەڭشەلگەن رەڭلىك ماتېرىياللار ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



34 ـ رەسىم ئاراتام خارابىسىدىكى بۇددا غارى iii. II . A نىڭ
شىمالىي تېمى

بويالغان بولۇپ، شەرقىي شىمال بۆرجىكىدە ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم رەڭلىك تام رەسىملىرى رومبا شەكىللىك كاتەك ئىچىگە سىزىلغان، ئولتۇرغان بۇتنىڭ ھەيكىلى ئىدى. كىچىك بۇتنىڭ ئېگىزلىكى 8 دىيۇم كېلەتتى، ئۇ سۇس يېشىل رەڭدە بولۇپ، ئاستى قىسمىغا قىزىل ۋە قوڭۇر رەڭ سىرنىچالار نۆۋەتلەشتۈرۈلۈپ سىزىپ چىقىلغان، تام رەسىمنىڭ بىر پۈتۈن ئۇسلۇبى بىلەن دۇنخۇاڭدىكى مىڭئۆي تاملىرىدىكى رومبا كاتەكچىلەرنى زىننەتلەش ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتەتتى. تامنىڭ تۆت بۇلۇڭى ئەگمە شەكىللىك گۈل نۇسخىلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئاساسىي جەھەتتىن مىڭئۆيدە كۆرگىنىمىز بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى.

## چوڭ تېپىتكى لاي ئويما ھەيكەلنىڭ قالدۇقى

iii. Ⅲ . A ئۆڭكۈردە چوڭ تېپىتكى ئويما ھەيكەلنىڭ ئۆلىنى ھەممىدە قىيا تاشقا ئويۇلغان ئارقا پورۇقلۇقىنى يەنىلا ئىردەپ تاپقىلى بولاتتى، ئارقا تەرىپى تار ھەم ئۇزۇن كەتكەن كارىدور ئىدى. ئويما ھەيكەلنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى كېسەكتىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن، سىرتقى قىسمىغا يەنە بىر قەۋەت قېلىن كۆل لاي سۇۋالغان بولۇپ، ئىلگىرى باش قىسمىنى تىرەش ئۈچۈن قويۇلغان ياغاچ دىيەك ھېلىھەم بار ئىدى. رەسىمدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قېپقالغان تام رەسىملىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى، شەرقىي شىمال بۇلۇڭىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە قېنىق قىزىل ۋە يېشىل رەڭلىك تولغىما بۇلۇت شەكلىدىكى رەسىملەر بار. ئۇلار چوڭ ئوت يالقۇنى شەكلىدىكى سىزىقچە بولۇشى مۇمكىن. ئەگمىدىكى لەپىلدەپ تۇرىدىغان ئېسىل بېزەك كىيىملەردىن بەزى ئىلاھلارنىڭ ئوبرازىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئۇنىڭ كۆپىنچە جايلىرى سۇس يېشىل رەڭدە، ئۇ بەلكىم قوغدىغۇچى مەبۇد بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مىڭئۆي كېيىنرەكلىرىدىكى ئىچكى

قۇببىنىڭ ماس ئورنىدىن بايقالغان ھەيكەلگە ئوخشاش بولۇپ، ئەتراپى گۈل ـ گىياھلار بىلەن نەقىشلەنگەن. كېمىرنىڭ تېگىدە كۆتۈرۈلمە نەقىش بولۇپ، قومۇشنى، جىپسىلاپ لايىنى سۈركەش ئارقىلىق ياسالغان. IV ئۆڭكۈرنىڭ جايلىشىشى ئاۋۋالقىسى بىلەن ئوخشاش. غايەت زور بۇتنىڭ كەينى تەكشى كەتكەن تام ھەم كارىدور ئىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى بۇت تاشنى تېشىش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، قالدۇقلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئولتۇرغان بۇت ئىدى. تامغا سۈركەلگەن لاي ئاللىبۇرۇن چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، V ئۆڭكۈرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى تاغنىڭ ئۈستىدىكى يامغۇر سۈيى تۆۋەنگە قاراپ ئېقىپ تامنى يالاپ كەتكەن، جەنۇبىي تام پۈتۈنلەي گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن. ئەسلىدىكى سەككىز بۇرجەكلىك چوققا ئاستىدا بىر قىسىم قاپارتما نەقىشلىك شەكىللەر ساقلىنىپ قالغان، ئەڭ ئاستىدىكى قاپارتما شەكىلنىڭ ئېگىزلىكىدىن قارىغاندا، بۇ ئۆڭكۈر باشقا ئۆڭكۈرلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئېگىز ئىدى، ئۇنىڭدىن سىرت ھازىر كۆتۈرۈلۈپ چىققان تاشلارمۇ بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇ تاش ئەسلىدە بۇددا ھەيكىلىنىڭ تايانچى قىسمى بولۇپ، بۇنىڭ غايەت زور بۇت ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

### ئاراتامدىكى ئىبادەتخانىنىڭ يىل دەۋرى

مەن بۇ خارابىلىكنى تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى ئېنىقلاپ بېرىدىغان بىرەر يادىكارلىققا ئېرىشەلمىدىم. لېكىن، ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكى تام رەسىمى بىلەن بېزەك بۇيۇملارنىڭ قالدۇقلىرىنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ بىلەن مىڭئۆينىڭ كېيىنكى دەۋردىكى ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ ئىنتايىن ئوخشاشلىقىنى بايقىدىم. شۇڭلاشقا، ئاراتام خارابىسىنىڭ يىل دەۋرىنى ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋر (9 — 12 ـ ئەسىر) گە توغرا كېلىدۇ دەپ قارىدىم.

بۇ دەل قۇمۇلنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى، بۇ خارابىلىككە ئاساسەن بۇددا دىنى ئېتىقادىنىڭ ئاخىرلاشقان دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. بىز شاھرۇخ ئەلچى ئەۋەتكەن ۋاقىتتا (1420 ـ يىلى) قۇمۇللۇقلارنىڭ بۇددا دىنىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتۇق. قۇملۇقتىكى تاشلىۋېتىلگەن خارابىلىكنىڭ ۋاقتىنى بېكىتىش شۇ دەۋرنىڭ پاكىتلىرىغا ئېرىشىشكە قارىغاندا بىرقەدەر ئاسان ئىدى، بىراق سۇ مەنبەسى مول، تۇپرىقى مۇنبەت يەردە، دەۋرنىڭ پاكىت ئىزنالىرىنى تېپىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. چۈنكى، بۇنداق يەر ئۇزۇن مەزگىل ئىگىلىۋېلىنغان بولىدۇ. تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى ئېتىكىگە جايلاشقان دېھقانچىلىق رايونى قۇملۇقتىن يىراق بولغاچقا، قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە زور قولايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى، ئەمما پاسسىپ ئامىللارمۇ بار ئىدى. مانا بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم ئاراتام خارابىلىكى ئەتراپىدىكى مۇھىتتىن ئۆگەنگەن تەجرىبەم ئىدى.

### كارىز

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى قۇمۇلدىن تۇرپانغا قاراپ يول ئالدۇق. سەپەر جەريانىدا سۇمقاغو (Sumkagho) ۋە ئاستانە (Astina) بوستانلىقىدىن ئۆتتۇق. ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسى بىرىنچى ئىستىھكام ۋە ئىككىنچى ئىستىھكام دېگەنلىك بولاتتى. بۇ ئىككى جايدا ھازىرغىچە قورشاۋ تام خارابىسى بار ئىكەن. مەن سۇمقاغودا تۇنجى قېتىم كارىزنى كۆردۈم. ئۇ يەر ئاستىغا قۇدۇق كولاش ئارقىلىق ئۆستەڭگە تۇتاشتۇرۇلىدىغان بولۇپ، تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىدىكى شېغىللىق جاڭگالنىڭ يەر ئاستى ئېقىنى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىكەن، نۆۋەتتە تۇرپاندىكى تېرىقچىلىق رايونلىرىدا كارىز يەنىلا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ خىل ئالاھىدە سۇغىرىش سىستېمىسى ئىراندىن تارقىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى قۇمۇلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاساسلىق بوستانلىق رايونلىرىغا باشلاپ كىرىش كېيىنكى ئىش بولسا كېرەك. بۇ بەلكىم شۇ يەرنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتىنىمۇ موللاشتۇرۇشى مۇمكىن.

ئىلىكۆلدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى

مەن توغۇچىدا (خەنزۇچىدىكى مەنىسى ئۈچىنچى ئىستىھكام)، ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن، ئۈچىنچى كەنتتىن يولغا چىقىپ، ئىككى خارابىلىكنى زىيارەت قىلدىم، بۇلارنى مەن قۇمۇلدىكى چاغدا ئاڭلىغانىدىم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ئىلىكۆل كەنتىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، توغۇچىنىڭ غەربىي شىمالى بىلەن بولغان ئارىلىقى 3 مىل كېلەتتى. بۇ خارابىلىكتە بىرنەچچە بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە كېمىر بار ئىدى، بەزى كېمىرلەرنىڭ ئىچىدە سىرتقا چىقىپ قالغان بېزەك ۋە بېزەلگەن تام رەسىملىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۇسلۇبى بىز ئاراتامدا بايقىغان تام رەسىملىرىگە ئىنتايىن ئوخشايتتى. مەن شۇ ھامان مۇنداق يەكۈن چىقاردىم: بۇ خارابىلىك ئۇيغۇرلار دەۋرىدىلا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان. بۇ نۇقتا شەرقىي شىمال تەرەپتىكى بىر گۇرۇپپا كېمىر قالدۇقىنىڭ ئىچىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرلار بىلەن تىبەتلەرنىڭ ۋەسىقىلىرىدە ئىسپاتلانغانىدى. يەنە قوشۇمچە قىلىپ ئەسكەرتىپ قويىدىغىنىمىز، ئىلىكۆل ئىبادەتخانىسى جايلاشقان سېرىق قاپتالدا تۇرۇپ، شەرقىي شىمالدىن تەخمىنەن 1 مىل كېلىدىغان جايدىكى بۇلاق سۈيىنى مەنبە قىلغان دەريا ئېقىنىنىڭ چىقىش ئېغىزىنى كۆزەتكىلى بولاتتى. بۇ دەريا بىز تىلغا ئالغان لاپچۇق يېزىسىنىڭ مۇھىم سۇ مەنبەسى ئىدى، بۇ خارابىلىكتە يېتەرلىك سۇ ۋە بوك - باراقسان يېشىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى، يەنە بىر قىسىم بۇلاق سۇلىرى ئىككى خارابىلىك ئارىسىدىكى جىلغىنىڭ ئاستىدىكى تېيىز قىيادىن ئېقىپ چىقاتتى. بۇ يەرنىڭ دۇئا - تىلاۋەت سورۇنى

قىلىپ تاللىنىشى شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ سۇ بېشى (سۇنىڭ باش مەنبەسى) ياكى لاپچۇق يېزىسىدىكى تېرىلغۇ يەرنى سۇغىرىدىغان سۇ مەنبەسىنىڭ باش قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

**تۇغۇچىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بۇددا قەسرى**


11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تۇغۇچىنىڭ جەنۇبىغا قىلغان ئۇزۇن سەپەردە كارىدور شەكىللىك جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىنتايىن چوڭ ھەم ئەھمىيەتلىك خارابىلىكنى بايقىدىم. تۇزلەڭلىكتىكى تاشنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان، تۇغۇچى بىلەن ئىلىكۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن باشلانغان دەريا ئېقىنلىرى بۇ جىلغىدىن ئۆتەتتى، ئۇنىڭ ئاستىنقى قىسمى تۆت تەرەپلىك شەكلىدە لاپچۇق ۋە قارادۆۋە (Kara-dobe) كەنتىگە جايلاشقانىدى. ئۇلار قۇمۇلنىڭ ئاساسلىق بوستانلىق رايونىنىڭ سىرتىدىكى ئەڭ چوڭ مۇنبەت دېھقانچىلىق رايونى ئىدى. تۇغۇچىدىن 1 مىل يىراقلىقتىكى كىچىك تاغ باغرىغا جايلاشقان ئەگمە شەكىللىك ئىمارەتلەر بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بولۇپ، سىرتقى قىسمى تەخمىنەن 30 كىۋادرات فۇت كېلەتتى. ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق، بىز بۇنى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ خارابىسى دەپ قارىدۇق. شەرقىي قىسىمدىكى ئوچۇق كىۋادرات شەكىللىك بۇددا قەسرىمۇ ئۇنىڭغا قارايتتى، يەنە بىرى غەربىي قىسىمدىكى پېچەتلەكلىك كارىدور ئىدى. بايقىشىمىزچە، بۇددا قەسرىنىڭ ئىچى قۇرۇق بولۇپ، قەسرىنىڭ ئەگمە گۇمبەزلىك ئۇستۇنكى تېمىدا يەنىلا رومبا شەكىللىك رەڭلىك ئىزنالارنى كۆرگىلى بولاتتى. رەتلىك تىزىلىپ، قىزىل ياكى يېشىل رەڭلىك كاسايا يېپىلغانلىرى كىچىك بۇت ھەيكەللەر ئىدى. قالايمىقان تىزىلغان كېسەك شەكلىدىكى سىزىقچىلار جەنۇب تەرەپكە داۋاملاشتۇرۇلغانىدى. قارىماققا، بۇ يەرگە ئىلگىرى بىر رەت كىچىك بۇت مۇنارى تىزىپ قويۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. لاپچۇققا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بارىدىغان يولنى بويلاپ يەنە 2 مىل ماڭغاندا، تازغانچۇق گۈمبىزى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىك خارابىلىكنى ئۇچرىتىپ قالدىم. بۇ خارابىلىكنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكى تۇغۇچى بىلەن يارىپشىدىكى سۇ قوشۇلىدىغان جاينى مەنبە قىلغان بولۇپ، بۇ شىددەت بىلەن ئاقىدىغان بىر سۈزۈك سۇ ئېقىننى ھاسىل قىلغاندى، ئۇ قارادۆۋە رايونىغا قاراپ ئاقاتتى. بۇ يەردىكى كېمىر ئېچىننىڭ يەر مەيدانى 5 فۇت 3 دىيۇم كېلەتتى. ئۇ يەردە پېچەتلەنگەن يەنە بىر كارىدور بولۇپ، كەڭلىكى 2 فۇت كېلەتتى، ئۇنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئىشىك ئورنىتىلغاندى.

### لاپچۇق ئەتراپىدىكى بۇددىزم خارابىلىكى

بۇ يەردىكى شېغىل تاشلار بىلەن قاپلانغان تېيىز جىلغا بارغانسېرى كېڭەيگەنىدى، جىلغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ئاساسىي جەھەتتىن كولىنىپ دەريا قىنىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. تۇغۇچى بىلەن ئېلىكۆلدىن چۈشكەن سۇ قارادۆۋە ۋە لاپچۇقنىڭ ئېتىزلىرىغا ئېقىپ باراتتى. بۇ ئىككى دەريا ئېقىنى تۇتىشىدىغان جاينىڭ ئەتراپىدا كىچىك بىر رەت بۇددا قەسرى بولۇپ، شەكلى باشتا تىلغا ئالغان كىچىك بۇددا قەسرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. ۋاقىت چەكلىك بولغاچقا، مەن بۇ بۇددا قەسرىنى تەكشۈرۈپ بولالمىدىم. تازغانچۇقتىن تۆۋەنگە 3 مىل ماڭغاندا بىر خارابىلىكنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن لاپچۇق كەنتى ئەتراپىغا جايلاشقانىدى، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خارابىلىكتە 35 –، 36 – رەسىمدىكى I دە كۆرسىتىلگەندەك، بىر مەركىزىي بۇددا قەسرى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 فۇت، كەڭلىكى 9 فۇت بولۇپ، ئىككى تەرىپىگە ئايرىم – ئايرىم ھالدا كىچىك بۇددا قەسرى سېلىنغانىدى، ئۈچ بۇددا قەسرىنىڭ ھەممىسى ئەگمە شەكىلدە بولۇپ، پەقەت غەرب تەرەپتىكى بۇددا قەسرىنىڭ چوققا قىسمى ساقلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئۈچ بۇددا قەسرىنىڭ




35 ـ رەسىم لاپچۇق ئەتراپىدىكى خارابىلىكنىڭ تەكشىلىكتىكى ئاددىي خەرىتىسى



36 ـ رەسىم قۇمۇل لاپچۇقنىڭ شىمالىدىكى ئىبادەتخانا

شەكىللىرى ئاساسىي جەھەتتىن جەنۇبقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەركىزىي بۇددا قەسىرىنىڭ ئالدىنقى خانىسى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن. ئالدىنقى خانىنىڭ ئىچىدە كەڭلىكى 6 فۇت كېلىدىغان، پىچەتلەنگەن كارىدور بار بولۇپ، ئەگمە شەكىلدە ئىدى، پىچىق كارىدورنىڭ تېمىدا بېزەكلىك تام رەسىملىرىنىڭ ئىزنالىرى بار ئىدى، بەلكىم قەستەن بىر قەۋەت لاي بېرىلگەن پاكى تامنى، ئاق سىرلىغانلىقتىن يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. پۈتۈن ئىمارەت بىر قاپتالغا سىلىنغان بولۇپ، بۇ جاي قارىماققا خام تۇپراقنىڭ قىرىنى تۇزلەپ سىلىنغاندەك قىلاتتى. بەزى ئالامەتلەر بۇ جاينىڭ بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس ماكانى قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ جايدا كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى.

### ئىككى قەۋەت سۇپىسىمان ئۇل ئۈستىگە ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى

بۇ خارابىلىكتىن غەربكە 40 يارد كېلىدىغان جايدا بىر بۇددا

ئىبادەتخانىسى قەسىرى بار ئىدى، ئۇ ئىككى قەۋەت ئېگىزلىكىنىڭ ئۈستىگە قوپۇرۇلغانىدى، تەكشىلىكتىكى رەسىم II دە كۆرسىتىلگەندەك، بۇددا قەسرىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ يەر مەيدانى تەخمىنەن 10 كىۋادرات فۇت كېلەتتى، كۆپ قىسىم ئەگمە ئۆگزىلەر تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان. ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15 فۇت كېلىدىغان بۇ جاينىڭ شىمالىدىكى كىرىش ئېغىزى بۇزۇۋېتىلگەنىدى. بۇ خارابىلىككە ئىشلىتىلگەن كېسەك 15 ×7.5 × 3.5 ياكى 12 × 8 × 4 كېلەتتى. بۇددا قەسرى ئېگىزلىكى 14 فۇت ئېگىزلىكتىكى خاڭدالغان تۈۋىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغانىدى، ئۇ خاڭدالغان ئىنتايىن چوڭ جايغا سېلىنغان بولۇپ، تەخمىنەن 5 فۇت ئېگىزلىكتىكى خام تۇپىدىن بىۋاستە قوپۇرۇلغانىكەن. بۇددا قەسرىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى پەلەمپەي بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، جەنۇب تەرىپىدىكى بەزى گۈمبەزسىمان يانتۇ دۆڭلۈكتىن يامىشىپ چىققىلى بولاتتى. بۇ خارابىلىكنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىن 200 يارد كېلىدىغان جايدىكى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلگەن قورۇلۇش خارابىلىكىنىڭ ئىچىدىن ئۇزۇنلۇقى 63 فۇت، كەڭلىكى 53 فۇت كېلىدىغان بۇددا قەسرىنى كۆردۇق. بۇ يەرگىمۇ تۈپىنى تۈزلەپ ئىمارەت سېلىنغانىدى. بۇ خارابىلىكنىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن شەرقىي شىمال قىسمىدىكى شېغىل تاشلىق قىيادا بىر قانچە ئىمارەت خارابىسىنى كۆردۇق، ۋاقىت قىس بولغاچقا، ئۇلارنى تەكشۈرەلمىدۇق.

لاپچۇق بازىرىدىكى بۇزۇۋېتىلگەن ھويلا تام خارابىسى

بايا تىلغا ئالغان I ، II دىكى خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدا بىر پارچە دۆڭلۈك بولۇپ، ئۈستىدىكى 800 يارددىن كۆپرەك يەردە مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ۋە گۈمبەز خارابىلىكى بار ئىدى. بۇ خىل گۈمبەز خارابىسىنىڭ شەكلى ھازىرقى تۈرك قەبرىستانلىقىدا دائىم كۆرۈلىدىغان شەكىللەرگە ئوخشايتتى. بىز

خارابىلىكنىڭ سىرتىدا تام بىلەن توسۇلغان بىر بازار قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ ئاساسىي جەھەتتىن كىۋادرات شەكلىدە بولۇپ، ئىشىكى شەرققە قارايتتى. ھويلا تېمى 37 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەنگە ئوخشايتتى. ئۇ ئاساسەن خانىداپ قوپۇرۇلغانىدى، بۇ ئارقىلىق ھويلا تامىنى ئېگىزلىتىپ، تەبىئىي بىر قورغاننى شەكىللەندۈرگەنىدى. جەنۇبىي ۋە شەرقىي تامىنىڭ سىرتقى يۈزىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئايرىم ـ ئايرىم تەخمىنەن 185 يارد ۋە 120 يارد ئىدى، شەھەر تېمىنىڭ شەرقىي شىمالى ۋە غەربىي جەنۇبىنىڭ ئەتراپىدىن ئىشىكنىڭ ئىزنالىرىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. قورغاننىڭ غەربىي جەنۇب بۇلۇڭىدا 37 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كۆرسىتىلگەندەك، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 40 فۇت كېلىدىغان چاسا شەكىللىك مۇنار بار ئىدى، ئوڭ تەرەپتىكى مۇنارنىڭ چوققا قىسمىدىكى كېسەكنىڭ قۇرۇلمىسىدىن مۇنارنىڭ يىل دەۋرىنىڭ بىر قەدەر كېيىنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. قورغاننىڭ غەربىي جەنۇب ئەتراپىدىكى تاشلاندۇق مەسچىتنىن باشقا، شەھەر تېمىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خارابىلىكلەر ئاساسىي جەھەتتىن ئىمارەتلەر ئىدى. نۇرغۇن خام توپىلىق سۇپىلار ئىلگىرىكى يەر ئاستى ئۆي ياكى تۇرالغۇ جاي خارابىلىكىنىڭ ئورنى بولسا كېرەك. ھازىر بۇ يەر ئۇزۇن كەتكەن پاكار تاملار ئارقىلىق ئايرىۋېتىلگەنىكەن. ئۇنىڭ ئۆيگە ئوخشايدىغان يەر ئاستى ئىمارەتلىرى ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان كىچىك كېمىرلەر بار بولۇپ، دىيامېتىرى 2 ~ 3 فۇت كېلەتتى، ئېنىقكى، بۇ يەر ئاشلىق قاتارلىق بۇيۇملارنى ساقلايدىغان گەمە ئىدى. بۇ كىچىك كېمىرنىڭ ياسىلىشى خۇددى رىم دەۋرىدىكى كىچىك ئىمارەتلەرنىڭ بىرلىكتە ياسىلىپ، قوشنا ئىمارەتلەر توپىنى شەكىللەندۈرگىنىگە ئوخشايتتى، ئۇزۇن كەتكەن كارىدورمۇ چوقۇم قاتتىق يەرنى كولاش ئارقىلىق ئېچىلغانىدى. مەن كېيىن يارغول قەدىمىي شەھىرى، يەنى تۇرپاننىڭ شەھەر خارابىلىكىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خام



37 ـ رەسىم لاپچۇق قەدىمىي شەھىرىنىڭ تېمى، شەرقىي شىمال بۇلۇڭىدىكى بىر مۇنار ئىچىدىن سىرتىغا قارىغاندىكى كۆرۈنۈش



38 ـ رەسىم تۇرپاننىڭ (يارغولنىڭ) پۈتۈن كۆرۈنۈشى، قەدىمىي شەھەرنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن غەربىي شىمال ھەم شىمال يۆنىلىشى بولۇپ، چولڭ بۇتخانىدىن سەل بىراقلىقتا

تۇپراقنىڭ ئۇستىگە بىۋاسىتە كاربدورنى ياسىغانلىقىنى كۆرگىنىمدە (38 ـ رەسىمگە قاراڭ)، تەبىئىيلا بۇلارنى چۈشەندىم، لېكىن يارغۇلدىكى كاربدور بىلەن بۇنى سېلىشتۇرغاندا، ئۇنىڭ شىمالىي تام ۋە غەربىي تامنىڭ ئەتراپىدىن ئېگىز ھەم كەڭرەك ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئىلكۆلنى مەنبە قىلغان دەريا ئېقىنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ، ئاساسلىقى لاپچۇقنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىغا ئىشلىنەتتى. بۇ دەريا

ئېقىنىنىڭ سىرتى بۇ كەنتنىڭ قەبرىستانلىقى بولۇپ، يىل دەۋرى ئۇزۇن ئىدى. جەنۇبىي تامنىڭ ئەتراپىدىكى داللاردا يەنە ئاھالىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقانىدى. بايا تىلغا ئېلىنغان ھويلا تېمى دەل مۇشۇ خارابىلىكنىڭ ئەڭ شىمالىي چېتىدە ئىدى.

## 4 ـ بۆلۈم تۇرپاندىكى خارابىلىكلەرنى تەكشۈرۈش

**تۇرپان ئويمانلىقىدىكى تەكشۈرۈش**

توغۇچىدىن يولغا چىقىپ، تاغ يولى ئارقىلىق ئالتە بۆلەك مۇساپىنى تېزلىكتە بېسىپ ئۆتۈپ، 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پىچان بوستانلىقىغا يېتىپ باردۇق، ئۇ تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى مۇنبەت رايون ئىكەن. كۆپچىلىككە مەلۇم، بۇ رايون تارىخىي ۋە جۇغراپىيەلىك ئورنى جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن بۇ قېتىم ئۈچ ھەپتە ئىچىدە تۆۋەندىكى بۇ خارابىلىكلەر، يەنى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىن غەربىي قىسمىدىكى قەدىمكى ئاستانە شەھىرى خارابىلىكىدىن يارغول قەدىمىي شەھىرىگىچە بولغان رايونلارنى تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرىمەن. تۇزكۆل تۇرپان ئويمانلىقىدىكى ئەڭ پەس يەر بولۇپ، يەر ئۈستىدىكى بارلىق قالدۇق سۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ كۆلگە قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، چوڭ ھىسار (چوڭ قەلئە) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خارابىلىك بار، بۇ خارابىلىكنى ماڭا تۇرپاندىكى بىر ماتېرىيال رەتلىگۈچى ئېيتىپ بەرگەن. ئېيتىشلارغا ئاساسلانغاندا، ئىلگىرى چوڭ ھىسار سېلىنغان جايىنى ھازىر قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. مەن گېئولوگىيەلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە قىزىققاچقا، بۇ جاينى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدىم. 11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى سەھەردە،

بىز ئاۋۋال قاقاس ۋە تار كەتكەن تاغ باغرىغا كەلدۇق، مانا بۇ جايدا پىچان رايونىنىڭ سۇيى تاغ باغرى بىلەن كۆچمە قۇم ئارىسىغا سىڭىپ كېتەتتى. كېيىن سۇنىڭ ئاساسلىق كېلىش مەنبەسى ـ لەمجىن دەريا ئېقىنىدىكى بۇك ـ باراقسان بوستانلىق ـــ لۇكچۇنگە باردۇق. بۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى لۇكچۇننى ئىگىلىگەن غەربىي يۇرتتىكى بەگلىكلەرنىڭ دورغابىگى تۇرۇشلۇق ئورۇن، شۇنداقلا جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا ئاساسلىق پۇت تىرەپ تۇرىدىغان نۇقتىسى ئىدى. ئۆلچەش ئارقىلىق، لۇكچۇننىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى پەقەت 50 فۇد كېلىدىغانلىقى مەلۇم بولدى.

سۇغىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشى

بىز غەربىي شىمالغا قاراپ ماڭغان ئىككى كۈندە ئاجايىپ ئەھمىيەتلىك جۇغراپىيەلىك ھادىسىنى كۆردۇق، بۇنى تەرجىمىھالىمدىكى باياندىن كۆرۈۋالغايسىزلەر. بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، يېڭى سۇغىرىش ئۇسۇلى بولغان كارىز بارا ـ بارا ئىلگىرىكى مۇقىم بولمىغان سۇغىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىنى ئاپتۇ، بىر قىسىم چەت رايونلاردىكى يەرلەر سۆگەتلىك ئۆستەڭ ئارقىلىق سۇغىرىلىپتۇ. ئۆستەڭدە سۇ كەمچىل بولۇپ قالسا، بۇ خىل سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىكەن. تۇرپاندىكى كۆپ سانلىق ئولتۇراق رايونلاردا كارىز ئارقىلىق سۇغىرىش يولغا قويۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا شۇ يەردىكى نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەت بىلەن كۆپىيىشى سەۋەبچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ رايونلارنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، تىنچلىقنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە گۈللىنىش ئەھۋالى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. لېكىن، شۇنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، كارىزنىڭ قېزىلىشى تۇرپان رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بىر قېتىملىق زامانىۋى ئىسلاھات بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ بالدۇر قېزىلغان ۋاقتىمۇ 18 ـ

www.uyghurkitap.com

ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا بارمايدۇ. بىر يۈرۈش قىدىرىپ تەكشۈرۈش نەتىجىسى ۋە تارىخىي ماتېرىياللاردىكى بۇ جاي توغرىسىدىكى خاتىرىلەردىن، بىز ئىلگىرى بۇ رايون نوپۇسىنىڭ ھازىرقى نوپۇسقا قارىغاندا زور دەرىجىدە كۆپلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيمىز، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سۇ مەنبەسىنىڭ ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز.

### قۇرغاقچىلىقنىڭ بەشتام خارابىسىدە ئەكس ئېتىشى

بەشتام خارابىلىكىگە يېقىنلاشقىنىمىزدا، قۇرغاقچىلىقنىڭ بۇ يەرگە بولغان تەسىرىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق. قۇرغاقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەب، قۇرغاقچىلىق يۈز بەرگەن ۋاقىت ھەم داۋاملاشقان ۋاقىت قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا ئويلاندۇق. لۆكچۈندىن كەڭرى كەتكەن تېرىقچىلىق رايونىنىڭ جەنۇبىغا 7 مىل كېلىدىغان جايدا بەشتام دېھقانچىلىق مەيدانى بار بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى بىرنەچچە كۆز كارىز ئارقىلىق سۇغىرىلىدىغان يەرلەرلا قالغانىدى. بىز كېيىن تاشلىنىپ قالغىنىغا خېلى بولغان كەڭ ئېتىزلىقتىن ئۆتتۇق، ئۇ يەردە قۇملۇقتا كۆپ ئۇچرايدىغان يانتاقلار ئۆسۈپ كېتىپتۇ. بىز ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە تېيىز دەريا قىنىدىن ئۆتتۇق، لۆكچۈندىكى ئۆستەڭنىڭ تۆۋەن ئېقىنى ئاخىرىدا تۇزكۆلگە قۇيۇلىدىكەن، قىش پەسلىدە بۇ ئۆستەڭ ئىشلىتىلمەيدىكەن، سۇنىڭ پارغا ئايلىنىشى ھەم تۇپراق تەرىپىدىن سۈمۈرۈلۈشى سەۋەبىدىن، ئەتىياز پەسلىدە بوستانلىق سۇغا ئېھتىياجلىق بولغان ۋاقىتتا سۇ ئۇنداق يىراق جايدىن كېلىپ بولالمايدىكەن ياكى تۇرپاننىڭ ياز پەسلىدىكى قۇرغاقچىلىق مۇھىتىدا سۇنىڭ ئېقىپ كېلىشىمۇ قىيىن ئىكەن. پەقەت يامغۇر سۈيى يېتەرلىك بولۇپ، يىراقتىكى تاغدىن كەلكۈن كەلگەندە، بۇ يەرگە ئاندىن سۇ كېلىدىكەن. بۇ پەسىللىك دەريا ئېقىنىنىڭ جەنۇبىي قىسمى بولسا يانتاق ئۆسۈپ كەتكەن بىپايان قۇم شېغىللىق تۈزلەڭلىك

ھەم يۇلغۇنلۇق قۇم بارخانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، كۆچمە قۇم كۆرۈلىدىغان جايدا قۇم ـ بوراننىڭ ھۇجۇمى تۇپەيلىدىن قاتتىق يەرلەردىمۇ كىچىك ـ كىچىك جىلغىلار پەيدا بولغان ھەمدە 1 ~ 2 فۇت ئېگىزلىكتىكى يارداڭ يەر شەكلى ھاسىل بولغان. بۇ خىل يەر شەكلى شەرقىي قىسىمدىن غەربىي قىسىمغا قاراپ كېڭەيگەن. ئەتىياز پەسلىدە تۇرپان ئويمانلىقىدا دائىم قاتتىق بوران چىقىپ، بوران شېغىللارنى ئۇچۇرتۇپ، قۇم بارخانلىرىنى ھەم شەرق تەرەپتىكى ئازگال دائىرىنى شەكىللەندۈرگەندى. ئىراقتىكى چوڭ ھىسار خارابىلىكى تېمى بىزنىڭ تەكشۈرۈش دائىرىمىزدە ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە چۆلتاغ قاپتىلىدىكى رەت ـ رەت چاقناپ تۇرغان ئاق رەڭلىك تۇزكۆل بويىنى كۆرگىلى بولاتتى.

## چوڭ ھىسار خارابىسى

بەشتامدىن چوڭ ھىسار خارابىلىكىگىچە بولغان ئارىلىق پەقەت 6 مىل كېلىدۇ، سۇ مەنبەسىگە خېلى يېقىن ئەتراپتا قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئۆسكەنىدى. قازغۇچىلارمۇ بۇ جايدىن خېلى ياخشى تۇرالغۇ تاپالايدىكەن، مېنىڭ تۇرپان ۋە پىچاندا يازغان ماتېرىياللىرىمدا بايان قىلىنغىنىدەك ، بۇ خارابە تۇرۇپ قېلىشقا ئەرزىيدىغان ياخشى ماكان ئىدى. خارابىلىكنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇقنىڭ دائىرىسى كىچىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن ئىللىق كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئىشىنىمەنكى، بۇ يەردە چوقۇم چوڭ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەن، بولمىسا بۇ يەر تاشلىنىپ قالماس ئىدى. خۇددى 39 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگىنىدەك، بۇ خارابىلىك يەنە ئۇزۇن چاسا شەكىللىك ئىستىھكام ھەم سىرتقى ھويلا تامنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ھويلا تامنىڭ تۇزۇلۇشى قالايمىقان ئىدى. پۈتۈن خارابىلىك بىر تەبىئىي تۆپىلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئىمارەت ئاساسىي جەھەتتىن كېسەكتىن ياسالغان. ئۇزۇن چاسا شەكىللىك

www.uyghurkitap.com




39 ـ رەسىم چوڭ ھىسار خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى

ئىستىھكامنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىكى (سىرتقى ئۇزۇنلۇقى 200 فۇت، كەڭلىكى 150 فۇت كېلىدۇ) ئېگىز تۆپىلىكتە تۇرغا ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ بىر ئىمارەت بار، بۇنى 40 ـ رەسىمدىن كۆرگىلى بولىدۇ.

كېمىر ئۆي ۋە زەمبىرەك سۇپىسى

ماڭا تۇنجى قېتىم ئەڭ تەسىر قىلغىنى، ئىستىھكامنىڭ ئىچىدىكى توشقان ئۇۋىسىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان نۇرغۇن كىچىك كېمىر ئۆيلەر بىلەن زەمبىرەك سۇپىسى ئىدى (41 ـ، 42 ـ رەسىمگە قاراڭ)، يەنە كېلىپ سىرتقى ھويلا تېمىنىڭ ئىچىگىمۇ بۇ خىل ئۆيلەر ئىنتايىن زىچ جايلاشقانىدى.

بۇ خىل ئۆيلەر كۆپ جايلاردا بىر ئۆينىڭ ئۈستىگە يەنە بىر



40 ـ رەسىم چوڭ ھىسار خارابىسىدىكى مۈڭگۈز شەكىللىك
راۋاق، غەربتىن كۆرۈنۈشى



41 ـ رەسىم تۇرپاندىكى چوڭ ھىسارنىڭ غەربىي شىمال تېمىنىڭ يان تەرىپى
ۋە غەربىي بۆلۈكىدىكى كېمەر ئۆي خارابىلىكلىرى، شىمالدىن كۆرۈنۈشى

ئۆينى سېلىش ئارقىلىق ياسىلاتتى، ھەممىسى تەرتىپلىك ئەمەس
ئىدى، ئۆيىنىڭ تېمى ھەم ئۇسسۇنكى قىسمىدىكى ئۆرۈلۈپ
چۈشكەن كېسەك پارچىلىرى پاكار كىرىش ئېغىزىنى
توسۇۋالغانىدى، ھەتتا ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ ئىچى
پۈتۈنلەي كېسەك پارچىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. بۇ ھال

www.uyghurkitap.com



42 ـ رەسىم چوڭ ھىسار خارابىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بۇددا قەسرى ۋە تۇرالغۇ خارابىسى، شىمالدىن كۆرۈنۈشى

ئۆيلەرنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 ~ 16 فۇت، 6.5 ~ 8.5 كەڭلىكى 8 فۇت كېلەتتى، بىر قاراشتىلا بۇ يەرنىڭ ئىمارەتچىلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ تۇرپاننىڭكىدىن تېخىمۇ ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. شۇنداقلا بەزى ئالاھىدىلىكى ھازىرقى يېزا ـ بازار ۋە شەھەرلەردە يەنىلا ساقلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كېمىر (Kemer) دەپ ئاتىلىدىغان كۆتۈرۈلمە ئۆي، شۇنداقلا يەر ئاستىغا سېلىنغان ئۆيلەر كەمبەغەللەر ياكى بايلار بولسۇن، ھەممەيلەننىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. چۈنكى، ئۇلار بۇ ئۆيلەرگە تايىنىپ يازدىكى پىژغىرىم ئىسسىقتىن پاناھلانغان. كېمىر ئۆيدە ئەتىياز پەسلىدىكى قاتتىق بوراننىڭ زەربىسىدىن پاناھلانغىلى بولاتتى. كېمىر ئۆي قىش پەسلىدە ئىسسىق، راھەت بولۇپ، سوغۇقتىن ساقلانغىلى بولاتتى. تۇرپاندا ياغاچ ماتېرىيال كەمچىل بولغاچقا، كېمىر ئۆي ھەممە يەردە ئومۇملاشقان، توغراق دەرەخلىرى تەكلىماكاندىكى بوستانلىق رايونلىرىدا ئومۇميۈزلۈك بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ئۇلارنى قەتئىي كۆرگىلى بولمايتتى.


تۇرپاندىكى كېمىر ئۆي ـ ئىمارەتلەر

تۇرپان رايونىدا ئىلگىرى ياكى ھازىر ئىشلىتىلىۋاتقان كېمىر

ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي مەنىدىكى ئەگمە شەكىللىك ئۇسلۇبتا ئىدى. چۈنكى، كىشىلەر كېسەكنى بوي يۆنىلىشتە ئەگمە شەكىللىك قوپۇرۇپ چىققان، شۇنداقلا تىك كېسىشكەن ھالەتتە كىرىشتۇرۇپمۇ قوپۇرۇپ چىققان. ئىسسىقتىن ساقلىنىشقا قولايلىق بۇخىل ئۆيلەر ئېنىقكى ياغاچ ماتېرىيالنى تېجەش مەقسىتىدە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سىمابلىق گاز بېسىمىغا ئاساسەن ئۆلچەنگەن سانلىق مەلۇماتلاردا ئېنىقلىنىشىچە، چوڭ ھىسار ئويمانلىقىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن 360 فۇت تۆۋەن ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان، بۇ بىر باز پەسلىدە ئىنتايىن ئىسسىپ كەتكەچكە، كېمىر شەكىللىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇش ئومۇملاشقان.

بۇددا قەسرى خارابىسى

مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتقان توشقان ئۆزىيسىغا ئوخشايدىغان ئىمارەتلەردىن سىرت، يەنە بىر كىچىك بۇددا ئىبادەتخانىسىمۇ بار، ئۇ چاسا شەكىللىك ئىستونكامىنىڭ غەربىي جەنۇب تېمى تەرىپىگە سېلىنغان بولۇپ (39 ـ رەسىمدىكى (1) سىرتقى ھويلا تامدىن كىرىدىغان ئىشىككە تۇغرىلانغان) 42 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە كۆرسىتىلگەندەك. شىمالىي تەرەپتىن غەربىي شىمالدىكى تامنى بويلاپ سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆي خارابىلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىبادەتخانا كىچىك بۇددا قەسرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئىچكى قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 8.5 فۇت، كەڭلىكى 6.5 فۇت كېلىدۇ. يەنە كەڭلىكى تەخمىنەن 3 فۇت كېلىدىغان، ئېتىۋېتىلگەن كېمىر شەكىللىك كارىدورىمۇ بار. شەرقىي شىمال تەرەپتە ئالدىنقى خانىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىمارەت بولۇپ، ئېگىزلىكى 19 فۇت، كەڭلىكى 4 فۇت كېلىدۇ. بۇددا قەسرى تېمىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 3 فۇت، قالدۇقىنىڭ ئېگىزلىكى يەنىلا 4 فۇت كېلىدۇ. كارىدورنىڭ سىرتقى تېمى بەك بۇزۇلۇپ،



43 - رەسىم تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك تام رەسىمنىڭ پارچىسى

كەتكەن بولۇپ، كېيىن ئۆگزىنىڭ ئېگىزلىكى 7 فۇت ئەتراپىدىكى ئورۇندىن باشلاپ ياسالغان. بۇددا قەسرى بىلەن ئالدىنقى خانا قېزىلغان، لېكىن پاكىز بىر تەرەپ قىلىنمىغان. مەن لۇكچۇندە ئېرىشكەن ماتېرىيالدا چۈشەندۈرۈلۈشىچە، بۇ يەرگە كەلگەن گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بۇ خارابىلىكنى ئالدىراپلا تەكشۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەن. شەرق تەرەپتىكى كىچىك خانىنى رەتلىگەن چاغدا، رەڭلىك تام رەسىمنىڭ قالدۇقلىرى بايقالدى. ئېنىقكى، بۇ رەسىملەر تامدىن چۈشۈپ كەتكەن، بۇلارنى گېرمانىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى تەكشۈرگەندە تاشلاپ كەتكەن ياكى كېيىن يەرلىك «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر قىلغاندى.

بۇددا قەسرىدىن تېپىلغان بېزەك يادىكارلىقلار

بۇددا قەسرى ھەم ئالدىنقى خانىنىڭ ئىچىدە بىر قەۋەت بۇزۇلمىغان لاي تام بار ئىكەن، بىز ئۇنى تەپسىلىي تازىلىغاندىن كېيىن نۇرغۇن تام رەسىملىرىگە ئېرىشتۇق. يەنە لاي ھەيكەل پارچىلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئولتۇرغان بۇت ھەيكەللىرى ئىدى. ئېنىقكى، بۇلار ئىلگىرى بۇددانىڭ كەينىدىكى نۇر چەمبىرىكى

ئۈستىدە ئىدى. بۇددا قەسرىنىڭ تېمىدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان قالدۇق لاي ھەيكەل پارچىلىرى ئۈستىدىن يورۇقلۇق چۈشمەيدىغان دائىرىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتايىن چوڭ ھەيكەلنىڭ قول بارماقلىرىنىڭ قالدۇقلىرى چىقتى. مەسىلەن، 43 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرىدا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان بىر كىچىك بالا ۋە بىر بۇددساتۋانىڭ بەدىنى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرى ئىچىدە بىرى ئەينەن ئويۇلغان بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەم بىلىكى چوڭلۇقىدىكى مودېل بار. شەرقىي جەنۇبتىكى كىرىش ئېغىزىدا كىچىك تېپتىكى قاپارتما نەقىشلىك بۇت ھەيكىلىنى بايقىدۇق، بۇلار ئاساسەن بۇزۇۋېتىلگەن، ئېنىقكى، بۇلار تامنى بېزەشكە ئىشلىتىلگەنىدى. يەنە مەلۇم جايلاردا تام رەسىملىرىنىڭ ئىزنالىرى بار ئىكەن. خارابىلەر ئارىسىدىكى تام رەسىملىرىگە بىر قەۋەت قومۇش چاپلانغان بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ بۇددا قەسرى تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن يەنە قايتا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بەلكىم پادىچىلار ئىشلەتكەن بولۇشى مۇمكىن. خۇددى نىيە، كروران ۋە مىرەن خارابىلىكلىرىدە يۈز بەرگەن ئىشلارغا ئوخشايدۇ. چوڭ بىر رەڭلىك رەسىم پارچىسى بولۇپ، ئۇ بۇزۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئىككىلا تەرىپىدىن قويۇق



44 ـ رەسىم ساسان ئۇسلۇبىدىكى يىپەك توقۇلما پارچىسى

ئاق رەڭدە سىزىلغان ئۆرە تۇرغان بۇددا رەسىمى ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۇ خىل سىزىش تېخنىكىسى تۇرپاندىكى رەسىم يادىكارلىقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. 44 ـ رەسىمدىكى يىپەك بۇيۇملارنىڭ قالدۇق پارچىلىرىدىكى يۇمىلاق چوڭ گۈل نۇسخىسى ساسان ئۇسلۇبىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىسى

تەكشۈرۈپ قويۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئىككى پارچە رەڭلىك لاي پارچىلىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىنتايىن غۇۋا كۆرۈنىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىمىلاردىن سىرت، يەنە بىرنەچچە پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىسى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىر جىلد نومنىڭ كېيىنكى قىسمىنىڭ پارچىلىرى بىلەن ئىككى پارچە خەنزۇ يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىسىنى بايقىدۇق. بۇ يادىكارلىقلار بۇددا قەسرىنىڭ ئۇيغۇرلار دەۋرىدە داۋاملىق ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، شۇنداقلا بۇلارنىڭ ئىچىدىكى نەقىش بېزەكلەر ئۇنىڭ بۇ دەۋردىكى بۈيۈك ئىجادىيەتكە مەنسۇپلۇقىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. بىز بۇ ئۆيدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ غەربىي جەنۇبتىكى ھويلا تېمىغا تۇتىشىدىغانلىقى ئېنىقلاندى. دېمەك، ئىستىھكامنىڭ (41 ـ رەسىمگە قاراڭ) غەربىي بۇرجىكى ئەتراپىدا ئېرىشكەن نەتىجە بىلەن بىز يۇقىرىدا بايان قىلغان يەكۈن ئوخشاش بولدى. بۇ ئۆينىڭ تورۇسى خېلى بۇرۇنلا بۇزۇۋېتىلگەن بولۇپ، كېيىن ئەخلەتخانا ئورنىدا ئىشلىتىلگەن، بۇ بىز مىرەن ئىستىھكامىدا كۆرگەن ئەھۋال بىلەن ئوخشاش ئىدى.

ئەخلەت دۆۋىسىدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر

سامان ۋە ئەخلەتلەرنىڭ ئارىسىدىن 18 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر

يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىسى تېپىلدى. چالا ـ بۇلا يېزىلغان قەلەم ئىزناسى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ـ ئىككى پارچە ۋەسىقە ئۈستىگە بېسىلغان قىزىل رەڭلىك تامغىدىن ئۇلارنىڭ خەت ـ چەك ياكى ھۆججەت ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشقا بولاتتى. باشقا جايلارنى رەتلىگەندە ھېچقانداق نەرسىگە ئېرىشەلمىدۇق.

### دەسلەپكى دەۋرلەردىكى دېھقانلارنىڭ تۇرالغۇلىرى

چوڭ ھىسار ئەتراپىدىكى سېرىق توپىلىق يەر ئىنتايىن مۇنبەت بولۇپ، شورلۇق ئەمەس ئىدى، لېكىن كۆلنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى نۇرغۇن يەرلەر ھازىر شورلىشىپ كەتكەچكە، سۇغا ئېھتىياجلىق ئىدى. ھازىرقىغا ئوخشاش لۈكچۈننىڭ پەسىللىك دەرياسىنىڭ 4 مىل يىراقلىقتىكى خارابىلىككىچە ئېقىپ بارغانلىقىغا قاراپ، چوڭ ھىسارنىڭ ئۈيغۇرلار دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردا چوقۇم دېھقانچىلىق رايونى ئىكەنلىكىنى ھەمدە يېتەرلىك سۇ مەنبەسى بولغانلىقىنى، كېيىن قۇرغاقچىلىق تۇپەيلىدىن يەر يۈزىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى مۆلچەرلىدۇق.

### كىچىك ھىساردىكى بۇددا قەسرى خارابىسى

مەن چوڭ ھىساردىكى قارارگاھتىن «كىچىك قەلئە» دەپ ئا-تىلىدىغان ئەھمىيەتلىك كىچىك بۇددا قەسرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتتىم ۋە تازىلىدىم. شۇنىڭ بىلەن، بۇ خىزمەت ئا-خىرلاشتى. كىچىك ھىسار چوڭ ھىسارنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 2 مىلدىن ئارتۇق يەرگە جايلاشقان بولۇپ، دائىرىسى تېرىلغۇ يەرگىچە كېڭەيگەن ھەمدە يەر يۈزى شامالدا ئېغىر دەرىجىدە يالى-ڭىش تۇپەيلىدىن تارىيىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىكى مۇنبەت سېرىق تۇپراق ۋە شامالدا يالىڭىشتىن شەكىللەنگەن جىلغا شەرقتىن غەربكە قاراپ كېڭەيگەنىدى، بەزى جايلاردىكى جىلغىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5 ~ 8 فۇتقا يېتەتتى. خارابىلىككە يېتىپ بېرىشتىن ئاۋۋال

قۇمنىڭ كۆچۈپ 8 ~ 10 فۇت ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخانلىرىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆردۇق. بەلكىم مۇشۇ قۇم بارخانلىرىدىنىڭ ياردىمىدە ئىككى تەرەپتىكى بۇددا قەسرى خارابىلىكىنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ساقلىنىپ قالغان بولسا كېرەك. 45 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، خارابە ئىزى كىچىك تىپتىكى نۇرغۇن مۇنارنى ھەمدە ئۇنىڭغا تۇتاش كەتكەن ئۆگزىسى گۈمبەزسىمان كىچىك بۇددا قەسىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئەتراپتا يەنە ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كىچىك بىر ئىمارەتنىڭ خارابىلىكى بولۇپ، ئۇ بەلكىم ئىبادەتخانىغا ئىشلىتىلىش ئۈچۈن سېلىنغان بولسا كېرەك.

تاتى شەكىلدىكى رايون

بۇ خارابىلىك غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقىچە بولغان 120 يارد يەرنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ يۆنىلىشتىكى ئارىلىق ئەڭ ئۇزۇن ئىدى. بۇ رايوننىڭ يەر شەكلى تاتى شەكىللىك بولۇپ، بۇ يەر يۈزىنىڭ شامالدا يالىنىشىدىن بولغانىدى. ھەممىلا يەردە كىچىك ساپال پارچىلىرى ۋە ئۇششاق سۆڭەك پارچىلىرىنى



45 ـ رەسىم كىچىك ھىسار خارابىسى III ~ I، جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى

كۆرگىلى بولاتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئادەم سوڭىكى ئىدى. بارلىق ئىمارەت خارابىلىكى شامالدا يالىنىش تۇپەيلىدىن شەكىللەنگەن تۆپىلىككە جايلاشقانىدى. بۇ تۆپىلىك ئەتراپىتىكى باشقا يېقىن يەرلەردىن 4 ـ 5 فۇت ئېگىز ئىدى. بۇنىڭ شەرقىي قىسمىدا ياكى خارابىلىكلەردىكى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان يەرلەردە، قۇم دۆۋىلىرى يىغىلىپ ئون نەچچە فۇت كېلىدىغان قۇم بارخانلىرىنى شەكىللەندۇرگەنىدى. مەسىلەن، 45 ـ، 46 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك. ئىمارەت خارابىسىگە ئىشلىتىلگەن كېسەكلەر مۇستەھكەم بولۇپ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئاساسەن 18 × 8 ~ 9 دىيۇم، 4 × 4.5 دىيۇمغىچە بولۇپ، چوڭ ھىسار خارابىلىكىدە بايقالغانغا ئوخشاش ئىدى. تام ئىنتايىن رەتلىك قوپۇرۇلغان بولۇپ، بارلىق كېسەكلەر تەكشى قىلىپ توغرىسىغا ياتقۇزۇلغان، ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى كىرىشتۇرۇلۇپ سىرتقا قارىتا قوپۇرۇلغان. ئىمارەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ مەنبەسى ئاساسەن ئوخشاش.

مۇنار، ئەگمە تۇرۇسلۇق بۇددا قەسرى Ⅰ

خارابىلىكتىكى ئەڭ چوڭ بىرىكمە ئىمارەت غەربىي قىسمىدا، يەنى رەسىمدىكى Ⅰ دە كۆرسىتىلگەن خارابىلىك بولۇپ، ئۇ شىمالىي تەرەپتىكى بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان بىر مۇنار، بىر بۇددا قەسرى ۋە ئەگمە شەكىللىك ئالدىنقى خانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (46 ـ رەسىمگە قاراڭ). جەنۇبقا قارايدىغان بولساق، ئېگىزلىكى 47 فۇت، كەڭلىكى 23 فۇت كېلىدىغان چوڭ زال ياكى ھويلا ـ قورۇ بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆگزىسى ياغاچتىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. غەرب تەرەپتىكى تامدا كىچىك ئەگمە شەكىللىك ئويۇق بار بولۇپ، ئۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. غەربىي جەنۇب تەرەپ بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان بىر رەت ئۆيلەر راھىبلار تۇرغان بولۇشى مۇمكىن. شىمالىي تەرەپتىكى مۇنار 24 كىۋادرات فۇت

www.uyghurkitap.com



46 ـ رەسىم كىچىك ھىساردىكى قەدىمىي مۇنار ۋە ئىلاھىي قەسىر،
شەرقتىن كۆرۈنۈشى

كېلىدىغان ئېگىزلىككە سېلىنغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 5 فۇت كېلەتتى، ئېگىزلىكىنىڭ يېرىمىنى قۇم بېسىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر يۇمىلاق ئېگىزلىك بولۇپ، دىيامېتىرى 15 فۇت، ئېگىزلىكى 4 فۇت 6 دىيۇم كېلەتتى. بۇ جايدا يەنە مۇنار شەكىللىك ئىمارەتلەرمۇ بار بولۇپ، ئېگىزلىكى 10 فۇت كېلەتتى. ئۇ 3 ـ قەۋەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستى بارا ـ بارا ئېگىزلەپ، قەۋەتلەرگە بۆلۈنگەن ۋە مۇنار ياسالغان. بۇ مۇنارلارنىڭ ئۇلىنىڭ لايىھەلىنىشى بىلەن راۋاق مۇنارىنىڭ ئۇلى پۈتۈنلەي ئوخشاش. بۇ مۇنارلار كىرېست شەكلىدە بولۇپ، تۆت بۇلۇڭ شەكلىدىكى پەشتاقنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىگە 20 بۇلۇڭ چىقىرىلغان، نېلۇپەر گۈلى يوپۇرمىقى شەكىللىك قاپارتما نەقىشنىڭ تەخمىنەن 1 فۇت كېلىدىغان يۇمىلاق بىر تەگلىكى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە سىلىندىر شەكىللىك، ئەگمە تورۇسلۇق مۇنار بار بولۇپ، ئۈستۈنكى قىسمى كەمتۈك ئىدى،

مۇنارنىڭ ئومۇمىي ئېگىزلىكى تەخمىنەن 24 فۇت كېلەتتى

مۇنار I نىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسى

ئۆچىنچى قەۋەتنىڭ شەرق تەرىپىدە بىر تۈشۈك بولۇپ، بۇ بايلىق قازغۇچىلارنىڭ مۇناردا ھېچنېمە قويماي ئېلىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. مۇنارنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىنتايىن قىزىقارلىق بولۇپ، شەكلى كىچىك خانىغا ئوخشايتتى. ئىچكى خانىنىڭ كۆلىمى 3.5 كىۋادرات فۇت بولۇپ، يۇمىلاق ئۇل ئۈستىگە سېلىنغان. بۇ سىرلىق خانىنىڭ ئەسلىدە كەڭلىكى 2 فۇت كېلىدىغان كىرىپ ـ چىقىش ئېغىزى بار ئىدى. بۇ خانىنىڭ ئىچىدىكى ئوغرىلار تەشكەن تۈشۈكنىڭ ئۈستىدىكى جايدا لاي بىلەن سۇۋالغان ئەگمە شەكىللىك تۈرۈسلا قالغانىدى. بۇ خانىنىڭ ئىشىكى ياكى دېرىزىسى ئەسلىدە 3 فۇت بولۇپ، كېيىن «بايلىق قازغۇچى»لار تەرىپىدىن كولىنىپ، چوڭقۇرلۇقى 6 فۇتقا يەتكەن. ئوغرىلار تەشكەن تۈشۈكنىڭ تەسىرى تۈپەيلى، ئىلگىرىكى ئىشىكنىڭ كېيىن مەلۇم خىل ئۇسۇلدا ئېتىۋېتىلگەن ياكى ئېتىۋېتىلمىگەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىدىم. «ئىشىك ئاساسەن ۋاقىتلىق خانىدىكى نەزىر ـ چىراغ بۇيۇملىرىنىڭ بىخەتەر تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقىنى قەرەللىك تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلگەن. مېنىڭ بۇ يەردە تولۇقلىماقچى بولغىنىم شۇكى، III گۇرۇپپا مۇنارنىڭ كۆلىمى جەھەتتە كىچىكرەكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ئالاھىدىلىكلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇنار بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئۇنىڭدا يەنە كۆلىمى 3.5 كىۋادرات فۇت كېلىدىغان ئىچكى خانا بار بولۇپ، شەرقىي قىسمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەنلىكتىن، ئىلگىرىكى ئىشىكنىڭ ئورنىنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى. ئوغرىلار مۇنار I خارابىلىكىنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئىچكى خانىغا تۆتىشىدىغان تۈشۈك تېشىپلا قالماي، شىمال تەرىپىدىن يۇمىلاق مۇنار ئۇلىغا قارىتىپ بىر تۈشۈك تەشكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇددا قەسرى ٧ . I نىڭ ئىچىدىكى تام رەسىمى

بۇددا قەسرى I دىكى كىچىك قەسىر ٧ جەنۇبىي قىسمىدىكى بىر بۇددا قەسرىگە يېقىن جايلاشقان بولۇپ، ئىچكى قىسمىنىڭ كۆلىمى 8 فۇت، 4 دىيۇم كىۋادرات كېلىدۇ. ئىچكى قىسمىدىكى يەر يۈزىگە قېلىنلىقى 2 فۇت كېلىدىغان شىغىل ۋە لاي پارچىلىرى ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ ئېنىقكى، ئوغرىلانمىغان. ئىس - تۈتەك تۈپەيلى قارىداپ كەتكەن تام - تورۇس ۋە قالدۇق تامدىكى قالايمىقان سىزىقلاردىن كىشىلەرنىڭ بۇددا قەسرىنىڭ بىرىلىشىدىن ئانچە رازى ئەمەسلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. گۈمبەز ئۈستىدىكى شار شەكىللىك تورۇستا پەقەتلا تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر رەت كىچىك بۇت ھەيكەللىرى تەسۋىرلەنگەنىدى. شەرقىي ۋە غەربىي تامنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئاسراش قەۋىتىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە بىر قىسىم تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرى بار ئىدى، ئۇلارنىڭ رەڭلىرى يەنىلا كۆركەم ئىدى، شەرقىي جەنۇبىي بۇلۇڭ ئەتراپىدىكى سەپەرگە ئاتلىنىش مەزمۇن قىلىنغان رەسىمنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئات، ئات ئۈستىدىكى چەۋەندازلار غايىب بولغان، ئۇنىڭ كەينىدىكى كىشى ئەگىشىپ ماڭغان، ئوتتۇرىدىكى ئات چۆچۈپ كەتكەنلىكتىن ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، ئۇنىڭ كەينىدىكى ئەگىشىپ ماڭغان كىشى قوڭۇر رەڭلىك ھايۋاننى، يەنى قاپلان ياكى بۆكەن كۆتۈرۈۋالغان كۆرۈنۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. غەربىي تامدىكى رەسىممۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن، سويۇۋېتىلگەن ئەۋرىشكە قالدۇقى تېگى قىزىل، ئۈستى باشقا رەڭدە سىزىلغان رەسىم پارچىلىرى بولۇپ، رەڭگى ئىنتايىن كۆركەم ئىدى. بۇددا قەسرىنىڭ شىمالىي تېمىدا چوڭ بىر پارچە رەڭلىك سىزما ساقلانغان بولۇپ، ئىلگىرىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەلنىڭ ئورنى بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئوڭ

تەرىپىدىكى نىلۇپەر تەگلىك ئۈستىدە، ئېسىل كىيىنگەن بىر كىشىنىڭ ئاستىنقى بەدىنىنىڭ كۆرۈنۈشى بار ئىدى. بۇددا قەسرى ۋە ئالدىنقى قەسرىنىڭ ئىچىدىن قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرىنى بايقىغاندىن سىرت، يەنە كىچىك بۇت مۇنارىنىڭ مودېلى بىلەن قاپارتما نەقىشلىك بۇت ھەيكەل تاپتۇق، ئۇلار ئاساسەن لايدىن ياسالغان بولۇپ، ئېيىقىكى تىۋىنغۇچىنىڭ ھەيكىلى ئىدى. بۇددا قەسرىنى تازىلىغاندا قەغەز پارچىلىرىنى بايقىدۇق، ئۇلار خەنزۇچە بۇددا نوملىرىنىڭ قالدۇق پارچىسى ئىدى.

ئەگمە تورۇسلۇق بۇددا قەسرى i، III دىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار

ئالدىدا بايان قىلىنغان بۇددا مۇنارى ۋە بۇددا قەسرىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى شامالدا يالىنىش ئېغىر بولغان ئىمارەت II نىڭ ئىچىدە، يەنى 45 ـ رەسىمنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا كۆرسىتىلگەندەك، تامنىڭ ئاساسىي قىسمىدىن باشقا جايلاردىن، يەنە ئاز مىقداردىكى يادىكارلىقلارنى قېزىپ چىقتۇق. ئەمما، ئۇنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى 50 فۇت كېلىدىغان ئورۇندىكى بىر كىچىك ئىبادەتخانا III بىر قەدەر ياخشى ساقلانغان. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۇرغۇنلىغان ئەھمىيەتلىك يادىكارلىقلارنى قېزىپ چىقتۇق. ئەگمە تورۇسلۇق بۇددا قەسرى i نىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 7 فۇت، 2 دىيۇم كىۋادرات بولۇپ، بۇ يەردە ئېنىقلىكى چارۋىچىلار ياكى باشقا كىشىلەر ئۇزۇن مۇددەت ئولتۇراقلاشقان، ئۇنىڭ ئىچىدە ساقلىنىپ قالغان قالدۇق تام رەسىملىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى. ئەمما، شەرقىي شىمال بىلەن تۇتىشىدىغان، لاي ـ كېسەكلەر بىلەن تولغان كارىدوردىن ئۈچ پارچە كاناپقا سىزىلغان رەسىمنى بايقىدۇق. رەسىمدىكى مىڭ قوللۇق بۇتنىڭ ئۈستىدە قاتار تىزىلغان كىچىك بۇتلار بار ئىدى. كاناپتىكى رەسىمنىڭ بوياقلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتەن بىر ئېسىل سەنئەت بۇيۇمى

ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ئىزنالىرىدىن قارىغاندا، بۇ رەسىم خېلى بۇرۇن سىزىلىپ، كېيىن بۇ جايغا سەدىقە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. شىمالىي قىسىمدىكى بۇددا مۇنارى بىلەن تۇتىشىدىغان يەنە بىر بۇد قەسىرىدىن نۇرغۇن نەپىس ياسالغان قاپارتما ھەيكەلنىڭ پارچىلىرىنى بايقىدۇق. ئوتتۇرىدىكى بۇددا ھەيكىلىنىڭ ئۈلىغا يېقىن بولغان ھەربىر بۆلۈكىدىكى نېپىز بىر قەۋەت قۇمنىڭ ئاستىدىن نۇرغۇن تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى بايقىدۇق، ئۇنىڭ كۆپىنچىسى ئالتۇن رەڭدە ئىدى. بۇ جايدىن بىز يەنە خەنزۇ يېزىقىدىكى نەچچە پارچە بۇددا نومىلىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى ۋە يېنىغا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ئىزاھ بېرىلگەن ئوتتۇرا ئاسىيا بىراخمى يېزىقىدىكى قالدۇق پارچىلارنىمۇ بايقىدۇق.

مۇنار III نىڭ ھويلا تېمى ئىچىدىكى يادىكارلىقلار

مۇنارنىڭ ئەتراپىغا ئىلگىرى كىچىك ھويلا تېمى سېلىنغان، ھويلا تامىنىڭ كۆپ قىسمى شامالدا يالىنىش سەۋەبىدىن تامامەن بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. مۇنار iii نىڭ ئەتراپىدىكى قۇمىسىمان لاتقىغا نەچچە قەۋەت تام سۇۋىقى كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىن يەنە، ئولتۇرغان ياغاچ بۇددا ھەيكىلىنى قېزىپ چىقتۇق (47 ـ رەسىمگە قاراڭ). ياغاچ بۇددا ھەيكەلنىڭ دۈمبىسىدىكى ياغاچ مىخ قالدۇقلىرى ئۇنىڭ ئىلگىرى مۇنارنىڭ ئۈلىغا مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇ ئۇنىڭ قېزىپ چىقىرىلغان ئورنى بىلەن ئىنتايىن ماس كېلەتتى، ئۇ يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 2.5 فۇت كېلىدىغان ئورۇندىن قېزىۋېلىنىدى. مۇنار ئۈلىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىنىڭ ئاستىدىن يەنە نەچچە يۈز پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرى قېزىۋېلىنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە قىزىل رەڭلىك تامغىنىڭ ئىزناسى بولۇپ، قەستەن يىرتىۋېتىلگەنلىكى ئېنىق ئىدى، لېكىن بۇ ئەندىرە ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغانغا

ئوخشاشمۇ ياكى ئوخشاش ئەمەسمۇ، ئۇنى بۇ جايغا سەدىقە قىلغانمۇ ياكى ئۇ ئاشۇ نادان ئادەملەر تەرىپىدىن بۇزۇۋېتىلگەنمۇ؟ دېگەنلەر ئېنىق ئەمەس. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، خارابىلىكتە يەنە كىچىك بىر بۇتخانىمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلگەن مۇنارمۇ بار ئىدى، ئۇ مەركىزىي خارابىلىك ‼ نىڭ شەرقىي شىمالىدىكى 30 يارد كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان (45 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قاراڭ) بۇ مۇنارنىڭ ئاستىدىكى ئىككى قەۋەت قىسمىلا ساقلىنىپ قالغان، باشقا قىسمىنى «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر قېزىش جەريانىدا بۇزۇۋەتكەن. كېيىنچە بىلەن تىندۇرۇۋېتىلگەن بۇتخانىنىڭ ئىچىدىن قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەلنىڭ پارچىلىرىنى قېزىپ چىقتۇق، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزىلىرى ئادەم چوڭلۇقىدىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەلنىڭ پارچىلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، يەنە بىرنەچچە پارچە رەڭلىك تام رەسىمنىڭ پارچىلىرى، ئىككى پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىسى ۋە كىچىك بىر پارچە مۇكەممەل ساقلانغان تىبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىسىنىمۇ قېزىپ چىقتۇق. مۇنارنىڭ ئەتراپىدىكى كېسەل دۆۋىسى ئارىسىدىن كۆپ مىقداردىكى تىبەت يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەرنىڭ پارچىلىرىنىمۇ قېزىپ چىقتۇق.


47 ـ رەسىم ئولتۇرغان ياغاچ بۇددا

**كىچىك ھىسار خارابىسىنىڭ ئورنى**

كىچىك ھىساردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەسىقىلەر بۇ خارابىلىكنىڭ ئۇيغۇرلار دەۋرىدە بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىزچىل تۈردە بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى قىلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چوڭ ھىسارنىڭ رولى بۇ جاي ئىگىلىگەنگە قەدەر ئۆزگەرمىگەن. شاھرۇخنىڭ ئەلچىسى بۇ جايغا كەلگەنگە قەدەر، تۇرپاننىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىكى كىشىلەر يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان، باشقا جايلارنىڭ يەرلىك ئېتىقاد تەجرىبىلىرىنى بىرلەشتۈرگەندە، شۇ يەرنىڭ ئېتىقادى بىلەن خارابىلىكى زىچ باغلىنىشقا ئىگە بولغان ئىدى، ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئۇ تاشلىنىپ قالغان بولاتتى. لېكىن، بۇ بۇتخانا خارابىلىكىگە تاۋاپ قىلغىلى كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى تەقۋادار ئېتىقادچىنىڭ قاچان كەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈش ئىنتايىن قىيىن ئىدى. مەن ئەتراپتىن ھېچقانداق ئولتۇراق جاي خارابىلىكىنىڭ ئىزىنى تاپالمىدىم. بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىمنىڭ بىرقەدەر قىسقىلىقى تۈپەيلىدىن تۆپىلىك نەزىرىمدىن چۈشۈپ قالغانىدى. لۈكچۈندىن سىڭگىمگە بارىدىغان يول خارابىلىكنىڭ شەرقىي قىسمىدىن ئۆتىدۇ. بۇ بەلكى بۇتخانىنىڭ ئۆزئارا ئايرىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشى مۇمكىن.


### تۇرپان خارابىلىكىنى زىيارەت قىلىش

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى بەشتامدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئاخىر ئۆزۈمى بىلەن داڭلىق كىچىك بازار ـــ تۇيۇققا يېتىپ باردىم. تۇيۇقنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل تار سايدا قاتار كەتكەن بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە ئۆڭكۈر بار ئىكەن (48 ـ رەسىمگە قاراڭ). مەن بۇلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق تۇرپان رايونىدىكى قەدىمكى خارابىلىكلەر بىلەن تېزلا تونۇشۇپ چىقتىم. بۇنىڭ ئىچىدە قاراغوجا ۋە ئىدىقۇت قەدىمىي شەھىرىنى زىيارەت قىلدىم. ئۇ تاڭ سۇلالىسى ۋە ئۇيغۇرلار دەۋرىدىكى تۇرپاننىڭ مەركىزىي

شەھىرى بولۇپ، كېيىندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇراتتى (49 ـ، 50 ـ رەسىمگە قاراڭ). مۇرتۇق ۋە سىڭگىمنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى جىلغىغا بىر قاتار مۇھىم بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە مىڭئۆي ئىبادەتخانىسى جايلاشقان بولۇپ، بىزەكلىك مىڭئۆيدە نەپىس تام رەسىملىرى بار ئىكەن. كېيىن يەنە بىز تۇرپان بازىرىدىن بويلۇقنىڭ شەرقىي قىسىم تاغ باغرىدىكى كىچىك خارابىلىكنى بويلاپ ماڭدۇق. 1914 ـ، 1915 ـ يىللىرى بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىشىم، يۇقىرىقى خارابىلىكلەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىمگە سەۋەب بولدى.

**يارغول قەدىمىي شەھىرى**

غەربىي قۇرۇقتاغقا بېرىپ گېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئۆچۈن قاتناش قوراللىرىنى تەييارلاش مەقسىتىدە، تۇرپاندا بىر ھەپتە تۇرۇپ قالدىم. مەن ۋاقىت چىقىرىپ يارغول قەدىمىي شەھەر خارابىلىكىنى زىيارەت قىلدىم. بۇ جاي تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگىچە تۇرپاننىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغانىدى. ئۇ ئۆزگىچە جۇغراپىيەلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، ئىككى قاتار چوڭقۇر يار ـ جىلغا ئارىسىغا جايلاشقان. شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى «يارغول» دېگەن نام كېلىپ چىققان. بۇ نامنىڭ يېرىمى تۈركچە، يېرىمى موڭغۇلچە ئىدى. قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا «ئۇ ئۆزئارا كېسىشكەن (ياكى ئۆچراشقان) دەريا» دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈلگەن، بۇلارنى بەلكىم كۆپچىلىك ئىنتايىن ياخشى بىلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن مەن بۇ توغرىسىدا ئارتۇق چۈشەنچە بەرمىدىم. 51 ـ رەسىمنىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىدىكىسى دەل مۇشۇ خارابىلىك بولۇپ، بۇ، خارابىلىكنىڭ تۇرپان بازىرىدىكى ئورنىنى چۈشەندۈرۈشكە پايدىلىق، ئۇ تار كەلگەن، ئارالغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئېگىزلىكنىڭ جەنۇبىي يېرىمىغا جايلاشقان. بۇ شەھەر ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئالاھىدە بولغان سىرتقى ئالاھىدىلىككە ئىگە، شۇنداقلا، ئۇ غايەت زور خارابىلىكنى ئوخشىمىغان قىسىملارغا بۆلۈۋەتكەن. بۇ خارابىلىكنىڭ پۈتۈن



48 ـ رەسىم تۇيۇق جىلغىسىنىڭ ئاستىدىكى غارلار ۋە ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىش، شەرقتىن جەنۇبقا نەزەر



49 ـ رەسىم تۇرپان ئىدىقۇت خارابىسىدىكى پەلەمپەيسىمان بۇددا قەسرى خارابىسى، شەرقتىن جەنۇبقا نەزەر



50 ـ رەسىم ئىدىقۇت شەھىرى خارابىسىدىكى «قاغان ئوردا قەسرى»نىڭ ئىزناسى شەرقتىن جەنۇبقا نەزەر

كۆرۈنۈشلۈك رەسىمى (38 ـ، 52 ـ، 53 ـ رەسىمگە قاراڭ) دە، ئاساسلىقى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى شەھەرنىڭ مەركىزىي قىسمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ بىزدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى.

## ئېچىلىپ قالغان تۇرالغۇ خارابىلىكى

مەھەللە ـ كەنت خارابىلىكى ئىگىلىگەن كەڭ زېمىن، شۇنداقلا بۇ ئۆي ـ ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم ئۆيلەر ئاساسەن خام كېسەكتىن سېلىنغان، مەيلى قايسى ۋاقىتتا بولسۇن، بۇ خارابىلىككە نىسبەتەن ئومۇميۈزلۈك ۋە سىستېمىلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. بىر قاراشتىلا خاراب بولغان بۇ شەھەرنىڭ قوغدىنىش تەدبىرلىرىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن قۇملۇقتا تاشلىنىپ قېلىپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ خارابىلىكتە كېيىنچە كۆچمە قۇمنىڭ زەربىسىدىن يادىكارلىقلار كۆمۈلۈپ قېلىش ياكى يۆتكىلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن. لېكىن، ئەتراپتىكى دېھقانلار بۇ خارابىلىكنىڭ توپىسىنى كولاپ ئوغۇت ئورنىدا ئىشلەتكەچكە، چوڭ ـ كىچىك ئۆيلەردە قاتتىق توپىلا

www.uyghurkitap.com


قاپتۇ. بۇ خارابىلىكنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى بۇ شەھەرنىڭ شىمالىي ياقىسى ۋە تېخىمۇ يىراقتىكى بوش يەر(54، 55 ـ رەسىمگە قاراڭ)دىن بايقالغان بۇتخانا خارابىلىكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئارخېئولوگىيەلىك قېزىپ تەكشۈرۈشكە تېخىمۇ ماس كېلىدۇ. بۇتخانىنىڭ تېمى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىچى توپا بىلەن لىق توشۇپ كەتكەنىدى. بۇ نېمە ئۈچۈن ئىلگىرىكى ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ بۇتخانا خارابىلىكىنىڭ ئىچىنى تازىلاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### تۇرالغۇ جاي خارابىلىكىنىڭ قېزىلىشى

يېقىن ئەتراپتىكى مەھەللە ـ كەنتلەردىكى دېھقانلار ماڭا دائىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى سېتىپ بېرەتتى. مەن بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئاساسەن ئەتراپتىكى خارابىلىكتىن قېزىپ كېلىنگەنلىكىنى بىلەتتىم. مەن ئادەتتىكى ئىككى خارابىلىكنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللاپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تازىلاپ تۈگەتتىم. تاللانغان بىرىنچى خارابىلىك كىچىك بىر تۇرالغۇ بولۇپ (51 ـ رەسىمدىكى i )، ئۇنىڭ ئاستىدىكى بىر قەۋەت ئىمارەت يەرنى كولاپ گەمىسىمان سېلىنغانىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىنتايىن قېلىن، بۇزۇلمىغان لاي ـ كېسەك ساقلانغان بولۇپ، ئۇنى باشقىلار كولاپ كېتەلمىگەن.

### تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ پۇللارنىڭ بايقىلىشى

بىز يەر يۈزىدىن تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۆت دانە «كەييۈەن» مىس يارمىقىنى تېپىۋالدۇق. تۆۋەنگە قاراپ نەچچە فۇت كولىغاندا، يەر يۈزىدىن 5 فۇت ئېگىزلىكتىكى جايدىن 96 دانە مىس يارماقنى بايقىدۇق، ئۇلار يىپقا ئۆتكۈزۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى 93 دانىسىدە «كەييۈەن» دېگەن خەت ئويۇلغان، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادشاھى مىلادىيە 618 — 627 ـ يىللىرى تۇنجى قېتىم قۇيدۇرغان پۇل ئىدى، كېيىن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بۇ پۇلنى بىر




51 ـ رەسىم تۇرپان يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



52 ـ رەسىم تاشلاندۇق ئىبادەتخانىغا ئۇدۇل تۇرۇدىغان يارغول قەدىمي شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ يول ۋە قەدىمىي شەھەرنىڭ شەرقىي قىسمى، غەربىي شىمال تەرەپتىن كۆرۈنۈشى



53 ـ رەسىم يارغول قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مەركىزىي چوڭ يول، شەرقتىن جەنۇبقا قارىغاندىكى كۆرۈنۈشى



54 ـ رەسىم يارغولدىكى چوڭ بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ ھويلا قىسمى ۋە ئاساسىي ئىبادەتخانىنىڭ خارابىسى، جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى



55 ـ رەسىم يارغولنىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى ھويلىسى مەركىزىدىكى بۇددا مۇنارلىرى

ئەسىرگىچە ئىشلەتكەن. بۇ پۇلنىڭ ئىككى دانىسى «چيەنيۈەن» يارمىقى (758 — 760 ـ يىللار)، يەنە بىر دانىسى مىلادىيە 600 ـ يىلىدىن ئىلگىرىكى بەش جۇلۇق يارماق ئىدى. قېزىلىش ئەھۋالىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئاساسەن تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى پۇل ئىكەنلىكىنى، ئىلگىرى ئۆيلەرنىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا قويۇلغانلىقى، كېيىن تاملار ئۆرۈلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن بايقىلىپ قالغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. بىر دانە پىچاقنىڭ سېپى بايقالغان بولۇپ، نەپىس ئويما گۈل شەكىللىرى بىلەن زىننەتلەنگەن.

غەربىي جەنۇب قىسمى بىلەن ئاستىنقى قەۋەتتىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايىدا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان ئورغۇن كىچىك بۇتخانا ii نىڭ تاملىرىنى بايقىدۇق. بۇتخانىنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 4 كىۋادرات فۇت بولۇپ، ئىچىدە 1.5 فۇت كەڭلىكتىكى تۇسۇۋېتىلگەن كارىدور بار ئىدى. كارىدورغا تولدۇرۇۋېتىلگەن كېسەكلەرنىڭ ئارىسىدىن بىر پارچە قەغەز بايقىدۇق، ئىككى تەرىپىدە ئىمىر ـ چىمىر يېزىلغان قەدىمكى ئويغۇر يېزىقى بار ئىدى.

٧.١٤ ـ iii بۇددا قەسرى خارابىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار

بۇ بۇتخانا خارابىلىكىدىن غەربىي جەنۇبقا 200 يارد چە ياڭغاندا، يارنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تۇتىشىدىغان ئەڭ يېقىن ئارىلىقتىكى ئۆزگەرتىپ ياسالغان شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدە چوڭ بىر ئۆي iii بار. ئۇ يېرىمى قېزىۋېلىنغان بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن (ئۇلار توپىنى ئوغۇت ئورنىدا ئىشلەتكەچكە، خارابىلىك توپىسىنى ئەكەتكەندىغان ئىشلار دائىم كۆرۈلەتتى ـــ مۇھەررىردىن) ساقلىنىپ قالغان، شۇڭا بۇ يەر دىققىتىمنى تارتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىن ئەھمىيەتلىك ئويما مىس بۇيۇملارنى بايقىدىم (57 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئېنىقلىقى، ئۇ چوڭ

بىر نەرسىنىڭ ئۈستىدىن ئاجراپ كەتكەن بولۇپ، ئىلۇيەر تۆۋرۈك ئۈستىدە يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان، ئالتۇن يالىتىلغان بىر كىچىك بۇددا ھەيكىلى ئىدى. ئۇنىڭدىن سىرت، خادىلىق خارابىلىكىدىن بايقالغان، شەكىل جەھەتتىن ئوخشىمىسىمۇ كېتىدىغان ياغاچ ئاچقۇچ ۋە قاسىراقسىمان بېزەلگەن نەپىس پاختىلىق ئاياغ بايقالدى. ئوخشاش بىر ئورۇندىن يەنە ئىككى دانە مىس پۇل بايقالدى. ئۇنىڭ بىرىنىڭ يىلنامىسى جيەنجۇڭ (مىلادىيە 780 ــ 784 ـ يىللار)، يەنە بىرىنىڭ كەيۋەن ئىدى. ئالدىدا تىلغا ئالغان Vi نىڭ جەنۇبىدىكى بۇتخانا بىر ئېگىز تۆپىلىككە سېلىنغان بولۇپ، تۆپىلىكنى كولاپ ئىمارەت سېلىش بۇ خارابىلىكتە ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىلگەن ئۇسۇل ئىدى. ئىلگىرى بۇ يەرگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن كىشىلەر بۇت ھەيكىلىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەركىزىي ئورنىنىڭ ئارقىسىدىكى يولنى بايقىيالمىغان، تەكشۈرگەندىن كېيىن، بىر نۇرغۇنلىغان نەپىس ئىشلەنگەن قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ قالدۇق پارچىلىرىنى تاپتۇق. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئادەمچىلىك چوڭلۇقتىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەلنىڭ يۈز قىسمى ئىدى. ئوتتۇرىدىكى سۇپا تەگلىكنى زىننەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن نەپىس تام رەسىمىنىڭ كىچىك بىر پارچىسى ساقلىنىپ قالغان ئىدى.



56 ـ رەسىم مىس پىچاقنىڭ دەستىسى



57 ـ رەسىم ئۆتمە ـ قاپارتما نەقىشلىك مىس بېزەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

# تۆتىنچى باب

# قاراشەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلەر

## 1 ـ بۆلۈم قاراشەھەرنىڭ تارىخىي جۇغراپىيەسى

**تۇرپاندىن قارا شەھەرگە تۇتىشىدىغان يول**

مەن 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى تۇرپاندىن قاراشەھەرگە قاراپ ماڭدىم. تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈپ غەربىي جەنۇبقا قاراپ مېڭىشتىن ئىلگىرى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قىزىشقا كېتىدىغان ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن، بۇ تاغ يولىنى تاللاشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ يولنىڭ بىرىنچى بۆلىكى تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي چېتىنى بويلاپ ئۇدۇل توقسۇن (Tok sun) بوستانلىقىغىچە تۇتىشىدۇ، ئاندىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، تىك، ئېگىز سۇباشى (Su–bashi) ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا قاقاسلىق تاغ ـ ئېدىرلىق ۋە ئېگىزلىك بەلبېغىغا تۇتىشىدىغان جايغىچە باراتتى، يەنى بۇ غەربىي قۇرۇقتاغ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى تەڭرىتاغ تىزمىسى تۇتىشىدىغان جايدۇر. بۇ يولنىڭ غەربىدىن ئۆتكەندىكى كۆپ قىسىم رايونلاردا سۇ ۋە ئوت ـ چۆپ كەمچىل ئىدى. تۇرپاندىن تەخمىنەن 140 مىل ماڭغاندا ئاندىن كەڭ كەتكەن قاراشەھەر ئويمانلىقىدىكى بىرىنچى تېرىقچىلىق رايونى

ئۇششاقتال (Ushak–tal)غا بارغىلى بولىدۇ. توقسۇننىڭ غەربىي شىمالىدىكى چاتقاللار ئۆسۈپ كەتكەن شورلۇق تۈزلەڭلىكتە ئويتام (Oi–tam) دەپ ئاتىلىدىغان جايدىكى تۇردىن باشقا، بۇ ئۆتۈشمە يولدا ھېچقانداق مۇھىم ئارخېئولوگىيەلىك بايقىلىش ياكى ھاسىلاتلار يوق ئىدى. خاڭداپ سېلىنغان تۇرنىڭ ئېگىزلىكىگە قاراپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنىڭ بىرقەدەر بالدۇر ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇ يول ئىزچىل ھالدا تۇرپاندىن قاراشەھەر ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى بوستانلىق رايونلىرىغىچە بارىدىغان مۇھىم قاتناش يولى بولۇپ كەلگەن. بۇ يولنى بويلاپ شەرققە ماڭغاندا لوپنۇر رايونىغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. گەرچە ئۇ ئەڭ قىسقا ئۇدۇل يول بولمىسىمۇ، بىراق ئىزچىل ھالدا قەدىمكى تۇرپان بىلەن لوپنۇر رايونىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ناھايىتى قۇلايلىق يول ئىدى.

### قاراشەھەر رايونىنىڭ ئورنى

قاراشەھەردە تۇرغان ۋاقتىم تولىمۇ قىسقا بولدى. پەقەت ئاساسلىق قاتناش يوللىرىنى بويلاپ، بىرقانچە جاي ۋە بىرقانچە خارابىلىككە باردىم. شۇڭا، بۇ يەردە سىستېمىلىق ھالدا بۇ جاينىڭ جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇشقا ھەمدە بىز ئىگىلىگەن قەدىمكى تارىخىي ماتېرىياللارنى رەتلەشكە ئامالسىزمەن. ئەمما، يەر شەكلى جەھەتتە قاراشەھەرنىڭ تارىخىي قىياپىتىنى بەلگىلەيدىغان بىر قانچە جاي بولۇپ، ئۇلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارىدىم.

قاراشەھەرنىڭ بەزى جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى تارىم ئويمانلىقىدىكى باشقا رايونلاردا كۆرۈلمەيدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي شىمال قىسمى كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك بىلەن بىۋاسىتە تۇتىشىدۇ ھەمدە تاكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىگىچە سوزۇلىدۇ، تارىم دەرياسى يەنە قاراشەھەرنىڭ شەرقىي قىسمىدىن

غەربىي قىسمى (يۇقىرىدا دېيىلگەن يۇنىلىشتە خاتالىق بولۇشى مۇمكىن — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) غىچە ئېقىپ بارىدۇ، ئاخىرىدا تارىم دەرياسى دېلتىلىرىغىچە ئېقىپ بېرىپ، ئالاھىدە ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. قاراشەھەر ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمى ئوتتۇرا قىسىم تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ بىر بۆلىكى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ، يەنى تورپان ئويمانلىقىنىڭ غەربىي قىسىم چېگرالىرىدىن تاكى يۇلتۇز (Yulduz) تۈزلەڭلىكىگىچە تۇتىشىدۇ. شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمى قاقاس كەتكەن قۇرۇقتاغ تىزمىسىنىڭ كىچىك تاغ بۆلىكى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ. بۇ كىچىك تاغ تىزمىسىنىڭ غەربىي قىسمى بىلەن تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي بۆلىكى ئۆزئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ يەر دەل كورلىدىن كۇچاغا ئېقىپ بارىدىغان تارىم دەرياسى تۈزلەڭلىكىنىڭ چەت ـ ياقىلىرىدۇر. تەڭرىتاغ بىلەن قۇرۇقتاغنىڭ ئەڭ غەربىدىكى تارماق تاغ تىزمىسى ئوتتۇرىسىدا بىر تار ئۆتكەل بار بولۇپ، ئۇ كورلا بوستانلىقىنىڭ يۇقىرى قىسمىغا جايلاشقان. قاراشەھەر كۆلى ياكى باغراش كۆلىگە تۇتىشىدىغان ئايغىربۇلاق دەرياسى دەل مۇشۇ جايدىن ئۆتۈپ (كۆنچى دەرياسى بولۇشى كېرەك — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن)، تارىم تۈزلەڭلىكىگە يېتىپ بارىدۇ.

### قاراشەھەر ئويمانلىقىدىكى چوڭ كۆل

قاراشەھەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەم تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان يەر شەكلى دەل مۇشۇ چوڭ كۆل — باغراش كۆلىدۇر. روبروۋسكىينىڭ ئىشەنچلىك تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، كۆلنىڭ چېتىدىكى سازلىق شەرقتىن غەربكىچە 50 مىلدىن كۆپرەك كېلىدۇ، ئەڭ كەڭ جايى 30 مىل كېلىدۇ. ئۇ ئانچە چوڭقۇر بولمىسىمۇ، ئەمما سۇ مىقدارى بۇ رايون بويىچە ئەڭ كۆپ. سۇ مەنبەسى ئاساسلىقى قايدۇ دەرياسى (Khaidu-gol)دىن كېلىدۇ، كۆل ئىچىدە نۇرغۇن بېلىقلار بار. قايدۇ دەرياسى بولسا

ئەسلىي يۇلتۇز ئېگىزلىكى ھەم ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ھەم ئېگىز، ھەم چوڭ تەڭرىتاغ تىزمىلىرىدىن ئېقىپ كېلىدىغان چوڭ دەريا ئېقىنى بولۇپ، ئۇنىڭ سۇ مىقدارى قاراشەھەرنىڭ يۇقىرى بۆلىكىدە كۆپىيىپ بارىدۇ. چۈنكى، بۇ يەردە شىمالىي قىسىم تارماق ئېقىن بىلەن قوشۇلىدۇ. بۇ تارماق ئېقىن قاراشەھەر ۋە ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى بىرقەدەر يىراق بولغان قارلىق تاغدىن ئېقىپ كەلگەن. قايدۇ دەرياسى تاغ جىلغىسى قاراشەھەر بازىرىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە كېڭىيىپ بارىدۇ، ئەڭ كەڭرى جايى 60 مىلغا يەتكەن بولۇپ، ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى مۇھىم جايغا ئايلانغان.

سۇ مەنبەسى يېتەرلىك

سۇ مەنبەسىنىڭ يېتەرلىكلىكى بۇ رايوننىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇنى مەزكۇر رايوننىڭ كۆل سۈيى بىلەن قاپلىنىش كۆلىمى ۋە ئۇزۇن مەزگىل كۆنچى دەرياسىغا قويۇلىدىغان مۇقىم سۇ مىقدارىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. كۆنچى دەرياسىنىڭ سۈيى باغراش كۆلى ھەمدە يۇقىرىدا بايان قىلغان كورلىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تار جىلغىدىن كەلگەن. كۆزىتىشىمچە، تارىم ئويمانلىقىدا چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ھەم مول سۇ مەنبەسى ياخشى، قولايلىق سۇغىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان يەنە بىر جاينى تاپقىلى بولماسلىقى مۇمكىن. يۇقىرىدىكى ئەۋزەللىكتىن تاشقىرى، بۇ يەرنىڭ كىلىمات شارائىتى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ھەر خىل ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش ھەم ئۆزۈمنىڭ شورچۇق (Shorchuk) نىڭ شىمالىي قىسمىدىكى خارابىلىكتە تۇرغاندىكى سەرگۈزەشتىم ئارقىلىق، بۇ يەرنىڭ نەملىك دەرىجىسىنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسىم چەتلىرى ۋە تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي قىسمىغا تارقالغان بۇ بوستانلىق رايونلىرىدىن يۇقىرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇ خىل كىلىمات

بولۇپمۇ باغراش كۆلى ئەتراپىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلۋېغىدا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يېپىنچا ئۆسۈملۈك بەلۋېغى تاكى تاغ ئېتىكىگىچە سوزۇلىدۇ.

### چەكلىك تېرىلغۇ رايون ۋە ئۇنىڭغا سەل قاراش

قاراشەھەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى تېرىقچىلىق قىلىشقا تولىمۇ ماس كېلىدۇ ھەم قاراشەھەر دەرياسىدىن باشلاپ كېلىنگەن ئۆستەڭنىڭ سۇ مىقدارى ئويمانلىقنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن تۇپراقنى سۇغىرىشقا يېتىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ بۇ يەردە بايقىغان ئۇزۇن مەزگىللىك ئولتۇراق رايوننىڭ كۆلىمى ۋە سانى چەكلىك بولۇپ، بۇ خىل پەرق دىققىتىمىزنى تارتماي قالدى. ھەر قېتىم قاراشەھەر ئويمانلىقىغا قەدەم قويغىنىمدا، چەكلىك بولغان تېرىقچىلىق رايونى ۋە كەڭ كەتكەن زېمىن مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ، بۇ كەڭ تېرىقچىلىق يەرلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن سەل قارالدىمۇ، قانداق؟

### ئىرق ئارىلاشمىسى

بۇ خىل ماس كەلمىگەن ھادىسە بىلەن مەزكۇر رايوننىڭ ئاھالە قۇرۇلمىسىدىكى ئالاھىدە ئامىل ئوتتۇرىسىدا قويۇق مۇناسىۋەت بار. بۇ يەردىكى ئاساسلىق ئاھالە موڭغۇللار بولۇپ، ئۇلار ئەمدىلا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ھازىر ئۇلار ئاۋۋالقىدەكلا يېرىم چارۋىچىلىق تۇرمۇش باسقۇچىدا ئىدى. خەنزۇلار جۇڭگو بۇ رايوننى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئاندىن كۆچمەن بولۇپ كەلگەن. بۇ يەردە دېھقانچىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولغان تۇڭگان(Tungan) ۋە ئاز ساندىكى ئۇيغۇرلار بار، بۇ ئۇيغۇرلار تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بوستانلىقلاردىن كەلگەن سودىگەر، يايمىچىلار ئىدى. شىمالىي قىسمىدىكى تاغ تىزمىسىنىڭ ھەممىلا يېرىدە موڭغۇللار بار بولۇپ، ئۇلار ئەنئەنىۋى ئۇسۇل بويىچە چارۋىچىلىق بىلەن

تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇيغۇرلار ئۇلارنى قالماق دەپ ئاتايتتى، ئۇلار تورغۇت (Turgut) لارنىڭ ئوخشمايدىغان قەبىلىسى ئىدى. 18 ـ ئەسىردىكى قاراشەھەرگە ئالاقىدار خەنزۇچە ماتېرىياللاردا، ئۇلارنىڭ تەرتىپسىز خاراكتېرى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭغا خۇمار ئىكەنلىكى ئالاھىدە تەكىتلىنىپ، مۇشۇ ئامىل سەۋەبلىك شۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ مۇنبەت زېمىننى تاشلاپ يىراققا كۆچۈپ كەتكەنلىكى خاتىرىلەنگەن. ماتېرىياللاردا يەنە 19 ـ ئەسىردىكى جۇڭغار توپىلىڭىدىن باشلاپ، يەرلىك ئاھالە بولغان ئۇيغۇرلار قوغلىۋېتىلگەندىن كېيىن، قاراشەھەردە ئادەم ئازلاپ كېتىپ، دېھقانچىلىقنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىدىن مەلۇمات بېرىلگەن.

**كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ بېسىپ كىرىشىدىكى قولاي شارائىت**

نۆۋەتتىكى قاراشەھەرنى كۆزىتىش ئەھۋالى شۇنى ئېنىق ئىپادىلىدىكى، مەركىزى رايوننىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تەبىئىي شارائىتى گەرچە ئىنتايىن پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى دېگۈدەك ياخشى ئەمەس ئىدى. قاراشەھەر تاغ يولىغا يېقىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ رايونىدىكى يول قەدىمدىن تارتىپلا ئىشلىتىلىپ كېلىنگەچكە، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان. ئۇيسۇن ۋە ھۇنلاردىن كېيىن تەڭرىتاغ لىنىيەسىنى بەزى چوڭ كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەر ئىگىلىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا كۆچمەنلىرىگە تەۋە بولغان بۇ قەبىلىلەر ھەمىشە مەشھۇر يۇلتۇز ئېگىزلىكىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانلىرىغا پاراكەندىچىلىك سالغان. بۇلارنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. قاراشەھەر يۇلتۇز ئېگىزلىكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى چوڭ تاغ جىلغىسىنىڭ تاغ ئېغىزىغا جايلاشقان بولۇپ، خۇددى قاناتلىق ئىشىككە ئوخشايدۇ، ئۇ بۇ ئېگىزلىككە يازنى ئۆتكۈزگىلى كەلگەن كىشىلەرنى قارشى ئېلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ يەر يەنە جەنۇبىي قىسمىدىكى بوستانلىقتىكىلەرنىڭ نەزىرىدە تاجاۋۇز قىلىدىغان ۋە قاقتى ـ

سوقتى قىلىدىغان مۇنبەت تۇپراق ئىدى. ھەر دائىم جۇڭگونىڭ ھۆكۈمرانلىق تەسىرى تۇرپاندىن قاراشەھەرگە ياكى تېخىمۇ يىراق جايلارغا كېڭەيگەندىمۇ، بۇ جاي تىنچ ـ ئامان تۇراتتى. ئوخشاشلا، يەرلىك كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ئىچىدە زىددىيەت كېلىپ چىققان چاغلاردا، شىمالىي قىسمىدىكى كۆچمەن چارۋىچى قەبىلىلەرنىڭ كۈچى ئاجىزلايتتى، بۇ چاغدا بۇ چوڭ دەرۋازا يەنىلا ئېتىكلىك تۇراتتى. ئەمما، خەتەر ھەر ۋاقىت يۈز بېرىپ، قاراشەھەر خەتەرگە ئۇچراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەربىدىكى بوستانلىق تاجاۋۇزچى ۋە بۇلاڭچىلارغا ئېچىۋېتىلگەنىدى. مۇشۇنداق بولسىمۇ، كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر بۇ يەردە يەنە ئۇزۇن مەزگىل ئولتۇراقلاشقانىدى. بۇ يەر ئەسلىدىنلا تولىمۇ ياخشى يايلاق بولۇپ، بىر چوڭ چارۋىچى قەبىلىنى بېقىپ كېتەلەيتتى.

### دەسلەپتىكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىكى قاراشەھەر

ئەگەر، قاراشەھەرنىڭ شىنجاڭنىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئوينىغان رولىنى بىلمەكچى بولسا، ئۇنداقتا چوقۇم يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قارا شەھەرنىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىتىنى ئويلىشىشقا توغرا كېلىدۇ، يەنى ئۇنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش لازىم. مەيلى سىياسىي جەھەتتە بولسۇن ياكى بۇددىزم مەدەنىيىتى جەھەتتە بولسۇن، قاراشەھەر كۇچا، قەشقەر، خوتەن، يەكەنلەردەك ئۇنداق مۇھىم ئەمەس ئىدى. «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە قاراشەھەر غەربىي يۇرتتىكى خانلىقلار ئىچىدە ئاھالىسى بىرقەدەر كۆپ بولغان خانلىق، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا قاراشەھەرنىڭ سىياسىي تەقدىرى باشتىن ـ ئاخىر شەرقىي ۋە غەربىي قىسمىدىكى تەسىرى كۈچلۈك بولغان قوشنا رايونلار بىلەن، يەنى كۇچا، تۇرپان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كەلگەن، دېيىلگەن. «كېيىنكى خەننامە»دە شەھەر توغرۇلۇق مۇنداق خاتىرە

قالدۇرۇلغان: «بۇ بەگلىكنىڭ تۆت تەرىپى تاغ، كۆسەن بىلەن تۇتىشىدۇ. يوللارنى ساقلاش ئاسان». ئەڭ ئاخىرقى جۈملىدە دېيىلگەن يول ئېنىقكى، جۇڭگونىڭ باشقا جايلىرىدىن قاراشەھەرگە بارىدىغان يولنى كۆرسىتىدۇ. «تۆت ئەتراپىتىكى تاغ ئىچىگە ئېقىپ كىرىدىغان بىر كۆل بار» دېگەن خاتىرە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، ھۆججەتتە خاتىرىلەنگەن شەھەرنىڭ ئورنى بىلەن بىزنىڭ كۆرگىنىمىز بىلەن بىردەك. «جىننامە»دىكى قاراشەھەرگە ئائىت خاتىرىلەردە يۇقىرىدا دېيىلگەن گەپلەر تەكرارلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قاراشەھەرگە تۇتىشىدىغان يوللارنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن ھەمدە «ئەگەر 100 ئادەم قوغدىسا، 1000 ئادەممۇ ئۆتەلمەيدۇ» دەپ تولۇقلاپ چۈشەندۈرۈلگەن.

### فاشيەن ۋە شۈەنزاڭنىڭ بايانلىرى

ئالاھازەل مىلادىيە 400 ـ يىلى، فاشيەن پىچاندىن يولغا چىقىپ، قاراشەھەرنى زىيارەت قىلغان، ئۇ بۇ يەرنى ۋۇيى (قاراشەھەر، 乌夷) دەپ ئاتىغان، ئۇ پەقەت شەھەردە 4000 نەپەر ھىنايانا راھىبلىرىنىڭ بارلىقىنىلا تىلغا ئالغان. شۈەنزاڭنىڭ قاراشەھەر توغرىسىدىكى بايانلىرى كۇچا ۋە باشقا مۇھىم رايونلارغا ئوخشاش تەپسىلىي ئەمەس، ئۇنىڭ يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى توغرىسىدىكى بايانلىرى «كېيىنكى خەننامە»دىن كۆچۈرۈلگەندەك قىلىدۇ. بىراق، ئۇ قاراشەھەر سۈيىنىڭ موللۇقى، يەرلىك مەھسۇلات تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئادەمگە ياقىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. ئۇ بۇ يەردە كۆرگەنلىرىگە ئاساسەن: «ساڭرامىلار ئوندىن ئارتۇق، راھىبلار 2000 دىن ئارتۇق، ھىنايانا مەزھىپىنىڭ سارۋاستىۋادىن (sarvastivadin) تەلىماتىغا ئىخلاس قىلىپ ئۆگىنىدۇ، پەرھىز ۋە ۋىنايالىرى بار، كىشىلەرنى پاكلىققا دەۋەت قىلىدۇ » دەپ يازغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## «تاڭنامە»دىكى قاراشەھەرگە دائىر خاتىرىلەر

«تاڭنامە»دە قاراشەھەرگە ئائىت خاتىرىلەر بىرقەدەر كۆپ، بۇ خاتىرىلەردىن بىز بۇ قەدىمكى خانلىقنىڭ «ئىزچىل غەربىي تۈركلەرنىڭ كونتروللۇقى»دا تۇرغانلىقىنى بىلەلەيمىز. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بۇ يەردە ھاكىمىيەت تىكلىنىشتىن ئىلگىرى يۈز بەرگەن ھەر خىل ۋەقەلەر بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، قاراشەھەرنىڭ جۇغراپىيەلىك جايلىشىشى توغرىسىدىكى بايانلاردىنمۇ بۇنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. قاراشەھەر ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى سەۋەبلىك، مىلادىيە 719 ـ يىلىدىن باشلاپ «تۆت قورغان (شەھەر)»نىڭ بىرى قىلىنىپ، جۇڭگونىڭ شىنجاڭغا بولغان كونتروللۇقىغا كاپالەتلىك قىلغان. بۇ خانلىق بىرقەدەر كىچىك بولۇپ، ئاھالىسىمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. ئەمما، «تاڭنامە»دە بۇ يەردە 4000 تۈتۈن، 2000 ئەسكەر بارلىقى خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەينى چاغدىكى قاراشەھەر ئاھالىسىنىڭ ھازىرقىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## چوڭكۆلدىكى سېپىل خارابىسى

قاراشەھەر رايونىنىڭ ھاۋاسى نەم بولغاچقا، بۇ رايوندا قەدىمكى خارابىلىكلەر ئانچە ساقلىنىپ قالمىغان. مەن ئاۋۋال قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى زىيارەت قىلدىم، بۇ يەر چوڭكۆل دەپ ئاتىلىدىكەن، شۇ يەردىكى خەنزۇلار دالاۋبا «大涝坝» دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ ئۇششاقتالنىڭ جەنۇبىغا 6 مىل كېلىدىكەن. ئۇ قويۇق چاتقاللىق ۋە توغراقلىق ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، ھازىرقى تېرىقچىلىق رايونى بىلەن بولغان ئارىلىقى 1 مىل كېلىدۇ، ھازىر تېرىلمايدىغان قاقاس تېرىقچىلىق يېرى بىلەن بولغان ئارىلىقى يېقىن. سېپىل ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك بولۇپ، تۆت بۇلۇڭى ئاساسەن دېگۈدەك شەرققە قارايدۇ، غەربىي جەنۇب تەرىپى

تەخمىنەن 270 يارد، شەرقىي شىمال تەرىپى 308 يارد كېلىدۇ. سېپىل ئەسلىي خاڭداپ سېلىنغان، هازىر يىمىرىلىپ توپا دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 20 ~ 25 فۇت كېلىدۇ. سېپىلنىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا قېلىنلىقى ئوخشاش بولمىغان بىر قەۋەت چاتقال ۋە قۇمۇش بار ئىدى. سېپىل تورۇسىنىڭ قېلىنلىقى 15 فۇت كېلىدۇ. ئارىلىقى ئوخشاش بولمىغان جايلاردا خاڭداپ سېلىنغان سېپىل تېمى بار ئىدى. نەملىك سەۋەبىدىن تام قىيسىيىپ قالغان بولۇپ، تامنىڭ ئىچىدە بىر قەۋەت نېپىز شور شەكىللەنگەن. سېپىل تېمى ئىچىدە ئىمارەت خارابىسى يوق ئىدى. ئۇ يەردىكى بىردىنبىر خارابە شەرقىي شىمال تەرەپتىكى سېپىلغا يېقىن كېلىدىغان ئەخلەت دۆۋىسى ئىدى. سېپىل ئىچىدىن پەقەت تۇرمۇش ئەخلەتلىرى، ياغاچ قېرىندىسى ئارىلاشقان كەتكەن سامان ۋە دان قاتارلىقلار بايقالدى. غەربىي جەنۇبتىكى سېپىلدىن «چيەنيۈەن يىلى (مىلادىيە 758 ـ 760 ـ يىللىرى) دەپ خەت ئويۇلغان بىر دانە يارماق تېپىۋالدۇق. سېپىل ئىچىدىكى بۇ ئەھۋاللاردىن ھېچقانداق ئارخېئولوگىيەلىك ھاسىلاتقا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق. بۇ سېپىلنى دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇسۇلمانلار سالغان بولۇپ، كېيىن ئارىلاپ ئىشلىتىلگەن. ئۇششاقتالدىكى كىچىك ئۆستەڭنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى كىچىك تاغ تىزمىسىدا بىر چوڭ غار بولۇپ، ئۇ كەنتنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا 3 مىل كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پىروفېسسور گرۈنۋېدېل بۇ يەردە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانىكەن. قىش پەسلىدە كۈن قىسقا بولغاچقا، چوقۇر (chokkur) غا بارىدىغانغا ۋاقىت چىقىرالمىدىم.

### چۇقۇردىكى سېپىل خارابىسى

ئەڭ ئاخىرىدا تىلغا ئالغان جاي، يەنى دەل بىزگە مەلۇم قىلىنغان خارابىلىك چوڭكۆل بەلبېغىدىكى سېپىلى بار

www.uyghurkitap.com

خارابىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشايتتى. خاڭداپ ياسالغان كۇنگۇر (سېپىلدىكى ئوق ئاتىدىغان تۆشۈك ـ مۇھەرىردىن) نىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 فۇت، كەڭلىكى 19 فۇت كېلىدۇ. كۇنگۇرنىڭ ئارىسىدىكى كىچىك بوشلۇقتا بىر كۇنگۇر ياسىلىپ سېپىل مۇستەھكەملەنگەن. سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 7 فۇت بولۇپ، ئىككى يانتۇلۇقنى گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن چالمىلار بېسىۋالغانىدى. سېپىل ئىچىدە ئىمارەت خارابىسى ساقلىنىپ قالمىغان، دېھقانلار بۇ يەردە ئوغۇت ئۈچۈن توپا كولاپ، پەرقلەندۈرگىلى بولىدىغان ئىمارەتنىڭ قۇرۇلما يۈزىنى تامامەن بۇزۇۋەتكەن. دىيامېتىرى 50 فۇت كېلىدىغان توپا دۆۋىسى مەركىزىي ئىمارەت ئورنىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالغان. سۈيى ئەلۋەك كىچىك تېرىقچىلىق رايونىنىڭ مەركىزىدە بىر مۇھىم بازار بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى بۈك ـ باراقسان توغراقلىق ۋە ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلانغان. بىز بۇ خىل يەر شەكلىدىن، يەنى باغراش كۆلى بويىغا يېقىن بولغان قۇمۇشلۇقتىن ئۆتۈپ، يەنە 30 مىل يۈرۈپ قاراشەھەر بازىرىغا يېتىپ كەلدۇق، ئۇ كۈنى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ئىدى.

بوغدا شەھىرى خارابىسى

بۇ يەردە مەن بوغدا شەھىرى (Boghdad–shahri) خارابىسىنى تەكشۈردۈم. شورچۇقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى مىڭئۆيدىن باشقا، ئۇ بۇ رايوندىكى بىردىنبىر خارابىلىك ئىدى. تاغ يولىنى بويلاپ، كورلىغا ماڭغاندا، يېرىم چاقىرىم كېلىدىغان دەريا قىنىدىن، ئۇنىڭدىن كېيىن كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، تېرىقچىلىق رايونى تارقاق جايلاشقان. ئۇنىڭدىن باشقا، سۈيى ئەلۋەك بولۇپ، بىرقانچە يېڭى ئۆستەڭ قېزىشقا يېتىدۇ، ئەمما ئادەم ئاز بولغانلىقتىن، دەريا بويىدىكى كىچىك بازار بوستانلىقىدىن باشقا چوڭراق بوستانلىق بەلگىسى يوق. بوغدا

شەھىرى خارابىسىنىڭ كېيىنكى خارابە بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 9 مىل كېلىدۇ، يان تەرەپتە ئۆزۈنچاق، تار كەلگەن تېرىقچىلىق رايونىنىڭ شەرقىي چېتى بار ئىدى. بۇ تېرىقچىلىق رايونىنىڭ مەركىزىي يول ياقىسىدىكى دەنزىل (Danzil) ئۆتىڭى ئىدى. خارابىلىكنىڭ ئىنتايىن چوڭ، ئۇزۇن چاسا شەكىللىك سېپىل تېمى شۈبھىسىزكى، بۇ جاينىڭ بىر مۇھىم بازار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ.

**قورشاۋ سېپىللىق شەھەر ـ بازار خارابىسى**

بۇ بازارنىڭ ھەرقايسى بۇرجەكلىرى بىردەك شەرققە قارايدۇ، غەربىي شىمال يۈزى تەخمىنەن 1030 يارد، غەربىي جەنۇب يۈزى تەخمىنەن 935 يارد كېلىدۇ. غەربىي بۇرجىكى ئەتراپىدىكى سېپىل قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغاندىن باشقا، قالغان قىسىملىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ساقلىنىپ قالغان سېپىل قالدۇقلىرىدىن ئۇنىڭ خاڭداپ ياسالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ خاڭدالما قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى 3 دىيۇم، سېپىلنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 9 فۇت كېلىدۇ. كەڭ كەتكەن مۇداپىئە سېپىلىنىڭ ئېگىزلىكى 12 ~ 15 فۇت كېلىدۇ، سېپىلنىڭ شىمالىي بۇرجىكىدە ئېگىزلىكى 25 فۇتچە كېلىدىغان توپا دۆۋىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تەكشى يۈزىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 25 يارد كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سېپىل ئىچىدە ھېچقانداق ئىمارەت خارابىسى ساقلىنىپ قالمىغان. غەربىي جەنۇبتىكى سېپىل مەركىزىگە ئانچە يىراق بولمىغان جايدا يەنە بىر ئۆلچەمسىز شەكىلدىكى توپا دۆۋىسى بولۇپ، پۈتۈن يەر يۈزى بىر قەۋەت شورلاشقان پاكار پاسىل ۋە كىچىك دۆڭلەر بىلەن قاپلانغان. ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىدە بىر چاسا شەكىللىك تامنىڭ ئىزى بايقالدى، روشەنكى، ئۇنىڭ يىل دەۋرى بىرقەدەر كېيىن ئىدى. بۇ يەردە جيەنجۇڭ «建中» (مىلادىيە 780 —

784 يىللىرى) دېگەن يىلنامە چۈشۈرۈلگەن بىر دانە يارماق بايقالدى، بىز دۆڭدىن يەنە نۇرغۇن ساپال پارچىلىرىنى بايقىدۇق. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن توپا دۆۋىسى ئۈستىدىن تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ «كەييۇەن تۇڭباۋ» يارمىقىدىن بىرنى تاپتۇق.

قەدىمكى ئاستانە خارابىسى

شورلاشقان بۇ تۇپراقنى كۆرۈپلا، يەر ئاستىغا سىڭىپ كەتكەن سۇ بىلەن يەر يۈزىدىكى نەملىكنىڭ بۇ يەردىكى بارلىق قەدىمكى خارابىلىكلەرگە، يەنى بەزى چىرىمەيدىغان قاتتىق جىسىملاردىن باشقىلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. بۇ خارابىلىكنى سىستېمىلىق تازىلىغان ھالەتتىمۇ ئانچە كۆپ ھاسىلاتلارنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى، يېقىن ئەتراپتىكى ئاھالىلەر ئارىسىدىمۇ «بايلىق» ئۇچراتقانلارنىڭ يوقلۇقى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بىۋاسىتە ئارخېئولوگىيەلىك پاكىتلار كەمچىل بولسىمۇ، ئەمما يەنە نۇرغۇن پاكىتلار قورشاۋ سېپىللىق بوغدا شەھىرى خارابىسىنىڭ قاراشەھەرنىڭ مەركىزى — ئاستانىسى ئىكەنلىكىنى، ھېچبولمىغاندىمۇ تاڭ دەۋرىدە شۇنداق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇراتتى. يۇقىرىقى تەكشۈرۈش ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان «تاڭنامە»دىكى خاتىرىلەردىنمۇ بۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇنىڭ ئورنىنى قاراشەھەرنىڭ كۆنپېتىش تەرىپىدىكى دەريا ساھىلىدىن ئىزدەشكە بولىدۇ①. «تاڭنامە»دىكى باشقا بىر خاتىرە بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى ھەمدە ئاستانىنىڭ چوقۇم باغراش كۆلى ساھىلىدا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەردى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۆل ئاستانىگە قىلىغان ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلىنىدىغان ياخشى جاي بولۇپ، ھېچبولمىغاندىمۇ بەلگىلىك قوغداش رولىنى ئوينىغانىكەن.

---

① ئۇچىنچى بابنىڭ 4 ـ بۆلۈمىگە قاراڭ.

### كۆلنىڭ ئەتراپى

يۇقىرىقى بىر ئابزاس ۋەسىقىدە («يېڭى تاڭنامە. ئاگنى تەزكىرىسى»نى كۆرسىتىدۇ — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىدىن) ئاستانىنىڭ ئايلانما ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدۇ، دېيىلگەن (قورشاۋ سېپىللىق قەلئەنىڭ ئۆزى ئەمەس)، بۇنى بوغدا شەھىرى خارابىسىگە سېلىشتۇرغاندا ئەمەلىي كۆلىمى چوڭراق ئىدى. بىراق، يەنە بىر جەھەتتىن، شۇەنزاڭ ئۆزى كۆرگەن ئاستانە دائىرىسىنىڭ 6 ـ 7 چاقىرىم ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. بۇ بىز پەرەز قىلغان ساندىن 2 مىلچە پەرقلىنىدۇ. بوغدا شەھىرى خارابىسى باغراش كۆلىنىڭ قىرغىقى بىلەن تولىمۇ يېقىن ئىدى، مەن تەكشۈرگەن ۋاقىتتا كۆلنىڭ چېتىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەنىدى. چۈنكى، شورلۇق بەلباغ خارابىلىكنىڭ ئىچكى قىسمى ۋە شەرقىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، قىشتا كۆل سۈيى مۇز تۇتۇپ، كۆلنىڭ پاسىلى تارىيىپ كەتكەنىدى. قاراشەھەردىكى يەرلىك خەنزۇلار (مەن بۇنىڭ رىۋايەت ياكى دەلىللەنگەن نەتىجە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلمەيمەن) خارابىلىكنى تاڭ دەۋرىدىكى خارابىلىك دەپ قارايدىكەن، ئۇ يەردىن بايقالغان ئىككى دانە تاڭ دەۋرىگە مەنسۇپ يارماقمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. بىراق مېنىڭ قارىشىمچە، «تاڭنامە» ۋە «شۇەنزاڭ» نىڭ خاتىرىسىدە بايان قىلىنغان يەر شەكلى ئالاھىدىلىكى ھەممىدىن مۇھىم، ئۇنىڭدىن باشقا كۆلنىڭ غەربىي ساھىلىدىن ھېچقانداق سېپىل خارابىسى بايقالمىدى.

## 2 ـ بۆلۈم شۇرچۇقنىڭ شىمالىدىكى مىڭئۆي خارابىسى

### خارابىلىككە يېتىپ بېرىش

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، مەن قاراشەھەر بازىرىدىن يولغا

www.uyghurkitap.com

چىقىپ، كورلىنىڭ تاغ يولىدىن ئۆتۈپ شورچۇققا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەر قاراشەھەرنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 16 مىل كېلەتتى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ شىمالىي تەرىپىگە 4 مىل كېلىدىغان چوڭ بىر بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىنى تەكشۈردۈم. يەرلىك تۈرك تىلىدا بۇ يەرنى مىڭئۆي (Ming – oi) دەپ ئاتايتتى، ئۇ «مىڭ ئېغىزلىق ئۆي» دېگەن مەنىدە ئىدى. خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە 3 چاقىرىمچە كېلىدىغان دائىرە ئىچىدە
تارقاق ئولتۇراقلاشقان موڭغۇللارنىڭ بىر قىسىم تېرىقچىلىق يەرلىرى شىكشىن (shikshin) گىچە سوزۇلغانىدى. ياۋروپا سەيياھلىرى، يەنى دوكتور سۋېن ھېدىن قاتارلىقلار كۆپ قېتىم بۇ خارابىلىككە كېلىپ تەكشۈرۈشكەن. بىلىشىمچە، پروفېسسور گرۇنۋېدىل 1906 ـ 1907 ـ يىللىرى بۇ يەرگە ئىككى قېتىم كېلىپ خارابىلىكنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىرقانچە ھەپتە تۇرغان. بىراق، بۇ چاغدا تۇرپاندىن كەلگەن خەۋەردە، ئۇنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئاساسلىق نىشانىنى خارابىلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى غارلارنى تازىلاشقا قاراتقانلىقى، ئۇنىڭ بۇ خارابىلىكنى ئالدىراپ ـ تېنەپلا تەكشۈرۈپ بولدى قىلغانلىقى ئېيتىلغان، شۇ سەۋەبلىك بىزگە سىستېمىلىق قېزىشقا بولىدىغان نۇرغۇن خارابە ئىزلىرى قېپقالغان. ئۇنىڭدىن باشقا، شۇ يەرنىڭ شارائىتى پروفېسسور گرۇنۋېدىل قاتارلىقلارنىڭ تېزدىن خارابىلىككە بولغان تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى، شۇڭا قارارگاھ ياساش ۋە ئەمگەك كۈچى جەھەتلەردە ئېدىتلىق بولۇپ، ۋاقىت ئىسراپ قىلماسلىقنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

خارابىلىكنىڭ ئورنى


خارابىلىكنىڭ ئاساسلىق قىسمى كىچىك گىرانىت تاشلار بىلەن قاپلانغان تاغ قاپتىلىنىڭ ئۈستى تەرىپى ۋە يانتۇ تېپىلىكىگە جايلاشقان، 58 ـ، 59 ـ، 60 ـ، 61 ـ، 62 ـ

رەسىملەردە كۆرسىتىلگەندەك. تۈزلەڭلىكتىكى گىرانىت تاشلاردىن ئېگىزرەك يەرگە جايلاشقان بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇب تەرىپى قايدۇ دەرياسى تاغ جىلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاغ تىزمىلىرىغىچە سوزۇلغان. ئۆزى كىچىك ئېگىزلىكى مۇۋاپىق جاي شەرقىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ، خارابىلىك 1/3 مىل دائىرىنى ئىگىلەيدۇ. ئىمارەت خارابىسى ئىگىلىگەن يەرنىڭ كەڭلىكى 200 ~ 300 يارد كېلىدۇ، بۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر پارچە ئويمانلىق بۇ يەرنى غەربىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇبتىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈۋەتكەن. ئەڭ غەربىي ئۇچىدىكى ئىككى تاغ ئېتىكىدىكى چوڭقۇر جىلغىدىن ئېقىپ چىققان ئىككى بۇلاق سۈيىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان كىچىك بىر ئېرىق شەرققە قاراپ ئېقىپ، چاتقاللىق بىلەن قاپلانغان تۈزلەڭلىككە سىڭىپ كېتىدىكەن. ئوخشاشلا تېيىز ئېرىقتىن ئېقىپ چىققان سۇ تاغ بىلەن تاغ قاپتىلى ئارىسىدىكى يىلان باغرى ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن (59 ـ، 60 ـ، 61 ـ رەسىمگە قاراڭ).




58 ـ رەسىم شۇرچۇق مىڭئۆي خارابىسىنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى، بۇددا ئىبادەتخانىسىغا يېقىن Mi . xxvi، جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



59 ـ رەسىم ئومۇمىي كۆرۈنۈش، ئالدىدىكىسى قۇرۇلۇش توپى I دىن II نىڭ
شىمالىي ئۆچىغىچە سوزۇلغان، سول تەرەپتىكىسى غەربىي شىمال
قىسمىنىڭ مەركىزىدىكى ئىمارەت توپىدىكى بۇتخانا



60 ـ رەسىم شورچۇق مىڭئۆي خارابىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى
بۇتخانا توپى II ۋە III، غەربتىن كۆرۈنۈشى



61 ـ رەسىم شورچۇق مىڭئۆي خارابىسىنىڭ غەربىي قىسىم مەركىزىدىكى بۇتخانا توپى II ۋە III ، غەربتىن كۆرۈنۈشى



62 ـ رەسىم شورچۇق مىڭئۆي خارابىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بۇددا قەسرى، ئىمارەت توپى II نىڭ ئۇچى، جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى

### خارابىلىكنىڭ تارقىلىشى

رەسىم I ـ III دە كۆرسىتىلگەندەك، دۆڭلۈكنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئۈچ گۇرۇپپا خارابىلىكنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ، ھەربىر گۇرۇپپا قاتار، زىچ ئىمارەتنىڭ ئۇل ئىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەربىي شىمال تەرەپتىكى خارابىلىكنىڭ تارقىلىشى تەرتىپسىز ئىدى. ئېگىزدىن قارىغاندا

جوڭقۇر جىلغىنىڭ مەركىزىدىكى تۆپىلىكتە ئىبادەتخانا توپى XI — XVII بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرقانچە چوڭ ئىبادەتخانا توپى خارابىسى بولۇپ، كىشىنىڭ ئىنتايىن دىققىتىنى تارتىدۇ. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى يانتۇلۇقتا شەرق ۋە غەربكە سوزۇلغان تار تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن ئىمارەت خارابىسى بار، ئۇنىڭ كۆلىمى كىچىكرەك. ئەڭ غەرب تەرەپتىكى تاغ ئومۇرتقىسى تىك بولۇپلا قالماي، يەنە چوققىسى ئارراق ئىدى، بۇ يەردە بىر - ئىككى گۇرۇپپا كىچىك ئىبادەتخانا بولۇپلا قالماي، ئوتتۇرىدا يەنە بىر بۇلاقمۇ بار.

دەسلەپتە ئوغرىلانغان غار ئىبادەتخانىسى

يۇقىرىدا دېيىلگەن غار ئىبادەتخانىسى خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى 3/4 مىل كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان. خارابىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغ چوققىسى ۋە تاغ قاپتىلى شەرققە قاراپ مۇشۇ يەرگىچە سوزۇلىدۇ. قۇم - شېغىللىق تاش تاغنىڭ غەربىدىكى تىك تاغ باغرىدا تولىمۇ زىچ جايلاشقان غارلارنى بايقىدۇق. بىرلا غاردىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە بولۇپ، تاغ بىرقەدەر ئېگىز ئىدى. بۇ يەردىكى تۇققۇز ئېغىز غار ئىبادەتخانىسى ھەم ئۇنىڭغا قوشنا بولغىنى بىر قىسىم تاش قەبرىنىڭ ئورنى بولۇشى مۇمكىن. بۇ توغرۇلۇق تەپسىلىي ئەھۋالنى گرۈنۋېدېلنىڭ ئېلان قىلغان ماتېرىياللىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ئىلگىرى بۇ يەرنى سىستېمىلىق تەكشۈرۈپ، پۈتكۈل تەكشۈرۈش جەريانىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان كىچىك غارلاردىكى بىر قىسىم تام رەسىملىرى ۋە قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلار ھەيكەلتىراشلىق ئىلمى قىممىتىگە ئىگە.

ئىبادەتخانىنى تازىلاش

ئايك رام سىنگىنىڭ مەردانىلىك بىلەن ياردەم بېرىشى ھەمدە

جاڭ بېگىم ۋە قۇرۇقتاغدىن كەلگەن لار. سىنگىنىڭ يارىدىمىدە مەن خارابىلىكتە 12 كۈن ئەتراپىدا تۇرۇپ، ئىبادەتخانىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە باشقا خارابىلىكنى تەكشۈرۈپ چىقتىم. بىرقانچە ئىبادەتخانا خارابىسىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، كۆيۈپ كەتكەن بىر دۆۋە كېسەك ۋە كاھىشىنى بايقىدىم. بۇ ئەھۋال ئىبادەتخانىنىڭ ئوت ئاپىتىگە ئۇچراپ، تاملىرىنىڭ ئىچىگە ئۆرۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن قىممىتى بار يادىكارلىقلارنى قېزىپ چىقىش ئارزۇيىمىز يوققا چىقىپ، خىزمىتىمىزنى توختاتتۇق.

### قۇرۇلۇشنىڭ شەكلى ھەم ماتېرىيالى

ئاساسلىق خارابىلىك رايونىدا يۈزدىن ئارتۇق ئىبادەتخانا بار بولۇپ، ئۇلار كۆلەم جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئەڭ كىچىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 4 فۇت، كەڭلىكى 6 فۇت كېلىدۇ، ئەڭ چوڭ تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 80 فۇت كېلىدىغان ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە. ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ئۇسلۇبى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ، پەقەت بىرقانچە خىل ۋەكىل خاراكتېرلىك شەكىلدىن باشقا، قالغانلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، ئىچكى قىسمىنىڭ بېزىلىشىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىمارەتلەرگە ئومۇميۈزلۈك كېسەك ئىشلىتىلگەن، كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 12 × 6 × 3 ~ 4 دىيۇم، بىر قىسىم چوڭ ئىبادەتخانىلارغا كۆپ مىقداردا ياغاچ ماتېرىياللىرى ئىشلىتىلگەن. ياغاچ ماتېرىياللار خىشنىڭ ئارىسىغا ئېلىنىپ، قۇرۇلۇشنىڭ چىدامچانلىقى ئاشۇرۇلغان. ئېگىز تۆپىلىكتىكى بەزى قۇرۇلۇشلارنىڭ تاملىرىنىڭ ئارىلىقىدا بىرقانچە قەۋەت ئوت - چۆپنى كۆردۈم. بۇ ئەھۋال ئەينى ۋاقىتتىكى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ھازىرقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى، كېسەك قۇرۇلۇشلارنىڭ مۇستەھكەم بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### گۈمبەز تۇرۇسلۇق ئىبادەتخانا ۋە بۇددا قەسرى

بىز ئاۋۋال خارابىلىكتە دائىم كۆرۈلىدىغان بىرقانچە خىل شەكىلنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتەيلى. ئۇنىڭ تەپسىلاتىنى ھەربىر ئىبادەتخانىنى بايان قىلغاندا تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز. كىچىك تىپتىكى ئىبادەتخانىدا ئەڭ تىپىك، ئومۇملاشقان شەكىل ئاددىي بۇددا قەسرى، چاسا شەكىل ياكى تىك تۆتبۇلۇڭلۇق شەكىلدۇر. ئۇلار تۆپىلىككە جايلاشقان بولۇپ، باشقا بۇددا قەسىرلىرى بىلەن تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بەزىدە كارىدور ئارقىلىق ئۆز ئارا كىرىپ چىققىلى بولىدۇ. I ۋە II گۇرۇپپا بۇتخانىنىڭ شىمال تەرىپىگە يېقىن جايدا بىر قىسىم ئەگمە تورۇسلۇق قۇرۇلۇشنىڭ قالدۇقلىرى ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا، بىز بۇ بۇتخانا خارابىلىرىنى گۈمبەز تورۇسلۇق بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارىدۇق. باشقا جايلاردىمۇ كېيىنكى قوپۇرۇلغان بۇنداق قۇرۇلۇش ئۇلى بار ئىدى. يەنە بىر يەردىكى بۇددا قەسرىنىڭ ئالدىدا گۈمبەز تورۇسلۇق تار خانا بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى تام كارىدورغا ئۇدۇل ئىدى. يان تەرەپ تامدىكى بىرقانچە جايدا پاكار يوگىمە تورۇسلۇق كارىدور بار، بۇ يەردىن تار بولغان كىچىك خانىغا ياكى كارىدورغا كىرگىلى ھەمدە ئوتتۇرىدىكى ھەيكەلنى ئايلانغىلى بولىدۇ. بۇ ھەيكەل ئەسلىدە كارىدورنىڭ ئۇدۇلىدىكى تامغا قويۇلغان، بۇ ئۆتۈشمە كارىدورنىڭ كەينى تەرىپىمۇ ئەگمە شەكىللىك بولۇپ، ئىلگىرى تام رەسىمى ياكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر بىلەن بېزەلگەن ئىكەن. ئوخشاش بولغان يەر يۈزىدىكى ئىمارەتلەر مەزكۇر خارابىلىكتىكى غار ئىبادەتخانىلىرىغا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان.

### كارىدورى ئېتىۋېتىلگەن بۇددا قەسرى

ئۈچىنچى خىل تىپ — چوڭ تىپتىكى ئىبادەتخانا تۆرتگە ۋەكىللىك قىلاتتى، ئۇ خوتەن خارابىلىرىدىكى (دەندەن ئۆيلۈك

ۋە خادىلىق قاتارلىقلار) بۇددىزم ئىبادەتخانىلىرىدا ئومۇملاشقان شەكىلگە ئوخشاپ كېتىدۇ. بىز بۇ يەردە بىر بۇددا قەسىرىنى بايقىدۇق، ئۇنىڭ گەۋدىسى ئاساسەن چاسا شەكىلدە بولۇپ، ئۇ يەرگە ئالدى تەرەپتىكى كارىدوردىن كىرگىلى بولىدۇ. قالغان ئۈچ تەرىپى ئېتىۋېتىلگەن كارىدور ئوڭدىن ئايلىنىشقا (Pradaksina) قالدۇرۇلغاندى. بۇ خىل شەكىلدىكى چوڭ ئىبادەتخانىنىڭ كارىدورى بۇددا قەسىرىنىڭ ئارقا تەرىپىگە بارغاندا كېڭىيىپ، ھەيكەل بىلەن بېزەلگەن ئۆيىنى شەكىللەندۇرگەن، باشقا جايلاردىكى كارىدور پەقەت تام رەسىملىرى بىلەنلا بېزەلگەن.

### قەبرە خارابىسى


تۆتتىنچى ۋە بەشىنچى تۇردىكى خارابىلىك كۆمۈلۈپ قالغان مەلۇم قەبرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرسە كېرەك. تۆتىنچى تۇردىكى خارابىلىك تاشقى كۆرۈنۈشىدىن قارىماققا يۇمىلاق تۈۋرۈكلۈك گۇمبەز بۇددا مۇنارىغا ئوخشايتتى، ئۇ بىۋاسىتە پاكار سۇپا ئۈستىگە سېلىنغان ياكى ئوخشىمىغان شەكىلدىكى ئۇلدىن باشلاپ قوپۇرۇلغان. مەسىلەن، يۇمىلاق شەكىللىك، ئۇزۇنچاق ياكى چاسا شەكىللىك بولۇپ، ھەممىسىنىڭ چاسا شەكىللىك قورشاۋ تېمى بار ئىدى. 63 ـ ۋە 64 ـ رەسىم بۇ نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ بۇددا مۇنارلىرىنىڭ ئىچكى قىسمى بىردەك بوش ئىدى، بىر قەدەر ياخشى ساقلانغانلىرىدىن ئىچكى خانىغا ئۆتىشىدىغان ئەگمە تورۇسنىڭ باشلىنىش ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەگمە تورۇسلۇق يۇمىلاق خانىنى تەكشۈرۈپ ۋە تازىلاپ ھېچقانداق نەزىر ـ چىراغ بۇيۇمى ۋە ئادەم سۆڭىكىنى تاپالمىدۇق. تۆتىنچى ۋە بەشىنچى تۇردىكى خارابىلىك بىلەن ئىدىقۇت قەدىمكى شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى قوشگۇمبەز (Kosh – gumbaz) ۋە

www.uyghurkitap.com


بايقالغان بۇددا مۇنارى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى، بۇلارنى دەپنە قىلىشقا ئىشلىتىش مەقسىتىدە ياسالغان دېيىشكە بولىدۇ. بەشىنچى تۈردىكى مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك ئىمارەتنىڭ ئاستى قىسمىدا بايقالغان جەسەت كۈلى كومزىكى بىلەن قوتا بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ (64 ـ ، 65 ـ رەسىمگە قاراڭ). مۇنارنىڭ شەكلى مەيلى كۆپ تەرەپلىك ياكى چاسا شەكىللىك بولسۇن، ھەممىسىنىڭ قورشاۋ تېمى بار بولۇپ، يۇقىرىلاپ بارغانسېرى كىچىكلەپ بارىدۇ. بۇ خىل تاشقى شەكىل كىشىگە قەدىمكى رىملىقلارنىڭ قەبرىلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

### خارابىلىككە تەسىر كۆرسەتكەن ھاۋا كىلىمات شارائىتى

بىرقانچە جايدىكى ئارخېئولوگىيەلىك تېپىلمىلارنى تونۇشتۇرۇشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن خارابىلىكلەرگە تەسىر كۆرسەتكەن ھاۋا كىلىمات شارائىتىنى سۆزلەپ ئۆتەي. سىرتقا ئېچىلىپ قالغان بۇ خارابىلىكلەرنىڭ يامغۇر ۋە قارنىڭ



63 ـ رەسىم شورچۇق مىڭئۆي خارابىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى بۇددا مۇنارى ۋە بۇتخانا، غەربىي شىمالدىن كۆرۈنۈشى



64 ـ رەسىم شورچۇق مىڭئۆي خارابىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى قەبرە
تۈپى، جەنۇبتىن قارىغاندىكى كۆرۈنۈشى



65 ـ رەسىم شورچۇق مىڭئۆي خارابىسىدىكى قەبرە ئابىدىسى mi – xxii
سىرتقى تامدا بىر جەسەت كۆلى قوتىسى بار

www.uyghurkitap.com

ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ. مەن ئالدىدا قاراشەھەر تاغ جىلغىسىنىڭ ھاۋا كىلىماتى توغرۇلۇق سۆزلەپ ئۆتكەنىدىم، بۇ يەرنى تارىم ئويمانلىقىنىڭ مەركىزىي رايونى ياكى بۇنىڭغا ئوخشايدىغان تۇرپان ئويمانلىقى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئانچە قۇرغاق ئەمەس. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تاغ جىلغىسىدا ياز پەسلىدە قاتتىق يامغۇر ياغىدىكەن، بىز بۇ تاغ جىلغىلىرىغا باردۇق ھەمدە بۇ يەرلەردىن ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلارغا ئېرىشتۇق. بىر قىسىم قەبرە قۇرۇلۇشلىرىنىڭ سىرتقى تېمىدىكى قاپارتما نەقىشلەر ۋە تام رەسىملىرىنىڭ يۈزىدىكى گەج پۈتۈنلەي دېگۈدەك چۈشۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبادەتخانىنىڭ تېمىدىكى گەجلەرمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك يۇيۇلۇپ كەتكەنىدى.

باغراش كۆلىدىكى سۇس تۇمان

قۇم - شېغىللىق دۆڭلۈكتىكى ئىمارەت خارابىسىنىڭ ئورنى پەس بولسىمۇ، ئەمما ئەتراپتىكى تۈزلەڭلىك يەر ئاستى سۈيىنىڭ يالىشىدىن، شورلىشىشتىن ھەمدە يېمىرىلىشتىن ساقلىنىپ قالغان. شورنىڭ يېمىرىش رولى قاراشەھەردىكى خارابىلىكلەردە ناھايىتى ئېغىر. خارابىلىك بوغدا شەھىرىنىڭ 6 مىل كېلىدىغان دائىرىسى ئىچىگە جايلاشقان، شۇنداقلا باغراش كۆلىگە تېخىمۇ يېقىن بولغاچقا، كۆل ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نەم ھاۋانىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تەسىرىگە ئۇچراپ كەلگەن. 12 - ئاي شىنجاڭنىڭ ئەڭ قۇرغاقچىلىق مەزگىلى بولغاچقا، بىز بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىپ قويغانىدۇق. بىز خارابىلىكتە تۇرغان مەزگىلدە جەنۇب تەرەپتىكى كۆلدىن كۆتۈرۈلگەن سوغۇق سۇس تۇمان پۈتۈن خارابىلىك ۋە قارارگاھىمىزنى قاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا تېمپېراتۇرا نۆلدىن تۆۋەن 42 گىرادۇسقا چۈشۈپ، خىزمىتىمىزگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. كېچىدىكى قىرو قارغا ئوخشاش زېمىننى قاپلاپ كەتكەچكە،

قىرو قوياش چىققاندىمۇ ئېرىمىدى. بىز مۇشۇ پۇرسەتتە يادىكارلىقلارنى رەسىمگە تارتتۇق، رەسىمدە قىرو ناھايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

كۆيدۈرۈۋېتىلگەن ئىبادەتخانا

بىز خارابىلىكنى بىر مەزگىل قازغاندىن كېيىن، گۈتسىلىك بۇتخانىغا بولغان بۇزغۇنچىلىقنىڭ نەملىككە قارىغاندا تېخىمۇ چوڭلۇقىنى بايقاپ، خىزمىتىمىزنى توختاتتۇق. شۇبھىسىزكى، پۇتكۈل خارابىلىك بىر قېتىملىق چوڭ ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغانىدى. خارابىلىكتىكى چوڭ تىپتىكى ئىبادەتخانىغا كۆپ مىقداردىكى ياغاچ ۋە باشقا ئاسان ئوت ئالىدىغان ماتېرىياللار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئوتنىڭ تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغانىدى. ئوت ئاپىتىدە تامدىن چۈشكەن كېسەكلەر تېخىمۇ قاتتىقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ قېزىش خىزمىتىمىزنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. تەلىيىمىزگە يارىشا ئاسان چېقىلىدىغان قىزىل ساپالدىن ياسالغان نۇرغۇن كىچىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر ئوتتا تېخىمۇ چىڭىپ، ساقلىنىپ قالغانىدى. بىراق، چوڭ تىپتىكى ھەيكەللەر چېقىلىپ كەتكەچكە، يۆتكەشكە ئامال بولمىدى. كىچىك تىپتىكى ئىبادەتخانىلار بۇ ئوت ئاپىتىنىڭ تەسىرىگە ئانچە ئۇچرىمىغان بولۇپ، كېسەكلىرى ھەر ھالدا ياخشى ساقلىنىپ قالغانىدى.

خارابىلىكنىڭ بۇزۇلۇشى


ھەيكەل ئۇلىنىڭ ئەتراپىدىن ياكى باشقا جايلاردىن سەدىقە قىلىنغان نۇرغۇن مىس يارماقلار بايقالدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ مىس يارمىقى بولۇپ، يىل دەۋرى مىلادىيە 8 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەر ۋە رەڭگارەڭ رەسىملەر ئۇيغۇرلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرنىڭ دەسلەپكى

www.uyghurkitap.com

مەزگىلى (مىلادىيە 9 ـ 10 ـ ئەسىرلەر) دە كىشىلەرنىڭ يەنىلا بۇ بۇتخانىغا كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بۇ پاكىتلار، بۇ ئوت ئاپىتىنىڭ مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان قارلۇق تۈركلىرى بېسىپ كىرگەندە، بۇتپەرەسلەرنىڭ نەرسىلىرىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. قايدۇ دەرياسى ۋادىسىدىن ئېگىز بولغان خورا (khora) خارابىلىكىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىنىمۇ ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتكەن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

### ئەڭ غەربتىكى بىر گۇرۇپپا XXV بۇددا قەسرى

بىرقانچە جايدىكى خارابىلىكنى تەرتىپ بويىچە غەربىي جەنۇب تەرەپتىن باشلاپ بايان قىلىپ ئۆتىمەن. بىرىنچى گۇرۇپپا بۇددا قەسرى ئالدىدىكى مەزمۇندا بايان قىلغان ئۈچ تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ ئەڭ غەربىي ئۇچىغا جايلاشقان. ئىبادەتخانا (66 ـ رەسىمدىكى XXV) ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، قارىماققا نەملىشىپ بۇزۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇددا قەسرىنىڭ كۆلىمى 20 كىۋادرات فۇت بولۇپ، ئالدى تەرەپتە يەنە چوڭ بىر قەسىر بار. ئالدى قەسىر بىر تۆپىلىككە سېلىنغان بولۇپ، تۆپىلىك تاغنىڭ يانباغرىغا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. پەشتاق ئارقىلىق ئۇ جايغا چىقىپ ـ چۈشكىلى بولىدۇ. بۇددا قەسرى بىلەن ئالدى سارايدىكى قىسمەن ئىزلار، پىروفېسسور گرۇنۋېدېلنىڭ بۇ يەردە تازىلاش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇددا قەسرىدىكى كېسەك دۈۋىسىنىڭ ئېگىزلىكى 7 فۇت بولۇپ، بۇددا قەسرى ۋە ئەتراپىتىكى ئېتىۋېتىلگەن ئېغىزلارغا دۈۋىلەنگەن. بىز شىمالىي تەرەپتىكى بۇددا قەسرى بىلەن ئۆتۈشمە يول ئىچىنى قازدۇق. ئۆتۈشمە يولدا ئون پارچىدىن كۆپرەك كىچىك تىپتىكى رەڭلىك رەسىم تاختىسىنى بايقىدۇق، نەملىك تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى چىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم كىچىك




66 ـ رەسىم قاراشەھەر شىكشىن مىڭئۆيى I گۇرۇپپا بۇتخانا خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





67 ـ رەسىم ئەگمە شەكىللىك ياغاچ پارچىسى 68 ـ رەسىم ياغاچ ئويما

ئەگمە شەكىللىك ياغاچ پارچىلىرىنى (67 ـ رەسىمگە قاراڭ) بايقىدۇق، ئۇنىڭغا رەڭلىك بۇددا رەسىملىرى سىزىلغانىدى.

ھ. ٧ . ٧ . بۇددا قەسرىدىكى بايقاش

بىز شىمال تەرەپتىكى ئىككى كىچىك بۇددا قەسرىنى ئورۇل ـ كېسىل تازىلاپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتۇق. بۇددا قەسرى ٧ دىن نۇرغۇن رەڭلىك ياغاچ ئويمىلارنى تاپتۇق، ئۇلار ئاساسلىقى تامنى بېزەشكە ئىشلىتىلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى قوش ئەجدىھانىڭ گۆھەر ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشى نەقىشلەنگەن كىچىك ئەگمە ياغاچ دىققەت قىلىشقا ئەرزىيتتى(68 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ ياغاچ ئويمىلار ئىچىدىكى تەخمىنەن 12 پارچە

ياغاچ تاختىغا نىلۇپەر شەكلى قوپال قىلىپ نەقىشلەنگەن. V غا يېقىن بولغان كىچىك بۇددا قەسرى a. V نىڭ كۆلىمى 9 كىۋادرات فۇت بولۇپ، ھەر تەرەپتىكى تامدا 4 دانە قايارتما نەقىشلىك بۇدساتۋانىڭ رەسمى بار ئىكەن. گەرچە رەسىمنىڭ ئۈستى بىر قەۋەت لاي بىلەن سۇۋالغان بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ مەيدىسى ۋە بىلەكلىرى نەپىس بېزەلگەن، كىيىملىرى ئۈستىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرغۇن رەڭلەر ساقلىنىپ قالغان. بۇلار ئىلگىرى ئولتۇرغان ھالەتتىكى چوڭ ھەيكەلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۇپا ئۈستىگە قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇلار ھازىر پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلگەنىدى.

vi، vii بۇددا قەسرىنى تازىلاش

خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى تۆت ئېغىزلىق ئۆيدىن، ھېچقانداق يادىكارلىق بايقالمىدى. بىراق، ئەڭ ئاخىرقى بىر بۇددا قەسرىنىڭ ئالدى قەسرى vi نىڭ بىرقانچە تەرەپتىكى تېمى تاغنىڭ يانباغرىغا يۆلەپ قوپۇرۇلغاچقا، تاغنىڭ يىمىرىلىشى بىلەن يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئەمما ھەر تەرەپتىكى تامدا چوڭ ھەيكەلنىڭ نىلۇپەر سۇپىسى ساقلىنىپ قالغان. بۇ يەردىن پەقەت چوڭ ھەيكەلنىڭ بىلىكى تېپىلدى. ئۇنىڭغا زور بىر مەخلۇقنىڭ بېشى نەقىشلەنگەنىدى، ئۇ 69 ‑ رەسىمدىكىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، بۇ ساۋۇتنىڭ مۇرە قىسمىنىڭ پارچىسى بولسا كېرەك. مەسىلەن، ئۇ مىڭئۆيدىكى مەھاراجە كىيىۋالغان ساۋۇتقا ئوخشايتتى. لاي ھەيكەل پارچىسى ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەچكە، يۆتكەشكە ئامال بولمىدى. vi نىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە يېقىن جايدا ئۆلچەمسىز بىر پاكار تۆپىلىك بولۇپ، بۇددا قەسرى vii دەل مۇشۇ جايدا ئىدى. بۇ بۇددا قەسرىنىڭ ئالدى خانىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ پەقەت ئۇل قىسمىلا قېپقالغان. ئەمما، ساقلىنىپ قالغان يوغان كېسەك دۆۋىسى ئاستىدىن نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك يادىكارلىقلار تېپىلدى.

www.uyghurkitap.com



69 ـ رەسىم ساۋۇتنىڭ مۇرە قىسمىنىڭ قالدۇقى

ئاستىدىكى يۇمشاق توپا قاتلىمى ۋە كۆيگەن ياغاچ پارچىلىرى ئارىسىدىن بىر پارچە تار ياغاچ تاختا چىقتى، ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىگە نۇرغۇن گۈللۈك نەقىش سىزىلغانىدى. رەڭلىرى ناھايىتى كۆركەم بولۇپ، ئۈستىگە بىراھمى يېزىقىدا 15 قۇر خەت يېزىلغان. ئېھتىمال گەج ئۈستىگە سىزىلغان تام رەسىملىرى ئۇشۇ رامكىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئوتۇغلى بولمايدىغان بىر قانچە نەقىش بايقالدى.

## فەندەر ئۇسلۇبىدىكى رەڭدار نەقىشلىك سىزمىچىلىق تاختىسى

بۇ بايقالغانلارنىڭ يان تەرىپىدە كىچىك بىر بۇت تويۇقچىسى بايقالدى. ئىچىدىكى ھەيكەل سۇپىسىنىڭ ئاستى تەرىپىدىن ئولىمۇ نەپىس رەڭدار نەقىشلىك ياغاچ تاختا (70 ـ رەسىمگە قاراڭ) بايقالدى. ئۇ گەرچە يېرىلىپ ئۈچ پارچە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولاتتى. ياغاچ تاختا ئۈستىگە ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى بىر بودساتۋانىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، بودساتۋا ئات تاقىسى شەكلىدىكى ئەگمە شەكىللىك تەختتە ئولتۇرغانىدى. ئادەم ۋە كىيىم ـ كېچەكنىڭ سىزىلىش ئۇسۇلىدا فەندەر ئۇسلۇبى گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى. ئەگمە ئىشىكنى تىرەپ تۇرىدىغان تۈۋرۈكنىڭ بېزىكى كىشىگە قەدىمكى يۇنان، رىمنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ئىمارەتچىلىك شەكلىنى ئەسلىتەتتى. ئوخشاش بىر جايدىن ئۆرە تۇرغان بۇتنىڭ رەسىمى سىزىلغان ئىككى پارچە ياغاچ تاختا تېپىلدى. بۇ سىزمىچىلىق تاختىسى ناھايىتى نەپىس ياسالغانىدى، ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇيراپ ۋە كۆيۈپ كەتكەن. ئۈچ پارچە سىزمىچىلىق تاختىسىنىڭ ئېگىزلىكى ئوخشاش، 70 ـ



70 ـ رەسىم رەڭدار نەقىشلىك ياغاچ تاختا

رەسىمگە قاراپ ئۇلارنىڭ جىپسىلاشتۇرۇلۇپ بىر پۈتۈن قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ياغاچ تاختىنىڭ ئۈستى ۋە ئاستىنقى قىسمى بىزەلمىگەنىدى، ئۇ ئېھتىمال قاپقاق قىسمى بولۇشى مۇمكىن. بارلىق ياغاچ تاختىلارنى قۇراشتۇرسا ھەيكەلنىڭ سۇپا ئۇلى شەكىللىنەتتى. يەنە نۇرغۇن چوڭ لاي ھەيكەل پارچىلىرى تېپىلدى، بۇ توغرۇلۇق كېيىن توختىلىمەن. بۇددا قەسرى vii نىڭ ئارقا تەرىپىدىكى نېپىز توسۇق تامدا ساخاۋەتچىلەرنىڭ كىچىكرەك رەسىمى ساقلىنىپ قالغان.

قاپارتما نەقىشلىك ياغاچ تاختا

vii غا يېقىن بولغان viii بۇددا قەسرىدىن بىرقانچە پارچە ياغاچ تاختا تېپىلدى. ئۇ ھېچقانداق بىزەلمىگەنىدى، ئۇ ھەيكەل سۇپىسى قىلىپ ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن. كېيىن تازىلىغان ئۈچ ئىبادەتخانا ئىچىدىن ھېچقانداق يادىكارلىق

www.uyghurkitap.com

تېپىلمىدى، بىراق ix كىچىك بۇتخانىدىن بىر پارچە ئەھمىيەتلىك يادىكارلىق بايقالدى. گەرچە بۇ بۇتخانىنىڭ تېمىنى يامغۇر سۈيى ئۇپرىتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما مۇئەييەن ئېگىزلىكتە ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئىچىگە ئېگىزلىكى 3 فۇت كېلىدىغان لاي ـ كېسەكلەر دۆۋىلەنگەن. بۇ لاي ـ كېسەك دۆۋىسىدىن بىرقەدەر ياخشى ساقلانغان، ئۈستىگە قەندەھەر ئۇسلۇبىدىكى نەپىس قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر ئويۇلغان ياغاچ تاختا (71 ـ رەسىمگە قاراڭ) تېپىلدى. بۇ ياغاچ تاختىنىڭ ئېگىزلىكى 11 دىيۇم بولۇپ، ئارقا تەرىپى يېرىم يۇمىلاق شەكىلدە ئىدى. روشەنكى، بۇ ياغاچ تاختا مىخ بىلەن تامغا ياكى باشقا ئارقا كۆرۈنۈش ئۈستىگە مىخلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مىس مىخ ساقلىنىپ قالغان. ياغاچ تاختىنىڭ ئوڭ يۈزىگە ئىككى پارچە رەسىم ئاستى ـ ئۈستى قىلىپ سىزىلغان بولۇپ، بۇددا رىۋايەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان. ياغاچ تاختىنىڭ ئاستىنقى ئۇچىدىكى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىسمى ئىككى ئويۇقچىغا ئايرىلغان بولۇپ، ئوڭ تەرەپتىكى ئويۇقچىدا ئىككى تاۋاپچى تىزلىنىپ ئولتۇراتتى. بۇلار ساخاۋەتچى بولۇشى مۇمكىن. سول تەرەپتىكى ئويۇقچا ئىچىدە قولىدا ئىلاھ ھاسىسىنى كۆتۈرۈۋالغان ئۆرە تۇرغان ھەيكەللەر بار ئىدى. ئۈستى تەرەپتىكى ئىككى پارچىسى نۇر ھالقىسى بار بۇددا رەسىمى بولۇپ، بەلىكىتىن باشقا كىيىمى يوق ئىدى، بۇ رەسىمدە قانداق مەزمۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس ئىدى. ئاستى تەرەپتىكى ئىككى



71 ـ رەسىم قەندەھەر ئۇسلۇبىدىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل گۇرۇپپىسى

پارچە رەسىمدە، بېشىغا تاج تاقىغان بىر تاۋاپچىنىڭ بۇددانىڭ ئايىغىغا تىزلانغان قىياپىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، بۇ قەندەھەر ئۇيما نەقىشلىرىدە دائىم كۆرۈلىدىغان دىپەنكەرە جاتەكە (Dipankara-jataka) بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىسىدۇر ئۇنىڭدىكى ئادەمنىڭ ئوبرازى ۋە ياسىلىش ئۇسۇلى قەندەھەر ئۇسلۇبىغا يېقىنلىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىككى نەپەر تاۋاپچىنىڭ باش بېزەكلىرى ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارغا ئوخشىمىغان بولسا، بۇ كىچىك ھەيكەلنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبىنى بىۋاسىتە ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىن كەلگەن دەپ قاراشقا بولاتتى. چۈنكى: خارابىلىكتىكى باشقا بۇددا ئىبادەتخانىلىرىدىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى لاي ھەيكەل پارچىلىرىدا يۇنانلاشقان بۇددىزىم سەنئەت ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆرۈنەرلىك ئىدى. ئوخشاش بىر بۇددا قەسىرىدىن نەپىس نەقىشلەنگەن بىر دانە ياغاچ تىرەك تېپىلدى.

I گۈرۈپپىدىكى باشقا بۇددا قەسرى

I گۈرۈپپىدىكى باشقا بۇددا قەسىرلىرىدە ئالاھىدە قىزىقىدەك نەرسە بايقالمىدى. ئەمما، ix ئىبادەتخانىنىڭ كۆلىمى چوڭراق بولۇپ، بىرىنچى تىپقا تەۋە ئىدى، مەركىزىي تۈۋرۈكلۈك ئايلانما كارىدورىدىن بىر قىسىم قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر بايقالدى، ئەمما نەملىك تۈپەيلىدىن كۆپ قىسمى چىرىپ كەتكەنىدى.

II گۈرۈپپىدىكى ii، i بۇددا قەسرى

II گۈرۈپپىدىكى بۇددا قەسىرى ئاساسەن تاغ چوققىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، كۆپىنچە بۇيۇملار جەنۇب تەرەپتىكى كىچىك بۇددا قەسىرىدىن تېپىلدى. بۇددا قەسىرلىرىنىڭ تېمى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولغاچقا، بالدۇرلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. بۇددا قەسىرى i بىلەن تار ئۆتۈشمە كارىدور يول

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارقىلىق ئۇتىشىدىغان بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر قاتار بۇتخانىلارنىڭ ئەڭ جەنۇب تەرەپتىكى كىچىك بۇددا قەسرىدىن نۇرغۇن چىمىلدىق پارچىلىرى تېپىلدى. بۇلار لايدىن ياسالغان بولۇپ، كۆپۈنچى بۇلۇڭلارنى بېزەشكە ئىشلىتىلگەن. چىمىلدىقنىڭ ئۈستىگە گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان، ئاستىغا قاتار كەتكەن ئۈچ بۇرجەك شەكىللىك پەردە ھەم پۆپۈك چىقىرىلغان، بۇ نىيە خارابىسىدىكى مەركىزىي چوڭ بۇددا قەسرى N III نىڭ تېمىدىكى رەڭلىك چىمىلدىقنىڭ نەقىشى بىلەن ئاجايىپ ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم كىچىك تېپتىكى لاي ھەيكەل پارچىلىرى بايقالدى. ئۇلار ئەسلىي ئۆتۈشمە تامنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئوتتۇرا ماڭلاي ياغىچىدا بولۇشى مۇمكىن. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى، ھەيكەلنىڭ نەپىس يۈز قىسمى قېلىپتا ئۈستىلىق بىلەن قۇيۇپ چىقىرىلغاندى. I گۇرۇپپىدىكى كىچىك بۇددا قەسرى ئالدىدا يەنە بىر نېلۇپەر سۇپىسىنىڭ ئۇل قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن تاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ تۆت دانە يارماق تېپىلدى، ئۇلار ئەتىۋارلىنىپ مۇشۇ پەردە ساقلىنىپ قالغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككىسىگە كەييۈەن نامى، ئىككىسىگە دالى يىلنامىسى ئويۇلغان. ئۇلار ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ھېچقانداق داتلاشقان ئىز يوق. i كارىدورنىڭ شىمالىي قىسمىدا بۇددا قەسرى ii بولۇپ، ئازراق بۇزۇلغاندى، ئۇنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن كىچىك ھەيكەل پارچىسى تېپىلدى، ئۇنىڭ بەزىلىرى ئادەم چوڭلۇقىدىكى ھەيكەل-



72 ـ رەسىم قول

نىڭ بىر قىسمى ئىدى، ئۇ يەردە يەنە بەئەينى راست قولدەك ئو-يۇپ ياسالغان قولمۇ (72 ـ رەسىمگە قاراڭ) بار ئىدى.

### ياغاچ ئويما بېزەك ۋە چاسا خىش

ئۇنىڭدىن باشقا، بىر تار كارىدور xxii بايقالدى، ئۇ كىچىك مۇنار ئۆلىنىڭ ئايلانما كارىدورى ئىدى، ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە مۇئەييەن مىقداردىكى ياغاچ بېزەكلەر ساقلانغان. مەسىلەن، بېزەلگەن تۈۋرۈك بېشى (73 ـ رەسىمگە قاراڭ)، ئۇسلۇبى ھەر خىل ئىككى دانە ئەجدىھا بېشى (رەسىمدىكىسى ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى)، ئەپىس گۈللۈك نەقىشلىك ياغاچ تاختا (74 ـ رەسىمگە قاراڭ)، ئەپىس ياسالغان چاسا خىش (75 ـ رەسىمگە قاراڭ) دېگەندەك. بۇ چاسا خىشنىڭ ئۈستى تەرىپىدە چاسا شەكىللىك رامكىغا ئېلىنغان بىر بۇددساتۋانىڭ قاپارتما نەقىشلىك باش قىسمى بار بولۇپ، قەندەھار ئۇسلۇبىدا ئىدى. باشقا خارابىلەردىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەر بايقالدى.

### قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل ياسايدىغان قېلىپ

شىمال تەرەپتىكى ئىككى بۇددا قەسىرى xxvii، xxvi دىن ئالتە پارچە بىراھمى يېزىقىدىكى بودى ياپراقچىسىدىن باشقا، يەنە قاپارتما نەقىشلىك بېزەك تاختا (76 ـ رەسىمگە قاراڭ) ۋە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر پارچە ياغاچ تاختا پارچىسى تېپىلدى. بۇددا قەسىرلىرىدىن باشقا بۇ يەرگە يەنە بىر قاتار ئويۇقچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تام مۇئەييەن ئېگىزلىكتە ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، نەملىك تۈپەيلىدىن ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. بۇ يەردىن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان بۇنان ئۇسلۇبىدىكى گەج قېلىپ (77 ـ رەسىمگە قاراڭ) بايقالدى. بۇ قېلىپ چوڭ ـ كىچىك ھەيكەللەرنىڭ بۇدۇر ياكى دولقۇنسىمان چېچىنى قۇيۇپ ياساشقا ئىشلىتىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئالاھىدە بايقاش بىزگە ئۇنىڭ باشقا خارابىلەرە

www.uyghurkitap.com



73 ـ رەسىم ئەجدىھا باشلىق تۈۋرۈك بېشى



74 ـ رەسىم نەپىس گۈللۈك نەقىشلىك ياغاچ تاختا



75 ـ رەسىم قەندەھر ئۇسلۇبىدىكى بۇد. ساتۋا بېشى چۈشۈرۈلگەن چاسا خىش

بايقالغان كۆپ مىقداردىكى، كۆپ خىل ئۆزگىرىشلىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەلنىڭ قېلىپى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. پىروفېسسور گرۈنۋېدىلمۇ چوڭ بايقاشقا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئەترىتى II گۈرۈپپىدىكى ئىككى بۇددا قەسرىدە مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان 30 دىن كۆپرەك گەج قېلىپىنى بايقىغان، بۇ ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ. مەن خادىلىقتا قولغا چۈشۈرگەن قېلىپمۇ مۇشۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشايتتى.



77 ـ رەسىم يۇنان شەكىلدىكى



76 ـ رەسىم قاپارتما نەقىشلىك
بېزەك تاختا    گەج قېلىپ

Ⅲ گۇرۇپپا xxi بۇددا قەسرى

Ⅲ گۇرۇپپىدىكى تازىلانغان ئىبادەتخانىلار تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان. تازىلانغان ئۈچ ئىبادەتخانا ئىچىدە xxi بۇتخانىدىن باشقا ئىبادەتخانىلاردىن ھېچنېمە بايقالمىدى. بۇددا قەسرى x x i دە سەككىز تەرەپلىك بىر تۇۋرۇك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەربىر تەرىپىگە بىر قۇردىن براھمى يېزىقى يېزىلغان. مەسىلەن، 64 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، تۆت ئەتراپى قورشاۋ تاملىق تۈز سۇپا ئۈستىدە ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانا ئىمارەتلىرى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. تەكشى سۇپىنىڭ چوققا قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 80 فۇت، كەڭلىكى 86 فۇت كېلىدۇ. ئىلگىرىكىلەر بۇ يەرگە شەرقىي شىمال تەرەپكە سوزۇلغان پەشتاق ئارقىلىق كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ھازىر بۇ يەر خام كېسەك بىلەن تولۇپ كەتكەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يەرنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تازىلاپ چىققىلى بولمايتتى. بۇددا قەسرىنىڭ كۆلىمى 22.5 كىۋادرات فۇت بولۇپ، سىرتقى قورشاۋ تېمى 3 فۇت كېلىدۇ، ئۇ ئوتتا كۆيۈپ كەتكەچكە رەڭگى قىزغۇچ ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ

قاتتىقلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئىچىمۇ خام كېسەكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئېگىزلىكى 8 فۇت كېلىدۇ، كارىدورنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 6 فۇت كېلىدىغان بولۇپ، دېرىزە ئارقىلىق يورۇتۇلغان، غەربىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇبتىن تەخمىنەن 11 فۇت كېلىدىغان كەڭلىكتىكى ئارقا خانىغا ئۆتكىلى بولىدۇ. ئادەتتە بۇددا قەسىرىگە كىرىشتە ئالدى خانا ياكى ئالدى سارايدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. كارىدورنىڭ كۆلىمى 37 فۇت ئىدى. بۇ زالنىڭ ئوڭ - سول تەرىپىدە كىچىك يان ھۇجرا بولۇپ، تەخمىنەن 8 كىۋادرات فۇت كېلىدۇ، بۇ كەم تېپىلىدىغان يەنە بىر تىپقا تەۋە ئىدى.

قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىسى

ئالدى ساراينى تازىلاپ، ئاز مىقداردىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرىنى تاپتۇق، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى كىچىك ھەيكەل بېشىمۇ بار ئىدى. بۇددا قەسىرى ئىچىدىكى كۆيۈپ كەتكەن كېسەكلەرنىڭ يېرىمىنى تازىلاپ، بىرقانچە كىچىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرىنى ئۇچراتتۇق، بىراق ئۇنىڭ شەكلىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. ئوت ئاپىتىدە ساقلىنىپ قالغان يول تېمىنىڭ غەربىي تەرىپىدىن نۇرغۇن قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرى تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈستىگە گۈللۈك نەقىش چۈشۈرۈلگەن ياغاچ تاختىمۇ بار ئىدى(78 - رەسىمگە قاراڭ). ئۇلار xxi ئىبادەتخانىلارغا ئوخشاش سىرتقى تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېشەكتىن چۈشۈپ كەتكەن بېزەك رەسىم پارچىسى ئىدى. بەزى جايدىكى تامدا ياغاچ قورۇق بار بولۇپ، ئۇ رەسىم تاختىسىنى تامغا مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەنىدى. تۆپىلىكنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدىن (ئىبادەتخانا xxi جايلاشقان تۆپىلىكنىڭ شەرقىي جەنۇبىي بۇرجىكىدە) ساپالدىن ياسالغان، ئىچىگە جەسەت كۈلى ساقلانغان كومزەك تېپىلدى.



78 ـ رەسىم گىرۋىكىگە رەڭلىك نەقىش چۈشۈرۈلگەن ياغاچ تاختا

### قەبرە قۇرۇلۇشلىرى

III گۇرۇپپا ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى يەس جايلاردا ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك ئىككى خىل شەكىلدە ياسالغان قەبرە بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەس ھەم ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك قورشاۋ تېمى بار ئىدى. بۇ خىل تۈرۈسى يۇمىلاق بۇددا مۇنارى بىلەن قىرغىز (kirghiz) ۋە موڭغۇللارنىڭ ئاق كىگىز ئۆيى (AK-Ois) ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ قەبرىلەردە كۆيۈپ كەتكەن ھېچقانداق ئىز يوق ئىدى. قەبرىلەر «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم ئاختۇرۇلغانىدى. xxvi خارابىلىككە يېقىن جايدىكى ياخشى ساقلانغان بىر قەبرىدىكى (64 ـ رەسىمگە قاراڭ)، دىيامېتىرى تەخمىنەن 31 فۇت كېلىدىغان گۈمبەز تۈرۈسلۇق لەھەتنى تارىلاپ ھېچ نەرسە تاپالمىدۇق. 64 ـ رەسىمدە كۆرگەنىدەك، xxi خارابىلىك 5 ـ خىل تىپقا تەۋە بولۇپ، ئانچە چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان، ئۇنىڭ تۈرۈسى بولسا ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان كېسەك بىلەن قوپۇرۇلۇپ بېزەلگەن، ئېگىزلىكى 81 مىل فۇت كېلىدۇ. چاسا شەكىللىك كىچىك قەبرىنىڭ يەر يۈزى ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئارىلىقىدا 1 فۇت 5 دىيۇم كېلىدىغان بوشلۇق بار، روشەنكى، بۇ قەبرە ناھايىتى بۇرۇنلا ئوغرىلىنىپ ھېچنېمىسى قالمىغان.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

جەسەت كۆلى كوزىسى ۋە قۇتىسى

قورشاۋ تام ئىچىدىكى مۇنار سۇپىسىغا يېقىن جايدىن بەش دانە جەسەت كۆلى كوزىسى (شارىر) تېپىلدى، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1 فۇت كېلەتتى، 65 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، ساپال بىرقەدەر قوپال بولۇپ، تورساق قىسمى قىزىل، قارا ئىككى خىل رەڭدە ئىدى، كوزا ئىچىدە جەسەت كۆلى ۋە كۆيەۈرۈلگەن سۆڭەك بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئىككى تال كىچىك ياغاچ قۇتا تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ياسىلىشى قوپالراق بولۇپ، چوڭلۇقى تەخمىنەن 51 دىيۇم × 4 دىيۇم × 4 دىيۇم كېلەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ ئوششاق سۆڭەك پارچىلىرى بولۇپ، ياغاچ قۇتىلار داكىغا ئوخشاش ناھايىتى نېپىز توقۇلما رەخت بىلەن ئورالغان. جەسەت كۆلى قۇتىسى ۋە كوزىدىن ھېچقانداق يېزىق بايقالمىدى.

## 3 - بۆلۈم مىڭئۆي خارابىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىن بايقالغان لاي ھەيكەل ۋە تام رەسىملىرى

مەركىزىي ئىبادەتخانىنىڭ ئەڭ غەربىي ئۇچى

خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن نۇرغۇن نەرسىلەر بايقالدى. تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭراق بىر گۇرۇپپا ئىبادەتخانا بولۇپ، قىسمەن جايلىرى جەنۇب تەرەپتىكى تۆپىلىككىچە تۇتىشاتتى (58 -، 59 - رەسىمگە قاراڭ). بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئۇدۇلىدا خارابىلىكنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن تېيىز ئېرىق بار ئىدى. ئېگىزدىن قارىغاندا جەنۇب تەرەپتىكى تۆپىلىككە سېلىنغان بىر گۇرۇپپا كىچىك ئىبادەتخانىنى كۆرگىلى بولاتتى. مەركىزىي

ئىبادەتخانىنىڭ غەرب تەرىپىنىڭ يېرىمى قورشاۋ تاملىق قاپتاللىق تۆپىلىككە سېلىنغان، 79 ـ رەسىمدىن ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىنى كۆرگىلى بولىدۇ. 61 ـ رەسىمدىن ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانا چۆرىسىدىكى تامنىڭ قېلىنلىقى 4 فۇت، سىرتقى تامنىڭ قېلىنلىقى 5 فۇتتىن كۆپرەك كېلەتتى. قورشاۋ تامنىڭ هازىرقى ئېگىزلىكى 16 فۇتتىن كۆپرەك كېلەتتى. قورشاۋ تامنىڭ ئىچىدە ئەڭ پاكار بولغاندىمۇ 6 فۇتتىن ئېگىزرەك كېلىدىغان تۇپا دۆۋىسى بولغاچقا، قورشاۋ تام ئەسلىگىرى بۇنىڭدىنمۇ ئېگىز بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلدۇق. بۇ ئىبادەتخانىدا كۆلىمى 20.5 كىۋادرات فۇت كېلىدىغان، 6 فۇت كەڭلىكتىكى ئايلانما كارىدورى بولغان بىر بۇددا قەسرى بار ئىدى. ئايلانما كارىدورنىڭ ئارقا قىسمىنىڭ كەڭلىكى 10 فۇت، ئالدى ساراي ئارقىلىق ئىبادەتخانىغا كىرىدىغان يولنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 40 فۇت كېلەتتى، ئېگىزلىكى ئېنىق ئەمەس، ئالدى قەسرىنىڭ ئالدىدا ئىشىك بار ئىدى.



79 ـ رەسىم شورچۇق مىڭئۆي خارابىسىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى بۇتخانا خارابىسى Mi . X X ii نىڭ شەرقىي جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى

x . Mi دا بايقالغان قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل

x بۇددا قەسىرىنى تازىلىغاندا نۇرغۇن كىچىك قاپارتما نەقىشلىك لاي ھەيكەللەر بايقالدى. بۇ ئەھۋال بۇددا قەسىرى ۋە ئۇنىڭ ئارقا خانىسىدا نۇرغۇن ھەيكەللەرنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئالدى سارايدىن تېپىلغان ھەيكەل پارچىسى بىلەن كېيىن بۇددا قەسىرىنىڭ ئارقا خانىسىدىن تېپىلغان ھەيكەل پارچىلىرىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى. بۇ توغرۇلۇق كېيىن توختىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز ئېگىزلىكى 1 — 4 فۇت كېلىدىغان كېسەك دۆۋىسىدىن 14 دانە يارماق تېپىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئون دانىسى تاڭ دەۋرىدىكى يارماق ئىدى، قالغانلىرى ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن بەش جۇلۇق يارماق ئىدى. ئۇلارنىڭ تېپىلغان ئورنىدىن قارىغاندا، بۇ يارماقلار مۇشۇ جايغا سەدىقە قىلىنغان ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە تامدىكى جازا ئۈستىگە قويۇلغان. بۇ ئىبادەتخانا ئىشىكىنىڭ ماڭلاي ياغىچى خۇددى باشقا ئىبادەتخانىنىڭكىگە ئوخشاش قاپارتما نەقىشلىك ئىدى. بۇددا قەسىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىن جايدىن ئۈچ دانە ئەينەك پارچىسى تېپىلدى (80 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك). ئېنىقكى، بۇ بىر مەرۋايىت ياسايدىغان سېختىن كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ يەردە ئىلگىرى ئەينەك ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

xi - Mi بۇددا قەسىرىدىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل

xiبۇددا قەسىرىدە كۆپ مىقداردا تىپى ئوخشىمايدىغان، چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر ساقلانغان. بۇ ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆيۈپ قاتتىقلىشىپ كەتكەچكە، ساقلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوت تۇپەيلى نۇرغۇن لاي ھەيكەلنىڭ پەقەت بىر قانچە پارچىلىرىدا ئىلگىرىكى رەڭدار نەقىش ئىزنالىرى ساقلىنىپ قالغان.



80 ـ رەسىم ئېيەك بويۇملار

### قاپارتما نەقىشلىك ماڭلاي ياغاچىنىڭ ئورنى

پۇتكۆل ئىبادەتخانىدا چوڭ ھەيكەل ۋە ھەيكەل سۇپىسىنىڭ ئازلىقى ئىبادەتخانا ئىچىدىكى بېزەكلەرنىڭ ئاساسەن تامدىكى قاپارتما نەقىشلىك ماڭلاي ياغاچتا ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەردى. بۇ نۇقتىنى تامدا ساقلىنىپ قالغان ئۈچ قاتار چاسا شەكىللىك ياغاچ قوزۇق تۆشۈكچىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا بولىدۇ، بۇ تۆشۈكچىلەر ماڭلاي ياغاچنى مۇقىملاشتۇرىدىغان ياغاچ ئېلمەككە ئىشلىتىلگەنىكەن (79 ـ رەسىمگە قاراڭ). چاسا شەكىللىك تۆشۈكچىنىڭ دىيامېتىرى 3 دېيۇم، ئارىلىقى 2 فۇت كېلىدۇ. ھەربىر رەتتىكى تۆشۈكچىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 5 فۇت، ئەڭ پەستىكى بىر رەتنىڭ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 2 فۇت كېلىدۇ. قاپارتما نەقىشلىك ماڭلاي ياغاچلار بۇددا قەسىرىنىڭ ئۆزىرىشىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇلغاچقا ھەرقايسى جايلاردىن چىققان يادىكارلىقلارنىڭ سانىمۇ ئوخشاش بولمىغان.

### ئوت ئاپىتىنىڭ تەسىرى

كۆپ ساندىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر شەرقىي تامدىن بولۇپمۇ تامنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇلۇڭىدىن تېپىلدى. ئەمما غەرب تەرەپتىن تېپىلغانلىرى ئاز ئىدى. بۇ ئەھۋال ئوت ئاپىتىنىڭ غەرب تەرەپتىن باشلانغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چوڭ ھەيكەللەر ئوتتا كۆيۈپ قېتىپ كېتىشتىن بۇرۇن تامدىكى ياغاچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، پارچىلىنىپ كەتكەن. شەرقىي تامدىكى قاپارتما نەقىشلەر ئوتتا بىر قەدەر ئۇزۇن كۆيگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قاپارتما نەقىشنىڭ ياغاچ تىرىكى ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ھەيكەللەرمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، پارچىلىنىپ كەتكەن. بۇ پەرەزنى شەرقىي تامدىكى ئىككى تۆشۈكچىدە ساقلىنىپ قالغان ياغاچ قوزۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئوخشاش سەۋەبتىن، قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرى تامدىكى ئۈستۈنكى ماڭلاي ياغاچنىڭ نەقىشلىرى بولسا كېرەك. بۇددا قەسىرلىرىدىن تېپىلغان ئۈچ دانە مىس يارماق تاڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپتۇر.

xii بۇددا قەسىرىنىڭ ئارقا خانىسىدىن تېپىلغان لاي ھەيكەل

ئالدىدا تىلغا ئالغان ئىبادەتخانىلارغا ئوخشاش بۇ جايدىكى ئىبادەتخانىنىڭ بۇددا قەسىرىنى ئوراپ تۇرىدىغان ئايلانما كارىدورى ئوت ئاپىتىنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىپ قالغان، ئەمما زەيلىنىپ كەتكەنىدى. شەرق ۋە غەرب تەرەپتىكى ئۆتۈشمە يولدا قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل بېزەكلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما، تامنىڭ يۇقىرى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئىلگىرى تامنى بېزىگەن تام رەسىملىرىنىڭ ئىزىنى تاپقىلى بولمايتتى. كىشىنى ئەڭ قانائەتلەندۈرىدىغىنى، xii بۇددا قەسىرىنىڭ ئارقا خانىسىدىن تېپىلغان كۆپ مىقداردىكى ھەيكەل بېزەكلىرى ئىدى. ئارقا خانىنى ئەستايىدىل تازىلىغاندىن كېيىن، بىر بىر گورۇپپا كىيىمىنىڭ قاتلاق ئىزنالىرى كۆپ بولغان قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنى بايقىدۇق. بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك ئېگىز قاپارتما نەقىشلىك ئەسەرلەر بولۇپ، ئادەم چوڭلۇقىدا ئىدى، بۇلار تامنىڭ غەربىي شىمال ۋە شەرقىي شىمال بۇلۇڭىنىڭ سىرتقى تام ئۇلىنىڭ پاكار سۇپىسى ئۈستىگە تارقالغانىدى (81 ـ رەسىمگە قاراڭ). شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ يەردىن يەنە كۆپ مىقداردا كىچىك ھەيكەللەر بايقالدى. بۇ

ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى شىمال تەرەپ سىرتقى تامدىن 9 فۇت ئېگىزلىكتىكى ماڭلاي ياغاچتىن چۈشۈپ كەتكەنىكەن. نەملىك سەۋەبىدىن لاي ھەيكەللەر ئاسانلا پارچىلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەتتا كىيسەك دۆۋىسىدىن تېپىلغان ئۈچ - تۆت پارچە لاي ھەيكەلنىڭ بېشىنىمۇ شۇ سەۋەبلىك يۆتكىگىلى بولمىدى. ئۇلار چوقۇم ناھايىتى بۇرۇنلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، چۈنكى ئۇلار ئاسان پارچىلىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، بىخەتەر يۆتكەش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شەرقىي شىمال تەرەپتىكى بىر گۇرۇپپا ھەيكەل پۇتىنىڭ ئاستىدىن بايقالغان 6 دىيۇم ئېگىزلىكتىكى ئىككى دانە ئادەم ھەيكىلىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىدى، ئۇلار تېۋىنغۇچى ياكى تاۋاپچىلار بولۇشى مۇمكىن.



81 - رەسىم مىڭئۆي خارابىسى ئىبادەتخانىسى Mi . X ii كارىدورنىڭ غەربىي شىمال بۇر-جىكىدىكى قاپارتما نەقىشلىك لاي ھەيكەل تويى

### كارىدورنىڭ بۇلۇڭىدىكى لاي ھەيكەللەر

كارىدورنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدە بىر گۇرۇپپىدىن ھەيكەللەر بار بولۇپ، بەش - ئالتە قاتار زىچ تۇرغۇزۇلغان ئادەم ھەيكەللىرىمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئەڭ چەتتىكى ھەيكەل خېلىلا بۇزۇلغانىدى. بەزى ھەيكەللەر ئاللىقاچان بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بىراق ساقلىنىپ قالغان ياغاچ ۋە ئوت - چۆپ باغلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى بېكىتكىلى بولاتتى، چۈنكى

لاي ھەيكەلنىڭ ئىچى ياغاچ ۋە ئوت ـ چۆپلەردىن، تېشى لايدىن ياسىلاتتى. ھەيكەلنىڭ كىيىم ـ كېچىكى ۋە قىياپىتىدىن قاردىغاندا، كۆپ قىسمىنىڭ بۇددا ھەيكىلى ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. ئەمما، مەن 81 ـ رەسىمدىكى سول تەرەپتىكى ھەيكەلدىن ھازىرغىچە گۇمانلىنىمەن. ھەيكەللەرنىڭ ئۇسلۇبى يۇنانلاشقان بۇددىزم ئۇسلۇبى بولۇپ، ئۇلار 1901 ـ يىلى راۋاق بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تېپىلغان چوڭ ھەيكەللەر بىلەن ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئوخشىشىپ كېتەتتى. شەرقىي شىمال بۇلۇڭىدىن تېپىلغان تاۋاپ قىلغۇچىنىڭ ھەيكىلى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، مەيدىسىنى كېرىپ تۇرغان ھالەتتە بولۇپ، مەن بۇ ھەيكەلگە قايىل قىلارلىق ئىزاھات بېرەلمىدىم. شەرق ۋە غەرب تەرەپ تامدىكى ئويۇقچىغا گۇرۇپپىلانغان ئويما ھەيكەللەر قويۇلغان چاغدا، ئالدى بىلەن كارىدورنىڭ بوشلۇقىنى ئويلاشقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورنى بېكىتىلگەن. ئوخشاشلا ھەربىر بۇلۇڭدىكى قاتار ھەيكەللەرنىڭ ئورنىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، چۈنكى مۇشۇنداق جاي بولغاندىلا بۇ ھەيكەللەرگە كارىدوردىن يېتەرلىك كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇراتتى.

### ماڭلاي ياغاچتىكى كىچىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر

شىمالىي تامدىكى لايدىن ياسالغان ئۇستۇنكى ماڭلاي ياغاچ ئۈستىگە ئەسلىدە بىر قاتار كىچىك ھەيكەللەر قويۇلغان. ئۇنىڭ بايقىلىشى ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇ قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ماڭلاي ياغىچىنىڭ قانداق قىلىپ xi بۇددا قەسرىگە ۋە بۇ خارابىلىكنىڭ باشقا جايلىرىغا مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. 81 ـ رەسىمدىن يۇقىرى كېشەكنىڭ ئەڭ ئاستى تەرەپ قىسمىنىڭ 6 دىيۇم كۆتۈرۈلۈپ چىققانلىقىنى، ئۇنىڭ ياغاچ رامكا ۋە سامان ئارىلاشتۇرۇلغان لاي رامكىدا ياسالغانلىقىنى، ئېگىزلىكىنىڭ تەخمىنەن 6 فۇت كېلىدىغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى

بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىدە شىنا قاقىدىغان بىر قاتار تۆشۈكچىلەر بولۇپ، ئۇ ماڭلاي ياغاچتىكى كىچىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭدىن بىز ماڭلاي ياغاچنىڭ ياسىلىش تېخنىكىسىنى بىلىۋالالايمىز. بىز يەنە بۇ جايدىن تېپىلغان لاي ھەيكەل پارچىلىرىنىڭ قالدۇقلىرىدىكى ۋە ماڭلاي ياغاچتىكى قاپارتما نەقىشلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايمىز. ئەمما، ئۇنىڭ بەزىلىرى نىسبەتەن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، خېلى ياخشى ساقلانغانىدى، ئۇلارنىڭ سانىمۇ بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس توختىلىمىز. بۇددا قەسىرىدىن تېپىلغان كىچىك قاپارتما نەقىشلىك xii ھەيكەللەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ئەسلىدىكى رەڭلەر ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ماڭلاي ياغاچتىكى ياساۋۇل

ماڭلاي ياغاچتىكى ھەيكەل ھەر خىل مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇقەددەس ئىلاھ ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاشقا ئامالسىزمىز. بىراق، شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇكى، بۇ ھەيكەل قالدۇقلىرىنىڭ بىر قىسمى ياساۋۇل ھەيكىلىنىڭ پارچىلىرى ئىدى (82 ـ رەسىمگە قاراڭ). ياساۋۇلنىڭ بېشى ۋە بەدىنىگە بېلىق قاسىرىقى شەكىللىك دۇبۇلغا ـ ساۋۇت كىيگۈزۈلگەنىدى، ئۇنىڭ تاشقى شەكلى بىلەن مىرەندىكى تىبەت قورغىنىدىن تېپىلغان، سىر بېرىلگەن تېرە دۇبۇلغا ـ ساۋۇت ئىنتايىن ئوخشايتتى. دۇبۇلغا ـ ساۋۇتنىڭ كۆكرەك قىسمى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتاتتى. ئۇنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلىمۇ كۆپ خىل ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرى تېرىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولۇپ، يۇمىلاق شەكىللىك، بەش دانە مونەكچە بېزەك چاپلانغانىدى (83 ـ رەسىمگە قاراڭ).

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاپارتما نەقىشلىك يۇنان ئىلاھەسىنىڭ دۇبۇلغا ـ ساۋۇتى

بۇددا قەسىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇنان ئىلاھەسىنىڭ نەپىس قاپارتما نەقىشلىك ھەيكىلى (84 ـ رەسىمگە قاراڭ) بار بولۇپ، بىتالغا تەقلىد قىلىپ ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى كلاسسىك ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ئىپتىدائىي شەكلى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغىنى، بۇ دۇبۇلغا ـ ساۋۇت بىلەن يوتقان ۋە خوتەن خارابىلىكىدە دائىم ئۇچرايدىغان قىرغوچ رەڭلىك قۇتىغا چاپلانغان گۈل نۇسخىسى ئوخشاش بولۇپ، قەدىمكى يۇنان ئىلاھەسىنىڭ باش ھەيكىلىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



82 ـ رەسىم ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ياساۋۇل ھەيكىلى

قېلىپ بىلەن ياساش ئۇسۇلى

قېلىپتا ياسالغان قەندەھەر ئۇسلۇبىدىكى بۇددساتۋا ھەيكىلىنى تىلغا ئېلىشقا بولىدۇ. يەنە باداشقان قورۇپ ئولتۇرغان بىر ئەرنىڭ ھەيكىلىنىڭ (85 ـ رەسىمگە قاراڭ)، قىياپىتى تولىمۇ ئۆزگىچە ئىدى. يەنە بىر قىسىم شەخسلەرنىڭ باش ھەيكىلىمۇ دىققىتىمىزنى ئالاھىدە قوزغايدۇ. چۈنكى، ئۇلار ھەيكەللەرنىڭ قېلىپتا قانداق ياسالغانلىقىنى ھەمدە ھەيكەللەرنىڭ ھەر خىل قىياپىتىنىڭ قانداق قېلىپ يارىتىلغانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى. شۈبھىسىزكى، يۈز قىسمى قېلىپتا ياسالغان ياساۋۇل ھەيكىلىنىڭ باش قىسمىمۇ بىر

تۇردىكى قېلىپتا قۇيۇلغان. ئۇنىڭ پېشانىسىدە دۇبۇلغىنىڭ ئىزناسى بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بېشىدىكى يۇقىرىغا قارىتىپ تارالغان بىر تۇتام چاچ ئۇنىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىغا ۋەكىللىك قىلغان بولۇپ، بىر خىل ئالاھىدە ئۆزگىرىشنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە قېلىپتا قۇيۇلغان قالتىس بىر ھەيكەل بېشى بار (86 - رەسىمگە قاراڭ) بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى يىغلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى، (شۇبھىسىزكى موڭغۇل ئىرقىغا تەۋە) بېشىغا ھىندى ئۇسلۇبىدىكى باش بېزەك تاقالغان، نەپىس باش بېزىكى قەندەھەر ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەردە دائىم كۆرۈلىدۇ.



83 - رەسىم تېرىدىن ياسالغان دۇبۇلغا

ھايۋان شەكلىنىڭ ئەينەنلىكى

سەنئەتكارلار قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل ياساش قېلىپىنى ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنى ياساشقىمۇ ئىشلەتكەن، ئۇلار ھەقىقەتەن ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ھەيكىلىنى ئەينەن ياساپ چىققان بولۇپ،



85 - رەسىم باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئەرنىڭ ھەيكىلى



84 - رەسىم يۇنان ئايال ئىلاھەسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



86 ـ رەسىم لاي ھەيكەل بېشى


تېخنىكىسى يۇقىرى ئىدى (87 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك). نەپىس ياسالغان ئۆگىنىڭ باش قىسمىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا 88 ـ رەسىمدىكىسى ئىمارەت قۇرۇلما بۆلەكلىرىنىڭ پارچىسى بولۇپ، بۇلارمۇ قەندەھەر ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. روشەنكى، بۇلار كلاسسىك سەنئەتتىن ئۈرنەك ئېلىنغان ياكى تارەققىي قىلىپ كەلگەنىدى.

قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ يىل دەۋرى

كىچىك بىر ياغاچ بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇستىدىكى بېزەكتىن ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ياسالغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز (89 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ نەپىس نەقىشلىرى بىز ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگراسىدا كۆرگەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان، تاشتىن ياسالغان كىچىك تىپتىكى مۇنارنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىز بۇ ھەيكەلنى كۆرگەن ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ تېپىلغان ئورنى ۋە ياسىلىش ئۇسلۇبى (ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن)نى بىلگۈمىز كەلدى. بىز يەنە ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى پەرەز قىلىپ، قەندەھەر ئۇسلۇبىدىكى يۇنانلاشقان بۇددا ھەيكىلى مودېلىنىڭ يىل دەۋرى بىلەن بىر ئاز يېقىنلىشىپ كېتىدىكەن، دەپ قارىدۇق. شۇڭا، بىز تەكشۈرگەن ئىبادەتخانىلاردىن تېپىلغان يېزىق ئويۇلغان پۇللارنىڭ يىل دەۋرىگە ئېتىبار بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلدۇق ھەمدە رەت تەرتىپى بويىچە قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل بېزەكلىرىنىڭ ئىبادەتخانىغا ئىشلىتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى يىل دەۋرى ئارقىلىق ھۆكۈم قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىدۇق. غەربىي شىمال بۇلۇڭدىكى



87 ـ رەسىم تۆگىنىڭ باش قىسمى



88 ـ رەسىم ئىمارەت قۇرۇلما بۆلەكلىرىنىڭ پارچىلىرى

بۇددا ھەيكىلى سۇپىسىدىن يەتتە دانە جۇڭگو يارمىقى تېپىلدى، بۇلار ئېھتىمال مەقسەتسىز لا تاشلاپ قويۇلغان ۋە ياكى مەقسەتلىك يوشۇرۇپ قويۇلغان بولسا كېرەك.

تاڭ دەۋرىدىكى يارماقنىڭ بايقىلىشى

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر دانە يارماققا «خۇچۇەن» دېگەن خەت ئويۇلغان، ئۇ ۋاڭ ماڭ دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن پۇل بولۇپ، يىل

دەۋرى مىلادىيە 14 ــ 16 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، جوڭگونىڭ ئوخشىمىغان تۈردىكى يارماقلىرى قايتا قۇيۇلۇش ئارقىلىق ئۇزۇن مەزگىل ئىشلىتىلگەن. شۇڭا، باشقا ئۈچ دانە دالى ۋە جيەنجۇڭ يىللىرىدىكى يارماق ھەم بىر دانە كەييۈەن تۇڭباۋ يارمىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بىز كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدە شەكىلگە تاكى مىلادىيە 8 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى مەزگىلگىچە قارىغۇلارچە ئىخلاس قىلغان، دەپ جەزملەشتۈردۇق. بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىمات شارائىتى قاراشەھەر بىلەن ئوخشىشىپ كەتكەچكە، لايدىن ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ قانچىلىك ساقلىنىشىنى پەرەز قىلغىلى بولمايتتى، شۇنداقلا بۇنداق ئۇزاق مەزگىل ئىچىدە ھەيكەلنىڭ ئۇسلۇبىدا ئۆزگىرىش بولمىدى، دېگىلىمۇ بولمايتتى.



89 - رەسىم كىچىك ياغاچ بۇددا مۇنارىنىڭ ئۈستىدىكى بېزەك

Mi · Xi بۇددا قەسرىدىن تېپىلغان ئويما ھەيكەللەرنىڭ تىپى

بۇددا قەسرى xi بىلەن ئۇنىڭغا تۇتاش بولغان ئالدى قەسىر-دىن تېپىلغان ھەيكەل پارچىلىرىنىڭ سانى تېخىمۇ كۆپ بولسى-مۇ، ئانچە ياخشى ساقلانمىغان. بۇ ھەيكەل پارچىلىرىنى كۆرگەن-دىن كېيىن، بۇددا قەسرى xii دىن چىققان ھەيكەل پارچىلىرى-نىڭ سەنئەت سەۋىيەسىگە بولغان تونۇشۇم تېخىمۇ چوڭقۇرلاش-تى. بۇددا قەسرى xi دىن چىققان ھەيكەل پارچىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ سانى ئاساسەن ئوخشاش دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، بۇ ھەيكەل پارچىلىرى پەقەتلا بارلىق ھەيكەل تۈرلىرىنىڭ

بىر قىسمى ئىدى، ئۈچ تال ئىشىك كېشىكىدە ئەسلىدىلا بار
بولغان ھەيكەل بەلكىم ئۇلاردىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار
ئىپادىلىگەن مەزمۇنلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئامالسىزمىز-
بىراق، ئۇلار بىلەن باشقا جايلاردىن تېپىلغان رەسىم يادىكارلىق-
لىرىنى سېلىشتۇرۇپ پەرەز قىلىشقا ياكى رەسىم مۇتەخەسسىس-
لىرىنىڭ مەلۇم ھەيكەل پېرسوناژلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەتنى سېلىشتۇرۇپ تېپىپ چىقىشىغا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە
بۇددساتۋا بىلەن ئوخشاش تۈردىكى ھەيكەللەر كۆپرەك بولۇپ، بۇ
بىزنىڭ ئويلىغىنىمىز بىلەن ئوخشاش ئىدى. بىز يەنە بۇ ئويما
ھەيكەللەرنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئىنچىكىلىكىدە پەرق با-
لىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاساسلىقى ئوخشاش بولمىغان قېلىپ
بىلەن ئوخشاش بولمىغان بۆلەكلەر ياسالغان. مەسىلەن، بەدەن،
باش بېزىكى، پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى قاتارلىقلار. قېلىپ بىلەن
ياسالغان ھەيكەللەرنىڭ باش ۋە بەدىنى ئاساسىي جەھەتتىن
قەندەھەر ھەيكەلتىراشلىقىدا ئەسلىدىن بار بولغان تىپلارغا تەق-
لىد قىلىنىپ ياسالغان، ئوخشاشلا 90 - رەسىمدىكى ياش ئىلاھە-
ياساۋۇلنىڭ ھەيكىلىدىن مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۇرغۇن ئالا-
ھىدىلىكنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ھەتتا قەندەھەر ئۇسلۇبىدىكى
ئىلاھەلەردىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئەكس ئەتكەن. گەرچە بۇ
ھەيكەللەر ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ قاي-
تىلىنىش سانىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ياغاچتەك
ئورۇق ئەر ھەيكەل (91 - رەسىمگە قاراڭ) تولىمۇ ئالاھىدە ئە-
دى، ئەمما ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن مەقسەتنى چۈشەندۈرۈش تەس،
ئۇلار بەلكىم زاھىد راھىبلارنىڭ ھەقىقىي كارتىنىسى بولسا كې-
رەك. ئۇنىڭدىن باشقا كىيىم بېزەكلىرى نەپىس ئىشلەنگەن ئايال
ئويما ھەيكەللەرمۇ ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە
كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى تارتىدىغىنى ئويمىچىلىق سەنئىتى نا-
ھايىتى جانلىق، چىرايىدىن كۈلكە چىقىپ تۇرىدىغان ھەيكەل
بېشىدۇر. بۇنى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەيكەللەر بىلەن سېلىش-

تۇرغاندا، بۇددا قەسىرىدىن تېپىلغان، دۇبۇلغا ــ ساۋۇت كىيىۋالغان ياساۋۇلنىڭ ئويما ھەيكەللىرىدىكى ئۆزگىرىش ئانچە چوڭ ئەمەس.

ھەيكەل بېشىدىكى تەبىئىي ئالامەتلەر

كۆپلىگەن بەدىنى يوق ھەيكەل باشلىرى ئوتتا كۆيۈپ قاتتىقلىشىپ كەتكەنىدى. كۆپلىگەن ئەۋرىشكىلەردىكى بىر گۇرۇپپىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى سەنئەت قىممىتى بار ئىدى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئادەتتىن تاشقىرى ھەيكەلتىراشلىق ماھارىتى بىلەن تەبىئىي ھەيكەلتىراشلىق شەكىللىرى، بۇددىزىم ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدا ئەركىن شەكىلدە رەسىم سىزىشتەك ئۇسلۇبىنى قالدۇرغان بولۇپ، دىنىنىڭ ھېچقانداق چەكلىمىسى ۋە تەسىرىگە ئۇچرىمىغان. بۇ نۇقتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئويۇپ چىقىرىلغان ھەيكەل بېشى (92 ــ رەسىم) دا ئالاھىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ھەيكەل بېشىنىڭ قېلىپى قەندەھەردىن تارقىلىپ كىرگەن بولۇپ، كلاسسىك ئۇسلۇبتا ئىدى. ئىككىنچى ھەيكەل بېشى بىلەن بىرىنچى ھەيكەل بېشى بىر قېلىپتا قويۇلغان، ھەيكەلتىراشلارنىڭ بۇ خىل تېخنىكىسى گەرچە ئاددىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن.



91 ــ رەسىم زاھىد راھىب



90 ــ رەسىم ئىلاھە ياساۋۇل

### ھەيكەل بېشىنىڭ ياسىلىپ بولغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشى

ئۇنىڭدىن باشقا، بىز چىراي ئىپادىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىلگەن، ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۈستىگە سىزىقچە ئويۇلغان ھەيكەل بېشىنى بايقىدۇق. 93 ـ رەسىمدىن بىز ھەيكەل بېشىنىڭ قىزىقارلىق ئۆزگىرىش شەكلىنى كۆرۈۋالالايمىز. تۆت دانە ھەيكەل بېشىنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر قېلىپتا ياسالغان بولسىمۇ، بىراق چاچ شەكلى، باش بېزىكى ۋە زىبۇ ـ زىننەتلىرى قاتارلىقلار ئۆزگەرتىلگەن ھەمدە قويۇپ چىقىرىلغان، قۇراشتۇرۇلغاندا ماھىرلىق بىلەن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان بۇ ھەيكەل باشلىرى تەبىئىي ئادەمنى كلاسسىك يۇنان ئىلاھىنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان بولسا كېرەك.



92 ـ رەسىم لايدىن ياسالغان ھەيكەل بېشى



93 ـ رەسىم لايدىن ياسالغان ھەيكەل بېشى

www.uyghurkitap.com

### ھېسسىياتنىڭ تەبىئىي ئىپادىلىنىشى

بۇ جايدا ناھايىتى چىرايلىق قويۇلغان بىر ياش ئايالنىڭ باش ھەيكىلى بولۇپ، ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسى تولىمۇ تەبىئىي ئىدى، ئۇ بىزگە گوت شەكلىدىكى سەنئەت ئۇسلۇبىنى ئەسلەتتى. ئۇنىڭ كەينىگە تارالغان چېچى ئۈستىدىن ياغلىق چېگىلگەنىدى. ئاشۇ قاپارتما نەقىشلىك باش ھەيكەللەرنىڭ چىراي ئىپادىسى ئەركىن بولۇپ، رېئالىزملىق ھەيكەلتىراشلىق ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىرىش ھالىتى كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن. ئەمما، بۇلار قەيدەر ئۇسلۇبىدا ناھايىتى ئاز كۆرۈلەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى كۆلۈپ تۇرغان بىر ئايالنىڭ غەلىتە ھەيكەل بېشى بىلەن كۆكۈل قويۇپ ئويۇلغان، ناھايىتى چىرايلىق، چىرايىدىن كۈلكە چىقىپ تۇرىدىغان نەپىس ھەيكەل بېشى ئىدى. يەنە يىغلاپ تۇرغان ئەرنىڭ باش ھەيكىلى ئېسىل ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. 94 ـ رەسىمدىكى رېئالىزم بىلەن سول تەسەۋۋۇر دادىللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەر بولۇپ، ئۇ بىرىنچى ئادەم، يېرىمى ھايۋاننىڭ غەلىتە باش ھەيكىلى بولۇپ، ئاغزىدىن بىر باش سۆڭەكنى ياندۇرۇۋاتقان ھالەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

### ئاخىرقى مەزگىلدىكى ماھايانا ھەيكەللىرىنى ياساش

ئاخىرقى مەزگىلدىكى ماھايانا (Mahayana) ھەيكەللىرىدە باش سۆڭىكىدىن ياسالغان مارجان ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. 95 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك بۇدساتۋا ھەيكىلىدىمۇ بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن. يەرلىك سەنئەتكارلارنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى نەپىس ئويۇلغان ئاتنىڭ ھەيكىلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان (96 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇلار ئۆزلىرىگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان پىلنى ئۆزگىچە ئۇسۇلدا ئىپادىلىگەن.



94 ـ رەسىم پىرنىمى ئادەم، پىرنىمى ھايۋان شەكلىدىكى غەلىتە ھەيكەل بېشى

## كلاسسىك تەپسىلاتلار

بىز ئەڭ ئاخىرىدا (97 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك)، يۇنان ئۇسلۇبىدىكى لوڭقىنى دىققەت قىلدۇق، ئۇنىڭدىن باشقا بىر ئىمارەت خارابىلىرى ئارىسىدىن ئۆزىمىزگە تونۇشلۇق بولغان، يۇنانلاشقان بۇددىزم ئۇسلۇبىدىكى ئاكروتېرىيە (acroteria) سىمۋولى ۋە كلاسسىك تەپسىلاتلارنى كۆردۇق.

## شەرقىي قىسمىدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى

بۇ يەردە يەنە ئۇچىنچى خىل تىپقا تەۋە ئىبادەتخانىمۇ بار بولۇپ، ئۇ ئالدىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئىبادەتخانىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە جايلاشقان ھەم ئۇنىڭ ئۇدۇل بۇرجىكىگە توغرا كېلەتتى، ئۇنىڭ ئىچى كىسەككە توشۇپ كەتكەچكە، بۇ جاينى قازمىدۇق، ئەمما بۇ يەردە چوڭ ئوت ئاپىتىنىڭ ئىزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىز ئۇنىڭ شەرقىدىكى ئىمارەت خارابىسىنى تازىلاپ، ھېچنېمىگە ئېرىشەلمىدۇق، شۇڭا بۇ ئىمارەتنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكى سىر پېتى قېلىۋەردى. بۇ خارابىلىكنىڭ شەرقىدە نۇرغۇن ئىبادەتخانا ۋە ئۆيلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېقىنراق بولغان xiii خارابىسى ئىككىنچى خىل تىپتىكى ئىبادەتخانىغا مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭدىكى ئىبادەتخانىنىڭ كۆلىمى 17 فۇت ئەتراپىدا بولۇپ،



95 ـ رەسىم باش سۆڭىكىدىن ياسالغان مارجان تاقىۋالغان بۇددساتۋا ھەيكىلىنىڭ پارچىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



97 ـ رەسىم يۇنان ئۇسلۇبىدى-
كى لايدىن ياسالغان لوڭقا



96 ـ رەسىم لايدىن ياسالغان ئات

ئىچى كۆيۈپ كېسەك پارچىلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئالدى سارىيى باشقىلار تەرىپىدىن تازىلانغاندەك قىلاتتى، ئىبادەتخانىغا كىرىدىغان كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 2 فۇت، كەڭلىكى 15 دىيۇم كېلىدىغان بۇت سۇپىسى بولۇپ، ئۇستىدە ھەيكەل پارچىلىرى چېچىلىپ تۇراتتى.

iii گۈمبەز تورۇسلۇق خانىدىكى تام رەسىملىرى

ئىبادەتخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدە كىچىك بىر خانا بولۇپ، كەڭلىكى 4 فۇت 8 دىيۇم كېلىدۇ، سىرتقى تېمىنىڭ ئاستىدىن نۇرغۇن بېزەك ۋە تام رەسىملىرىنى تاپتۇق. ئۆينىڭ شەرق تەرىپىگە تەخمىنەن 12 فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى زەدىۋالدەك ياغاچ تاختا قويۇلغان، بۇزۇلماي ساقلىنىپ قالغان بۇ يېرىم گۈمبەز شەكىللىك تورۇس نەملىكنى توسۇپ قالغان، ئەمما ئۆينىڭ بۆلۈڭىدىكى ياغاچ تاختا ھەم غەرب تەرەپتىكى تامنىڭ ئاستىدىن تېپىلغان 12 پارچە ياغاچ تاختىنىڭ پارچىلىرىدىن باشقا، غەرب تەرەپتىكى گۈمبەز شەكىللىك تورۇس ۋە كۆپ قىسىم تاملار ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى، تامنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ رەڭلىرىمۇ ئۆڭۈپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىن پاكار

ئەگمە تورۇسلۇق ئىككى كارىدور ئارقىلىق ئىبادەتخانىغا كىرگىلى بولىدۇ. كارىدورنىڭ كەڭلىكى 4 فۇت، ئېگىزلىكى 5 دىيۇم كېلىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىدىكى كېسەكلەر تورۇسقىچە تاقاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياندىكى ئىبادەتخانىلاردىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن لاي ھەيكەل پارچىلىرىمۇ بار ئىدى. غەرب تەرەپتىكى كارىدورنىڭ سىرتقى تېمىدا ساقلىنىپ قالغان كۆپ مىقداردىكى تام رەسىم پارچىلىرىدىن بىز ئوت ئىبادەتخانا ئىچىگە تۇتىشىپ، بۇ ئىككى ئۆتۈشمە كارىدور ئۆرۈلۈپ چۈشكەن تامنىڭ كېسەكلىرى بىلەن ئېتىلىپ قالغان، دېگەننى جەزملەشتۈردۇق.

## تام رەسىملىرىنىڭ مەزمۇنى

كارىدور ۋە بۇددا قەسىرىدىن تېپىلغان تام رەسىملىرى كاكۇل لاي ئۈستىگە رەڭ بېرىش ئارقىلىق سىزىلغان. تار خانىنىڭ شىمالىي تېمىدا بىر گۇرۇپپا تۇتاش سىزىلغان تام رەسىملىرى بايقالدى. بۇ رەسىملەر سېرىق رەڭلىك ئايرىش سىزىقى ئارقىلىق ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلغان: بىرىنچى گۇرۇپپا رەسىمدە سۇتراچارىيە ۋە بىكشۇ(ئەر راھىب) ئىپادىلەنگەن؛ يەنە بىر گۇرۇپپا رەسىمدە ئورمانلىقتىكى غارغا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان راھىبنىڭ بۇددا نومىنى كۆچۈرۈۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئوڭ تەرەپنى (Pradak·sina) ئايلىنىدىغان يۆنىلىشكە ئاساسەن، كۆرگۈچىلەر تەرتىپ بويىچە سول تەرەپتىن ئوڭ تەرەپكە قاراپ ئايلىنىۋاتقانىدى، غەربىي تامدىكى تام رەسىملىرى (98 ـ رەسىمگە قاراڭ) ئالدىدا، شەرقىي تامدىكى تام رەسىملىرى ئارقىدا (99 ـ رەسىمگە قاراڭ) بولۇپ، شەرقىي تامدىكى تام رەسىملىرى ئالدىدا تىلغا ئالغان شىمالىي تامدىكى تام رەسىملىرىگىچە سوزۇلغان بولۇپ، مەزمۇنى ئۈچ گۇرۇپپىدىن تەشكىل تاپقان. ھەربىر گۇرۇپپا رەسىم سېرىق ئايرىش سىزىقى بىلەن ئايرىلغان بولۇپ، سول تەرەپتىكى بىر گۇرۇپپا رەسىمدە ئولتۇرغان بىر سۇتراچارىيە بىر دانە قەلەم ۋە بودى ياپراقچىسىنى

تۇتۇۋالغانلىقى، ياش بىكشۇلار ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى، كۆكتىن بىر ئىلاھە چۈشۈپ گۈل چىچىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن، بۇ گۈل چاچقۇچى گەندەرۋە بولۇشى مۇمكىن. ئوتتۇرىدىكى بىر گورۇپپا رەسىمنىڭ ئۈستىدە بىر ياش بىكشۇنىڭ نوم نومىلاۋاتقان سۈتراچارىيەگە قاراپ تۇرغانلىقى، گەندەرۋەنىڭ قولىنى جۈپلەپ كۆكتىن چۈشۈۋاتقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئوڭ تەرەپتىكى بىر گورۇپپا رەسىمدە بىكشۇنىڭ بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ كۆككە ئۆرلەۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئاستىنقى تەرەپنىڭ ئىككى يېنىدا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەش نەپەر ياش بىكشۇ ۋە ئۈچ نەپەر نۇر ھالقىسى بار بودساتۋا يۈكۈنۈپ ئىبادەت قىلىۋاتقان كۆرۈنۈش ئىدى. بىز ئەڭ ئاخىرىدا شەرقىي تامدىكى شىمالغا قارىغان ئويۇقچىدىن بىر دانە تار ئويما رەسىم (98 - رەسىمنىڭ، سول تەرەپتىكىسىگە قاراڭ)نى بايقىدۇق. ئويما رەسىمنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يۈكۈنۈپ تۇرغان ئىككى بودساتۋا (Bodhisattvas) ئاستى - ئۈستى قىلىپ سىزىلغان. غەربىي تامدىكى ئويۇقچە ئىچىدىنمۇ ياغاچ ئويما رەسىم بايقالغان بولۇپ، ئۈستى تەرىپىگە بىر بىكشۇنىڭ، ئاستى تەرىپىگە يۈكۈنۈپ تۇرغان بىر بودساتۋانىڭ رەسىمى سىزىلغان. بۇنىڭغا تۇتاش بولغان غەربىي تامدىكى تام رەسىملەر، شۇنداقلا تامنىڭ غەربىي شىمال بۇلۇڭىدىكى تام رەسىملىرىمۇ پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقالغان. بىراق، ئوتتۇرا قىسمىدىكى رەسىملەر ئازراق ساقلىنىپ قالغان (98 - رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسىگە قاراڭ)، سول تەرەپكە كىچىك بىر تېۋىنغۇچى بۇدنىڭ رەسىمى سىزىلغان. ئۈستىدە بۇلۇتقا ئولتۇرۇپ كۆكتىن چۈشۈۋاتقان بىر بىكشۇ بار ئىدى، ئوڭ تەرەپ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان، پۈزۈر كىيىنگەن بىر ئوغۇل بالا بولۇپ، بىر قاتار تېۋىنغۇچىلارنىڭ ئەڭ ئارقىسىدىكى بىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇ ئوڭ تەرەپكە قارىغان، لېكىن ھازىر ئۆچۈپ كەتكەنىدى.



98 ـ رەسىم تام رەسىمى



99 ـ رەسىم تام رەسىمى

www.uyghurkitap.com

## بۇددا ھېكايىلىرى سۈرەت قىلىنغان رەسىملىك تاختايلار

بىر گۈرۈپپا ئويما رەسىمدە ئوخشاش بۇددا ھېكايىلىرى ئىپادىلەنگەن بولۇشى ئېھتىمالغا تولىمۇ يېقىن، ئەمما بۇنىڭغا رەسىم مۇتەخەسسىسلىرىلا ھۆكۈم قىلالايدۇ. شەرقىي تامدىكى ئويما رەسىمدە ئىپادىلەنگىنى مەلۇم ھېكايىنىڭ ئاخىرى بولۇپ، ئىككى ياشانغان «قانۇنچىلىق دۇنياسىنىڭ خوجا»لىرى بۇددا دىنىدىكى ئاسمان ئىلاھىغا، مەسىلەن، ئارخات ياكى بۇدساتۋاغا ئايلىنىپ قالغان. گەرچە ئويما رەسىملەرنىڭ سىزىلىش ھۈنەر - سەنئىتى قوپال، رەڭلىرى بىر قانچە خىل بولسىمۇ، ئەمما ئۇسلۇبى ناھايىتى مەردانە ئىدى. بۇ تار خانىدىكى يورۇقلۇقنى ئويلاشقاندا، بۇنداق تەپسىلىي سىزىش ۋە سۈرەتلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بىراق، ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىر ئاز ئېنىق ئىدى، بولۇپمۇ ياشانغان سۇتراچارىيەنىڭ باش قىسمى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. بۇ تام رەسىملىرىنىڭ يىل دەۋرى يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ھەيكەل ياسايدىغان قېلىپىنىڭ دەۋرىدىن تېخىمۇ كېيىن. ئۇلارنىڭ ئېنىق يىل دەۋرىنى كوچا ۋە تورپاندا ساقلىنىپ قالغان تام رەسىملىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملارنىڭ بېكىتكىنى تۈزۈك.


## قەدىمكى ئۇيغۇرلار دەۋرىدىكى تام رەسىملىرى

بۇ تام رەسىملىرى ئېھتىمال قەدىمكى ئۇيغۇرلار دەۋرىدىكى ئەسەرلەر بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغا تام رەسىم پارچىلىرى دەلىل بولالايدۇ (100 - رەسىمگە قاراڭ). بۇنىڭدىن باشقا، بۇ خارابىلىكتە بايقالغان يەنە بىر پارچە تام رەسىمنىڭ ئۇسلۇبى ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىغان بولۇپ، ئالاھىدە ئىدى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك شىمالىي تام ۋە غەربىي تامغا سىزىلغان رەسىمدىكى قەلەم بىلەن خەت يېزىۋاتقان ۋە بودى ياپراقچىنى تۇتۇۋالغان سۇتراچارىيەنىڭ ھالىتىدە ئىپادىلەنگەنىدى. تام رەسىمىدىكى

پېرسوناژلارنىڭ قەلەم تۇتۇش قىياپىتى قەلەمنىڭ موي قەلەم ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ بودى ياپراقچىسى بىلەن تۇز بولۇك هاسىل قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ياپراقچىنىڭ ئۇچى خەت يازغۇچىغا قارىتىلغان ئىدى، خەت يازغۇچىنىڭ قىياپىتىدىن ئۇنىڭ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ خەت يېزىۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. بۇ خىل يېزىش ئۇسۇلى تام رەسىمدىكى يېزىقنىڭ خەنزۇ يېزىقى ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرەتتى. ئەمما، بۇ تام رەسىملىرىنىڭ مەلۇم خەنزۇ رەسسام تەرىپىدىن سىزىلغانلىقىغا پاكىت بولمىغاچقا، ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولۇش ئېهتىماللىقى بىر قەدەر چوڭ. قارىماققا بۇ قاراش تولىمۇ ئىشەنچلىك ئىدى. چۈنكى، رەسىم سىزغۇچىنىڭ قايسى خىل نۇسخىنى سىزغانلىقى بىزگە تېخى نامەلۇم.

غەربىي كارىدوردىكى تام رەسىمى

غەربىي كارىدوردىكى تام رەسىملىرىنىڭ هەممىسى ئوخشاش بىر دەۋرگە مەنسۇپ ئىدى (101 ــ رەسىمگە قاراڭ)، ئەمما ئۇلار ئوخشىمىغان هۈنەر ــ سەنئەت ئۇسلۇبىغا تەۋە بولۇپ، سىزىلىش تېخنىكىسى ناهايىتى ئۆزگىچە ئىدى. تام رەسىمدە ئىككى رەت بۇددا مۇرىتلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ چېچى چۈشۈرۈۋېتىلمىگەن، كىيىمىنىڭ رەڭگى ۋە بېزىلىشى رەڭگارەڭ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىكشۇ ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئۈستىنكى رەتتىكى راهىبلارنىڭ يۈزىدىكى ساقال ــ بۇرۇتتىن



100 ــ رەسىم تام رەسىم پارچىسى

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولاتتى. بۇ تام رەسىملىرى ئېنىق بولۇپلا قالماي، سىزىلىشىمۇ ناھايىتى ئاددىي ئىدى ئەمما پېرسوناژلارنىڭ تېرىسى بويالغان ئەھۋال بايقالمىدى. ئۇ ئالدى خانىدىن تېپىلغان رەسىملەردىكى بويىلىش ئەھۋالى بىلەن ئانچە ئوخشىمايدۇ، يەنى بۇددا قەسىرىگە سىزىلغان پېرسوناژلارنىڭ بويىلىش ئەھۋالىغا ئانچە ئوخشىمايدۇ. بۇ تام رەسىملىرى پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىيات ئىپادىسى ۋە باش بېزەكلىرىنى ئىنچىكە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مەزمۇن جەھەتتىكى بىر خىللىقىنى بۇزۇپ تاشلىغان. لېكىن، كاساياغا سىزىلغان گۈل نۇسخىلىرى ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، كاسايادىكى قاتلاقلار ئاساسەن نەزەرگە ئېلىنمىغان، بۇ رەسىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ سىزىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

xiv بۇددا قەسرىدىن تېپىلغان ياغاچ ئويما بۇيۇملار

xiii بۇددا قەسىرىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئۇستى ئوچۇق



101 ـ رەسىم رەڭلىك تام رەسىمى

زالدىن ئۆتكەندە، ئۇنىڭغا تۇتىشىدىغان بىر گۇرۇپپا كىچىك بۇددا قەسىرىنى بايقىدۇق. ئەڭ شىمال تەرەپتىكى بۇددا قەسىرى xivدىن بىرقانچە نەپىس ياغاچ ئويما بۇيۇملارنى بايقىدۇق. ئۇستى ئالتۇن رەڭلىك تورۇس بېزىكى كىچىكرەك ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلمىسى بولسا كېرەك (102 ـ رەسىمگە قاراڭ). كىچىك ئەمما، كۆڭۈل قويۇپ ئويۇلغان بۇ قالدۇق ياغاچ پارچىسى يۇسلاق قۇتىدىكى نەقىش بولۇپ، ئۇ ئەگمە شەكىللىك ئويۇقچە ئىچىدىكى ئولتۇرغان بۇتنى ئىپادىلىگەنىدى. ھىندى ـ ئىئونىيە (Indo – Ionic) تىپىدىكى تۈۋرۈك، ئات تاقىسى شەكىللىك ئويۇقچە، ئەگمە مۇرە تام ئۇستىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان بىرىسىم بەدەنلىك ئويما ھەيكەل ۋە باشقا بىر قىسىم ئىنچىكە ھالقىلار ساپ يۇنانلاشقان بۇددا دىنى ئۇسلۇبىغا مەنسۇپ بولۇپ، قەندەھەر قاپارتما نەقىشلىك سەنئەت بۇيۇملىرىدىن شۇلارغا مۇناسىپ تاش ئويما بۇيۇملارنى تاپقىلى بولىدۇ. بۇ ئەسەرلەر شۈبھىسىزكى دەسلەپكى مەزگىلدە ياسالغان. ئۇنىڭ ئۇستىگە ياغاچمۇ ياخشى ساقلانغان، شۇڭا بىز بۇ مۇكەممەل ياغاچ قۇتىنىڭ بىرقانچە ئەسىر ئىلگىرى قىممەتلىك بۇيۇم سۈپىتىدە بۇ جايغا سەدىقە قىلىنغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەندۇق. بۇ جايدىكى بۇددا قەسىرىدىن يەنە بىر پارچە بودى ياپراقچىسى بايقالدى. ئۇ بەلكىم براھمى يېزىقىدىكى بىر پارچە ۋەسىقە پارچىسى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇنىڭدىكى سانسكرىت يېزىقى ئىدى.

### xv ئىبادەتخانىدىكى قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەر

ئۇ ئىبادەتخانىلاردىن ھېچقانداق نەرسە بايقالمىدى، ئەمما جەنۇب تەرەپ تۆپىلىكتىكى پاكار پەلەمپەي يەردە بىر گۇرۇپپا كىچىك ئىمارەتلەردىن خېلى كۆپ نەرسە تاپتۇق. xv ئادەتتىكى بىر ئىبادەتخانا بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 12 فۇت كىۋادرات كېلىدۇ، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرى تېپىلدى، ئۇلار ئۇسلۇب جەھەتتە xi ـ x

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىبادەتخانىدىن تېپىلغان بۇيۇملار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر قىسىم قىممىتى بار بۇيۇملارمۇ چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ نەپىس ياسالغىنى، بىر بۇدساتۋانىڭ باش ھەيكىلى ئىدى (103 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇ تولىمۇ نەپىس ياسالغان بولۇپ، ھەتتا قەندەھەردىكى ئوخشاش تۈردىكى ئەڭ ياخشى ھەيكەللەردىنمۇ چىرايلىق ئىدى. قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرنىڭ ھەممىسى ئوتتا كۆيۈپ قېتىپ كەتكەچكە ئەسلىي رەڭگىنى يوقاتقان.



102 ـ رەسىم سىرىق رەڭلىك تورۇس بېزىكى

### بۇددا ھەيكىلى

بىز مەزكۇر بۇددا قەسىرىنىڭ كېسەكلىرى دۆۋىسىدىن ئىككى دانە ياغاچ ئويما بۇيۇمنى بايقىدۇق، بۇ پۈتكۈل خارابىلىكتىن چىققان ئەڭ نەپىس ياغاچ ئويما بۇيۇم ھېسابلىناتتى. ئۇلارنىڭ بىرى، ئويۇپ چىقىرىلغان ئەگمە ياغاچ بولۇپ، ياخشى ساقلانغانىدى، ئۇنىڭ رەڭگى تولىمۇ كۆركەم بولۇپ، ئولتۇرغان بىر گۇرۇپپا بۇددانىڭ ئوبرازى ئىپادىلەنگەن (104 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ ياغاچ ئويمىنىڭ بىر ئۇچىدا ئەركەك تۇرۇم، يەنە بىر ئۇچىدا چىشى تۇرۇم بولۇپ، تەسكەي تەرەپتىكى چوڭ يان كارىدورنىڭ بولسا كېرەك. ئۇنىڭ شەكلى راۋاق ۋە باشقا جايلاردىكى ھەيكەللەرنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن بىردەك ئىدى.

### مەھاراجەنىڭ ھەيكىلى

ئويما بۇيۇمنىڭ يەنە بىر پارچىسىمۇ تولىمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، قىلىپتا قۇيۇلغان نەپىس ھەيكەل ئىدى (105 ـ رەسىمگە



103 ـ رەسىم بۇدساتۋانىڭ باش ھەيكىلى

قاراڭ). ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 10 دىيۇم ئەتراپىدا ئىدى. ئۇنىڭدا مەھاراجەنىڭ ئوبرازى ئىپادىلەنگەن، بۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تىپىك ئۇسلۇب بولۇپ، ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىدى. ئۇنى شۈبھىسىزكى جۇڭگولۇق سەنئەتكار ياساپ چىققان. بۇنىڭدىن بىز يىراق شەرقنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ خىل تەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا بۇددا دىنى خارابىلىشىشتىن ئىلگىرىكى بىرقانچە ئەسىردە گۈللەنگەنىدى.

بۇدساتۋا ھەيكىلىنىڭ بېشى بار چاسا خىش

xv ئىبادەتخانا بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان جەنۇب تەرەپتىكى باشقا بىر ئىبادەتخانىنىڭ تېمىدىكى كىچىك ئويۇقچىدىن ھەم xvi سارايغا كىرىدىغان كارىدوردىن چوڭ بىر دۆۋە بۇيۇم بايقىدۇق، ئۇلار ئوتتا كۆيۈپ قاتتىقلىشىپ كەتكەن 17 پارچە خىش ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىگە بۇدساتۋانىڭ باش ھەيكىلى قاپارتما نەقىش قىلىپ ئويۇلغان. ئويۇقچە بار تامنىڭ ئەمەلىي ئېگىزلىكى 3 فۇت، ئۇنىڭ يۈزى قىزىل رەڭلىك بولۇپ،



104 ـ رەسىم ئەگمە شەكىللىك ياغاچ ئويما

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارىماققا خومدانغا ئوخشايتتى. بۇ جايدا نۇرغۇن غەيرىي شەكىللىك ياكى تاشلاندۇق قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغانىدى. بىراق، بىز بۇ يەردە ئوت كەتكەن بىر قىسىم ئىزلارنى بايقىدۇق، شۇڭا باشقىچە شەرھلەش مۇمكىنچىلىكىمۇ بار ئىدى. XV نىڭ غەربىي تەرىپىدە بىر قاتار كىچىك ئىبادەتخانىلار بولۇپ، قىسمەنلىرى توپىدىن ياسالغان بولغاچقا، شەكلى ئۆزگىچە ئىدى. قىسمەن ئەگمە شەكىللىك كارىدورلارنى تازىلاش نەتىجىسى ئىبادەتخانىدىكى توپىلارنىڭ نەملىشىپ كەتكەنلىكىنى، شۇ سەۋەبلىك ئىچىدىكى تام رەسىملىرىنىڭ پۈتۈنلەي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى.



105 ـ رەسىم ياغاچ ئويما مەھاراجىنىڭ ھەيكىلى

قىسمەن تازىلانغان XVII ئىبادەتخانا

مەركىزىي ئىبادەتخانىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىگە كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان XVII ئىبادەتخانا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئىچىدە چاسا شەكىللىك ئىبادەتخانا بار بولۇپ، سەل ئېگىزرەك پەلەمپەي يەرگە سېلىنغان. 63 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكىسى ئىبادەتخانىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى ئىدى، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچىگە ئوتتا كۆيۈپ قېتىپ كەتكەن كېسەكلەر دۆۋىلەنگەنىدى. ئىبادەتخانىنىڭ كىرىش ئېغىزىنى تازىلاپ يېرىملاشقاندا نۇرغۇن قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرى چىقتى. ئۇنىڭ ئىچىدە نەپىس ياسالغان باش ھەيكەللەرمۇ بولۇپ، ئادەمنىڭ چوڭلۇقىدا ئىدى، ئۇ بۇ جايدىن بايقالغان باشقا قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەللەرگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەمما، بۇ

باش ھەيكەلنىڭ بەدەن قىسمى تېپىلمىدى. رەسىم سىزىلغان تام ئوت كېتىشتىن ئىلگىرىلا ئۆرۈلۈپ چۈشكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كىرىش ئېغىزىغا يېقىن جايدىن بىر دانە كەيپۇەن يارمىقى تېپىلدى.

### xix ،xx گۇرۇپپا بۇددا قەسىرلىرى

xvii نىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بىر گۇرۇپپا زىچ تۇتىشىپ كەتكەن كىچىك بۇددا قەسىرلىرى ۋە بۇتخانا مۇنارىدىكى ئىككى جايدىن يادىكارلىقلار تېپىلدى. كىچىك بۇددا قەسىرى xx دىن مىس بېزەك پارچىسى بىلەن نەپىس ئويۇلغان ياغاچ تۇۋرۇكنىڭ ئۈستى قىسمى (106 ـ رەسىمگە قاراڭ) بايقالدى. ئۇ ھىندى ـ كورىنىس ئۇسلۇبىدا بولۇپ، ياپراقچە بېزەكمۇ بار ئىدى. پۇتۇنلەي دېگۇدەك بۇزۇۋېتىلگەن xx بۇددا مۇنارىنىڭ سۇپىسىدىن بىر پارچە قەغەز پارچىسى تېپىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىمىر ـ چىمىر خەت ئىزنالىرى بار ئىدى. قارىماققا تۇركلەرنىڭ رونىك شىمالىي ياۋروپا يېزىقىدىكى ھۆججەتلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇنىڭ كونكرېت خاراكتېرى تېخى بېكىتىلمىدى.

### xviii ئىبادەتخانىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكى

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىبادەتخانىنىڭ غەربىگە 10 بۇددا مۇنارى ۋە بۇددا قەسىرلىرى جايلاشقان، 63 ـ رەسىمنىڭ سول تەرىپىدىن ئۇنىڭ بىر قىسمىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار خارابىلىكنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدە ئىدى. ئەڭ ئاخىرىدا توختالماقچى بولغان xviii بۇددا قەسىرىدىن باشقا ئىبادەتخانىلاردىن قىممىتى بار ھېچقانداق يادىكارلىق بايقالمىدى. بۇ بۇددا قەسىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدا بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەر ئىپادىلەنگەن: ئاۋۋال دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، بۇ خارابىلىكتە ھېچقانداق ئوتتا كۆيگەن ئىز يوق ئىدى، بىراق قەستەن بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان قىلغان ئىزنالار



106 ـ رەسىم ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ ئۈستى قىسمى

ناھايىتى روشەن ئىدى. شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ھويلىدىن ياكى كارىدوردىن ئالدى خانىغا كىرگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ كۆلىمى 17 فۇت كىۋادرات (107 ـ رەسىمگە قاراڭ) بولۇپ، تورۇسى ئىلگىرى ئەگمە شەكىللىك ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچى توپا ـ كېسەكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن، ئېگىزلىكى 3 فۇتچە كېلىدۇ. غەربىي تام بۇلۇڭىدىن تېپىلغان رەسىملەرگە ئاساسەن، بۇ ئالدى خانىنىڭ ئىلگىرى ئۆگزىسى بارلىقىنى جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ تورۇسىنىڭ ياغاچتىن ياسالغانلىقىنى پەرەز قىلدىم. گەرچە ئۇ ئوتتا كۆيمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ خارابىلىك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن باشقا جايغا يۆتكەپ ئىشلىتىلگەن. ئالدى خانىنىڭ ئۇدۇلىدا بىر كىچىك بۇددا قەسرى بولۇپ، 9.5 × 6 فۇت كېلىدۇ، ئۇچ تەرىپىنى كەڭلىكى 4 فۇتتىن ئاشىدىغان ئەگمە تورۇسلۇق كارىدور ئوراپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇ خېلى ياخشى ساقلانغان بولسىمۇ، ئەپسۇسلىنارلىقى، تام يۈزى ئاقارتىلغاچقا، ھېچقانداق تام رەسىمنىڭ ئىزناسى قالمىغانىدى.

ئالدى خانا بىلەن بۇددا قەسرىدىكى بايقاش

ئالدى خانىنىڭ بۇلۇڭىدا، يەنى كىرىش ئېغىزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىردىن قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل سۇپىسى ساقلىنىپ قالغان. سۇپىنىڭ ئالدى قىسمىدىن ھەر خىل كاناپ ۋە يىپەك بۇيۇملار پارچىسى بايقالدى. بۇلار ئېھتىمال سەدىقە بۇيۇملىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇددا قەسرىدىكى توپا دۆۋىسىنى تازىلىغىنىمىزدا، تېخىمۇ كۆپ بۇيۇملار بايقالدى. غەربىي تامنى



107 ـ رەسىم شۆرچۇق مىڭئۆي خارابىسى قەدىمكى ساراي xvii . Miنىڭ
ئالدى زالىنىڭ شىمالىي بۆلۈكى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن بولغان
بۇتخانىنىڭ بىر ئۈچى، جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى

بويلاپ سوزۇلغان چوڭ سۇپىغا ئەسلىي ھەيكەل قويۇلغان بولۇپ، ھازىر پەقەت لاي ھەيكەلنىڭ ياغىچىلا ساقلىنىپ قالغان. بىراق، يەنە ھەر خىل بېزەلگەن يۇمىلاق سۇپىلارمۇ بايقالدى. ئۇنىڭ دىيامېتىرى 16 دىيۇم بولۇپ، 108 ـ رەسىمدىن ئۇنىڭ ئومۇمىي قىياپىتىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يېرىمى بىخەتەر يۆتكەپ كېتىلگەنىدى. سۇپا قاپارتما نەقىشلىك گۈللەر بىلەن بېزەلگەن، ئالدى ـ كەينى تەرىپىدىكى يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى نەقىشلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ رەڭگىمۇ مۇۋاپىق ساقلىنىشىمۇ ياخشى ئىدى. ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق تېما: ئوتتۇرا قىسىمدا بىر لوڭقا بار بولۇپ، لوڭقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش تەكشىلىكتە ئېچىلغان كارنانسىيە (carnation) گۈلى ۋە يوپۇرمىقىغا ئوخشايتتى. ئولتۇرغان ۋە ئۆرە تۇرغان ئىككى نەپەر بودساتۋا ھەيكىلىدە ئوخشاش رەڭنىڭ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغانىدى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئادەم چوڭلۇقىدا ئىدى.

www.uyghurkitap.com

قاپارتما نەقىشلىك بۇدساتۋا هەيكىلى قاتارلىقلار

108 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگىنى تولىمۇ نەپىس ياسالغان قاپارتما نەقىشلىك هەيكەل بولۇپ، خېلى ياخشى ساقلانغان. ئۇنىڭدا كەشتىلەنگەن كىيىم كىيگەن، نىلۇپەر سۇپىسى ئۈستىدە ئۆرە تۇرغان بۇدساتۋانىڭ ئوبرازى ئىپادىلەنگەن ئىدى. ئۇنىڭ قىسقىراق كالتە چاپىنى بىلەن تىزىنى يېپىپ تۇرغان كاسايانىڭ ئۈستىدىكى گۈللۈك نەقىش تولىمۇ تەبىئىي بولۇپ، كىشىگە جۇڭگودا توقۇلغان رەڭلىك يىپەكنى ئەسلىتىدۇ. بۇ چوڭ هەيكەل شىمال تەرەپتىكى كارىدوردا بولۇپ، بۇددا قەسرىدىكى مەلۇم سۇپىدىن چۈشۈپ كەتكەن بىرلىسا كېرەك. ئۇ ئېغىر بولغاچقا، يۆتكەشكە ئامال بولمىدى. بىز بۇ بۇددا قەسرىنى كۆمۈۋېتىدىغان چاغدا، بىخەتەرلىكنى نەزەردە تۇتۇپ بۇ هەيكەلنى ئەگمە تورۇسلۇق كارىدورنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويدۇق. ئۆرە تۇرغان ئىككى چوڭ هەيكەلنىڭ بەدەن قىسمى بايقالغاندا (108 ـ رەسىمگە قاراڭ)، ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا



108 ـ رەسىم شورچۇق مىڭئۆي خارابىسىدىكى قەدىمىي ساراي Mi . xvii . نىڭ سىرتقى قىسمىدىكى ئىچكى سارايدىن چىققان قاپارتما نەقىشلىك لاي هەيكەل ۋە يۇمىلاق هەيكەل سۇپىسى

ئۆچرىغان ھالەتتە بۇددا قەسىرىنىڭ ئالدىدا ياتاتتى. بۇ ئىشىك مۇئەككىلى (Dva ‑ rapa ‑ las) دەپ ئاتىلاتتى. لاي ھەيكەلنىڭ ئادەمنىڭ بىلىكى چوڭلۇقىدىكى بىلىكى (69 ‑ رەسىمگە قاراڭ) نەپىس ئويۇلغان بولۇپ، شەكلى غەلىتە بولغان باش قىسمى بەل بېزىكى قىلىنغانىدى، ئۇ مەھاراتچە ھەيكەلنىڭ قالدۇقى بولۇشى مۇمكىن. ساقلىنىپ قالغان باشقا رەڭلىك قاپارتما نەقىش پارچىلىرىدىن رومانتىك بالىنىڭ ھەيكىلى (109 ‑ رەسىمگە قاراڭ) بىلەن يۇمىلاق ئويما بۇددا ھەيكىلىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يوغان قول بار ئىدى.

ئالدى خانىدىن تېپىلغان تام رەسىمنىڭ پارچىسى

ئەگىمە تورۇسلۇق كارىدورنىڭ سىرتقى تېمىدا، غەرب تەرەپتىكى بۇرجەك ساقلىنىپ قالغانلىقى ھېسابقا ئالمىغاندا باشقىلىرى پۈتۈنلەي يوقالغان. تامنىڭ ئاستى تەرىپىدە بىر قىسىم ئۆزگىچە تام رەسىم پارچىسى ساقلانغان. بۇ پەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇنىڭ سىزىلىشى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن دادىل ۋە يۇقىرى سەنئەت تېخنىكىسى ئىپادىلەنگەن، جانلىق سىزىلغان ئەجدىھانىڭ دولقۇنىدىن كۆتۈرۈلۈپ، يالاڭ ئاياغ بىر ئەرگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. تۆۋەندىكى بىر پارچە تاختايغا توققۇز قۇر قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت يېزىلغان خەت تېۋىنغۇچىنىڭ يان تەرىپىگە يېزىلغان بولۇپ، تېخى ئوقۇپ يېشىلمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، يۇقىرىدىكى ياغاچ تاختا ئۈستىدىكى رەسىمنىڭ مەزمۇنى ئىزاھلاشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. بۇ پەردە يەنە شۇنى تولۇقلاپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇددا قەسىرىنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ سول تەرىپىدىكى پاكار سۇپا ئۈستىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋەسىقە پارچىلىرى بايقالدى.

خارابىلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قەدىمكى تۈز

مەن مىڭئۆي خارابىسىدىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى، كۆزگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



110 ـ رەسىم يۇمىلاق ئويما بۇددا ھەي- كىلىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان يوغان قول



109 ـ رەسىم بالىنىڭ ھەيكىلى

چېلىقىپ تۇرغان تۇرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ تۇر كېسەكتىن ياسالغان بولۇپ، ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. ئۇ خارابىلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تار تاغ ئومۇرتقىسىغا جايلاشقان. ئېگىزدىن قارىغاندا، خارابىلىكنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ئاساسلىق بىر گورۇپپا غارنى كۆرگىلى بولىدۇ. 58 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك تۇرنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى كۆزگە چېلىقىپ تۇرغاچقا، خارابىلىكتە يىراقتىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۇرنىڭ تۈۋى 24 فۇت كىۋادرات، ئېگىزلىكى 25 فۇت كېلىدۇ. غارلارنى ئالدىراش تەكشۈرۈش جەريانىدا، بۇ تۇرنىمۇ تەكشۈرۈش ئارقىلىق، كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تامنىڭ ئارىلىقىدىكى كېسەك ئارىسىغا بىر قەۋەت نېپىز قومۇش قىستۇرۇلغانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ ئەھۋال ماڭا تونۇش بولغان ئىمارەت شەكلىنى ئەسلەتتى. قەدىمكى دۇنخۇاڭدىمۇ تۇرنى مۇشۇنداق ياساش ئۇسۇلى ئومۇملاشقانىدى. ئەمما، مەن بۇ بايقاشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى ھېس قىلالمىدىم. خورا خارابىسىدىن كورلىغا قاراپ ماڭغان يول ئۈستىدە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇستەھكەم تۇردىن يەنە بىرنى كۆردۈم. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ئالدىنقى تۇرغا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولۇپ، تاغ

ئومۇرتقىسىدىكى ئېگىز يەرگە جايلاشقان. ئۇنىڭ ئالدىنقى تۇر بىلەن بولغان ئارىلىقى 3.5 مىل كېلەتتى. مەن بۇ تۇرنىڭ سېلىنىش مەنبەسىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىشىم كېرەك ئىدى، دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە يەنە شۇنى تولۇقلاپ ئۆتۈش زۆرۈركى: ھاۋا ئوچۇق ۋاقىتتا مىنگئۆيدىكى تۇردىن قاراشقەر تاغ جىلغىسى ھەمدە ئۇنىڭدىن يىراق جايلارنى كۆرگىلى بولاتتى؛ ئۇنىڭ بوغدا شەھىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا 5.5 مىل كېلەتتى، شۇڭا تۇرنى ئاسانلا كۆرگىلى بولاتتى. تۇرنىڭ شىمالىي تېمى بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر كىچىك قورشاۋ تام بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ. بۇ مۇستەھكەم كېسەكتىن قوپۇرۇلغان تۇرنىڭ ئوغرىلىقچە قېزىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلار بۇنى بۇددا مۇنارى دەپ خاتا تونۇپ قالغان بولسا كېرەك.

## 4 ـ بۆلۈم  خورا خارابىسى ۋە تۆمۈر قوۋۇق

بىزنىڭ مىنگئۆيدىكى خىزمىتىمىز تولىمۇ جاپالىق ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، خىزمىتىمىز ئاياغلاشقاندىن كېيىن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى كورلىغا يولغا سېلىۋېتىپ، ئاندىن خاتىرجەم بولدۇق. ئاندىن كېيىن بىر قىسىم ئادەملەرنى باشلاپ خورا خارابىسىگە باردىم. مەن قاراشەھەردە تۇرغان چاغدىلا، بۇ خارابە توغرىسىدا بەزى ئۇچۇرلارنى ئاڭلىغانىدىم، بىراق موڭغۇل چارۋىچىلارنىڭ ئاغزى چىڭ بولغاچقا، خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ ئاندىن بۇ ئىبادەتخانا خارابىلىكىنىڭ ئورنىنى بىلدىم. بۇ خارابىلىك تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي بۆلىكىگە جايلاشقان بولۇپ، كورلىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى تۇزلەڭلىك بىلەن قايدۇ دەرياسىنىڭ جىلغىلىرى ئارىسىدا ئىدى. ياۋروپا ئېكسپېدىتسىيەچىلىرى بۇ يەرگە تېخى دىققەت قىلمىغانىدى، تۇنجى سەپىرىمىزدە بىر قارلىق دالىدىن، تار كەتكەن ئۆزۈنچاق تېرىقچىلىق رايونىدىن ئۆتتۇق. زىرائەتلەر تولىمۇ شالاڭ ئۆسكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ، بۇ يەر يېرىم كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان موڭغۇللارنىڭ ئىدى، بۇ يەرنىڭ سۈيى شىكشىن(Shikchin)دىن كېلەتتى. ئۆستەڭ سۈيى ئېقىپ كېلىدىغان چولڭ ئېقىن قەدىمكى قايدۇ دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنىنىڭ دەريا قىنىدەك قىلاتتى.

## خورا خارابىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىرىقچىلىق رايونى

ئىدىك ئاخىرقى كىچىك كەنت — نوگاي باچخى (Nogai-backhe) دىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن قاقاس سايلىققا يېتىپ كەلدۇق. ئاندىن تەڭرىتاغ ئېرمىسى ئېتىكىدىكى كىچىك تۆپىلىككە جايلاشقان بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىغا يېتىپ كەلدۇق (111 - رەسىمگە قاراڭ). 112 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەن بۇ خارابىلىكنىڭ تۆۋەن تەرىپى كىچىك بىر ئىرىقچىلىق رايونى بولۇپ، بۇلاق سۈيى ئارقىلىق سۇغىرىلاتتى. بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى بۇلاقنىڭ جەنۇبىغا 600 يارد كېلىدىغان تاغ جىلغىسىدىن كېلەتتى. ھازىر بۇ يەر مۇز تۇتۇپ كەتكەنىدى. خارابىلىككە 2 مىل كېلىدىغان جايدا چاتقاللار قويۇق ئۆسكەن تۇزلەڭلىك بار ئىدى. بۇ يەردىن ھازىرقى زامان ئىرىقچىلىقىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىدىم. كېيىن بىلدىمكى، بۇ ئىرىقچىلىق رايونى موڭغۇللار ئەسلىدە سۇ مەنبەسىگە قاراپ، بەزىدە تېرىپ، بەزىدە تاشلاپ قويىدىغان يەر ئىكەن. بۇ يەردە ھۆل - يېغىن كۆپ بولۇپ، كەلكۈن سۇلىرى خارابىلىكنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تۇزلەڭلىككە ئېقىپ كەلگەندە، ئۇلار يەر تېرىيدىكەن. بۇ ئەھۋال قاراشەھەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىنىڭ نەم ھاۋاسىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.


## 1 گورۇپپا ئىمارەت خارابىسى

مەركۇز خارابىلىك قارىماققا ئىبادەتخانا توپىدىن تەركىب

تاپقاندەك قىلاتتى. ئۇ تاغ ئومۇرتقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، تاغ ئېگىز بولمىغىنى بىلەن ناھايىتى تىك (يامغۇر سۈيىنىڭ يالىشى نەتىجىسىدە) ئىدى. 111 ـ، 113 ـ، 114 ـ رەسىملەردىن خارابىلىكنىڭ جايلاشقان ئورنىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ ماڭا ئىلگىرى تەكشۈرگەن سىۋات ۋە بۇنېر (Buner) تاغ جىلغىسىدىكى نۇرغۇن بۇددىزم خارابىلىرىنى ئەسلەتتى. ئالدىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن تېرىقچىلىق رايونىغا ئەڭ يېقىن بولغىنى I گۆرۈپپا خارابىلىك بولۇپ، 112 ـ، 114 ـ رەسىمنىڭ سول تەرىپىدىكىسى ئاشۇ خارابىلىك ئىدى. ئىمارەت خارابىسىدە بىرقانچە كىچىك بۇتخانا بار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىدىكى كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان ئىمارەتنىڭ غەربىي شىمال ۋە شەرقىي جەنۇب قىسىملىرىغا تارقالغانىدى (111 ـ، 114 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك). I گۆرۈپپا خارابىلىكنىڭ كىسەك ۋە تاشتىن قوپۇرۇلغان ئۇلىنىڭ كۆلىمى 9 كىۋادرات فۇت ئەتراپىدا كېلىدۇ. يەردىن 12 فۇت ئېگىز جايدا تۆت دانە ئويۇقچە بار، ئىچىگە ئەسلىدە ھەيكەل قويۇلغان بولۇپ، ھازىر پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. تورۇسىنىڭ يەردىن ئېگىزلىكى 23 فۇت بولۇپ، ئەسلىدە چوڭ يۇمىلاق شەكىللىك ياكى ئەگمە شەكىللىك تورۇس چىقىرىلغانىدى. بۇ ئىمارەتنىڭ ئاستى تەرىپىدە كىچىك



111 ـ رەسىم خورا خارابىسىدىكى بۇتخانا




112 - رەسىم قايدۇ دەريا جىلغىسى خورا ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى

بىر ئۆي بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 7 فۇت، كەڭلىكى 4.5 فۇت كېلەتتى، ئىشىكى شەرقىي جەنۇبقا قارايتتى. مەن خارابىلىكنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان بىر ئۇيغۇرنى ئەۋەتىپ، موڭغۇللارنىڭ قولىدىن ئۇچ پارچە بىراھمى يېزىقىدىكى بودى پارچىسىنى ئەكەلدۈردۇم. بۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇپ قالدىم. تېزىقچىلىق بىلەن تۇرمۇشنى قامدايدىغان بىر موڭغۇلنىڭ دېيىشىچە، بۇ ۋەسىقىلەرنى ئۇ كىچىك ئۆيدىن تاپقان ئىكەن. يەنە بىر كىچىك ھەيكەلنىمۇ مۇشۇ كىچىك ئۆيدىن قازغانىكەن.


II گۇرۇپپا بۇددا قەسرى

بۇددا قەسرى I.i نىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 فۇت، كەڭلىكى 7 فۇت بولۇپ، I گۇرۇپپا ئىمارەتنىڭ غەربىي شىمال قىسمىدىكى تاغقا جايلاشقان، كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان تامنىڭ 2 فۇت كېلىدىغان يېرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، بۇ خارابىلىكنى قېزىپ، بىر قىسىم چىرىپ كەتكەن ياغاچ رېشاتكا ۋە ئۇچلۇق بېزەك بۇيۇملىرىنى تاپتۇق، بۇلار كىچىك بۇددا مۇنارىنىڭ قۇرۇلمىلىرى بولۇشى مۇمكىن. بۇددا قەسرىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كېسەك دۆۋىسىنى تازىلاپ، يۇقىرىقىغا ئوخشاش بۇيۇملارنى تاپتۇق. يەنە بىر بۇددا قەسرى I.ii نىڭ ئۇزۇنلۇقى9 فۇت، كەڭلىكى 8.5 فۇت بولۇپ، ئىچىگە ناھايىتى قېلىن كېسەك دۆۋىسى دۆۋىلەنگەنىدى. ئىچىدىن تېپىلغان ياغاچ بېزەك بۇيۇملار ئىچىدە، پەقەت بىر دانە ئولتۇرغان ھالەتتىكى بۇت ھەيكىلى بار ئىدى (115 ـ رەسىمگە قاراڭ). يەردىن 3 فۇت ئېگىزلىكتىكى تامدا، ئۆرە تۇرغان كىچىك بۇددساتۋانىڭ رەسىمى بار ئىدى، ئۇنىڭ يۈز قىسمى سويۇۋېتىلگەن بولغاچقا، رەسىمى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئوتتۇرىدىكى ئىمارەتنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى ۋە بىر كىچىك ھويلىنىڭ تېشىدا چوڭ بىر ئۆي بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 19.5 فۇت، كەڭلىكى 18.5 فۇت كېلەتتى، ئىچىدىكى دۆۋىلەنگەن كېسەك ۋە ئەخلەتنىڭ ئېگىزلىكى 4

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



113 ـ رەسىم خورا خارابىسىدىكى بۇتخانا IV، III ، جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى



114 ـ رەسىم خورا بۇددا قەسرى، ئالدىدىكىسى ئىبادەتخانا توپى I ، II

فوتىنى ئاشاتتى. بۇ يەردىن ئازغىنە تام رەسىملىرى پارچىسى تېپىلدى. بۇ يەردىكى بۇيۇملار نەملىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى.

III ، II گۇرۇپپا ئىمارەتلەر

114 ـ رەسىمنىڭ ئوڭ تەرەپتىكىسى ئىككىنچى گۇرۇپپا خارابىلىك بولۇپ، ئۇ شىمالىي تەرەپتىكى كىچىك بىر تاغقا،



115 ـ رەسىم ئولتۇرغان بۇددا ھەيكىلى

يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئالغان خارابىلىكنىڭ ئاستى تەرىپىگە جايلاشقان. ئۇ ئۈچ خانىلىق بۇددا قەسرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 70 فۇت، چوڭقۇرلۇقى 27 فۇت كېلىدىغان ئىمارەت توپىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ بۇددا قەسرىنى تازىلىغاندىن كېيىن، بىر قىسىم كىچىك قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل پارچىلىرىدىن باشقا، يەنە ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن بىر دانە ياغاچ ھەيكەل بېشى بايقالدى.

ئىككىنچى گۇرۇپپا خارابىلىكنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى پەسىرەك قاپتاللىقتا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 فۇت، كەڭلىكى تەخمىنەن 20 فۇت كېلىدىغان سۇپا بار ئىدى، ئۇ پىششىقلانمىغان تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 18 فۇت كېلەتتى. مەركىزىي خارابىلىكنىڭ شەرقىي چېتىدە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان چوڭ مۇنارسىمان ئىمارەت بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. بىز تىكرەك بولغان تاغ ئېغىزى ئارقىلىق بىر گۇرۇپپا مۇھىم خارابىلىككە يېتىپ كەلدۇق (113 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ يەردە پەقەت بۇددا قەسرى III لا بار بولۇپ، ئىچىنىڭ كۆلىمى 9 كىۋادرات فۇت ئىدى. ئۇ بىر قورشاۋ تاملىق، كېسەكتىن سېلىنغان بۇتخانا بولۇپ، ئىشلىتىلگەن كېسەكنىڭ چوڭلۇقى 15 × 8 × 4 دىيۇم كېلىدۇ، ئەمما بۇتخانىنىڭ ئىچىدىن ھېچنېمە تېپىلمىدى.

### رەڭدار ياغاچ ئويما

يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تار تاغ ئېغىزىنىڭ قاپتىلىدا، يەردىن تەخمىنەن 150 ئىنگلىزچى ئېگىزلىكتىكى جايدا بىر بۇتخانا

بار (112 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇتخانا تاغقا يۆلەپ سېلىنغان بولۇپ، تاغدىن چۈشكەن يامغۇر سۈيى بۇتخانىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەرق تەرەپتە بۇددا قەسرى i، IV لا بار. ئۇنىڭ ئىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 11 فۇت، كەڭلىكى 10.5 فۇت كېلىدۇ. بۇددا قەسرىنىڭ ئالدى خانىسىدىكى كېسەك دۆۋىسىدىن بىر قىسىم ئويمىلار ۋە رەڭدار ياغاچ بۇيۇملار بايقالدى. ئەپسۇسلىنارلىقى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئاۋۋال ئوتنىڭ، ئاندىن نەملىشىشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى. بىر كىچىك ياغاچ پارچىسىغا (116 ـ رەسىمگە قاراڭ) يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ تاۋاپ قىلىۋاتقان ئادەم سۈرىتى ئويۇلغان. بىر رەڭدار ياغاچ پارچىسىنىڭ ئارقا تەرىپى ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما يۇمىلاق نۇر ھالقىسى ئىچىگە سىزىلغان ئۈچ ئىلاھنىڭ سۈرىتىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. نەقىش ئويۇلغان ۋە رەڭلىك سىزمىلار سىزىلغان ئىشىك بېشىنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. قېپقالغان قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 فۇت 9 ديۇم، كەڭلىكى 1 فۇت بولۇپ، ئىككى گورۇپپا رەسىمنى ئىپادىلىگەن. ھەربىر گورۇپپا رەسىمدە بىر بۇددا بولۇپ، ئەتراپىنى تىلاۋەتچىلەر ئوراپ تۇرغان، ئۇنىڭغا ھەر خىل رەڭلەر ئىشلىتىلگەن. پۈتكۈل ئەسەرلەرنىڭ لايىھەلىنىشى مۇكەممەل، ياسىلىشى نەپىس، ئەمما قارىداپ كەتكەچكە، تەقلىد قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولمىدى. بىر قىسىم ئالاھىدىلىكلەر بۇ رەسىمنىڭ رەڭ بېرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ سىزىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، بىراق يۈز قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، خىمىيەلىك تەكشۈرۈشتىن بۇرۇن ئېنىق ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ. ئىشىك بېشىنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ گىرۋىكى بىر قاتار ئۆزگىچە قاپارتما نەقىشلىك ھەيكەل بىلەن بېزەلگەن بولۇپ، كىشىگە گوت ئۇسلۇبىدىكى

ئالۋاستى ھەيكىلىنى ئەسلىتىدۇ (117 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ ئىككى پارچە نەقىش ئويۇلغان ياغاچ ئويما پارچىسىنىڭ بايقالغان ۋاقتى ئوخشاش ئەمەس.

### IV گۇرۇپپىدىكى راھىبلار ھۇجرىسى خارابىسى

i. iv نىڭ غەربىي تەرىپىدە چوڭراق بىر ئىبادەتخانا بار. ئۇنىڭ قەسرىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئەگمە تورۇسلۇق كارىدور كەينى تەرەپتىكى يارلىقتىن كەلگەن سۇنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچرىغاچقا، بىزەكلەرنى تونۇغىلى بولماس بولۇپ كەتكەن. غەرب تەرەپتىكى ئۇنىڭغا تۇتاش قەسرىنىڭ ئەھۋالىمۇ شۇنداق. قاپتاللىقتىكى ئىككى ئېغىز ئۆيىنىڭ بىر ئېغىزىدا ساقلىنىپ قالغان ئوچاققا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىلگىرى ھۇجرا قىلىنغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن بايقالغان رەڭدار ياغاچ پارچىسىدا ئىككى قاينام ئىچىدىن لەيلەپ چىققان بىر دانە نىلۇپەر تەسۋىرلەنگەن، يەنە ئىستاكانغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر دانە ياغاچ بۇيۇم بار.

### بۇددا مۇنارى

IV گۇرۇپپا خارابىلىكىنى تازىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باشقا خارابىلىكلەرنى قازدۇق. بۇ يەردە مەن خارابىلىكتىكى باشقا بىر قىسىم ئىزلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن. I گۇرۇپپا خارابىلىككە 600 يارد كېلىدىغان جايدىكى يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى توپا دۆۋىسى دىققىتىمىزنى تارتتى. ئۇ يەردىن خېلىلا ئېگىز بولۇپ، ئۈستىدە پەلەمپەي ئېتىز ئىزى بار ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ بۇددا مۇنارى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. ئۇنىڭ دىيامېتىرى 38 فۇت بولۇپ، بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ يەردىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 17 فۇت كېلىدۇ. ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن بۇددا مۇنارىغا كىرىپ ـ چىققىلى بولىدىغان چوڭقۇر ئازگال بايقالدى، روشەنكى بۇ

www.uyghurkitap.com



117 ـ رەسىم رەڭدار ياغاچ ئويما



116 ـ رەسىم كىچىك ياغاچ ئويما

ناھايىتى بۇزۇنالا قېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئىچى قۇرۇق بولۇپ، پۈتكۈل مۇنار 15 × 7 × 4 دىيۇم چوڭلۇقتىكى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان. بۇ مۇنارنىڭ جەنۇب تەرىپىگە تەخمىنەن 25 يارد كېلىدىغان پاكار قاپتاللىقتا، ھېچقانداق ئىمارەت ئىزى بايقالمىدى، بۇ يەرگە ئىلگىرى ئانچە مۇستەھكەم بولمىغان ئولتۇراق ئۆيلەر سېلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى

بۇ جايدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىگە يېرىم فۇتمۇ كەلمەيدىغان جايدا، ئاساسىي خارابىنىڭ مەركىزىي ئىمارەتلىرى بىلەن ئوخشاش ئارىلىقتىكى بىر جاي بار بولۇپ، تامامەن يېگانە تاغ ئېغىزى ئىدى (112 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ يەر ئەسلىي مۇداپىئەگە ئىشلىتىلگەن. تاغنىڭ ئەتراپىغا خېلىلا چوڭ تام قوپۇرۇلغان. تامنىڭ يېرىمى پىششىقلانمىغان تاش، يېرىمى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. قورشاۋ تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى شىمالدىن جەنۇبقا تەخمىنەن 105 فۇت، شەرقتىن غەربكە تەخمىنەن 66 فۇت كېلىدۇ. بۇ جايدىن ھېچقانداق ئىمارەت خارابىلىرى بايقالمىدى. شىمال تەرەپتە بىر قورغانسىمان ئىز بار بولۇپ، مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندەك قىلاتتى. تاغ ئومۇرتقىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كىچىك بىر تاغ بولۇپ، ئېگىزلىكى 60 فۇت كېلىدۇ. تاغدا بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر توپا دۆۋىسى بار، ئۇ بۇددا مۇنارى خارابىسى بولۇشى مۇمكىن.

روشەنكى ئۆزۈن يىللار ئىلگىرى ئوغرىلار تەرىپىدىن بۇ يەرگە كىچىك ئۆتۈشمە تۆشۈك ئېچىلغان. ئۇنىڭ ئىچىدە چاسا شەكىلدىكى بىر يەر بولۇپ، تەخمىنەن 33 فۇت كېلىدۇ. ئوغرىلانغان غاردىكى ئالامەتلەرگە ئاساسەن، بۇ جاينىڭ بىر قىسمى كېسەك بىلەن يەنە بىر قىسمى پىششىقلانمىغان تاش بىلەن قوپۇرۇلغانلىقىنى بىلدۇق، ئۇنىڭ هازىرقى ئورنى كىچىك تاغ چوققىسىدىكى قىيا تاشلاردىنمۇ 15 فۇت ئېگىز كېلىدۇ.

دەسلەپكى ئولتۇراق دېهقانچىلىق رايونى

خارابىلىكتىن يىلنامىسى بار پۇل ياكى باشقا نەرسىلەر تېپىلمىدى، ئەمما ئىمارەت قۇرۇلمىسى ۋە باشقا تېپىلمىلارغا ئاساسەن شۇنداق هۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئۇدا ئىشلىتىلگەن ۋاقتى مىڭئۆي خارابىسى بىلەن ئوخشاش، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار ئوخشاش ۋاقىتتا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئەگەر يېقىن ئەتراپتا چوڭراق ئولتۇراق دېهقانچىلىق رايونى بولمىغان بولسا، بۇ ئىبادەتخانا ساقلىنىپ قالمىغان بولار ئىدى.

شىكشىننىڭ جەنۇبىدىكى تۇر

بىز قويۇق چاتقاللىق، ئوت - چۆپلەر ئوراپ تۇرغان تاغ يولىنى بويلاپ مېڭىپ، 12 - ئاينىڭ 26 - كۈنى كەچتە قار - مۇز بىلەن قاپلانغان شىكشىن تۇزلەڭلىكىگە يېتىپ كەلدۇق. ئىككىنچى كۈنى خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن كورلىغا يېتىپ كەلدۇق. يول بويى تولىمۇ قىزىقارلىق يەر شەكلىنى كۆردۇق. پەس تاغ ئومۇرتقىسى ۋە قاپتاللاردىن ئۆتۈپ 7 مىل ماڭغاندىن كېيىن، ئەڭ شەرق تەرەپتىكى تاغ ئېتىكى خورا تاغ تىزمىسى تەرىپىدىن ئىككىگە ئايرىۋېتىلگەن، بۇ ئۆتۈشمە يول تېخى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان چوڭ بىر تۇر خارابىسىگە تۇتىشاتتى. مەن مۇشۇ بابنىڭ 3 - بۆلۈمىدە مىڭئۆي غارلىرى

توغرۇلۇق توختالغاندا، تۆرنىمۇ تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەنىدىم. بۇ تۆر تولىمۇ مۇستەھكەم بولۇپ، ئۇلىنىڭ كۆلىمى 23 كىۋادرات فۇت ئەتراپىدا كېلىدۇ. ھازىرقى ئېگىزلىكى تەخمىنەن 19 فۇت، ئۇ چوڭلۇقى 12 × 8 × 4 دىيۇم كېلىدىغان كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان. چوڭ ئىمارەت كېسەككىلىرىنىڭ بوراندا يېمىرىلىش دەرىجىسى ئۇنىڭ قەدىمىيلىكىنى يېتەرلىك رەۋىشتە ئىسپاتلايدۇ. ئىمارەتنىڭ ئىچكى تېمىدىكى ھەربىر كېسەكنىڭ ئارىسىغا بىر قەۋەت قومۇش قىستۇرۇلغانلىقى ئەڭ ئاۋۋال دىققىتىمنى تارتتى. ئۇنىڭ قېلىنلىقى 4 چى كېلىدۇ. بۇنداق ئىمارەت شەكلى دۇنخۇاڭدىكى كېسەك بىلەن ياسالغان تۆرلاردا ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ.

### كروراندىن كورلىغا بارىدىغان قەدىمكى يول

خارابىلىكنىڭ ئورنى، ئومۇمىي قىياپىتى ۋە قومۇش ئىشلىتىشتەك مۇھىم ئالاھىدىلىكى تولىمۇ گەۋدىلىك ئىدى. بۇلار ماڭا دوكتور سۋېن ھېدىنىنىڭ 1896 - يىلى قۇمۇلغا قىلغان سەپىرىدە بايقىغان غايەت زور تۆر خارابىسىنى ئەسلەتتى. ئۇ كورلىدىن يىڭپەن (Ying-pan) گە بارىدىغان قەدىمكى يولدا قۇرۇق دەريا (Kuruk-darya) نىڭ كرورانغا بارىدىغان تارماق ئېقىنىنىڭ قۇرۇپ كەتكەن قىنىغا تارقالغان تۆرلارنى بايقىغان. ئۇنىڭ بۇ تۆرلار توغرۇلۇق يازغان بايانلىرىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇ بۇ تۆرلارنىڭ ۋاقتىنى جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم دۇنخۇاڭدىن كرورانغىچە، ئاندىن شىمالىي يولدىن تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىقلارغا بارىدىغان يولنى ئاچقان ۋاقتىغا سۈرۈشكە بولىدۇ، دەپ قارىغان. 1915 - يىلى مەن كورلىغا قىلغان سەپىرىمدە بۇ تۆرلارنى ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە ئىنچىكە تەكشۈرگەنىدىم، نەتىجىدە بۇ قاراشنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. بۇلاردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا بولىدۇكى، بۇ يول بويىغا ياسالغان تۆرلار ئاساسلىقى تەكشۈرۈش

ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈشكە، يەنى خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدى كىروران بىلەن تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي بوستانلىقىدا تەسىس قىلغان مەمۇرىي ئۆتەڭ ۋە ھەربىي بازىلارنىڭ ئالاقە باغلىشىغا ئىشلىتىلگەن.

### قاراشەھەر تاغ جىلغىسىدىن كەلگەن خەۋپ

«ئالدىنقى خەننامە»دە خاتىرىلىنىشىچە، ھەربىي ۋە سودا ئىشلىرىغا ئەڭ چوڭ خەۋپ ئاساسلىقى ھۇنلاردىن كېلىدۇ، دېيىلگەن. بىزنىڭ كۆرگىنىمىزگە ئوخشاش، شىمال تەرەپتىكى يۇلتۇز يايلىقى ۋە باشقا يايلاقلاردىن ناھايىتى ئاسانلا قاراشەھەرگە بارغىلى بولاتتى. شۇڭلاشقا بۇ جاي تەبىئىيلا كىرىپ ـ چىقىدىغان ئېغىزغا ئايلىنىپ قالغانىدى. جۇڭگونىڭ شىمال تەرەپتىكى چەت رايونلارنى بىرنەچچە ئەسىر كونترول قىلىپ تۇرغانلىقى بۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تۇيۇقسىز ھۇجۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىقتىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئامالى تۇر ياساش بولۇپ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا مۇداپىئە تەييارلىقى قىلىشقا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرەتتى. كورلا ھەم ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى رايونلار ئاسانلا ھۇجۇم خەۋپىگە ئۇچرايدىغان يولدا بولغاچقا، بۇ جايلاردىكىلەر ئۆزلىرىنى قوغداش ئۈچۈن مۇشۇنداق مۇداپىئە ئۇسۇلىنى قوللانغان. بىز شەرقىي شىمالدىن تارتىپ قارا شەھەر تاغ جىلغىلىرىغىچە سوزۇلغان بىر قاتار تۇرلاردىن بۇنى ھېس قىلالايمىز.

### خورا تاغ تىزمىسىغا تارقالغان تۇرلار

ئىلگىرى مۇداپىئە مەقسىتىدە ياسالغان خورا تاغ باغرىدىكى تۇرلار كېيىنچە بارا ـ بارا خارابىلاشقان. بىراق، كورلىنىڭ سىرتىدىكى يولغا سېلىنغان تۇرلارنىڭ قاچاندىن باشلاپ ياسالغانلىقى مەلۇم ئەمەس، دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، مەن تىلغا ئالغان بۇ تۇرنىڭ سىرتقى قىسمىدا كېڭەيتىلگەن قورشاۋ

www.uyghurkitap.com

تام ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ھەتتا كورلا ۋە يېڭپەن ئارىلىقىدىكى تۇرلاردىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەمما، مىڭئۆينىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدىكى تۇرلاردا كېڭەيتىلگەن ئىز يوق، تۇۋۇننىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 24 كىۋادرات فۇت ئەتراپىدا كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، دۇنخۇاڭدىكى ئۆتەڭلەردىمۇ تۇرلارنى كېڭەيتمىگەن. مېنىڭچە، تۇرنىڭ كېڭەيتىلگەن قىسمى خەن سۇلالىسىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ 1915 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشۈم شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ تۇرلارنى كېڭەيتىشتىكى مەقسىتى رېمونت قىلىش ياكى تۇرنى مۇستەھكەملەش، مۇنداقچە ئېيتقاندا تۇرنى ئېگىزلىتىپ، تېخىمۇ يىراقتىكى ئەھۋاللارنى ئېنىق كۆرۈشتىن ئىبارەت بولغان. يېڭپەن بىلەن كورلىنىڭ ئارىلىقى 27 مىل كېلىدۇ. بۇ يەرنىڭ شەكلى ئۆزگىچە بولۇپ، قۇرۇق تاغنىڭ ئەڭ غەربىي تەرىپىدىكى تاغ تىزمىسى تۇزلەڭلىكنىڭ ئىككى تەرىپى بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدۇ، بۇ ئارىلىققا 2 ~ 3 تۇر ياسالغان. گەرچە بۇ تۇرلار ئانچە كۆزگە چېلىقمىسىمۇ، ئەمما ئىككى نۇقتا ئارىسىدا ئالاقە باغلاشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

### كورلىغا بارىدىغان يولدىكى تاغ ئېغىزى

كورلىغا بارىدىغان يولدىكى يادىكارلىقلار ۋە ئالاھىدە يەر شەكلى قىزىقىشىمنى قوزغىدى. تۇرلاردىن ئايرىلىپ 5 مىل ماڭغاندىن كېيىن، باغراش كۆلىگە قۇيۇلىدىغان دەرياغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ دەريا ئەڭ غەرب تەرەپتىكى قۇرۇقتاغ ئېغىزى ۋە خورانىڭ شىمال تەرىپىدىكى ھەم ئېگىز، ھەم تىك تاغلار ئارىسىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. ئۇنىڭ باشلىنىش مەنبەسى نېپىز مۇز تۇتقان كۆل بولۇپ، ئەگرى ـ بوگرى ئېقىنلارنى ھاسىل قىلىپ، ئەڭ ئاخىرى تار ئېقىنغا يېتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭ سۈيى كۆپ بولۇپلا قالماي، يەنە سۈزۈكلۈكىدىن تېگى كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. قاراشەھەر بىلەن تارىم ئويمانلىقىدىكى بوستانلىق تۇزلەڭلىكىگە تۇتىشىدىغان يول مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى ھەمدە بۇ يەر بۇرۇندىن باشلاپلا مۇھىم ھەربىي بازىغا ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ كىرىش ئېغىزىدا باش ئەگىم (Bash–eghin) قەلئەسى بار ئىدى. بۇ ياقۇپبەگ كورلىدا تۇرۇپ، قۇمۇل ۋە تۇرپاندىن كېلىدىغان چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىنى ساقلاۋاتقان مەزگىلدە ياسالغانىدى. دەريا ئېقىنى يېنىدىكى تاغ ئېغىزى بۇ يەردىن باشلاپ شورتوقاي (Shor–tokai) نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى كىرىست شەكىللىك تاغ ئېغىزىغىچە تۇتاشقان بولۇپ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 7 مىل كېلەتتى. بۇ يەردىكى مەنزىرىسى گۈزەل، تولىمۇ تار بولغان تاغ ئېغىزى كالكا (Kalka) نىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئىدى. بۇ يەردە يەنە «ئالپاتتا مازار» (Alpatta–mazar) دەيدىغان يەر بار ئىدى، يولدا يەنە قەدىمكى تۇرنىڭ ئىزنالىرىمۇ بار ئىدى.

«تۆمۈر قوۋۇق» ئېغىزى

بۇ يەردە بايان قىلماقچى بولغان ئېغىز «تۆمۈر قوۋۇق» بىلەن شەك ـ شۈبھىسىزكى بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. «تاڭنامە»دە، ئۇ قاراشەھەرنىڭ غەربىگە تەخمىنەن 50 چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، دېيىلگەن. بۇ يەر مۇداپىئەلىنىش ۋە بۆكتۈرمە قويۇشقا ئىنتايىن باب كېلىدىغان جاي ئىدى. جۇڭگو قوشۇنى مىلادىيە 345 ـ يىلى ئاگنىدىن (قارا شەھەرنىڭ بۇرۇنقى نامى — مۇھەررىردىن) كورلىنىڭ شەرقىي شىمالى ياكى تۆۋەنكى رايونلىرىغىچە بولغان پائالىيىتى جەريانىدا، بۇ جاينى «چىنسۇ» (Chinshu) دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. بىز يەنە بۇ تاغ جىلغىسىنىڭ «شۇلىيۇگۇ» (遮留谷) دەپ ئاتالغانلىقىنى بىلدۇق. بۇ نامنىڭ خەنزۇ تىلىدىكى مەنىسىنى «توسۇۋېلىش» دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بىر خەنزۇ سانغۇن بۇ نامنى ئاڭلىغاچقا، كۇچا ھۆكۈمرانىنىڭ قىلتىقىغا چۈشمىگەنىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

# كۇچا ۋە كىرىيە دەرياسى ۋادىسىغا سەپەر

## 1 ـ بۆلۈم كورلا ۋە ئۇ يەردىكى قەدىمكى ئىزلار

**مۇنبەت تۇپراق ۋە مول سۇ مەنبەسى**

كورلا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي شىمال بۇرجىكىگە جايلاشقان قايناق بوستانلىق بەلبېغى ئىدى. 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، مەن بۇ يەردە قىسقىغىنا بىر قانچە كۈن توختاپ، بۇ رايوننىڭ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك مۇھىتى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشۇپ چىقتىم. كورلا باغراش كۆلىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان چوڭ دەريانىڭ ئېغىزىغا جايلاشقان بولغاچقا، سۇ مەنبەسى ناھايىتى مول ئىدى. ھەر يىلى ئەتىياز، ياز كۈنلىرى تەگرىتاغ تىزمىسىدىكى قارلار ئېرىيتتى، كەلكۈن مەزگىلىدە، باغراش كۆلى زور مىقداردىكى سۇنى ساقلىيالايتتى ھەم ئۇنى پەيدىنپەي سىرتقا قويۇپ بېرەتتى. مۇشۇنداق بولغاچقا، كورلىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدىكى كۆنچى دەرياسىدا يىل بويى سۇ ئۈزۈلمەيدىغان بولۇپ، تېرىقچىلىق رايونىنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالاتتى. كۆلدىن پايدىلىنىپ سۇ ساقلايدىغان بۇنداق ئۇسۇل شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىكى سۇ سىستېمىسىدا تېخى بايقالمىدى. 1907 ـ يىلىدىكى يەرلىك ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، كورلىدا 1700 تۈتۈن ئائالە بار بولۇپ، بۇ ئىستاتىستىكا توغرا سانلىق مەلۇماتقا يېقىنلىشىپ

قالىدۇ. بۇ يەرنىڭ سۇيى يېتەرلىك بولغاچقا، مەزكۇر جايدىكى ئاھالىنىڭ ئالتە ھەسسىسىگە باراۋەر ئاھالىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالايتتى، كۆنچى دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىسمى مۇنبەت بولغاچقا، تېرىقچىلىق قىلىشقا تازا باب كېلەتتى.

كورلىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ چەكلىمىگە ئۇچرىشى

بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتى تولىمۇ ياخشى، لېكىن ئاھالىنىڭ سانى نىسبەتەن ئاز بولۇپ، بۇنداق ماس كەلمەيدىغان ھادىسىنى چۈشەندۈرۈش قىيىن. ئەمما، بۇ مەسىلىنى ئاساسلىقى كورلىدىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆچمەن چارۋىچى موڭغۇللار بىلەن قوشنا بولغانلىقى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. موڭغۇللار قاراشەھەر رايونىغا تەۋە بولۇپ، ھازىرغىچە خەنزۇلارنىڭ مەزكۇر رايونغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، بەلكى كورلىنىڭ تەرەققىياتىغىمۇ توسقۇن بولۇپ قالغان. كورلىنىڭ جەنۇبىي قىسمى ۋە غەربىي جەنۇبىدا بولۇق ئۆسكەن چاتقاللىق ۋە قومۇشلۇق بولغاچقا، موڭغۇل چارۋىچىلار ئات قاتارلىق چارۋىلارنى بېقىش ئۈچۈن ھەمىشە بۇ جايغا كېلەتتى. تىنچ، ئىناق ئۆتۈۋاتقان يەرلىك ئۇيغۇرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، موڭغۇللار قارشى ئېلىنمايتتى.

ئۆزگەنبۇلاق (Uzgen–bulak) خارابىسى

كورلىدەك بۇنداق سۇ مەنبەسى مول رايوندا، قەدىمكى خارابىلىكلەرنى تېپىش ئىمكانىيىتى ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى. مەن سۈرۈشتۈرۈش جەريانىدا، بۇ يەردە ئۈچ قەدىمكى شەھەر بارلىقىنى ھەمدە ئۇ يەرلەردىن خارابىلىكنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتكىدەك تېپىلمىلارنىڭ چىقمىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. بۇ قەدىمكى شەھەرلەر ئىچىدە كۆلىمى چوڭراق بولغىنى ئۆزگەن بۇلاق خارابىسى ئىدى. ئۇ ناھايىتى چوڭ، ئۆزۈنچاق چاسا تام بىلەن قورشىلىپ تۇرىدۇ، بۇ قەدىمكى شەھەر قورشاۋ تامنىڭ

غەربىي جەنۇبىدىكى 3/4 مىل كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. بۇ قورشاۋ تامنى ياقۇپبەگ كورلىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن ياساتقانىكەن. بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ مۇداپىئە تېمى چاسا شەكىلدە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى 380 يارد، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 250 يارد، توپا تامنىڭ ئېگىزلىكى 12 ~ 15 فۇت كېلىدۇ. قورشاۋ تامنىڭ غەربىي شىمال چېتىدە ئېگىزلىكى 18 ~ 20 فۇت كېلىدىغان، شەكلى ئانچە روشەن بولمىغان توپا دۆۋىسى بار، قورشاۋ تامنىڭ شەرقىي جەنۇبىي چېتى ھەم ئۇنىڭ يېقىن تەرىپىدە بىر مۇقەددەس قەبرىستانلىق بار، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرقانچە مۇسۇلمانىنىڭ قەبرىسىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئەھۋال بۇ يەردە خېلى بۇرۇنلا دىنىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

**يانتاقشەھەر (Yantak-shahr) ۋە شاھقەلەندەر (shah-kalandar)نىڭ قورشاۋ تېمى**

يانتاقشەھەر بولسا بىر قورشاۋ تاملىق كىچىك شەھەر بولۇپ، ئۇزگەنبۇلاق شەھىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى كورلا بازىرىنىڭ جەنۇبىدىكى شەرقىي جەنۇبقا تەخمىنەن 1.5 مىل كېلىدىغان ئېتىزلىقتا ئىدى، ئۇنى ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 140 يارد كېلىدىغان چاسا شەكىللىك قورشاۋ تام ئوراپ تۇرىدۇ. قورشاۋ تامنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدە خاڭدالغان تامنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، باشقا جايلار بۇزۇلۇپ كەتكەن، ھەتتا بىر قىسمى ھازىرقى ئاھالىلەر تەرىپىدىن ئولتۇراق ئۆي قىلىنىۋېلىنغان. شاھقەلەندەر ئۈچىنچى چوڭ شەھەر بولۇپ، ئۇ كورلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا 3.5 مىل كېلىدىغان جايغا جايلاشقان. بۇ يەرمۇ تېرىقچىلىق رايونى بولۇپ، يېقىن ئەتراپىدا ئۆستەڭ بار. بۇ شەھەرنى ئوراپ تۇرغان قورشاۋ تام توپا دۆۋىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 510 فۇت، ئۇلىنىڭ كەڭلىكى 30 ~ 40 فۇت، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى

12 ~ 15 فۇت كېلىدۇ. قورشاۋ تامنىڭ ئۇتتۇرىسىدا چوڭ بىر دۆڭلۈك بار، بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ غەربىي شىمال تەرىپى بولۇپ، شۇ ئەتراپتىكى مەسچىتكە يېقىن كېلىدۇ. شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ مەسچىتمۇ قەدىمكى خارابىلىك ھېسابلىنىدۇ.

يەرلىك خەلق ئېيتىپ بەرگەن خارابىلەر

تەكلىماكان قۇملۇقىغا يەنە بىر قېتىم كېلىپ، تولىمۇ خۇش بولدۇم. چۈنكى، مەن ئۇ يەرنى بەكلا ياقتۇراتتىم. كورلىدىكى بىر قىسىم يەرلىكلەر ئىلگىرى غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى قۇملۇقتا كۆپ قىسمى قۇملۇققا كۆمۈلۈپ كەتكەن چوڭ بىر قەدىمكى شەھەرنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە بېرىش قىزغىنلىقىم ھەسسىلەپ ئاشتى. مىڭئۆيدىكى ۋاقتىمدا، بىر قىسىم كورلىلىق ئىشلەمچىلەردىن بۇ قەدىمكى شەھەر توغرۇلۇق ئاڭلىغانىدىم. تاھىر بەگ (T ahir - Beg) قاراشەھەردىن ئەۋەتىلگەن يەرلىك باشقۇرغۇچىمىز بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمكى شەھەر توغرىسىدىكى بايانلىرى مېنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇنىڭ مۇسا ھاجى ئىسىملىك بىر نەۋرە ئىنىسى بار بولۇپ، تازكەن (Tazken) لىك ئاق كۆڭۈل دېھقان ئىكەن. بەش يىل ئىلگىرى ئۇ كۆنچى دەرياسىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى قۇملۇقتا ئوۋ ئوۋلاۋاتقاندا، بۇ قەدىمكى شەھەر خارابىسىنى كۆرگەن. كورلىدا بۇ ئادەم بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ بىزگە خارابىلىكنىڭ بىر تۇر خارابىسى ئىكەنلىكىنى، چوڭ ئىشكى بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ دېگەنلىرى بىلەن بىزنىڭ ئىلگىرى ئاڭلىغانلىرىمىز ئاساسەن بىردەك ئىدى. مۇسا ھاجى يەنە بىزگە بۇ شەھەرنى قايتا تاپالمىغانلىقىنى، چۈنكى ئەينى چاغدا تۇيۇقسىز بوران چىقىپ كەتكەچكە، تەپسىلىي تەكشۈرەلمەي قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ يەنە بىزگە يول باشلىغۇچى بولۇپ، قەدىمكى

شەھەر خارابىسىگە ئاپىرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىنچىكە دەرياسىغا يېقىن بولغان چاتقاللىقتا بىر قىسىم گۈمبەز خارابىسى بار بولۇپ، بۇلار گۈمبەزلىك ئىمارەت خارابىسى ئىدى. كورلىلىق بىرقانچە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرى ئۇ جايغا بارغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. دوكتور سۋېن ھېدىن 1896 ـ يىلى شايار (Shahyar) دىن كورلىغا كەلگەندە، يەرلىكلەر ئۇنىڭغىمۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئېيتىپ بەرگەنىكەن.

**چارچاك دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق بەلبېغىنى ئىزدەش**

مۇسا ھاجى بىزگە، چارچاك دەرياسى بىلەن ئىنچىكە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى قۇملۇق بەلبېغىدا بۇ قەدىمكى شەھەرنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇڭلاشقا، مەن بۇ رايوندا قىسقا مەزگىللىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارماقچى بولدۇم. نەتىجىدە جىگدىسالا (jigda-sala) كۆلىنى بايقىدۇق. بۇ كۆل ئىنچىكە دەرياسىنىڭ سۈيىدىن شەكىللەنگەن بولۇپ، كۆل يۈزى نېپىز مۇز تۇتقانىدى. بۇ كۆلنىڭ شەكلى بۇ رايوننىڭ يەر يۈزى ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. بۇ جاينىڭ ھاۋاسى قۇرغاق، سۇ مەنبەسى كەمچىل، قۇملۇق ئۆزلۈكسىز كېڭىيىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر قۇملۇق بىلەن توختاۋسىز كۈرەش قىلىپ كەلگەن. قۇملۇقتا بىرقانچە كۈن يۈرگەندىن كېيىن، مۇساھاجى ئۆزى كۆرگەن قەدىمكى شەھەرنى تاپالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى. سەپەرگە ئاتلانغاندا كورلىدىن كەلگەن داروغاس (Daroghas) نى مۇسا ھاجىغا ھەمراھ قىلىپ قويغانىدىم، ئۇلار دۆۋە ـ دۆۋە قۇم بارخانلىرى بىلەن قورشالغان تاپتاقىر تۈزلەڭلىكتىن بىر قەدىمكى خارابە ئىزىنى بايقاپتۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قۇم دۆۋىسى 8 ~ 10 فۇت ئېگىزلىكتە بولۇپ، نەگىلا قارىسا شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن، قۇرۇپ كەتكەن توغراق ۋە يۇلغۇن شاخلىرىنى كۆرگىلى بولاتتى.

**يۇملاق قورشاۋ تاملىق خارابە**

يۇملاق قورشاۋ تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى 180 يارد، ئۇلىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 30 فۇت بولۇپ، ئاستىدىن يۇقىرىغا ئۆرلىگەنسېرى تارىيىپ بارغان، ھازىرقى يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 12 فۇت كېلىدۇ. ئىلگىرىكى ئىشىكنىڭ يان تەرىپى بولۇش ئېھتىماللىقى بولغان جايدىن قوپالراق ياسالغان بىرقانچە ساپال پارچىلىرىنى تاپتۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز يەر يۈزىدىن ھېچقانداق ئىمارەت ئىزىنى بايقىمىدۇق. بۇ قورشاۋ تام خارابىسى بىزگە مەدەكلىك تىم خارابىسىنى ئەسلەتتى. بىز ئۇ يەردە بۇ يەرنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە ئاساس بولىدىغان يادىكارلىقلارنى تاپالمىغانىدۇق. مۇسا ھاجى بىزگە بۇ يەر مەن ئىلگىرى كۆرگەن قەدىمكى شەھەر خارابىسى، دەپ كۆرسەتتى. ئەمما، بۇنى ئىسپاتلىيالمىدى. بىز داۋاملىق ئىلگىرىلەپ شىمال تەرەپكە 2.5 مىل ماڭغاندىن كېيىن قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىغا يېتىپ كەلدۇق، بۇ يەردىن ئۆتۈپ يەنە 1.5 مىل ماڭغاندىن كېيىن ھازىرقى تۇغراقلىقتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايغا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە بىز گۈمبەز خارابىسىنى بايقىدۇق. خارابىلىكنىڭ كۆلىمى 8 كىۋادرات يارد بولۇپ، كېسەكتىن قوپۇرۇلغانىدى، بۇ روشەنكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بولۇپ، ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز كورلىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى چوڭ يولغا كەلگەندە مەن يېڭىسار (Yangi-hissar) ناھىيەسى (بۇ ھازىرقى بۈگۈر ناھىيەسىنىڭ يېڭىسار يېزىسى بولۇشى مۇمكىن - خەنزۇچە نەشرىنىڭ مۇھەررىردىن) ۋە باشقا بوستانلىقلاردىكى چارۋىچىلارنىڭ ھەمىشە ئىنچىكە دەرياسى ۋە چارچاك دەرياسى قىرغاقلىرىدا مال - چارۋا باقىدىغانلىقىنى بايقىدىم.

**چارچاك ئېقىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قۇملۇق**

كېيىنكى قونالغۇ مۇختارچۆل (Mukhtar-chol) ئۆتىكى

www.uyghurkitap.com

ئىدى. بىز چارچاك دەرياسى قىنىدىكى توغراقلىقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى قۇملۇقنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىگەچ، بىر قاتار ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردۇق. ئەترىتىمىزگە كېيىنرەك قوشۇلغان كورلىلىق ئىككى ئوۋچىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار يەتتە يىل ئىلگىرى مۇشۇ يۆنىلىشتە قەدىمكى شەھەرنى كۆرگەنىكەن. بىز بۇ يەردە ئىككى قەدىمكى دەريا قىنىنى ئۇچراتتۇق. بۇ جايدىكى قاتار كەتكەن توغراق ۋە سۆگەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتكەنىدى. كۆچمە قۇملار كىچىك قۇم بارخانلىرىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، يىراقتىن قارىغاندا تاغدەك كۆرۈنەتتى. ئاخىرىدا مۇنداق يەكۈن چىقاردىم: تەپسىلىي بايان قىلىنغان ئاشۇ خارابىلىك توغرىسىدا ھېچقانداق ئەمەلىي پاكىت يوق، ئۇلار بەلكىم توغراقلىق ئارىسىدا ساقلىنىپ قالغان كەپىلەر بولۇشى مۇمكىن، بۇ چارۋىچىلارنىڭ كونا تۇرالغۇسى ئىدى. مۇختارچۆلنىڭ شىمالىدىن 10 مىل كېلىدىغان جايدىن بىرقانچە ساپال پارچىسى ۋە بىر قىسىم داشقالنى يىغىۋالغاندىن باشقا، يەر يۈزىنىڭ بارا - بارا قۇملىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدۇق. بۇ يەردىن بايقالغان يادىكارلىقلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ خارابىلىكنىڭ يىل دەۋرىنىڭ ئانچە ئۇزۇن ئەمەسلىكىنى پەرەز قىلدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن چەرچەندىن كەلگەن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ بۇ يەردىن ئۈتۈن توشۇيدىغانلىقىنى كۆردۈم ھەمدە بۇ يەرنىڭ جۇغراپىيەلىك شارائىتىنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، ئۆتمۈشتە بۇ يەردە ئاھالىلەرنىڭ ئۇزاق مەزگىل ئولتۇراقلاشمىغانلىقىغا ئىشەندىم.

مەن ھېلىقى يول باشلىغۇچىلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە گەپ - سۆزلىرىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىم. ئۇلار قەسەم بېرىشىپ بۇ قەدىمكى شەھەرنى راستىنلا كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشتى. سەپەردىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھەق توغرىسىدا سۆزلەشمىگەچكە، بۇ سەپەردە مەجبۇرلاش يوق ئىدى. ئىگىلىشىمچە، كورلا ۋە باشقا


جايلاردىكى كىشىلەر قۇملۇقتا ئالۋاستى بار دېگەنگە ئىشىنىدىكەن. ئۇلار قەدىمكى خارابىلىكنى ئالۋاستى قوغداپ تۇرىدۇ، دەپ قاراپ، تۇنجى قېتىم خارابىلىكنى كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇ خارابىلىكنى ئىزدىشىنى توسىدىكەن. مۇسا ھاجى قاتارلىقلار تەلىيىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن، قۇملۇقتىكى ئوخشىمىغان جايلاردا ئوخشىمىغان دەۋرگە مەنسۇپ شەھەر خارابىسى (كەتەك شەھىرى، Kotek–shahri)نى ئىزدىدى. ئۇلار يەنە مېنىڭ سېھىر ئىشلىتىپ، قەدىمكى شەھەردىكى ئالۋاستىلارنى تەسلىم قىلىشىمنى ئۈمىد قىلىشتى. پەرىزىمچە، ئۇلار ئەگەر ئۆزلىرى تەسەۋۋۇر قىلىشقان ئالۋاستىلارنى راستتىنلا كۆرسە، قويرۇقىنى خادا قىلىپ تىكىۋېتەتتى. شۇڭلاشقا، مەن ئۇلارغا قەدىمكى شەھەردىكى گۆھەرلەرنى ئىزدەش پۇرسىتىنى بەرمىدىم. بۇ ئەھۋال يۇقىرىدىكى رىۋايەتنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، خۇددى شۈەنزاڭ خوتەننىڭ غەربىدىكى پىما (媲摩) شەھىرىدە ئاڭلىغىنىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. شۈەنزاڭ يەنە قۇملۇقتا كۆمۈلگەن ھولولوكا (曷劳落迦) قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدىكى رىۋايەتنى خاتىرىلىگەن.

## 2 ـ بۆلۈم ئىنچىكە دەرياسىدىن كۈچاغىچە

### گۈمبەز خارابىسى

كورلىلىق بىر چېچەن ئادەمنىڭ ياردىمىدە، بىر چارۋىچىنى يول باشلىغۇچى قىلىۋالدىم. بۇ ئادەم يۇقىرىدا تىلغا ئالغان، ئىنچىكە دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان گۈمبەز خارابىسىنىڭ ئېنىق ئورنىنى بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن 1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى يولغا چىقىپ، يەنە بىر قېتىم چارچاڭ دەرياسى قىنىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى قۇملۇقتىن

www.uyghurkitap.com



118 ـ رەسىم ئىنچىكە دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى
مۇسۇلمانلارنىڭ گۈمبەزلىك قەبرىستانلىقى

ئۆتۈپ، شۇ كۇنىلا گۈمبەز خارابىسىگە يېتىپ كەلدىم. مەزكۇر خارابىلىك ئىنچىكە دەرياسى قىنىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە ئىككى چاقىرىم كېلىدىغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقانىدى. يەر يۈزىدە قۇرۇپ كەتكەن دەرەخلەر بار ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ خارابىلىكنىڭ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى، ئۇ بىر يىل بۇرۇن چەرچەن دەرياسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا تەكشۈرگەن قەبرىلەرگە ناھايىتى ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىكى چوڭ گۈمبەز بولۇپ، كۆلىمى 19 كىۋادرات فۇت كېلەتتى (118 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ ئىشىكى جەنۇبقا قارايتتى، ئۇنىڭغا چوڭلۇقى 18 × 6 × 4 دىيۇيىم كېلىدىغان كېسەك ئىشلىتىلگەن. بۇ ئىمارەتنىڭ ئالدىدىكى تەخمىنەن 19 فۇت كېلىدىغان جايدا بىر بۆلەك پاكار تام ساقلىنىپ قالغان. بۇ مەزكۇر ئىمارەتنىڭ قورشاۋ تېمى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ھازىر بۇزۇلۇپ كەتكەن. بۇنىڭغا يېقىن بىر كىچىك گۈمبەزنىڭ كۆلىمى 7 كىۋادرات فۇت بولۇپ، جەنۇبقا قاراپ تۇراتتى. بۇ ئىمارەت بىلەن قورشاۋ تام ئارىلىقىدا

ئېگىزلىكى 4 فۇت كېلىدىغان بىر كىچىك ئۆتۈشمە يول بار، ئۇ كارىدور رولىنى ئوينىغان. چوڭ گۈمبەز بىلەن كارىدورنى تازىلاپ، نەقىشلىك بېزەك بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىنى تاپتۇق. بۇ ئېھتىمال تام رەسىملىرىنىڭ قالدۇق پارچىلىرى بولۇشى مۇمكىن.

### قەدىمكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى

بۇ قەبرىلەرنىڭ شەكلىدىن شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىشقا بولىدۇكى، ئۇلار مۇسۇلمانلار قەبرىسى ئىدى، كېيىن بىز شەرقىي جەنۇبقا 160 يارد كېلىدىغان جايدا قەدىمكى توغراقلىقنى بايقىدۇق، كىچىك بىر خارابىلىكنى تازىلاش ئارقىلىق ھۆكۈمىمىزنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. بىز بىر تاشلاندۇق تار ھويلىدىكى پەس سۇپىنى كۆردۇق، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3.5 فۇت كېلەتتى، روشەنكى، بۇمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىسى ئىدى. قەبرىنىڭ يېنىدىن بىز بىر ئات تاقىسى شەكىلدىكى ياغاچ تاختاينى بايقىدۇق، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 18 دىيۇم بولۇپ، ئۈستىدە ئەرەبچە خەت بار ئىدى، بۇ قەبرىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 300 يارد كېلىدىغان جايدا يەنە پۈتۈنلەي دېگۈدەك بۇزۇلۇپ كەتكەن كىچىك مازارلىقنى بايقىدۇق. بۇ مازارلىقنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي قەبرە ئىدى، قەبرىدىكى جەسەتلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئوچۇق قالغانىدى. بۇمۇ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى بولۇپ، ۋاقتى خېلى بۇرۇن بولسا كېرەك. چۈنكى، بۇ خارابىلىكتىكى قۇرۇپ كەتكەن توغراق، يېرىلىپ كەتكەن قوۋزاقلار دەندەن ئۆيلۈك ۋە قارادۆڭ خارابىسىدىكى ياغاچلارغا ئوپئوخشاش ئىدى. قاراشەھەرلىك بىر چارۋىچى ماڭا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى قۇملۇقنىڭ تېخىمۇ غەربىي چېتىدىكى بىر - ئىككى ئورۇندا مۇشۇنداق گۈمبەز خارابىسىنى كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. گەرچە مەن بۇ خارابىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن گۇمانلانمىسامۇ، ئەمما بۇ خارابىلىكنىڭ توغرا ئورنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بېكىتىشكە ئامالسىز قېلىپ، ئۇنى ئىزدەشتىن ۋاز كەچتىم.

### بۇگۇر ۋە كۇچاغا سەپەر

1 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، مەن بۇ يەردىن ئىنچىكە دەرياسىنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم، چوڭتوقاي(Chong–tokai) دىكى بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىن، رام سىنگ بىلەن خوشلاشتىم. ئۇ خەرىتىگە ئېلىنمىغان سۇ يولىنى بويلاپ ئۇدۇل شاياغا قاراپ ماڭغاندا، مەن غەربىي شىمال تەرەپتىكى تەكشۈرۈلمىگەن كەڭ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ بېقىش مەقسىتىدە يولغا چىقتىم. جاپالىق يۈرۈش ئارقىلىق تەخمىنەن 60 مىل مېڭىپ، بۇگۇر بوستانلىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سودا رايونىغا يېتىپ كەلدىم. قۇملۇق سەپىرىدە ھېچقانداق خارابە بايقالمىدى. سەپىرىمىزدە ئۆتكەن جايلار ئاساسلىقى كۆچمە قۇملۇق ۋە چارچاك دەرياسى قىنى بويىدىكى توغراقلىقنىڭ جەنۇبىي قىسمى ھەم كۆكچۆل (kok–chol) نىڭ شىمالىي قىسمىغا قوشنا كەڭ كەتكەن يايلاق ۋە سازلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇگۇر دەرياسى مۇشۇ جايدا ئۈزۈلەتتى.

### چېدىرنىڭ زېمىنى

بۇ يەردە مەن ئىنچىكە دەرياسى ياكى شايار دەرياسىنى بويلاپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ئۆتكەن جاي توغرۇلۇق ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن. بۇ رايون ئىنچىكە دەرياسىدىن كۆنچى دەرياسىنىڭ ئەتراپىدىكى تارىم دەرياسىغىچە بولغان ئارىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ رايون «ئالدىنقى خەننامە»دە قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنغان جۇڭگونىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش بازىسىغا ئالاقىدار چېدىر زېمىنى بىلەن شۈبھىسىزكى بىر دەك ئىدى. چېدىرنىڭ زېمىنىغا ئالاقىدار تەپسىلىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمچە، چېدىرنىڭ شەرقىي شىمالى لوپنۇر بىلەن، شەرقىي جەنۇبى چەرچەن بىلەن،

جەنۇب تەرىپى نىيە بىلەن تۇتىشىدۇ. چىدىر بەگلىكىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىمۇ تەپسىلىي خاتىرىلەر بار. ئۇنىڭدا چىدىر بەگلىكىدە جەمئىي 130 تۈتۈن ئائىلە، يەنى 1480 نوپۇس، 150 كىشىلىك قوشۇن بار، چىدىردىن تۇتىشىدىغان بىر دەريا كۆچاغىچە ئېقىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 580 چاقىرىم كېلىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. «خەننامە»دە لوپنۇر (قاراقۇم، تىكەنلىك) چەرچەن، نىيە ۋە كۆچانىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنىغا ئالاقىدار خاتىرىلەر بار بولۇپ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن ئورۇن بىلەن ماس كېلىدۇ.

### ئىنچىكە دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى بويلىرىدىكى تېرىقچىلىق رايونى

رام سىنگ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىنچىكە دەرياسى ۋە تارىم دەرياسى ئېقىنىدىكى تېرىقچىلىق رايونىنىڭ كۆلىمى كىچىك بولۇپلا قالماي، يەنە تارقاق ئىدى. بۇ 1915 - يىلى مەن تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا بايقىغان تېرىقچىلىق رايونىنىڭ ئەھۋالى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەمما، ئۇزۇن مەزگىللىك تېرىقچىلىق ياكى قىسقا مەزگىللىك تېرىقچىلىق بولسۇن، بىۋاسىتە يەر شارائىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايتتى. چۈنكى، بۇ جايدا دەريا ئېقىنى ھەمىشە ئۆزگىرىپ، كەلكۈن تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن بىز جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپتە تارىم ئويمانلىقىغا كېڭىيىشتە، چىدىردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ يەرنى تىزگىنلىگەنلىكىنى قىياس قىلالايتتۇق.

### چىدىردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خەنزۇ قوشۇنلار پەرغانە (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 101 - يىلى)گە غەلىبىلىك يۈرۈش قىلغاندىن كېيىن، بىرقانچە يۈز خەنزۇ ئەسكەر بۇگۇر ۋە چىدىردا بارگاھ

www.uyghurkitap.com

قوروپ ئورۇنلاشقان. كىشىلەر ناھايىتى بۇرۇنلا كەڭ كەتكەن بوگۇر بوستانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. «ئالدىنقى خەننامە»دىكى چېدىر توغرۇلۇق خاتىرىلەردە ئۇ يەردە تۈنجى قېتىم ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 90 - يىلى يەنە خەن سۇلالىسى پادىشاھى ۋۇدىغا مەكتۇپ سۇنۇلۇپ، ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش، بۇنىڭغا ھۆكۈمەتنىڭ قوشۇلۇشى تەلەپ قىلىنغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چېدىردا ئەسكەر تۇرغۇزۇپ بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ ئۇنۇمى قىسقا مەزگىللىك بولۇپ قالغان. بىراق، بىز تاسادىپىي پۇرسەتتە، ئالاقىدار ماتېرىياللاردىن «مەكتۇپ»تىكى تەكلىپتە بۇ خىل تېرىقچىلىقنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچراش ئېھتىمالىنىڭ بارلىقى، ئۆستەڭ چېپىپ دەريا سۈيىنى باشلاپ كېلىپ، بۇ جايدىكى مۇنبەت تۇپراقنى سۇغىرىش كېرەكلىكى ھەمدە بىر قىسىم يەرلىك ئاھالىلەرنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش لازىملىقى ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۇق. روشەنكى بۇ ئاھالىلەر ھازىرقى لوپنۇرلۇقلارغا ئوخشاش يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار «چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشتىن باشقا، يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلاتتى».

خەنزۇلارنىڭ چېدىردىكى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونى

مەكتۇپتا تىلغا ئېلىنغان بوگۇر، چېدىر ھەم ئۇنىڭ شەرقىدىكى چەرچى (捷枝) دە ئەسكەر تۇرغۇزۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش تەلىپى ئەينى ۋاقىتتا مۇئەييەن جاۋابقا ئېرىشەلمىگەن. ئەمما، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 68 - يىلى خەنزۇ قوماندان جېڭ جى(郑吉) چېدىردىكى 1500 نەپەر خەنزۇ ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىپ، كېيىنكى بىرقانچە يىلدا بۇ جايىنى بازا قىلىپ تۇرۇپ، ئوڭۇشلۇق ھالدا قوش ياكى تۇرپانغا

زەربە بېرىدىغان ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ، بۇ رايونلارنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە غەربىي شىمال تەرەپكە كېڭىيىپ ھۇن قەبىلىلىرىنى تىزگىنلىگەن. خۇددى «ئالدىنقى خەننامە»دە خاتىرىلەنگەندەك، جېڭ جى بۇ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلى بۇ يەردە تۇنجى «قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى»نى قۇرغان. كېيىنچە غەربىي يۇرتتىكى باشقا جايلاردىمۇ مۇناسىپ ھالدا مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئاپپاراتلىرى قۇرۇلغان. مەسىلەن، چېدىرنىڭ شىمالىدىكى ئۇرياپ، ئاگنى (قاراشەھەر) ياكى چېدىر دېگەندەك. پەرەز قىلىشىمىزچە، بۇ رايونلار ئاساسلىقى چېدىرغا يېقىن جايلار بولۇپ، باشقۇرۇشقا قولايلىق بولۇش مەقسەت قىلىنغاندى.

### جۇغراپىيەلىك ئورۇن جەھەتتىكى ھەربىي ئەۋزەللىك

ئالدىدا چۈشەندۈرۈپ ئۆتكەن قەدىمكى چېدىر رايونى ھەمدە بۇ يەردىكى مەڭگۈلۈك تۇرۇشقا بولمايدىغان جۇغراپىيەلىك ناچار مۇھىتنى نەزەردە تۇتقاندا، شۇنى چۈشەندۈرمەك تەسكى، دەسلەپكى مەزگىلدىكى سىياسىي پائالىيەتتە، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ چېدىرنى مۇستەملىكە مەركىزى قىلىپ تاللىشى چېدىرنىڭ جۇغراپىيەلىك جەھەتتىكى ئەۋزەللىكىنى ئاساس قىلغان. چۈنكى، ئۇ كروراندىن جۇڭگوغا بارىدىغان قاتناش تۈگۈنى، يەنى شىمالىي يولدىكى مۇھىم ئۆتەڭ ئىدى. بۇ «كىچىك مىسسوپوتامىيە» دەل كروران بىلەن كۇچا ھەم غەربتىكى باشقا بوستانلىق رايونلىرىنى بىۋاستە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۈگۈن، ھەم قەدىمكى لوپنۇر ياكى چەرچەن رايونىدىن كۇچاغا بارىدىغان يېقىن يول، شۇنداقلا ئەڭ ئاۋات سودا يولىدۇر. مانا بۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى ئەڭ قوزغايدىغان سەۋەب بولۇپ، جېڭ جى دەل چەرچەندىن غەربكە ماڭىدىغان «جەنۇبىي يول»نىڭ ئامانلىقىغا

uyghurkitap.com

مەسئۇل ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، چېدىر يەنە تېخىمۇ قولايلىق بازا بولۇش شارائىتىنى ھازىرلىغان، ئۇ يەنە قاراشەھەر ھەم تۇرپان رايونلىرىنى باشقۇرۇشقا ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن. كروران تارىم ئويمانلىقىدىكى بىر قىسىم كىچىك بەگلىكلەرگە يىراقراق جايلاشقان بولۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ كىچىك بەگلىكلەرنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى. تاقىر كەتكەن قۇرۇقتاغ تۇرپان بىلەن كروراننى ئايرىپ تۇرىدىغان بولۇپ، قاتناش ئىشلىرىدىكى چوڭ بىر توسالغۇ ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا چېدىرنى ھەربىي بازا قىلىشتىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، بۇ يەردە ئادەم ئاز بولۇپ، ھەربىي بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كەڭ كەتكەن مۇنبەت زېمىن بار ئىدى.

### ئۇرياپ قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىنى قۇرۇش

دەريا قىنى ۋە دەريا ئېقىنىنىڭ ئۆزگىرىشى دېگەندەك جۇغراپىيەلىك ئامىللار سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، بۇ سۇغىرىش ياكى ئۆستەڭ چېپىشقا تولىمۇ قىيىنچىلىق كەلتۈرگەن. مۇشۇ سەۋەبلىك مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 60 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۇرياپ قورۇقچىبەگ مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ توغرۇلۇق خەنزۇچە تارىخ ماتېرىياللىرىدا مەلۇمات يوق، يەنى «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» بىلەن «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا «ئۇرياپ» دېگەن نامنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئۇرلى ئېھتىمال باشقا نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇرلىنىڭ جۇڭگو تارىخىدىكى مۇھىم رولى قىسقا مەزگىللىك بولغان. يۇقىرىقى سەۋەبتىن ھەمدە دەريا ئېقىنىنىڭ دائىم يۆتكىلىپ تۇرۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان بوزغۇنچىلىق سەۋەبىدىن، بۇ جايدا ھېچقانداق خارابە ياكى يادىكارلىقلار ساقلىنىپ قالمىغان.

# 3 ـ بۆلۈم تەكلىماكاندىن ئۆتۈپ قارادۆڭگە بېرىش

**خوتەنگە قايتا سەپەر**

1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كۈچاغا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەردە تۇرغان ۋاقتىم قىسقا بولۇپلا قالماي، تولىمۇ ئالدىراش ئۆتتى. بۇ يەردە مەن يەنە قۇملۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي گىرۋەكلىرىنى ساياھەت قىلىش پىلانىنى تۈزۈپ، تېزلا تەييارلىقىمنى پۈتكۈزدۈم. كورلىغا يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى رام سىنگنىڭ چارقىلىق ئارقىلىق خوتەنگە بارغاندىن كېيىن ماڭا خەت يازغانلىقىنى بىلگەنىدىم. خەتنىڭ مەزمۇنى ئۇنىڭ ئاشۇ قېتىملىق پىيادە ساياھىتىدىكى تەكشۈرۈش نەتىجىسى بولۇپ، بۇ تەكشۈرۈشنى ئەتىيازغا ئورۇنلاشتۇرغانىدىم، بۇ ئىشنى خوتەنلىك بىرقانچە يول باشلىغۇچى قىلغانىدى. نەتىجىدە ئۇلار كېرىيە ھەم خوتەننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قۇملۇقتىكى جايلاردا تېخى تەكشۈرۈلۈپ باقمىغان خارابە ـ ئىزلارنى بايقىغان. قەدىناس دوستۇم ۋە غوجىدار بەدىردىنخاندىنمۇ بىر پارچە خەت كەلگەنىكەن. بۇ كىشى خوتەندىكى ھىندى ۋە ئافغان سودىگەرلىرى ئىچىدە ئەڭ پېشقەدەم ئاقساقال (Aksakal) ئىدى. بۇ خەتنى ماڭا كۈچاغا يېتىپلا كەلگەن بىر سودىگەر ئالغاچ كەلگەن بولۇپ، بۇ خەت ئىشەنچەمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. خەتتە ئاساسلىقى بۇ خارابىلەرنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا نۇرغۇن كونا ئۆيلەرنىڭ بايقالغانلىقى، بۇ ئىمارەتلەرنىڭ ئېنىق ئورنى قاتارلىقلار تەپسىلىي يېزىلغانىدى. ئاخىرىدا ئۇ مېنىڭ ھاۋا ئىسسىپ ، قۇم ـ بوران يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، تېزرەك ئۇ يەرگە بېرىپ تەكشۈرۈشنى باشلىشىمنى ئۈمىد قىلغانىدى.

تەكلىماكان قۇملۇقىدىن ئۆتۈشنى قارار قىلىش

مەن مۇشۇنداق ئوي بىلەن تېزرەك جەنۇبقا قاراپ مېڭىشنى قارار قىلدىم. خەتتە يەنە كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا يېقىن جايدا بايقالغان قارادۆڭ خارابىسىمۇ يېزىلغانىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىۋاسىتە كۇچادىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ قۇملۇققا كىرىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكىگە بېرىپ، «يېقىن يول»دا مېڭىپ ۋاقىتنى تېجەشنى قارار قىلدىم. ئەلۋەتتە، قۇملۇقتىن ئۆتۈشنىڭ جاپالىق ۋە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم.

كۇچادىكى خارابە ئىزلىرىنى زىيارەت قىلىش

بۇ يەردە كۇچادىكى پائالىيەتلىرىمنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتەي. مەن نېمە ئۈچۈن ھەرخىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، بۇ چوڭ ھەم مۇھىم بوستانلىق رايونلىرىدىكى قەدىمكى خارابىلەردە ئىشلىگەن ئادەملەرنى، يەنى ئىلگىرىكى بەش يىلدا ياپونىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە ۋە فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيە ئەترەتلىرى



119 ـ رەسىم كۇچانىڭ شىمالىدىكى سۇباشى خارابىسىدىكى بۇددا مۇنارى

ئۇچۇن ئىشلىگەن ئادەملەرنى قوبۇل قىلمىدىم؟ بۇنىڭ مۇھىم سەۋەبى شۇكى، مەن كۇچۇمنىڭ يېتىشىچە ۋاقىت چىقىرىپ، كۇچاغا بىر كۇنلۇك كېلىدىغان مۇھىم خارابىلەرنى، مەسىلەن قومتۇرا، قىزىلقاغا ۋە كىرىش(Kirish) قاتارلىق جايلاردىكى غارلارنى ۋە دۇلدۇلئاقۇر(Duldur–akhur) سۇباشى(Su–bashi)دىكى چوڭ بۇتخانا خارابىلىرىنى تەكشۇرۇپ چىقالايتتىم. كېيىنكى ئىككى خارابىلىكتە پىروفېسسور پېللىئوتنىڭ باشچىلىقىدا فىرانسىيە تەكشۇرۇش ئەترىتى ئومۇميۇزلۇك، سىستېمىلىق، ئەستايىدىل تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ياخشى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۇرگەن. ئۇلار يەنە ھەر خىل ئامىللارنى قوللىنىپ، ئافغانىستانلىق سودىگەرنىڭ قولىدىن بىر تۇركۇم قىممەتلىك ۋەسىقىلەرنى قولغا كەلتۇرگەن، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «بوۋېر قول يازما»سى ئەڭ مەشھۇردۇر. ھازىر بۇ ۋەسىقىلەر دوكتور خورنېل قۇرغان ئەنگلىيە مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

كۇچادىكى مۇھىم قەدىمكى ئىزلار

كۇچا ھەرقايسى دەۋرلەردە تارىم ئويمانلىقىدىكى ئەڭ مۇھىم رايونلارنىڭ (خانلىقلارنىڭ) بىرى بولۇپ كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە خوتەن رايونىنىڭ يېرى بولغان. چۈنكى ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى ئالاھىدە بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە بۇددىزم سەنئىتى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. شۇڭلاشقا، پىروفېسسور سولۋائىت لېۋى نوپۇزلۇق ماقالىسىدە توخار تىلى B تۇردىكى تىل دەپ چۇشەندۇرۇلگەن ھىندى ـ ياۋروپا تىلى بىلەن كۇچادا ئەينى ۋاقىتتا بىر مەزگىل ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە «تارىخنامە» ۋە باشقا ۋەسىقىلەردىكى كۇچاغا ئائىت بارلىق ماتېرىياللار توغرىسىدا ئىنتايىن مۇلاھىزە يۇرگۇزگەن. بۇ ماقالا كۇچانىڭ تارىخىي جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنى

ساقلاپ قويۇشنى، ئاشۇ ئالاھىدە جۇغراپىيەلىك شارائىتنىڭ بۇ كەڭ ھەم باياشات رايوننىڭ مۇھىملىقىنى بەلگىلىگەنلىكىنى، بۇ توغرىسىدىكى ئەھۋاللارنى ئۆچمەنچى قىتىملىق ساياھەت دوكلاتىمدا خاتىرىلەپ قويۇشنى تونۇتتى. شۇنداق قىلىپ مەن بىرقانچە ھەپتە ۋاقىت چىقىرىپ، قىسمەن رايونلاردا، مەسىلەن، قۇملۇقنىڭ شەرقى، جەنۇبى ۋە غەربىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، بۇ چاتقالىلىق بىلەن تولغان قۇملۇقتا قەدىمكى خارابە ئىزلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ يەر بىلەن تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمكى بوستانلىقنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولۇپ، قۇرغاقچىلىق مەسىلىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۆچلۈك دىققىتىنى قوزغايتتى.

قۇملۇقتىن ئۆتۈش

1 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، كۇچا بازىرىدىن يولغا چىقىپ، جەنۇب تەرەپتىكى ئەڭ يىراق يۇرت ـ شايارغا كەلدىم. بۇ يەردە مەن بىر كۈن تۇرۇپ، ئوزۇق ـ تۈلۈك غەملىدىم. 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى بىز جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، مۇز تۇتۇپ كەتكەن تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بىر چارۋىچىنىڭ ياغاچ ئۆيىنىمۇ كەينىمىزدە قالدۇرۇپ يۈرۈپ كەتتۇق. ئۇزۇنلۇقى 180 مىلغا سوزۇلغان تۆپىلىكتىن ئۆتۈش ھەقىقەتەنمۇ جاپالىق ئىدى.

تارىم دەرياسى بىلەن پاراللېل داۋان

بىز ئاچچىق دەرياسىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ تارىم دەرياسىدىن باشلىنىدىغان ئەڭ ئاخىرقى قۇرۇق دەريا قىنىدىن ھەمدە شەرقىي جەنۇبتىكى قۇملۇق داۋاندىن ئۆتتۇق. بۇ يەرنىڭ 317 ـ بارگاھىمىز بىلەن بولغان ئۇدۇل ئارىلىقى تەخمىنەن 28 مىل كېلەتتى. بۇ داۋان دەل تارىم دەرياسىنىڭ ئېقىنى بىلەن پاراللېل بولۇپ، بۇ ئەھۋال بۇ كۆچمە قۇملارنىڭ دەريا قىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. بىز ئوخشىمىغان

جايلاردىكى قاقاسلىقلاردىن ئۆتۈش جەريانىدا، تاش قورال دەۋرىگە ياكى باشقا دەۋرلەرگە خاس ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدۇق. شۇنداق بولغاچقا ئۆتمۈشتە بۇ جايدا ھازىرقىغا ئوخشاش ئۇۋچىلار ۋە چارۋىچىلار ۋاقىتلىق پاناھلانغان تۇرالغۇلارنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز قالدۇق.

### داۋان يۆنىلىشىنىڭ ئۆزگىرىشى

بىز 317 ـ قونالغۇدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، يەر شەكلىنىڭ روشەن ئۆزگەرگەنلىكىگە دىققەت قىلدۇق. يەنى قۇم ـ تاشلىق تاغلار ئېگىز ھەمدە تۈتاش بولۇپ، قۇم بارخانلىرىدىن پەرقلىنەتتى. داۋان بىز ماڭغان يولدىن ناھايىتى يىراق ئىدى. بەزى جايلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 150 فۇت، ھەتتا ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولۇپ، دائىرىسى بىرقانچە مىلغا سوزۇلغانىدى، كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئەگرى ـ بۈگرى ئۆزگىرىشىنى دەل مۇشۇنداق ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل يەر شەكلى كەلتۈرۈپ چىقارغان. داۋاننىڭ يۆنىلىشى كېرىيە دەرياسىنىڭ ئىلگىرى بۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەتتى؛ بىز مەيلى قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى ياكى سۇ بار دەريا ئېقىنى بولسۇن، كۆچمە قۇم بارخانلىرى شەكىللەندۇرگەن داۋاننى بايقىدۇق، ئۇلار دەريا ئېقىنى بىلەن پاراللېل ئىدى، بۇنداق ئەھۋال تەكلىماكان ئويمانلىقى ياكى لوپنۇر رايونىدا ھەمىشە ئۇچراپ تۇراتتى.

### كۆكىرىپ تۇرغان توغراق

317 ـ قونالغۇنىڭ جەنۇبىدىن 13 مىل كېلىدىغان جايدىكى توغراقلىق ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بۇ جايدىكى دەرەخلەر شەرقىي شىمالدىن غەربىي جەنۇبقا قاراپ ياكى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ قاتار ئۆسكەنىدى. تارىم ئويمانلىقىدا ئاق تېرەك ۋە باشقا دەرەخلەر دەريا قىرغىقى ياكى دەريا قىنىدا تەكشى ھالەتتە ئۆسكەنىدى. بۇ يەردە شۇنى تولۇقلاپ ئۆتۈش

زۆرۇركى، 318 ـ قونالغۇدىن جەنۇبقا ماڭغان ئۇچ يولدا قاتار كەتكەن تېرەكلەر بار ئىدى، ئەمما كۆپ قىسمى قۇرۇپ كەتكەنىدى. بىز بۇ يەردە ئازراق توختاپ، قۇدۇق سۈيى ئىچتۇق. 320 ـ قونالغۇغا يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى، يەنى 320 ـ قونالغۇغا بىرقانچە مىل كېلىدىغان جايدا تۇنجى قېتىم قەدىمكى دەريا قىنىنى بايقىدۇق، جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ماڭغانسېرى دەريا قىنى تېخىمۇ تارلىشىپ بارماقتا ئىدى. دەريانىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى قۇم بېسىپ كەتكەنىدى. شۇبھىسىزكى، بۇنى لاتقا كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى.

قۇرۇپ كەتكەن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئەڭ شىمالىي چېتى

ئىككىنچى كۈنى كەچتە، يەنە 2 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى كەچتە ئېگىزلىكى 300 فۇت ئەتراپىدا كېلىدىغان بىر داۋانغا يېتىپ كەلدۇق. داۋانغا يامىشىپ چىققان چاغدا، كۆز ئالدىمىزدا قۇرۇپ كەتكەن ئورمانلىق نامايان بولدى. بۇ شۈبھىسىزكى، قۇرۇپ كەتكەن كېرىيە دەرياسىنىڭ ئەڭ شىمالىي چېتى ئىدى. بىز 321 ـ قونالغۇدا قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئېقىنى يالاپ كەتكەن ئازگالدىن قۇدۇق كولاپ، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلدۇق. بۇ يەردە قۇملۇقتىن ئۆتۈشتەك مۇشەققەتلىك سەپەرنىڭ دەسلەپكى مۇساپىسىنى باشلىدۇق. سۇ مەنبەسى ۋە يول باشلىغۇچى تېپىش ئۈچۈن بۇ قۇرۇپ كەتكەن دەريا دېلتىسىدا ئاز بولمىغان مۇشەققەتلەرنى تارتتۇق. بىز يەنە 6 چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن، ئاندىن قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئېقىنىنى تاپتۇق. دەريانىڭ يۈزى نېپىز بىر قەۋەت مۇز تۇتقانىدى. دەريا ئېقىنى تۆت يىل ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۆزگەرگەنىدى. 1896 ـ يىلى سۋېن ھېدىن بايقىغان چاغدىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرغاندا غەربكە خېلىلا يۆتكەلگەنىدى.

دەسلەپكى مەزگىلدە تەكشۈرۈلگەن ئىز

بىز 323 ـ قونالغۇدىكى ۋاقتىمىزدا كىرىش چەكلەنگەن،

قۇرۇپ كەتكەن دەريا دىلتىسىغا كىردۇق، ئۇدۇل مېڭىپ 25 مىل كېلىدىغان جايدا تۇنجى قېتىم ئادەمنىڭ ئىزىنى بايقىدۇق. بۇ يەردە كىچىك بىر خارابە بار ئىدى. بۇ خارابە بىلەن بىز كۆرگەن خارابىسىدىن ئۆتكەندە كۆرگەن خارابە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۆلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى دەريا قىنى يالاپ كەتكەن جايدىن بايقالغانىدى. روشەنكى، بۇ يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى خارابە ئىزى ئىدى. جەنۇبقا قاراپ يەنە 9 مىلدىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن، بىر قەدىمكى دەريا قىنىدىن بىر پارچە كۆيۈپ كەتكەن ياغاچنى ھەم دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىزىنى بايقىدۇق. يەنە 24 مىلدىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن، ئاندىن بارگاھ تىكتۇق. بۇ يەردىكى چارۋىچىلارنىڭ ۋەيرانە كەپىسىدىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ بۇ يەردە قىسقا مەزگىل ئولتۇراقلاشقانلىقىنى بىلدۇق. قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىنى بويلاپ داۋاملىق مېڭىپ، قۇم بارخانلىرى ۋە قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىقلاردىن ئۆتۈپ، دەريا بويىدىكى بىر تېرىقچىلىق رايونىغا كەلدۇق. ئاخىرىدا بىز يوغانقۇم (Yoghan–kum) نىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى چارۋىچىلىق مەيدانىغا كەلگەنلىكىمىزنى بىلدۇق. 1901 - يىلى، بۇ يەردىكى ۋاقىتمىدىلا بۇ يەرنىڭ كېرىيە دەرياسى دىلتىسىنىڭ ئەڭ چېتى ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم. يۇقىرىقى سەپىرىمىزدە بىز قارادۆڭ خارابىسىگە 4 مىل كېلىدىغان جايدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىمىزنى سەزمەيلا قاپتۇق.

### كېرىيە دەرياسىدىن تارىم دەرياسىغىچە بولغان يول

1901 - يىلى، بىر تۈر خارابىسىنى تەكشۈرگىنىمدە، پۇرسەت بولسا كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىن تارىم دەرياسىغا، ئاندىن كۇچاغا بارىدىغان يولنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولغانىدىم. ئەمەلىيەتتىن توپلىغان تەجرىبىلىرىمگە ئاساسلىنىپ ھەمدە قۇملۇقتىن ئۆتكەندە قالدۇرغان ئاددىي خاتىرىلىرىمنى كۆرۈپ،

مۇشۇنداق خۇلاسىگە كەلگەنىدىم. مەن ئۇرغۇن قۇدۇق قېزىپ ۋە ئۇر ياساپ ئېچىلغان يول بىلەن بىز ماڭغان يولنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا يەنىلا ئىشىنەتتىم. يەنە كېلىپ نىشاندىن ئاسانلا ئېزىپ قالىدىغان يول ئېغىزلىرىغا ئورنىتىلغان بەلگىلەر ئەمەلىيەتتە تولىمۇ ماس كېلەتتى. گېرىنارد ئەپەندىنىڭ 1893 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشىگە ئاساسلانغاندا، بۇ يولنىڭ قابىلىيەتلىك ئامبال تەرىپىدىن ئېچىلغانلىقىغا ھەممەيلەن ئىشىنىدىكەن. تارىم دەرياسىنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى ئەتراپى بىلەن توڭگۇزباستىنىڭ تۆۋەنكى ئەتراپىنىڭ ئارىلىقىنىڭ گىياھ ئۆسمەيدىغان قاقاس يەر ئىكەنلىكىنى، يەنە ئارىلىقىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ يولنى دائىملىق سودا يولى بولالمىغان دەپ قارايمەن.


### دەسلەپكى جۇغراپىيەلىك شارائىت

كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرقى بۆلىكى قايسى ۋاقىتتىن باشلاپ ئېغىر دەرىجىدە قۇرغاقلىشىپ، تارىيىپ كەتكەنلىكى بىزگە نامەلۇم، ئېھتىمال خەن دەۋرى، بولۇپمۇ تاڭ دەۋرىگە كەلگەندە بۇ يەرنىڭ شارائىتى ياخشىلىنىشقا باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، بۇنىڭغا ئائىت ئېنىق تارىخىي ۋە ئارخېئولوگىيەلىك ئىسپاتلار تېپىلمىدى. خۇددى ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، بۇ يەرنىڭ تەبىئىي ئالاھىدىلىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ ئىلگىرى تارىم دەرياسىغا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ياكى يېقىن كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى. بىراق، مەن كېرىيە دەرياسىدىكى ئۆزگىرىشنىڭ ئېنىق ۋاقتىنى بېكىتىشكە ئامالسىز قالدىم. مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان كېرىيە دەرياسىنى قۇملۇقنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چوڭ كۆلگە ئېقىپ كىرىدىغان دەريالارنىڭ بىرى دەپ قارىغان، گەرچە ئۇنىڭ بۇ ھۆكمى بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك تەكشۈرۈش ئەمەلىيىتىدىن

كەلمىگەن بولسىمۇ ئەمما، ئومۇمىي كۆزقاراشلارغا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى شىنجاڭنىڭ گىدرولوگىيە ئىلمىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقىدىن بولۇشى مۇمكىن.

تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى «ئوغرى يول»

مەن يەر شەكلىگە قاراپ بۇ قۇملۇقتىن ئۆتىدىغان يولنىڭ نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى جىددىي ئەھۋاللاردا ئىشلىتىلگەنلىكىگە ئىشەندىم. ئەمەلىيەتتە كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا بارىدىغان بۇ يولنى ئوۋچىلار ۋە چارۋىچىلار «ئوغرى يول» (Oghre–yol) دەپ قارايدىكەن. بۇ يول ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان بولغاچقا، يول باشلىغۇچى تۇردى ماڭا ياردەم بېرىشكە قوشۇلدى. تەخمىنەن 1903 ـ يىللىرى، ئۇنىڭ بىلەن خوتەنلىك بەگ (Beg) دېگەن كىشى خەنزۇ ھۆكۈمەتتىن قېچىپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى قۇملۇقتىن ئۆتۈپ شايارغا كەلگەن، بۇ تەۋەككۈلچى ئۇلارغا نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندىمۇ، مەن قەدىمكى تەزكىرىلەرنى تەرجىمە قىلىش زۆرۈر دەپ قارايمەن. ئۇلاردا تارىم




120 ـ رەسىم قارادۆڭ خارابىسىدىكى تاشلاندۇق مەھەللە، غەربىي جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى

www.uyghurkitap.com

دەرياسى ۋادىسىدىن كەلگەن مۇسۇلمان نۆكەرلەرنىڭ كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ مېڭىپ، خوتەن ئەتراپىدىكى كاپىرلارغا قىلغان تۇيۇقسىز ھۇجۇمى بايان قىلىنغان.

مەن 1901 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھېلىقى دەريانىڭ يېنىدا ئاللىقاچان تاشلىنىپ كەتكەن توڭگۇزباستى خارابىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئالدىمىزغا ئۇچرىغان چارۋىچىلاردىن يول باشلىغۇچى تاللاپ، قارادۆڭ خارابىسىگە يۈرۈپ كەتتۇق. 1901 ـ يىلى بۇ خارابىنى تەكشۈرگەندىن كېيىنكى دوكلاتلىرىمدا، بۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىن نۇرغۇن خارابە ئىزلىرىنىڭ بايقالغانلىقىنى تىلغا ئالغانىدىم. بۇ قېتىم ئۆز كۆزۈم بىلەن بۇ خارابە ئىزلىرىنى كۆرۈپ، سانىنىڭ ئاز، دائىرىسىنىڭ نىسبەتەن كىچىكلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر چوڭ خارابە ئىزىدىكى ئۆزگىرىش ئانچە چوڭ ئەمەس ئىدى (120 ـ رەسىمگە قاراڭ). جەنۇبىي قىسىم ھەم شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىكى كەڭ ھەم قۇم بارخانلىرى پەسرەك جايلاردا بىرقەدەر چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنىكەن، بۇ يەردىكى خارابىلىكنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ ئىدى. بۇ يەردىن ئىلگىرى دىققەت قىلىنمىغان، سىرتقا ئېچىلىپ قالغان ئولتۇراق ئۆي خارابىسى بايقالدى. خۇددى 121 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، ئۇنىڭدىن خارابىلىكنىڭ دائىرىسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. خارابىلىك جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان، جەنۇب بىلەن شىمالىنىڭ ئارىلىقى بىر مىل، كەڭلىكى 1/3 مىل كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، بۇ يەردە يەنە نۇرغۇن چالما پارچىلىرى بار ئىدى. بۇ يەردىن جەنۇبقا سوزۇلغان يېرىم مىلدىن كۆپرەك دائىرە ئىچىدە بەزى يادىكارلىقلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يەردىكى ئەڭ قىزىقارلىق بايقاش ئەسلىي خارابىلىككە قايتقان چاغدا، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئىككى ئېرىق ئىزىنى بايقىغانلىقىم بولدى، بۇ ئېرىقلارمۇ ئوخشىمىغان ئورۇنلاردىن بايقالدى. ئېرىقنىڭ سۈيى جەنۇبتىن شىمالغا ئاققان بولۇپ،




121 ـ رەسىم قارادۆڭ خارابىسىنىڭ تەكشىلىك خەرىتىسى

www.uyghurkitap.com



122 ـ رەسىم قارادۆڭ خارابىسىدىكى قېزىلىشتىن بۇرۇنقى Ka . I خارابىسى، شەرقىي شىمالدىن كۆرۈنۈشى

ئاستىنىڭ كەڭلىكى 1.5 فۇت كېلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە قۇرۇپ كەتكەن ئاق تېرەك ۋە مېۋىلىك دەرەخلەرنى بايقىدۇق. بۇ ئېرىق ۋە دەرەخ ئىزلىرىنى بىرلەشتۈرگەندە، بۇ خارابىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بىر دېھقانچىلىق رايونىنىڭ بولغانلىقىنى دەلىللىگىلى بولاتتى.

ئۆي خارابىسىنىڭ قېزىلىشى

خارابىلىكتىكى ئەڭ چوڭ Kai. I (120 ـ، 122 ـ رەسىمگە قاراڭ) خارابىسى بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىدى. ئۇنىڭ تېمى لاي ۋە ياغاچتىن سېلىنغان، بۇ نىيە خارابىسىدە بايقالغان ئۆينىڭ ياسىلىش شەكلى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ، ھەتتا ئۆينىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ھەم ئىچكى قىسمىنىڭ لايىھەلىنىشىمۇ نىيە خارابىسىدىكى ئۆيلەرگە ناھايىتى يېقىنلىشىدۇ. بۇ يەردە ئىشلىتىلگەن ياغاچ ماتېرىياللار ئاساسىي جەھەتتىن ياۋا تېرەك بولۇپ، بۇ كروران خارابىسىدىكى ئۆيلەرگە ئىشلىتىلگەن ياغاچ ماتېرىياللار بىلەن ئومۇمەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بىز مۇھىم ئورۇنغا جايلاشقان بىر ئېغىزلىق ئۆينى تازىلاپ چىقتۇق، ئىچىگە 6 ~ 8 فۇت قېلىنلىقتا قۇم توشۇپ



123 ـ رەسىم قارادۆڭ خارابىسىدىكى ka . I خارابىسىدىن قېزىلغان قەدىمكى ساپال قاچا، ياغاچ قۇلۇپ، روجەك

كەتكەندى. خارابىلىك ئېگىزلىكى 12 فۇت ئەتراپىدا كېلىدىغان قۇم دۆۋىسىگە يېقىن بولغاچقا، چوڭ ئۆينىڭ شەرقىدىكى بىر قىسىم ئولتۇراق ئۆي خارابىسى قېزىلمىدى. چۈنكى، بىزنىڭ 12 ـ 13 ئادىمىمىزلا بولۇپ، ئەمگەك كۈچى يېتىشمىدى. ئۆي خارابىسىنىڭ ئۈدۈلىدىكى ئېگىز ئەخلەتلىكلەرمۇ تازىلانمىدى، ئېھتىمال ئۇنىڭ ئىچىدە ئارخېئولوگىيە قىممىتى بار بۇيۇملار بولۇشى مۇمكىن. تازىلانغان ئۆيدىن ياغاچ قۇلۇپ، ئاچقۇچ ۋە قىلىچ دېگەندەك تۆمۈر قوراللار، بىرقانچە قوش قۇلاقلىق ساپال قاچا (123 ـ رەسىمگە قاراڭ) ھەم ناھايىتى پىششىق يۇڭ توقۇلما پارچىسى بايقالدى. بۇ بۇيۇملار نىيە ۋە كروران خارابىسىدىن چىققان بۇيۇملار بىلەن ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتەتتى. 123 ـ رەسىمدىكى روجەكلىك ياغاچ تاختىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى چاسا ياغاچ تاختىنىڭ ياسىلىش شەكلىمۇ نىيە خارابىسىدىن چىققان ياغاچ بۇيۇملار ئىچىدە كۆپ كۆرۈلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يېزىق ئۆچۈپ كەتكەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قۇملۇقتا كۆمۈلۈپ قالغان باشقا ئۆي خارابىلىرى

بىز II . ka خارابىسىدە ئاساسلىقى لاي ۋە ياغاچتىن بىر ئىغىز ئۆينى بايقىدۇق، بۇ ئۆي ئىغىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىچى توغراق. بۇ توغراقلار ھازىر قۇرۇپ كەتكەنىدى. بۇ ئۆينى تازىلاپ ھېچقانداق نەرسە بايقىمىدۇق. ئۈچىنچى ئولتۇراق ئۆي خارابىسى III . ka (124 - رەسىمگە قاراڭ)مۇ توغراق ئارىسىغا كۆمۈلۈپ قالغان، تېمىمۇ ياغاچ، بورا ۋە لاي بىلەن سېلىنغانىدى بۇ يەردە بىر دانە چوڭ ساپال قاچىدىن باشقا، ئۇزۇنلۇقى 7.5 فۇت، كەڭلىكى4.5 فۇت كېلىدىغان ئۆز رەڭگىدىكى ياغاچ كارىۋات بار ئىدى. يۇقىرىقى ئۆيلەردىن باشقا، يەنە تۆت جايدا كىچىك ئولتۇراق ئۆي خارابىسى بار ئىدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۇل قىسمى ساقلىنىپ قالغان ياكى بولمىسا ئىگىز قۇم بارخانلىرى ئەرىپىدىن كۆمۈلۈپ قالغانىدى.

ئېتىز ئىزى

گەرچە يېڭىدىن تەكشۈرگەن خارابىلىكتە بايقالغان بۇيۇملار ئازراق بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىزنى توغرا دەلىللەر بىلەن تەمىن ئېتىپ، قۇملۇقنىڭ ئېگىدە چوقۇم بىر ئېتىز ئىزىنىڭ ھەمدە بىر تۇر خارابىسىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ خارابىلىكنىڭ يىل دەۋرى ھەققىدە، مېنىڭچە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئويلىشىپلا قالماي، يەنە يېڭى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن، ھۆكۈم چىقارسا تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئولتۇراق ئۆي خارابىسىنىڭ شەكلى ۋە تېپىلغان كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ئوخشاشلىقىدىن قارىغاندا، مەزكۇر خارابىلىكنىڭ يىل دەۋرى تەخمىنەن نىيە ۋە كروراننىڭ تاشلىۋېتىلگەن دەۋرىگە، يەنى مىلادىيە 3 -، 4 - ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بىز I . ka خارابىسىنىڭ يېقىن ئەتراپىدا بايقىغان ئىككى دانە يارماقنىڭ يىل دەۋرى بۇنىڭ بىلەن ماس



124 ـ رەسىم قارادۆڭ خارابىسىدىكى يۇلغۇنلۇققا كۆمۈلگەن III . ka خارابىسى

كېلىدۇ. بۇ يارماقلار بەش جۇلۇق يارماق بولۇپ، روشەنكى مىلادىيە 2 ـ ، 3 ـ ئەسىرلەرگە تەۋە.

مەن بۇ يەردە بىرىنچى قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چاغدا جەمئىي 14 دانە يارماق تاپقانىدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بەش جۇلۇق يارماق ئىدى، يەنە خەت ئويۇلمىغان باشقا پۇللارمۇ بار ئىدى. 1901 ـ يىلى خارابىلىكتىن بىر قانچە قەغەز پارچىسىنى بايقىدىم. بۇلارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىش ئانچە چوڭ مەسىلە ئەمەس ئىدى، چۈنكى، كىروراندىكى بايقاش تارىم ئويمانلىقىدا ياغاچقا خەت يازغاندىن باشقا، يەنە قەغەزنىڭمۇ ئىشلىتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. ئەگەر، باشقا جايدىن تېخىمۇ بۇرۇنقى دەلىل ـ ئىسپاتلار بايقالمىسا، ئۇنداقتا بۇنى 3 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تارىم ئويمانلىقىدا ئىشلىتىلىشكە باشلىغان دېيىشكە بولىدۇ. بىراق، نېمە سەۋەبتىنكى، كىشىلەر بۇ ئولتۇراق رايوندا تۇرمىغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئالتىنچى باب

# خوتەننىڭ شەرقىي ۋە شىمالىي قىسمىدىكى خارابىلەر

## 1 ـ بۆلۈم پەرھاد بەگ يايلىقى

**كېرىيە دەرياسىنى بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىش**

مەن قارادۆڭدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغدا، رام سىنگ قۇملۇقنىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمىغا بېرىپ، دەسلەپكى تەكشۈرۈشكە ئاتلانغانىدى. نەتىجىدە قارادۆڭدىن باشقا، قەدىمكى ئولتۇراق ئىز خارابىسى بايقالمىدى. بىز بىر قىسىم چارۋىچى ۋە ئوۋچىلاردىن سوراشتۇرغەن بولساقمۇ، قەدىمكى ئىزلار توغرىسىدىكى ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدۇق. شۇڭا، 1 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى قارادۆڭدىن يولغا چىقىپ، دەريا بويلاپ يۇقىرىغا مېڭىپ، ناھايىتى تېزلا «گۆھەر ئىزدەش ئەترىتىم» بىلەن ئۇچراشتىم. مەن كۈچادىن كېتىشتىن ئىلگىرى، ئۇلارنى خوتەندىن يولغا چىقىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئورۇنلاشتۇرغانىدىم. بۇ يول ماڭا 1901 ـ يىلىدىن باشلاپلا تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى. قارىماققا يوغانقۇم (Yoghan-kum) نىڭ يۇقىرىسىدىكى دەريا يولىدا ئانچە چوڭ ئۆزگىرىش بولمىغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى داۋان ناھايىتى ئېگىز بولغاچقا، دەريا يولى ئاسانلىقچە ئۆزگەرمەيتتى. 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، بىز ئاخىرى كەڭ كەتكەن قۇملۇقتىن ئۆتۈپ قوچقارئوغىل (Kochkar-oghil)دا

ئۇچراشتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇردى بوۋاينىڭ جىيەنى روزى باشچىلىقىدىكى ئون نەچچە تونۇش «تەكلىماكانلىق»لار بار ئىدى.

### سىرلىق ئوردا

روزى قاتارلىقلار ئېلىپ كەلگەن خەۋەر كىشىنى تولىمۇ سۆيۈندۈرەتتى. شۇڭلاشقا، مەن دامىكۇ بوستانلىقىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا تېزرەك بېرىشنى قارار قىلدىم. ئۇلار ئۇ يەردە خارابىلىك ۋە ئىبادەتخانا بايقىغانىدى. خارابىلىك كۆپ ھەم تارقاق، شۇنداقلا ئېگىز قۇم دۆۋىسى ۋە توغراقلىق ئېدىر ئارىسىدا ئىدى. بىز 1906 ـ يىلى خادىلىقتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، بۇ يەرگە تەخمىنەن 10 مىل كېلىدىغان بۇ خارابىلىكلەرنى بايقىمىغانىدۇق. بۇ خارابىلىك ئەتراپىنىڭ يەر شەكلى ئىنتايىن يوشۇرۇن بولۇپ، مەن بۇ توغرىسىدا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە ئىدىم. ئۇ 1901 ـ يىلى بىز كېرىيە دەرياسىدىن ئايرىلىپ شىۋۇل (shivul) دەرياسىنىڭ ئاخىرىدىكى سازلىققا بارغانىدۇق.

### دامىكۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپى

ئاندىن بىز غەربكە مېڭىپ، قۇملۇق چاتقاللىرىدىن ئۆتۈپ، دامىكۇ دەرياسى بېشىغا جايلاشقان خارابىلىككە بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولدۇق. بىز ئىلگىرىكى تەكشۈرۈش خەرىتىسىگە ئاساسەن 341 ـ قونالغۇغا كەلدۇق، بۇ يەر خارابىلىكنىڭ مەركىزىي قىسمىغا 2 مىلمۇ كەلمەيدىغان جايدا بولسىمۇ، بىراق تەجرىبىلىك يول باشلىغۇچىلارمۇ بۇ يولدا بۇرۇن مېڭىپ باقمىغاچقا، ھەرقانچە قىلىپمۇ خارابىلىكنى تاپالمىدى. ئۇلار ناھايىتى كەڭ كەتكەن توغراقلىقتا بۆلۈنۈپ ئىزدەپمۇ تاپالمىدى. بىز سۇ مەنبەسىنى تاپالمىغاچقا، ئامالسىز غەربىي جەنۇب تەرەپكە مېڭىپ، كونا دامىكۇ خارابىسىگە كەلگەن چاغدا، ئاندىن ئۇنىڭ ئېنىق ئورنىنى تاپتۇق.

www.uyghurkitap.com

پەرھاد بەگنىڭ يايلاق خارابىسى

موللەكئەلاخان بىز شاياردىن يولغا چىقىپ يېتىپ كەلگەن تۇنجى تۇرالغۇ جايىمىز بولدى. بۇ يەردە بىر تۈركۈم ئادەملەرنى ياللىدىم. شۇنىڭ بىلەن 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى پەرھاد بەگ يايلاق خارابىسىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. يول باشلىغۇچىمىز ئىلگىرى شەرق تەرەپتىن كەلگەندە، بۇ خارابىلىكنى تاپالمىغانىدى. بۇ خارابىلىك نىسبەتەن چوڭ بولۇپ، تارقاق جايلاشقانىدى. ئۇ ئىككى كونا دەريا قىنى ئارىلىقىغا جايلاشقانىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دامىكۇ دەرياسىنىڭ سۈيى كەلكۈن كۆپ كەلگەن يىللىرى بۇ يەردىن ئۆتىدىكەن، كىشىلەر قاراقىر (kala–kir) نىڭ تۆۋەن ئېقىنىدا بوز يەر ئېچىپ، بىر قىسىم كەلكۈن سۈيىنى شەرقىي شىمال تەرەپكە باشلاپ، ئاچمادىكى (Achma) تېرىقچىلىق رايونىنى سۇغىرىدىكەن. ئۇ بىر ئۆستەڭ بولۇپ، ئېقىن مىقدارى تەخمىنەن 6 كۇب فۇت كېلىدۇ، ئۇ دامىكۇ ياردىكى ئارتۇق سۇنى ھەمدە موللەكئەلاخاندىكى تېرىقچىلىققا ئىشلىتىلمەيدىغان بۇلاق سۇلىرىنى خارابىلىكنىڭ جەنۇبىغا باشلاپ كېلەتتى. مەن بۇ يەردىن كېتىدىغان چاغدا، سۇ يولى ئاللىقاچان توغراقلىق بىلەن قاپلانغان قۇم بارخانلىرىدىن ئۆتكەن بولۇپ، 1 ـ نومۇرلۇق خارابىلىكنىڭ يېقىن ئەتراپىغا ئېقىپ كەلگەنىدى. بۇ ۋاقىت دەل قاراسۇ بۇلاق سۈيىنىڭ تاشقىن مەزگىلى ئىدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، دەريا سۈيى ئۇزاق ئۆتمەيلا موللەكئەلاخاننىڭ سىرتىدىكى 2 مىل كېلىدىغان جايدا يەرگە سىڭىپ كېتەتتى. گەرچە سۇ كۆپ كېلىدىغان ۋاقت ئاز بولسىمۇ، ئەمما سۇ يولىنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئوت ـ چۆپ ۋە دەل ـ دەرەخلەر سۇغا قاناتتى. سۇ يولى 1 مىل ئەتراپىدا سوزۇلغاندىن كېيىن، توغراقلىق بىلەن قاپلانغان ئېگىز بىر تاغدىن ئايلىنىپ ئۆتەتتى. تاغ ناھايىتى كۆزگە چېلىقارلىق بولۇپ، تاغ چوققىسىدا نىشان خادىسىغا ئوخشايدىغان بىرنەرسە

بار ئىدى. بۇ تاغ چوققىسى دەل پەرھاد بەگ يايلىقى (Farhad-Begningilesi) ئىدى، مەن 343 - نومۇرلۇق قونالغۇمىزنى مۇشۇ يەرگە قۇردۇم. ئەتراپتىكى ئوتلاقلار پەرھاد بەگ يايلىقى دېيىلەتتى. ياقۇپبەگ دەۋرىدە بىر بەگ بۇ يەرگە كېلىپ، ئەتراپتىكى خارابىلىكلەردىكى سىلىترا (ناترىي نىترات تېشى) نى قېزىپ ئەكەتكەنىكەن.

**خارابىلىك توغرىسىدىكى تۇنجى تەسىرات**

مەن بىر قاراپلا بۇ خارابىلىكنىڭمۇ ئوخشاشلا ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان يىغىش ھەرىكىتى ھەمدە دەسلەپكى مەزگىللەردىكى كونا دامىكۇنىڭ يېقىن ئەتراپى، شۇنىڭدەك باشقا شارائىتتى قولايلىقراق بولغان كەنتلەردىكى ئاھالىلەر ۋە ئوتۇنچىلارنىڭ تېرىقچىلىق قىلىشى ۋە ئوتۇن كېسىشى تۈپەيلى، بۇ خارابىلىك ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۆينىڭ ئەسلىي يەر يۈزىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىسمىنىڭ ئۇستىدىكى قۇم قەۋىتى قېلىن ئەمەس بولۇپ، 2 ياكى 3 دىيۇم كېلەتتى. بىراق، يەنە بىر جەھەتتىن، سۇ بۇ ئۆي خارابىسىنى ئانچە چوڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتمىغانىدى. گەرچە ھازىرقى سۇ مەنبەسى بۇ يەرگە ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، ئەمما ئەھۋال مەن ئويلىغاندەك ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. بىز تاپقىلى بولىدىغانلىكى ئۆي خارابىسىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تىندۇرما سۇيىنىڭ ئۇستىگە جايلاشقانلىقىنى بايقىدۇق. بۇ قاپتاللىقنىڭ ئەتراپتىكى يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 15 فۇت كېلەتتى. روشەنكى، ئۇلار قەدىمكى ئولتۇراق ئۆي خارابىسى بولۇپ، دەندەن ئۆيلۈك ۋە خادىلىقتىكى ئۆي خارابىلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. خارابە نوقۇل بىر ئورۇنغىلا جايلاشقان بولغاچقا، كىشىگە يىل دەۋرى بالدۇردەك تۇيغۇ بېرەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆي تېمىنىڭ قۇرۇلمىسى

بۇ ئۆي تېمىنىڭ ياغاچ، قومۇش ۋە لايدىن ياكى كېسەكتىن ياسالغانلىقىنى ناھايىتى ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئەمما، ئېنىق بولغان يىل دەۋرى ئالاھىدىلىكى يوق ئىدى. قومۇش تام قومۇش ياكى توغراق شاخلىرىنى توغرا ياغاچقا باغلاش ئارقىلىق تۇرغۇزۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا، لايدا سۇۋالغان قومۇش تام ھەمدە كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان كېسەك تاممۇ بار ئىدى. ئۆي خارابىسىنىڭ سانى بەدىردىن خانىنىڭ دوكلاتىدا دېيىلگەندەك ئۇنداق كۆپ ئەمەس ئىدى، بۇ كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ، بۇنىڭدىن باشقا خارابىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغىلى بولىدۇ. ئۈيلىشىمچە، بۇنىڭدىكى سەۋەب، مېنىڭ بۇ دوستۇم ئەزەلدىن قەدىمكى خارابىلەرنى كۆرۈپ باقمىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ «گۆھەر ئىزدەش ئەترىتى»نىڭ دوكلاتىنى ئاڭقىرالماي، ئۇلار دېگەن ئۆي(oi) نى خاتا چۈشىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە ئۇلار كۆزدە تۇتقان ئۆي بىر يۇرۇش ئۆينى ئەمەس، بەلكى بىر ئېغىز خانىنى كۆرسىتەتتى.

بىرىنچى خارابىنىڭ بايقىلىشى

بىز بىرىنچى خارابىلىك I . F نى تازىلاپ، بىرقانچە خانىگە ئايرىپ چىقتۇق. خانىلارنىڭ كۆپىنچىسى كىچىك ئىدى. مەركىزىي قىسمىدىكى كۆلچەكنى يەنىلا پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ تېمى كېسەك ياكى ياغاچ بىلەن قومۇشتىن ياسالغان بولسۇن، ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 1 ~2 فۇت كېلەتتى. ھويلىنىڭ سىرتىدا بىرقانچە چىتلاق ۋە بىر ئالمىلىق باغنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى، دەرەخلەر رەتلىك تىكىلگەنىدى. ئۆينىڭ بىر تەرىپىدە ئوچاق ۋە سۇپا ساقلىنىپ قالغانىدى. بىر ئۆيدە (نومۇرىa ) ياخشىراق ساقلانغان بىر ياغاچ پۈتۈك بايقالدى. ئۇنىڭ ئۆلچىمى 12 × 4 دىيۇم كېلەتتى. ياغاچ پۈتۈكنىڭ ھەربىر يۈزىدە بەش قۇر

سانسكرىت يېزىقى بار بولۇپ، ئۇ ئېنىقلا پارمىتا سۇترەنىڭ قالدۇقى ئىدى. يەنە بىر ئۆي b دا بىر قىسىم لاي نەقىش بايقالدى. ئەھمىيەتلىك بولغىنى، يەنە تام رەسىملىرىنىڭ پارچىلىرىمۇ بايقالدى. بۇنىڭدىن بىز ئۇ يەرنىڭ ئائىلىدىكى بۇت تەكچىسىنىڭ ئىزى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. خارابىلىكتىن يەنە مىس بېزەك پارچىسى تېپىلدى. خارابىلىكتىن تېپىلغان شەخسىي بۇيۇملار ۋە ئۆي جابدۇقلىرى ئىچىدە، ئويۇنچۇق ئوقيادىن باشقا، يەنە قاپلان تېرىسىدىن ياسالغان بىر دانە تۇلۇم ۋە ئەڭ دەسلەپ دەندەن ئۆيلۈكتىن بايقالغان سۈپۈرگىگە ئوخشايدىغان بىر دانە سۈپۈرگە بار ئىدى.

## ئىككىنچى خارابىلىكتىكى بۇت تەكچىسى ئىزى

خارابە F . II نىڭ F . I بىلەن بولغان ئارىلىقى يېرىم مىل بولۇپ، چوڭراق بىر قاپتاللىقتا جايلاشقان. ئۇ ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن چوڭ ئىبادەتخانا ۋە ئولتۇراق رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۆيلەر تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىچى قۇم دۆۋىسى بىلەن توشۇپ كەتكەن، قېلىنلىقى 6 فۇتتىن كۆپرەك كېلىدۇ. ئىچىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بۇيۇملار ساقلانغان. خانا i نىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر بۇت تەكچىسى بار، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى تامغا ياسالغان تەكچە ناھايىتى ئالاھىدە ئىدى. يەردىن 4.5 فۇت كېلىدىغان جايدا بىر پارچە نەقىشلىك ياغاچ تاختا بايقالغانىدى. بۇ ياغاچ تاختىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3.5 فۇت، ئۇ لاي ھەيكەل سۇپىسىنىڭ تىرىكى بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر ياغاچ سۇپا بار، كەڭلىكى 2.5 × 3.5 فۇت كېلىدۇ، ئۈستىگە ئىلگىرى ھەيكەل تىزىلغان. ئەجەبلىنەرلىكى، بىز ياغاچ سۇپىنىڭ تىرىكىنى تاپالمىدۇق. سۇپا بىۋاسىتە قۇمنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان. روشەنكى، خاراب بولغاندىن كېيىن تۈۋرۈك ياكى ئۆينى تىرەپ تۇرىدىغان ياغاچ قۇرۇلما كۆچمە قۇمنىڭ ھوجۇمىغا ئۇچرىغان. بۇددا ھەيكىلىنىڭ سول پۇتى ئاستىدا

www.uyghurkitap.com

چاشقان غاجىلاپ قويغان بىر دۆۋە توقۇلما ۋە پارەمىتا سۇترەنىڭ پارچىلىرى ساقلانغان.

ياغاچ پۇتۇك ئۇستىدىكى يېزىق

I خانا ئىچىدىن، نۇرغۇن ياغاچ پۇتۇكلەرنى بايقىدۇق. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك، بەزىلىرى پانا شەكىللىك، بەزىلىرىنىڭ ساقلىنىشى ياخشى، بەزىلىرى پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇستىگە يېزىلغىنى گوپتا يېزىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېزىقتىكى پارەمىتا سۇترەسى ئىدى. مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ دەۋرى دەندەن ئۆيلۈكتىكى ياغاچ پۇتۇكلەردىن بالدۇر ئىدى. يېزىقى قەدىمكى خوتەن يېزىقى بولۇشى مۇمكىن.

لاي مۆھۈر ۋە ساپال ھەيكەل

باشقا بۇيۇملار ئىچىدە، ئىككى دانە لاي مۆھۈر بەكلا ئالاھىدە بولۇپ، تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلارنىڭ شەكلى ۋە ئۆلچىمىدىن قارىغاندا، ئۇلارنى نىيە خارابىسىدىكى ياغاچ تارىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان تارىشىنىڭ تۆشۈكىگە سالغىلى ياكى پانسىمان تارىشىنىڭ ئۇچىغا چاپلىغىلى بولىدۇ. كۆپۈنگۈ مۆھۈردە (125 ـ رەسىمگە قاراڭ) بىر ئوغ ئوۋلاش كۆرۈنۈشى بار، ئۇ شەك ـ شۈبھىسىزكى، كلاسسىك ئۇسلۇبنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئات مىنىۋالغان ئادەمنىڭ ئوبرازى ئالېكساندىرنىڭ



125 ـ رەسىم كۆپۈنگۈ شەكىلـ
دىكى لاي پېچەت



126 ـ رەسىم پېتىقى شەكىلـ
دىكى لاي پېچەت

ئوۋ ئوۋلاۋاتقان ئوبرازى بىلەن ئىنتايىن ئوخشايدۇ. كېيىنكى كلاسسىك ئۇسلۇبنى بىر دانە پېتىنىغۇ مۆھۈردىن كۆرگىلى بولىدۇ (126 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭغا بىر ئايالنىڭ بەدىنىنىڭ يېرىمى ئويۇلغان، بۇ ئىككى دانە لاي پېچەت غەربىي ئاسىيادىن تارقىلىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. يوتقاندىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇسلۇبتىكى نۇرغۇنلىغان مۆھۈرلەرمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن. رەڭلىك ساپال پارچىلىرىدىكى نەقىشلەر ئادەمنى ئالاھىدە جەلپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردىكى نەقىشلەر ئوبرازى يوتقاندىكى ساپال ھەيكەللەردە كۆپلەپ كۆرۈلىدۇ. مۇبادا پەرھاد بەگنىڭ يايلىقى خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى مۇقىملاشسا، ئۇلار كېيىنكى بىرقانچە يالدامىنىڭ يىل دەۋرىنى ھەل قىلالايدۇ. بۇ يەردە شۇنى تولۇقلاپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ خارابىدىن تېپىلغان نەقىشلىك ياغاچ تارغاقمۇ غەرب تىپىگە تەۋە.

### ئىككىنچى خارابىلىكتىكى ھويلا ـ ئارام

شەرقىي جەنۇبتىكى خانىغا يېقىن بولغان ھويلىنى تازىلىغاندا، بىر پارچە ياغاچ تاختىنى بايقىدىم. ياغاچ تاختا 4.5 فۇت ئەتراپىدا بولۇپ، تۆت بۇلۇڭىدا ياغاچ تىرەك بار. تىرەكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياغاچ لىم بولۇپ، ئۇ ياغاچ تاختىنى تىرەپ تۇرىدۇ. ئۈستىگە بىر پارچە قوپال توقۇلما چاپلانغان، ياغاچ تاختىنىڭ يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 2 فۇت كېلىدۇ، ئۈستىگە بىر قەۋەت لاي سۇۋالغان، بۇ ياغاچ تاختىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئېنىق ئەمەس، چۈنكى ياغاچ تاختىنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىن باشقا ھېچقانداق بۇيۇم بايقالمىدى. ئەمما، ئۇ بىزگە نىيە خارابىسىدىن بايقالغان ياغاچ تاختىنى ئەسلەتتى. بۇ ياغاچ تاختا N . XIV چوڭ خارابىلىكىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئەسلى ئوت ـ خەشەكلەرنى دۆۋىلەشكە ئىشلىتىلگەن، كېيىن تاشلىۋېتىلگەن. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر

ئىگىزلىق خانا II دە پەقەتلا بىر دانە ياخشى ساقلانغان ياغاچتىن ياسالغان قوش لىم بايقالدى. ئۇنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىنچىكە ئويۇلغان نەقىشلىرى كىشىنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىدۇ. بىر تەرەپتىن، ئۇ نىيە خارابىسىدىن بايقالغان نەقىشلىك قوش لىم بىلەن ئوخشاش. يەنە بىر تەرەپتىن، خادىلىقتىن تېپىلغان قوش لىمغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شەكلى پېرسىيە قەندىھار ھەيكەلتىراشلىقىدىكى ياغاچ تۈۋرۈك ۋە قەندىھار ئويمىچىلىقىدىكى ئاسما لىمدىن كەلگەن، كېيىنكى مۇشۇنداق ئىمارەت ئۇسلۇبلىرىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ سەنئەت تۈسى بار. بۇ ياغاچ ئويما بىلەن بۇ خارابىلىكتە ئىشلىتىلگەن باشقا ياغاچ قۇرۇلمىلار ئوخشاشلا ئاق تېرەكتىن ياسالغان.

ئۈچىنچى خارابىلىكتىكى ئىبادەتخانا

خانا i بىلەن يېقىن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ئۆيدە ساقلىنىشى ياخشىراق ئوچاق ۋە كارىۋات بار بولۇپ، باشقا ھېچقانداق يادىكارلىق يوق. ئۇنىڭ شەرقىدە ئىبادەتخانا iii بار، ئىبادەتخانا ئىچىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18 فۇت، كەڭلىكى 14 فۇت كېلىدۇ. ئۈچ تەرىپى 6 فۇت كېلىدىغان ھالقا شەكىللىك ئۆتۈشمە كارىدور ئىدى. ئىبادەتخانىنى قاپلىغان قۇم 3 فۇتقا يەتمەيدۇ، شۇڭلاشقا تامدا ئاز بىر قىسىم رەسىملەر ساقلىنىپ قالغان. ئىبادەتخانىنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن لاي ھەيكەلنىڭ بىر قىسىم پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئەڭ چوڭىنىڭ (127 ـ رەسىمگە قاراڭ) ئۈستىدە كۆركەم بۇتالارنىڭ ئوبرازى بار، بۇتنىڭ چۆرىسىگە نەقىشلىك گىرۋەك چىقىرىلغان. بۇ خىل بېزەش ئۇسۇلى بىلەن راۋاق ۋە دەندەن ئۆيلۈكتىكى بېزەش ئۇسۇلى ئوخشاشمايدۇ. ئىبادەتخانىدىكى چاسا شەكىللىك بۇت سۇپىسى ئالىقاچان بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1 فۇتقىمۇ يەتمەيدۇ. روشەنكى، بۇنى «بايلىق ئىزدىگۈچىلەر» بۇزۇۋەتكەن. ئۇنىڭغا ئانچە يىراق



127 ـ رەسىم لاي ھەيكەل پارچىسى

بولمىغان جايدا ئىككى دانە ياغاچ تاختا، يان تام تۈۋىدىن بەش دانە ياغاچ تاختا بايقالدى.

ئولتۇراق رايوننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى II . F ئۆي خارابىسىگە ناھايىتى يېقىن. بۇ كېيىنكىسىنىڭ ئىبادەتخانىنىڭ باتاقخانىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، III . F ئۆي خارابىسىمۇ مۇشۇنداق بولۇشى ئېھتىمال. ئۇلار كىچىك بىر قاپتاللىقتا، يەنى I .F خارابىسىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن 1/4 مىل كېلىدىغان جايغا جايلاشقان، خانىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى II . F ئۆي خارابىسى بىلەن ئوخشىشىدۇ. بۇ يەردىكى ئولتۇراق ئۆي ئوخشاشلا ئىككى رەت بولۇپ، ئۆزئارا گىرەلىشىپ تۇرىدۇ، ئىبادەتخانا بىلەن ئۆي ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، شەرقىي شىمال يۆنىلىشكە جايلاشقان. ئىككى جايدىكى خارابىلىكتە، غەربىي شىمال تەرەپكە جايلاشقان، ئەمما كىرىش ئېغىزى يوق ئۆي بولۇپ، بۇ مېھمان كۈتۈشكە تەييارلانغان بولۇشى مۇمكىن. شىنجاڭنىڭ ھازىرقى ئۆيلىرىدىكى مېھمانخانا (mihman-khanas) لار بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مەقسەت مېھمانلارنىڭ باشقا ئۆيلەرگە كىرىشىگە قولايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت.

www.uyghurkitap.com

تام رەسمى ۋە ئۈچىنچى خارابىلىكتىكى قالدۇق ئىزلار

ئىبادەتخانا j نىڭ جايلاشقان ئورنى بىلەن ئەتراپتىكى خارابىلىك بىر قانچە فۇت ئېگىزلىكتە، شۇڭلاشقا بىر قانچە فۇت كېلىدىغان قۇم ئۇنى قوغداپ قالغان. بۇتخانا زالى ۋە ئەتراپتىكى كارىدور تېمى ئاللىقاچان ئۆرۈلۈپ كەتكەن، پەقەت يەردىن بىر قانچە فۇت ئېگىزلىكتىكى جايلا ساقلىنىپ قالغان. شەرقىي جەنۇبتىكى بۇتخانىدا بىر نەپەس تام رەسمى ساقلىنىپ قالغان. ئوتتۇرىدىكى سۇپا ۋە يان تەرەپتىكى ئالتە تەرەپلىك سۇپىغا ئەسلىدە ھەيكەل قويۇلغان. راھىبلار ياتاقخانىسىنىڭ ئىشىك كارىدورىدا تۆت دانە ھەيكەلنىڭ تۆۋەنكى قىسمى ساقلىنىپ قالغان. ئىشىكتىن كىرگەندە ئوڭ تەرەپ تامدىكى ھەيكەل قوغدىغۇچى تەڭرىقۇتنىڭ ئوبرازى ئىدى. ئۇ غەلىتە بىر ھايۋاننىڭ ئۈستىدە تۇرغان بولۇپ، غەلىتە ھايۋاننىڭ يۈز قىسمى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. بۇتخانىنىڭ ئىچكى تېمىغا يېقىن جايدىن پارەمىتا سۈترەنىڭ پارچىلىرى بايقالدى. يەردىن يەنە بىر دانە بەش جۈلۈق يارماق بايقالدى. ئۆينىڭ ياسىلىشى خېلىلا ھەشەمەتلىك بولۇپ، ئىچى قۇپقۇرۇق ئىدى. ئىككىنچى نومۇرلۇق خانا ئەسلىدە يىغىلىش قىلىدىغان «سەڭگە» (Sangha) بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىن پارەمىتا سۈترە ئويۇلغان چوڭ ياغاچ تاختا بايقالدى. ئۇنىڭ غەرب تەرىپىدىكى خانا ئىچىدە نەپىس ئويۇلغان كىچىك ياغاچ ھەيكەل تېپىلدى.

تاقى خارابىسى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىمارەت خارابىسىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىگە 3 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا بىز كىچىك بىر مۇنارنىڭ خارابىسىنى بايقىدۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ساپال بۇيۇملار پارچىلىرى دۆۋىلەكلىك ئىدى. بۇ خارابىلىك قۇم بارخانلىرى بىلەن توغراقلىق ئارىسىدىكى يەردە، شۇنداق

بولغاچقا خارابىلىكنىڭ دائىرىسىنى ناھايىتى ئاسانلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. خارابىلىكنىڭ كۆلىمى خېلى چوڭ بولۇپ، ئەسلىدە ئۆي ـ ئىمارەتلەر بولغان. تېمى لايدىن قوپۇرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا شامال يالاپ كەتكەن. بۇ يەردە بىر قەدىمكى ئېرىق بار، ئۇ ھازىر توسىمىغا ئوخشاش بولۇپ، ئېگىزلىكى 8 فۇت كېلىدۇ، ئىككى تەرەپتىكى يەر يۈزىدىن خېلى كۆپ ئېگىز. بۇ ئەگرى ئۆستەڭ F II خارابىسىگە تەخمىنەن 1/4 مىل كېلىدىغان جايغىچە ئېقىپ بارىدۇ. بىر ـ ئىككى جايدا يەنە قۇدۇق ئىزى بايقالدى، بۇلارنىڭ يىل دەۋرى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، ئۇلار كەڭ كەتكەن بەلغەمغا جايلاشقان. كونا دامىكۇدا كىشىلەر ئولتۇراقلاشقان چاغدا ياكى ئۇنىڭدىن سەل كېيىنرەك ئېقىن سۇ بۇ جايغا باشلاپ كېلىنگەن قەدىمكى ئۆي خارابىسى ئۈچ جايدىكى كىچىك خانىغا يېقىن ئەتراپتىن بايقالدى. باشقا ئۆيلەر توغراقلىق ياكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئاستىدا قالغان بولۇشى مۇمكىن.

## راۋاق شەكىلدىكى كىچىك مۇنار ئۇلى

بىر كىچىك تاش ئىمارەتنى تازىلاۋاتقاندا تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك بايقاشقا ئېرىشتۇق. تاش ئۆيىنىڭ يان تەرىپىدە بىر توپ قۇرۇپ كەتكەن توغراق بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىدىن ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بىز ئۆينى قېزىش ئارقىلىق كىچىك بىر مۇنار ئۇلىنى بايقىدۇق (128 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى 1901 ـ يىلى بىزنىڭ چوڭ راۋاق ئىبادەتخانىسىدا بايقىغىنىمىز بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ چاسا شەكىللىك، ئۈستىدە كىرېست شەكىللىك تۆت بىلەك بار. ھەربىر بىلەكتىن ناھايىتى تىپىك قاپارتمىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەجمى كىچىك ئىدى. تۆت دانە بىلەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى مۇنار ئۇلىنىڭ مەركىزىدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا پەقەت 7 فۇت كېلىدۇ، ئەمما بۇ قاپارتمىلارنى

www.uyghurkitap.com



128 ـ رەسىم پەرھاد بەگنىڭ يايلىقىدىكى بۇددا مۇنارىنىڭ ئۇلى VI . F، شەرقتىن كۆرۈنۈشى

لايىھەلىگەن چاغدىكى پەلەمپەيلەرنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىراق، ئىككى تەرىپىدە كىچىك تۇۋرۇك بار، ئۇلار پەلەمپەينىڭ ئەڭ ئاستىدىكى غوجا تامنى كۆرسىتىپ بېرىشى مۇمكىن. 128 ـ رەسىمدىن مۇنار ئۇلىنىڭ ھازىر ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ راۋاقتىكى مۇنار ئۇلى بىلەن ئانچە چوڭ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مۇنار چوققىسى پۈتۈنلەي ساقلىنىپ قالمىغان. مۇنار ئۇلىنىڭ ئىچىدە «گۆھەر ئوغرىلانغان» كامارنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئېنىقكى، بۇ ناھايىتى بۇرۇنلا كولانغان. يەنە بىر قىسىم ئىنتايىن كىچىك مۇنار ئۇلى بار بولۇپ، ئاستىنقى قىسمى 2 ـــ 3 فۇت كېلىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مۇنار ئۇلى مەركەزنى ئورىۋالغانىدى. بۇ مۇنار ئۇللىرىنىڭ ئېگىزلىكى 4 فۇتقىمۇ يەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىمۇ گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن.

## يۇنان ئۇسلۇبىدىكى پىتنىغۇ ئۆيمىنىڭ بايقىلىشى

I . F خارابىنىڭ شەرقىي جەنۇبى ۋە شەرقىنىڭ يەر يۈزىنى

شامال ئېغىر دەرىجىدە يالاپ كەتكەن. بۇ يەرنىڭ 3/4 مىل كېلىدىغان دائىرىسى ئىچىدە، بىرقانچە گۇرۇپپا ئىمارەت ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ ئىمارەت توپى ئاللىقاچان ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، قۇملارمۇ ئۇلارنى قوغداپ قالالمىغان. F . Ⅶ خارابىسىدە ئەسلىي ئىككى ئۆي بار ئىكەن، بىراق بۇ جايدىن ھېچقانداق يادىكارلىق تېپىلمىدى، پەقەت بىر قىسىم رەڭلىك ساپال بۇيۇم پارچىلىرى بايقالدى. ئەمما، شىمال تەرەپتىكى ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن بىر دانە لاي پېچەتنى تېپىۋالدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئويما مۆھۈر ئىزى بار بولۇپ، ئادەمنى بەكلا جەلپ قىلىدۇ. سول تەرەپتە گونىمېد (Gonymede) يۇنان ئىلاھى زېۋسنىڭ مالىيى — خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنغۇچىدىن)نىڭ تاشقا يۆلىنىپ، زېۋسنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بۈركۈتكە دان بېرىۋاتقان رەسىم بار. بۇ رەسىملەر تىپىك يۇنان ئۇسلۇبىغا ئىگە. پۈتۈن لاي پېچەت مېنىڭ خوتەندە بايقىغان بارلىق قىممەتلىك گۆھەرلىرىمدىنمۇ ياخشى ئىدى، مەيلى ئۇلار تامغا ياكى پېچەت بولسۇن، ئوخشاشلا شۇنداق. بۇ لاي پېچەت ئۇزۇن چاسا شەكىللىك بولۇپ، ئەسلىدە نىيەدىكىدەك ياغاچ تارشا ئىچىگە پاتۇرۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

### سەككىزىنچى ئورۇندىكى خارابىنىڭ قۇرۇلمىسى

F . Ⅷ ئىمارەت بىر ئاز ئالاھىدە ئىدى. ئۇ كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان قاپتاللىقا جايلاشقان، شەرقىي شىمالى تەخمىنەن 1/4 مىل كېلىدۇ. شامالنىڭ يالىشى نەتىجىسىدە، يان تەرىپىدە ناھايىتى كەڭرى بىر جىلغا شەكىللەنگەن بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 12 ~ 13 فۇت كېلىدۇ. قىسمەن لاي تام ۋە ياغاچ تام تارقاق جايلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى جەزملەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بىر مۇكەممەل تاش سۇپا ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 37 فۇت، كەڭلىكى 35 فۇت كېلىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىي جەنۇب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسمىدىكى سوۋپىنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمى 7 فۇت كېلىدۇ. بۇ يەردە ناھايىتى تار بىر پەلەمپەي بار بولۇپ، ئىككى تەرىپىدە ئۇنى يۆلەپ تۇرغان غوجا تام بار. بۇنىڭ يان تەرىپىدە كېيىن ياسالغانلىقى ئېنىق يەنە بىر تام بار، بۇنىڭدىن ئالدىغا بىر تۈز سۇپا چىقىرىلغان، بۇ سۇپا بىلەن ئىمارەتنىڭ ئىشلىتىلىشى ئېنىق ئەمەس، كىچىك لاي ھەيكەل پارچىسى بۇ يەردە ساقلىنىپ قالغان بىردىنبىر بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ.

### كىچىك شىپاڭ ۋە باغ خارابىسى

ئىمارەتلەرنىڭ شەرقىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا قۇرۇپ كەتكەن توغراق دەرەخلىرى بار، بۇ ئاشۇ يەردە بىر كىچىك شىپاڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيتتى. كىچىك شىپاڭنىڭ جەنۇبىغا 400 مېتىر كېلىدىغان جايدا، بىر چوڭ مېۋىلىك باغنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ، باغنىڭ ئىچىدە قۇرۇپ كەتكەن قاتار - قاتار جىگدە دەرىخى ۋە باشقا مېۋىلىك دەرەخلەر بار. مەن F . Ⅷ خارابىسىنىڭ غەربىدە بىر ھارۋا يولىنى بايقىدىم، خېلى نۇرغۇن جايدا ھارۋا چاقىنىڭ ئىزى ساقلىنىپ قالغانىدى. چاق ئىزى چوڭ جىلغىغا بىۋاستە تۇتىشاتتى. روشەنكى، چاق ئىزىنىڭ يىل دەۋرى ھەتتا خارابىلەرنىڭ يىل دەۋرىدىنمۇ بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن.

### جەنۇب تەرەپتىكى خارابىلىك

F . Ⅸ خارابىسىدە، بىز بىر ئۆي ئۆلىنى تازىلاپ چىقتۇق. تامغا كاكىل لاي سۇۋالغان. بۇ يەردىن پەقەت ياغاچ ۋە لايدىن ياسالغان ئۆي سەرەمجانلىرى چىقتى. ئۆي ئۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا پۇتۇنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن ئىبادەتخانا خارابىسى بار، بۇ يەردىن پەقەت لاي ھەيكەل پارچىسى تېپىلدى. F . Ⅷخارابىسىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن 3/4 مىل كېلىدىغان جايدا بىر ئىبادەتخانىنىڭ ئۇل تېمى ساقلىنىپ قالغان. ئىبادەتخانا

خارابىسى ئىبادەتخانا زالى ۋە خىشتىن ياسالغان كارىدورنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىبادەتخانا زالىنىڭ مەركىزىدىكى بۇت سۇپىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىر ياغاچ تاختا بايقالدى. بۇ ياغاچ تاختا ئاساسەن دېگۇدەك چىرىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردىن يەنە پارەمىتا سۇترەنىڭ پارچىسى بايقالدى. يان تەرەپتە يەنە بىر بۇتخانا ھويلىسىنىڭ ئىزى بار، ئۇ يەردە كىچىك ئۆي ئۇلىدىن باشقا، چوڭ زالنىڭ كېيىنكى تاملىرىنىمۇ پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ. بۇ يەردىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، بىر كىچىك قوش تاملىق ئىمارەتنى بايقىدۇق. ئىمارەتنىڭ يېرىمى مۇنارنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كۆمۈلۈپ ياتقان، بۇ يەردىن سىدام قىزىل لاي تامغا تېپىلدى.

## ئىككىنچى بۆلۈم F.XII ئىبادەتخانا ۋە ئۇنىڭ يىل دەۋرى

**توغراقلىقتىكى ئىبادەتخانا**

F.XII ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى بىلەن ئۇنىڭدىكى يادىكارلىقلار كىشىنى جەلپ قىلاتتى. ئۇ F.X خارابىنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن يېرىم مىل كېلىدىغان ناھايىتى ئېگىز توغراقلىق قۇم بارخانلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى تۆپىلىككە جايلاشقان. قۇم بارخانلىرىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي تەرىپى قويۇق توغراقلىق تاغ تىزمىسى ئىدى. تاغ تىزمىسىدىن ئۆتكەندە قۇرۇپ كەتكەن كىچىك دەرياغا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. بۇ دەريا دامىكۇ دەرياسىنىڭ تارماق ئېقىنى بولۇپ، چاتقاللىق ۋە ئوت - چۆپ قويۇق ئۆسكەن تۈزلەڭلىك بەلباغلىرىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. بۇ كىچىك ئىبادەتخانا ياسالغان چاغدا، قۇم بارخانلىرى ھازىرقىدىن خېلىلا پەس بولسا كېرەك. قۇم بارخىنىنىڭ جەنۇبىي گىرۋىكىدە قەدىمكى چېتلاق بار بولۇپ، ھازىرقى ئۇزۇنلۇقى 24 فۇت

كېلىدۇ. ئىبادەتخانىنىڭ بەر يۈزى چېتىلاقتىن 24 فۇت ئېگىز. قۇم بارخانلىرى ھازىر ئىبادەتخانىنىڭ يەر يۈزىدىن 18 فۇت ئېگىزلەپ كەتكەن. ئىبادەتخانا تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن، قۇم بارخانلىرى داۋاملىق ئېگىزلىگەن. دېمەك، بۇتخانىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىدىمۇ ئۇنىڭ مۇئەييەن ھەسسىسى بار. ئىبادەتخانا تېمىنىڭ قېلىنلىقى 4.5 فۇت كېلىدىغان بولۇپ، پۈتۈنلەي دېگۈدەك كېسەكتىن قوپۇرۇلغان. غەربىي شىمال بۇلۇڭ تەرىپى 6 فۇت ئېگىزلىكتە ساقلىنىپ قالغان، قالغان قىسىملىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ھازىرقى ئېگىزلىكى 4 فۇت كېلىدۇ. ئىبادەتخانا ئۆيىنىڭ كۆلىمى تولىمۇ كىچىك بولۇپ، 8 × 10 فۇتتىن سەل چوڭ. «گۆھەر ئىزدىگۈچى»لەر شەرق تەرەپتىكى بۇلۇڭنى كولاپ، ئىبادەتخانا زالىغا ئوغرىلىقچە كىرگەن. بىرقىسىم لاي ھەيكەل پارچىلىرى ۋە شەرقىي جەنۇب تامدىكى كېسىۋېلىنغان ھەيكەل بېشى ئۇلارنىڭ تېخى يېقىندىلا بۇ يەرگە كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەختكە يارىشا، كۆچمە قۇم غەربىي شىمال تامدىكى ئىشىكنى توسۇۋالغاچقا، تېخىمۇ چوڭ بۇلاڭچىلىقنىڭ ئالدى ئېلىنغان.

لاي ھەيكەل

تازىلاش ئارقىلىق ئىبادەتخانا زالىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇلۇڭىدا ئىلگىرى بىر چوڭ لاي ھەيكەلنىڭ بارلىقىنى بىلدۇق. ئۇ ئۆرە تۇرغان ھەيكەل بولسا كېرەك. ئۇ ھازىر پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ، بىر پۇتىلا ساقلىنىپ قالغان. باشقا جايدا يەنە بەش دانە ئۆرە تۇرغان ھەيكەل ساقلىنىپ قالغان. شەرقىي شىمال ۋە غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى كىچىك تۇز سۇپىنىڭ 6 فۇت ئېگىزلىكتىكى يېرىدە ئىككى ھەيكەل سۇپىنىڭ قالدۇق ئىزى ساقلىنىپ قالغان. ھەيكەللەرنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ تۆۋەن قىسمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئېگىزلىكى 4 فۇت كېلىدۇ



129 ـ رەسىم پەرھاد بەگنىڭ يايلىقىدىكى بۇتخانا XII .F، شەرقىي شىمال تامدىكى لاي قاپارتما ۋە تام رەسىمنىڭ ئىزى

(129 ـ رەسىمگە قاراڭ)، قالغان تۆتى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كەتكەن. ھازىر ساقلىنىپ قالغان بۇ ھەيكەل بىر بۇددساتۋا بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ پۇت ۋە بېلىكىگە قىزىل كاسايا كىيدۈرۈلگەن، كاسايانىڭ ئاستى تەرىپى سۇس يېشىل، قېنىق كۆك رەڭلىك، ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن ھەم كۆك چېكىتلىك جىيەك تۇتۇلغان.

## تام رەسىملىرىنىڭ نەقىشى

تام رەسىملەر تەلىيىمىزگە يارىشا ساقلىنىپ قالغانىكەن. مەن رام سىنگنىڭ ياردىمىدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى ساقلانغان قىسمىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كېسىۋالدىم. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ھەيكەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئەۋەلو كىتىپشۇەرەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



130 ـ رەسىم  ئەۋەلو كىتىپشۇەرەنىڭ ئۆرە رەسىمى

ناھايىتى كۆركەم ئۆرە تۇرغان رەسىمى (130 ـ رەسىمگە قاراڭ) بار ئىدى. بۇنىڭ گىرىك ئۇسلۇبىدىكى ھەيكەللەر بىلەن قويۇق مۇناسىۋىتى بار. بۇ ئەھۋال كىشىگە ساسانى توقۇلما بۇيۇملىرىدا ھەمىشە كۆرۈلىدىغان گۈللۈك نۇسخىلارنى ئەسلىتىپ قويىدۇ. پېرسىيە سەنئىتىنىڭ تەسىرى بىزنى باشقا بىر قىسىم تام رەسىملىرىدە كۆرۈلگەن پېرسىيە ئۇسلۇبىغا سەزگۈرلۈك بىلەن دىققەت قىلىشقا ئۈندەيدۇ. 129 ـ رەسىمدە شەرقىي شىمال تەرەپتىكى تام رەسىمنىڭ قالدۇقى ئىپادىلەنگەن، بۇ يەردە بىر قاپارتما نەقىشلىك بۇددا ھەيكىلى بار، بۇ ھەيكەل ئولتۇرغان ھالەتتە بولۇپ، چوڭقۇر ئويغا پاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى گۈل بەرگى ۋە نىلۇپەرلەر تاكى تامنىڭ بۇلۇڭغىچە سوزۇلغان. ھەيكەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى نەقىش ھەممىدىن ياخشى ساقلانغان.

### تام رەسىملىرى قالدۇقى

بۇ ئىبادەتخانىدىكى كىشىنى ئەڭ قىزىقتۇرىدىغان تام رەسىمى ئىشىك كارىدورىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن بايقالدى. ئۇنىڭ ئاستى تەرىپى سۈركىلىپ بۇزۇلغان بولۇپ، ئىسرىق سالغۇچىلار بۇدداغا تاۋاپ قىلغىلى كەلگەندە دەسسىلىپ بۇزۇلغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق، ئۈستىدىكى رەسىمنىڭ كۆپ قىسىم يەرلىرىدە ئەسلىدىكى رەڭلەر ساقلىنىپ قالغان، بىز ئۇنى بىخەتەر ھالدا قېزىپ چىقتۇق. رەسىمدىكى پېرسوناژلار خۇددى قىشىر ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ھىندىلارنىڭ ئىلاھەسى ھارىتى (Hariti) ۋە ئۇنىڭ بەش پەرزەنتى ئىدى. بۇ ئىلاھە دەسلەپتە «ئايال يەكشە» دەپ ئاتالغان بولۇپ، قورقۇنچلۇق چېچەك ۋاباسىغا ۋە باللارنىڭ جېنىنى ئالغۇچى ئەزرائىلغا ۋەكىللىك قىلاتتى. خەلق رىۋايەتلىرىدىكى ۋە دىنى تارىخىدىكى شەخسلەرگە ئوخشاشلا، خۇراپىي ئېتىقاد جەريانىدا ئۇنىڭ ئورنى تەدرىجىي يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مېھرىبان ئىلاھەنىڭ ئوبرازى بولۇپ قالغان، ئۇ باللارنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھ بولۇپلا قالماي، تۇغۇت مۇئەككىلى ئىدى.

### ئىلاھەنىڭ تام رەسىمى ۋە ئىلاھە ھارىتى

ھىندىستانغا نوم ئالغىلى بارغان راھىب يى جىڭ بۇ ياۋۇز ئالۋاستىنىڭ بۇددانىڭ تەسىرلەندۈرۈشى بىلەن ئاق كۆڭۈل ئىلاھەگە ئايلانغانلىقى ھەققىدىكى ھېكايىنى قەيت قىلغان. ئۇ: «ھارىتىنىڭ ئوبرازىنى ھىندىستاندىكى بارلىق ئىبادەتخانىلارنىڭ ئىشىك بېشى ۋە راھىبلار ياتاقخانىسىنىڭ بۇلۇڭلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، تام رەسىملىرىدە ئۇ بىر بوۋاقنى قۇچاقلىۋالغان بولۇپ، ئالدىدا ئۈچ ياكى بەش بوۋاق بار» دەپ يازغان. شۇ ئارقىلىق بىز بۇتخانا ئىشىكىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئىلاھە I نىڭ رەسىمىنى بايقىدۇق. ئۇنىڭدا بىر بوۋاق ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

سول كۆكسىنى تۇتۇۋالغان، ئۇچ بوۋاق ئۇنىڭ مۇرىسى بىلەن دولىسىغا مىنىۋالغان، لېكىن بەشىنچى بوۋاق ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغان كۆرۈنۈش بار. تام رەسىمدە بۇ پېرسوناژلاردىن باشقا، يەنە ئىلاھەنىڭ سول پۇتىنىڭ يېنىدا يالىڭاچ بىر كىچىك بالا بار بولۇپ، ئالدىدىن ئېتىلغان مۇشتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋاتقاندەك تۇراتتى. مۇشت ئاتقۇچى باشقا بىر بوۋاق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى پۈتۈنلەي ئۆچۈپ كېتىپتۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بىز بۇ تام رەسىمدە كۆرگەن ھارىتىنىڭ بالىلىرىنىڭ سانى تۇرپاندىن تېپىلغان كىمخابقا سىزىلغان رەسىمدىكى بىلەن ئوپئوخشاش، لېكىن ئۇسلۇبى زور دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ.

ئىلاھەنىڭ يۈز قىسمىنىڭ ئالاھىدىلىكى

ئىلاھەنىڭ يۈزى ئايغا ئوخشايتتى. چىرايىدا مېھرىبان ئانىلاردەك خاتىرجەم كەيپىيات جىلۋە قىلاتتى. بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىزگە ئۇنىڭ پېرسىيىنىڭ ئېستېتىك قارىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، بۇ خىل ئالاھىدىلىك بۇ جايدا ئانچە روشەن ئەمەس ئىدى. بىرقەدەر روشەن بولغىنى، دەيدەن ئۆيلۈكتىكى خوتەن پىلىچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى تەسۋىرلەنگەن رەسىمدىكى مەلىكە ۋە كېنىزەكلەرنىڭ چىرايى ياكى مىرەن ئىبادەتخانىسىدىكى M5 تامغا سىزىلغان ئايال پادىشاھ سۇداتتا بىلەن قىزلارنىڭ چىرايى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق بۇ پېرسوناژلارنىڭ ئۆزئارا سىممېتىرىك بولغان ئۆرۈمە چېچى بار، چېچىدا يەنە تۇتاش ئۇنچىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ يېرىم غەرب ئۇسلۇبى بىلەن ئانچە ماس كەلمىگىنى يوغان قۇلاق بىلەن بوينىدىكى قورۇقلار ئىدى، بۇلار فىشېر ئەپەندى ئېيتقان «تىپىك ھىندى ئۇسلۇبى»نى كۆرسىتەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇچىسىدىكى چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلەر توغرىسىدا بەزى نۇقتىلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدۇ. ئۇلار

ئۆچىسىغا بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان چاپان كىيگەن بولۇپ، بولار دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىدىكى رەسىمدە ئىپادىلەنگەن مەلىكە كىيگەن كىيىم بىلەن ئوخشايتتى.

ئەپسۇس، ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى تام گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەنىدى. خۇددى فىشېر ئەپەندى دەپ ئۆتكەندەك: «بىر بۇ يەردە تۇغۇت ئىلاھىغا ماس كېلىدىغان بايلىق ئىلاھىنى كۆرۈشنى بەكلا ئارزۇ قىلاتتۇق.» يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يى جىڭنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسلانغاندا، بۇ «بايلىق ئىلاھى» ئادەتتە ھىندى ئىبادەتخانىلىرىنىڭ دەرۋازا كارىدورىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇراتتى. بايلىق ئىلاھىنىڭ ئىسمى كۇۋېرا (Kuvera) بولۇپ، قەندەھەر ئويمىلىرىدا ھەمىشە ھارىتى بىلەن بىرلىكتە ئۇچرىتىمىز. ئۇ ئىككىسىنىڭ خوتەن ئىبادەتخانىلىرىدا بىرلىكتە كۆرۈلۈشى ئالاھىدە ماس كەلگەن. چۈنكى، كۇۋېرا «شىمالنىڭ خوجىسى» ياكى ۋايشراۋانا (Vaisravana) دۇر. ئۇ خوتەندە خان جەمەتى ۋە خانلىقنىڭ قوغداش ئىلاھى دەپ قارىلىپ، ناھايىتى بۇرۇنلا ئالاھىدە چوقۇنۇشقا ئېرىشكەن

## پوتى نومىنىڭ بايقىلىشى

ئىبادەتخانا Ⅻ . Fدىكى قېزىش بىزنىڭ بۇ خارابىلىكتىكى ئەڭ ئاخىرقى خىزمىتىمىز بولۇپ قالدى. كىشىنى تولىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، بۇ يەردىن ناھايىتى قىممەتلىك بىر پارچە نوم بايقالدى. ئەڭ دەسلەپ شەرقىي جەنۇب تامنى تازىلىغان چاغدا ئالتە ـ يەتتە پارچە سانسكرىتچە پوتى نوملىرى بايقالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەن سۇپىنىڭ ئاستى ــ شەرقىي شىمال تەرەپتىكى ئەسلىدە ھەيكەل بار جايىنىڭ يېنىدىكى قۇم دۆۋىلىرىدىن ناھايىتى ياخشى ساقلانغان نوم ساندۇقىنى قېزىپ چىقتىم، ئۇنىڭ ئىچىگە مۇكەممەل ساقلانغان 33 جىلد سانسكرىتچە نوم قاچىلانغان، بۇ مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى. نوم ۋاراقچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 14 دىيۇم، كەڭلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەخمىنەن 4.5 دىيۇم كېلەتتى، ھەر 1/3 قىسىم ئارىلىقتا بىردىن شوينا ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكچە بولۇپ، ئىنتايىن ئوبدان تۈپلەنگەن، كېيىن بۇيۇك برىتانىيە مۇزېيى ئۇنى يەنىلا زىيان يەتكۈزمەي ئاجرىتىپ چىقاردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوتتۇرا ئاسىيا نۇسخىسىدىكى «سەددەرمە پۇنتەرىكە سۇترە» بار ئىدى. كېيىن بۇنىڭ بىر قىسمى پىروفېسسور ۋاللې پۇسىن تەرىپىدىن رەتلىنىپ، نەشر قىلىندى. ئۇ بۇ نومدىكى يېزىقنىڭ «ۋەجرە سۇترە» بىلەن ئىنتايىن ئوخشايدىغانلىقىنى بايقىدى. كېيىنكى نوم دەندەن ئۆيلۈكتىكى راھىبلار ياتىقىدىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىل دەۋرىنى دوكتور خوئېرنىل مىلادىيە 7 ـ ئەسىر ياكى 8 ـ ئەسىر دەپ بېكىتتى.

**Ⅻ . F ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى ۋە ئورۇن ئالاھىدىلىكى**

بۇ يىل دەۋرى چوقۇم قىياسەن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارەمىتا سۇترەنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئەسلىدىنلا نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانغان. ئەمما، بۇ، خارابىلىكنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشتە مۇھىم بىر تەپەككۇر بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەگەر بىز ئىبادەتخانا Ⅻ . F نىڭ ياسالغان ۋاقتى بىلەن پەرھاد بەگنىڭ يايلىقى ۋە باشقا خارابىلەرنىڭ ۋاقتى ئوخشاش دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا بۇ پەرەز نۇرغۇن مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. ئىبادەتخانىنىڭ ئورنى گەرچە يېقىن بولسىمۇ، بىراق باشقا خارابىلەردىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئوخشاشمايدۇ. باشقا خارابىلەردىكى ئىبادەتخانىلار بىردەك قاپتاللىقتا ياكى يېقىن ئەتراپتىكى ئېگىزرەك يەرگە سېلىنغان، ئەمما Ⅻ . F ئىبادەتخانا توغراقلىق بەلبېغىدىكى تاغقا سېلىنغان. تاغ چوققىسىغا سېلىنغان ئىبادەتخانىنىڭ يەر يۈزىدىن ئېگىزلىكى ئاز بولغاندىمۇ 20 فۇت كېلىدۇ، بۇ ئورۇننىڭ تاللىنىشى تولىمۇ ئالاھىدە، بۇنىڭدا ھېچقانداق مەسىلە يوق. پەقەت بۇ نۇقتا Ⅻ . F خارابە بىلەن باشقا

خارابىلەرنىڭ ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ تۆردىكى خارابىلەرنىڭ يەنە بار - يوقلىقىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇنىڭغا ئوخشايدىغىنى خوتەندىكى مۇھەممەد چولڭ قەبرىستانلىقىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى هازىرقى مازارلىق بولۇپ، ئۇلار ناهايىتى ئېگىز توغراقلىق بەلبېغىغا ياكى قۇملۇقنىڭ گىرۋەكلىرىدىكى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان جايغا ياسالغان.

## مازار بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان رايونلار

هازىرقى مەسچىتلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى قەدىمكى خارابىلىكنىڭ يېقىن ئەتراپىغا جايلاشقان، بۇنى هەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق دېگىلى بولمايدۇ. بىز هازىر تەھلىل قىلىۋاتقان خارابىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدا ئۇلۇغ مازار ۋە لاچىنئاتا (Lachin–ata) مازىرى هەم قەدىمكى پىما شەھىرى خارابىسى بار. پەرهاد بەگنىڭ يايلىقىدىكى تاتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق مازارلار بار. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كونا دامكۇلۇقلار بۇ يەرگە كېلىپ ئىبادەت قىلىپ كېتىدىكەن. بۇ يەردىن سەل ئالدىغا ماڭسا، كىشىلەر هەمىشە بارىدىغان ئىمام جەففەرى سادىق ۋە ئىمام ئاسىم (Imam Asin) مازارلىرى بار. ئۇلارنىڭ جايلاشقان ئورنى ئايرىم - ئايرىم نىيە ۋە ئاق سىپىل (AK–Sipil) خارابىسى بىلەن قوشنا. Ⅻ . F خارابىسىنىڭ يىل دەۋرى پەرهاد بەگنىڭ يايلىقىدىكى باشقا خارابىلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ، ئەمما مازار شەكلىگە ئاساسەن بىلگىلى بولىدۇكى، قەدىمكى خارابىلەر قۇملۇقتا تاشلىنىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا مەسچىت سېلىنغان، شۇڭا ۋاقتى بىرقانچە ئەسىر كېيىن بولۇشى مۇمكىن.

## قېزىۋېلىنغان پۇللار بىلەن خارابىنىڭ يىل دەۋرى

بىز پۇتكۇل خارابىلىكنىڭ ئومۇمىي يىل دەۋرىنى ئويلاشقان چېغىمىزدا، ئالدى بىلەن پۇتكۇل خارابىلىكتىن چىققان

يادىكارلىقلار ۋە XII . F دىن باشقا جايدىن چىققان بۇيۇملار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچىنى ئويلىشىشىمىز لازىم. ئىبادەتخانا III . Fدىن بەش جۇلۇق يارماق تېپىلغاندىن باشقا، يەنە سەككىز دانە جۇڭگو يارمىقى تېپىلدى. بۇ يارماقلارنىڭ ھەممىسى يەردىن تېپىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۆت دانىسى ئۆي ئۇلى I ئەتراپىدىن، ئۈچ دانىسى ئىبادەتخانىدىكى راھىبلار ياتاقخانىسى II نىڭ يېقىن ئەتراپىدىن، بىر دانىسى تاتى V دىن تېپىلدى. بۇ يارماقلارنىڭ ھەممىسى كېيىنكى خەن دەۋرىدىكى بەش جۇلۇق يارماق ياكى بولمىسا شۇ مەزگىلدىكى خەتسىز يارماق ۋە چيەنلۇڭ يارمىقى بولۇشى مۇمكىن. تاڭ دەۋرىدىكى يارماقتىن بىرەرسىمۇ تېپىلمىدى. بۇ نۇقتا تولىمۇ مۇھىم. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مەن خادىلىق خارابىسىنى قازغان چاغدا قېزىۋېلىنغان يارماقلار ئىچىدە ئاز بولغاندىمۇ 98 دانىسى تاڭ دەۋرىگە تەۋە، پەقەت بەش دانىسىلا بەش جۇلۇق يارماق ئىدى. شۇڭلاشقا بۇ يارماقلار پەرھاد بەگ يايلىقى خارابىسىنىڭ يىل دەۋرىنىڭ تېخىمۇ بۇرۇن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مېنىڭچە بۇ پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ.

**II · F دىكى يادىكارلىقلار بىلەن باشقا ئىبادەتخانا خارابىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى**

ئۇ يەردىن تېپىلغان لاي پېچەتمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىز تاپقان ئۈچ لاي پېچەت، ئەسلىدە ياغاچ تارشا ئۈستىگە چاپلانغان، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى نەقىش كېيىنكى مەزگىلدىكى كلاسسىك ھۈنەر ـ سەنئەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ياكى بىۋاسىتە ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، ئۇلارنىڭ شەكلى بىلەن نىيە خارابىسىدىن تېپىلغان لاي پېچەت ئۈستىدىكى نەقىشكە تولىمۇ ئوخشايدۇ. II . Fدىن تېپىلغان قوش قەۋەتلىك سۇپىدىكى ئىمارەت ئىزى بىر قىسىم مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، بۇ خىل ئىمارەت ئىزى كۆپچىلىككە

تونۇشلۇق بولغان نىيە ئۇسلۇبىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئىدى، بىزنىڭ خوتەن رايونىدىكى بۇددىزم سەنئىتى ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى چەكلىك. Ⅱ . Fدىن تېپىلغان بىرقانچە رەسىمنىڭ ئۇسلۇبىدىن ئىشەنچلىك يەكۈنگە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىمۇ ئانچە چوڭ ئەمەس. بىراق، مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئۇلار روشەنكى، دەندەن ئۆيلۈكتىن تېپىلغان رەسىم ياكى خادىلىقتىن قىزىتۋېلىنغان تام رەسىم پارچىلىرىغا قارىغاندا ھىندى تىپىغا تېخىمۇ يېقىن كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، كېيىنكىسى بىلەن ئىبادەتخانا Ⅻ . F تىكى تام رەسىمى ئۇسلۇب جەھەتتە ئازراق پەرقلىنىدۇ ياكى قىلچىمۇ پەرق يوق. ئەڭ ئاخىرىدا دىققەت قىلىش زۆرۈركى، پەرھاد بەگنىڭ يايلىقى بىلەن دەندەن ئۆيلۈك، خادىلىقتىن تېپىلغان يازما ماتېرىياللار ئالاھىدىلىك جەھەتتە روشەن پەرقلىنىدۇ. دەندەن ئۆيلۈك، خادىلىق خارابىلىرىدىن چىققان يازما پۈتۈكلەرنىڭ ماتېرىيالى ئاساسەن قەغەز، ئەمما پەرھاد بەگنىڭ يايلىقى خارابىسىدىن چىققان قەغەز پارچىلىرى ناھايىتى ئاز، ياغاچ پۈتۈك كۆپ. پەرھاد بەگنىڭ يايلىقى خارابىسىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسى پارەمىتا سۇترە ئىدى. بىز دەندان ئۆيلۈك ۋە خادىلىقتىن تېپىلغان خەنزۇچە نوم پۈتۈكلىرى بىلەن تىبەتچە نوم پۈتۈكلىرىگىمۇ سەل قارىماسلىقىمىز لازىم.

**بالدۇرلا تاشلىۋېتىلگەن خارابىلىك**

بارلىق يىپ ئۇچىنى ئومۇملاشتۇرۇپ مۇھاكىمە قىلىپ مۇنداق خۇلاسە چىقاردىم: پەرھاد بەگنىڭ يايلىقى تاشلىۋېتىلگەن ۋاقىت دەندەن ئۆيلۈك، خادىلىق خارابىلىرىنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن، يەنى بىز ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك، ئۇ 8 – ئەسىردە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك تاشلىنىپ قالغان. ھازىر ئۇنىڭ ئېنىق تاشلىنىپ قالغان دەۋرىنى بېكىتكىلى بولمايدۇ، ئەمما ئىككى نۇقتا دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، بەلكىم بۇنىڭ

ئومۇمىي يىل دەۋرىنى بېكىتىشتە ياردىمى تېگىشى مۇمكىن. بۇنىڭ بىرى، بۇ يەردىن قارىۋىشتىچە بىر پارچىمۇ ۋەسىقە تېپىلمىغان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قارىۋىشتى يېزىقى تۇرپان ئويمانلىقىدا تاكى 4 ـ ئەسىرگىچە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنرەك مەزگىللىگىچە ئىشلىتىلگەن. يەنە بىرى بولسا، جۇغراپىيەلىك ئورۇن، بۇ سۇڭ يۈننىڭ خاتىرىسىدە كۆرۈلىدۇ. بۇ سەييياھ مىلادىيە 519 ـ يىل چەرچەندىن خوتەنگە كەلگەن چاغدا خېمانىڭ شەرقىدىكى پىما شەھىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. پىما شەھىرى شاۋاننىڭ تەكشۈرۈپ تەھقىقلىشىگە ئاساسلانغاندا، شۈەنزاڭ تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پىما شەھىرىنى كۆرسىتىدىكەن، ئۇنىڭ ئورنى ئۇزۇنتاتى، يەنى ئۇلۇغمازار (ئۇلۇغمازار)نىڭ شىمالىدا ئىدى. مەن بىرىنچى قېتىم تەكشۈرگەن بۇ خارابىلىكنىڭ 22 يىلدىن كېيىن مېنى تولۇق ھەم ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

سۇڭ يۈن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پىغانا

بۇ نۇقتىنى مۇھاكىمە قىلغاندا، مەن سۇڭ يۈن تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن خېمانىڭ شەرقىغە 22 چاقىرىم كېلىدىغان پىمانى چوقۇم دامكۇنىڭ يېقىن ئەتراپىدىن ياكى ئۇنىڭ شىمالىدىن ئىزدەش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدىم. پەرھاد بەگنىڭ يايلىقى خارابىسى دەل بىز پەرەز قىلغان بۇ نۇقتا بىلەن ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى تاتى دەل مەن 1908 ـ يىلى قايتا تەكشۈرگەن ئۇزۇنتاتىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇلۇغ مازارنىڭ شەرقىي شىمالىغا 3 مىلدىن كۆپرەك كېلىدۇ. بۇ ئىككى خارابىنىڭ ئارىلىقى دەل 7 مىل ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئازراق كېلىدۇ، چۈنكى ئۇزۇنتاتى خارابىسى رايونى ئەمەلىي تەكشۈرگەن دائىرىنىڭ تېخىمۇ شەرقىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ ئورنى پۈتۈنلەي ماس كېلىپلا قالماي، ئارىلىقىمۇ ئۆزئارا يېقىن كېلىدۇ. بۇ بىز دېگەن خارابىنىڭ دەل

سۇڭ يۇنىڭ خاتىرىسىدىكى پىما ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئەگەر سۇڭ يۇنىڭ بۇ شەھەردىن ئۆتكەن ۋاقتىنى 6 ـ ئەسىرنىڭ ئارىلىقلىرىدا دېسەك، ئۇنداقتا بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەن يىل دەۋرىگە ئائىت پاكىت ـ پۇل ۋە ۋەسىقىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئىبادەتخانا Ⅻ . F بۇ تاشلاندۇق خارابىنىڭ يان تەرىپىگە سېلىنغان بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مازىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ يىل دەۋرى بىر ـ ئىككى ئەسىر كېيىن ئىدى.

## 3 ـ بۆلۈم دامىكۇدىن خوتەنگە سەپەر

### قارايانتاق خارابىسى

3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مەن پەرھاد بەگنىڭ يايلىقىدىن جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، دامىكۇ بوستانلىقىدىن ئۆتۈپ، روزى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بايقىغان خارابىلىكنى تەكشۈرگىلى باردىم. دامىكۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقى كەڭ كەتكەن چاتقاللىق ۋە پاكار قۇم بارخانلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يەردە قارايانتاق (Karayantak) دەيدىغان يەر بار ئىكەن، ئۇلار بايقىغان خارابىلىك دەل مۇشۇ يەردە ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىز 1906 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تەكشۈرگەن مازارتوغراق خارابىسىنىڭ شەرقىگە 1.5 مىلمۇ كەلمەيتتى. بۇ خارابىلىك بۇددا ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئاللىقاچان گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە بېزىلىشى خادىلىقتىكى ئاساسىي ئىبادەتخانىلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما كۆلىمى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك. خارابىلىكنىڭ كۆپ قىسمى 9 ~ 10 فۇت قېلىنلىقتىكى قۇم بىلەن قاپلانغان، ئەمما تازىلاپ ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ يەردىكى ئۆينىڭ خادىلىقتىكى ئۆيگە ئوخشاشلا ئوتۇن ساقلاشقا ئىشلىتىلگەنلىكىنى بىلدۇق. بىرقانچە فۇت ئۇزۇنلۇقتىكى لىم ۋە كۆتەكلەردىن باشقا، ياغاچلار كېسىپ

كېتىلگەنىدى، خارابىلىكنى قۇمنىڭ قاپلاپ كېتىشى كېيىنكى ئىشلار ئىدى. كېسىۋېتىلگەن رەڭدار نەقىشلىك ياغاچ پارچىلىرى كۆپ ئىدى. ئەمما، ئوت كەتكەن ئىزنالار بايقالمىدى.

تام رەسىمى بىلەن ھەيكەل قالدۇقى

بىز تاپقان بىر قىسىم تام رەسىم پارچىلىرىدا بۇددانىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىبادەتخانىنىڭ تېمىدا ھېچنېمە يوق ئىدى. بۇ تام شۇبھىسىزكى، قومۇشتىنلا ياسالغانىدى. كاكۇل لاي پارچىسى كۆرۈنۈپ قالغان يەرنىڭ شەرقىگە تەخمىنەن 10 فۇت كېلىدىغان جايدىن مەركىزىي بۇددا ھەيكىلى تەگلىكىنىڭ ئىزى بايقالدى، ئۇنىڭ يېنىدىكى سۇنۇق ياغاچ بىلەن كاكۇل دۆۋىلىرى ئارىسىدىن بىر قىسىم لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىلىرى بايقالدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ساز ئىلاھىغا ئوخشايدىغان ھەيكەلنىڭ باش قىسمى بار. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن خادىلىقتىن بايقالغان ھەيكەلنىڭ ئۇسلۇبى يېقىن كېلىدۇ. ياغاچتىن ياسالغان بىر پارچە پوتى تاختىسى بار بولۇپ، ئۇستىگە ئوتتۇرا ئاسىياچە پارەمىتا سۈترە يېزىلغان، خەت ئىمىر ـ چىمىر بولۇپ، ئېنىق ئەمەس ئىدى. يەنە يەتتە پارچە لاي پېچەت بولۇپ، ئۇنىڭغا پېتىنقى تامغا ئويۇلغان. ئۇستىدە بىر بۇدساتۋانىڭ نىلۇپەر تەگلىك ئۇستىدە ئولتۇرغان كۆرۈنۈشى بار، ئۇ ساپ ھىندى ئۇسلۇبىدا ئىدى. ئوخشاش بىر ئورۇندىن بىر ياغاچ ھەيكەل پارچىسى (131 ـ رەسىمگە قاراڭ) بايقالدى. ئۇ 1 فۇتتىن ئارتۇقراق كېلىدۇ، يەنە



131 ـ رەسىم ياغاچ ھەيكەل پارچىسى

ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەن بىر دانە رەڭدار نەقىشلىك ياغاچ تاختا بايقالدى. كىچىك ئىبادەتخانا مۇنارىنىڭ ئەتراپىدىكى كارىدورنىڭ كىرىش ئېغىزىنىڭ جەنۇبىغا يېقىندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە پەقەت ئىككى دانە لاي بۇتنىڭ تەگلىكى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بۇددا تەگلىكىنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا ئېگىزلىكى تەخمىنەن 6 دىيۇم كېلىدىغان بىر پارچە تام رەسىمى ساقلىنىپ قالغان، ئۇنىڭدا يۈكۈنۈپ ئىبادەت قىلىۋاتقان بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ ئوبرازى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇلار تېۋىنغۇچىلار ئىدى. بارلىق ئوبرازلار ئىنتايىن نەپىس سىزىلغان، لېكىن كۆپ قىسمى شورلىشىپ بۇزۇلۇپ كەتكەن.

خارابىنىڭ يىل دەۋرى

ئاز ساندىكى سەنئەت يادىكارلىقلىرىغا ئاساسلىنىپ، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ تەخمىنىي يىل دەۋرىنى ھەمدە بۇ خارابىلاشقان يىل دەۋرىنى خادىلىق ئىبادەتخانىسى بىلەن ئوخشاش، دەپ قارىدۇق. بۇ قاراش قايىل قىلارلىق پاكىتقا ئىگە بولدى، بىز يەر يۈزىدىن چيەنيۈەن يىللىرى (مىلادىيە 758 ـ 760 ـ يىللىرى)دا قۇيۇلغان يارماقتىن بىرنى بايقىدۇق، بۇ يارماق خېلى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، داتلاشقان ئىز يوق ئىدى، بۇ خادىلىق بىلەن مازارتوغراقتىكى ئەھۋالغا ئوخشاش ئىدى. بۇ ئىبادەتخانا ۋە ئولتۇراق رايون ئاشۇ مەزگىلدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، 8 ـ ئەسىرگە كەلگەندە ئىبادەتخانا تاشلىنىپ خاراب بولغان.

كېڭىيىۋاتقان دامكۇ تېرىقچىلىق رايونى

قارايانتاقتىن بۇ رايوننىڭ مەركىزى بولغان كېرىيەگە بىر قېتىم تېزلا بېرىپ ـ كېلىپ، 3 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن بۇرۇن دامكۇغا يېتىپ كەلدىم. شۇ كۈنى يولغا چىقىپ، غەربىي شىمال يۆنىلىشتىكى قۇملۇققا كىرىپ، يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ مازارنىڭ ئەتراپىدىكى كونا خارابىلەرنى تەكشۈردۈم. دامكۇ ۋە گۇلاخمىدىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۆتىدىغان يولدا، بۇ يەردىكى ئىتىزلارنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقانلىقىنى، كەنتلەرنىڭ تېزلىكتە ئاۋاتلاشقانلىقىنى كۆردۇم. بۇ مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى قوزغىدى. مەن 1906 ـ يىلى تەكشۈرگەندىن باشلاپ، دامىكۇدا چوڭ كۆلەملىك بازار بارلىققا كەلگەندى، شەرقتىكى چىگىلىك(Chigilik) نىڭ ئەتراپىدىكى يەرلەر ئۇ چاغلاردا تېخى قاقاسلىق ئىدى. ھازىر يېڭى ئۆستەڭ ياسىلىپ، بۇ يەردە ئۇزۇن مەزگىل تېرىقچىلىق قىلغىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللىنىپتۇ، بۇ يەردىكى كۆپ مىقداردىكى ئېشىنچا سۇ ھازىر خادىلىق خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئۆستىدىكى كەڭ كەتكەن يەرلەرنى ئېچىشقا ئىشلىتىلىۋاتاتتى.

سۇغىرىلىدىغان رايوننىڭ كېڭىيىشى

غەرب تەرەپتىمۇ تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئۆزلۈكسىز كېڭىيىۋاتقانلىقىنى بايقىدىم. بۇ يەردىكى قۇملۇقتا نۇرغۇن توغراقلىق بولۇپ، ئىلگىرى دامىكۇ ۋە گۇلاخمىدىكى كەنتلەرنى ئايرىۋەتكەنىدى. ھازىر بۇ توغراقلىقنىڭ چۆرىلىرى بارغانسېرى كىچىكلەپ كەتكەن، كىشىلەر بۇ جاينى تۈزلەپ، سۇغىرىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. مەن ھەيران قالارلىق بىلەن بۇ توغراقلىقلارنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ باشقا بىر يەرنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ئۆستەڭدىكى لايلار سۇدا ئېقىپ يېڭى بىر يەرنى قاپلىغانىدى. بۇنداق كېڭىيىش نىسبىتى بارغانسېرى ئېشىۋاتقانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى قارا سۇنى تېخىمۇ تېجەپ ئىشلىتىش، يەنى پوناق (Ponak) ۋە گۇلاخمىنىڭ «قېرىنداش» (akins) بۇلاق سۈيىنى تېجەپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. ئىشەنچلىك يەرلىك خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يېزىدىكىلەرنىڭ نوپۇسى ئۆتكەن 16 يىلدىكىدىن بىر ھەسسە كۆپەيگەن. بۇ خىل ئېشىپ بېرىش كىشىنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ. چۈنكى، كىشىلەر ياز پەسلىدىكى كەلكۈن (ئاقسۇ) سۈيىنىڭ ئازلاپ كەتكىنىدىن نارازى بولۇشقا باشلىغان بولۇپ،

سۇ ئورنى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ناھايىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن. ناھايىتى روشەنكى، نوپۇس بېسىمىنىڭ ئېشىشى ۋە باشقا ئىقتىسادىي ئامىللار بۇ خىل ئۆزگىرىشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ھېلىقى «تۇيۇقسىز بولىدىغان قۇرغاقچىلىق» نەزەرىيەسىنى قوللايدىغان ئەنئەنىۋى ئىسپاتلار ئىنتايىن ئاجىز كۆرۈنىدۇ.

### ئۈلۈغ مازار ئەتراپىدىكى خارابىلەر

قۇملۇقتىكى بۇددا دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى بولغان ئۈلۈغ مازار ياكى ئۈلۈغ جىھاد، يەنى «مۇقەددەس ئىبادەتخانا»نىڭ ئەتراپى ۋە شىمال تەرىپىدىن چوڭ كۆلەملىك بىر خارابىلىك بايقالدى. مېنىڭچە، شۇەنزاڭ تىلغا ئالغان پىغانا بىلەن سۇڭ يۈن تىلغا ئالغان پىما دەل مۇشۇ ئەتراپتا بولۇشى مۇمكىن. مەن ئالدىنقى قېتىمدا دەل ئۇنىڭ خارابىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن كەلگەنىدىم. بۇنىڭدىكى سەۋەبىنى «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىمدا يېتەرلىك چۈشەندۈرگەنىدىم. مېنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈشۈم بۇ ھۆكۈمىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئاشۇ قېتىم مەن بۇ تاتىنىڭ دائىرىسىنى تېخىمۇ ياخشى بىلىۋالدىم. بۇ تاتى ئۈلۈغ مازارنىڭ جەنۇبىي ۋە شەرقىي جەنۇبىي قىسمىغىچە سوزۇلغانىدى. بۇ قېتىم بىز لاچىنئاتا (Lachin-ata) مازىرىدىن يولغا چىقىپ، ئۈلۈغ مازارغا بارىدىغان چاغدا موللا ھەۋزە دېگەن كىشى يول باشلاپ ماڭغاچقا، يېقىن يول بىلەن ماڭدۇق. تەخمىنەن 1 مىل ماڭغاندىن كېيىن، مەن بۇ يەرلەردە نۇرغۇنلىغان خارابىلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم. بۇ خارابىلەردە كونا ساپال بۇيۇم پارچىلىرى، كۆيگەن خىش، كان داشقىلى قاتارلىقلار ھەم قۇم بارخانلىرى بىلەن توغراقلىق ئوتتۇرىسىدا شامال يالاپ كەتكەن يەرلەرمۇ بار ئىدى. ئۈلۈغ مازارنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىي جەنۇبىغا تەخمىنەن 1.5 مىل كېلىدىغان يەرلەر مۇشۇنداق ئىدى. بۇ تاتىلارنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدىكى يادىكارلىقلار شامال، بورانىنىڭ يالىشى بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئېچىلىپ قالغانىدى، بۇلار قەبرىلەرنىڭ قەدىمىيلىكىنى ئىپادىلەيتتى.

ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى قەبرىستانلىق

مەن بۇ قەبرىلەرنى دەسلەپكى ئىسلام دىنى دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارايمەن. بۇ نۇقتىنا مۇئەييەنلەشتۈرۈشتۈرۈلدى. مەن نۇرغۇن نۇقتىلاردىن خېلى بىجىرىم ساقلانغان ئۇستىخانلارنىڭ رەتلىك قويۇلغانلىقىنى بايقىدىم. جەسەتلەرنىڭ پۇتى جەنۇبقا قارىغان بولۇپ، بۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىگە پۈتۈنلەي ماس كېلەتتى. يۇقىرىقى ئالامەتلەر بۇ خارابىلىكنىڭ تاكى دەسلەپكى ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بۇ نۇقتىنا ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ ماركو پولو تىلغا ئالغان «پېيىئېن» (培恩) نىڭ دەل «پىما» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى مۇمكىن.

دەسلەپكى پۇللار

بۇ تاتىدىن يىغىدىن قېزىۋېلىنغان پۇللار بىزنىڭ ئالدىنقى قېتىم تەكشۈرۈشتە ئىگە بولغان يەكۈنىمىزگە ماس كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ رايوندا سۇنىڭ يۇن پىماغا كېلىشتىن ئىلگىرىلا ئاھالىلەرنىڭ ئۇزۇن مەزگىل ئولتۇراقلاشقانلىقىنى ئىسپاتلىدى. مەن بىلەن رام سىنىگ تەكشۈرۈپ تېپىۋالغان پۇللارنىڭ بىرى سۇنىڭ دەۋرىگە ئائىت بولۇپ، يىل دەۋرى مىلادىيە 1102 — 1107 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. يەنە بىرى، ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى پۇل بولۇپ، يىل دەۋرى 14 ـ ئەسىر دەپ بېكىتىلدى. بۇ يەردىن يەنە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن بىر قىسىم بەش جولۇق يارماق، يەنە خەنزۇچە ـ قارۇشتىچە خەت يېزىلغان بىر دانە يارماق تېپىلدى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى بۇ پۇللارنىڭ بايقىلىشى تولىمۇ مۇھىم بولۇپ، سۇنىڭ يۇن خاتىرىلىگەن ئىبادەتخانىنىڭ يىل دەۋرىنى

دەلىللەپ بەردى. سوڭ يون پىما، يەنى ھازىر نامى مەشھۇر بولغان ئۇلۇغ مازاردىن جەنۇبقا 15 چاقىرىم مېڭىپ، ئىبادەتخانىغا كېلىپ ئىنتايىن نەپىس ياسالغان بۇددا ھەيكىلىنى كۆرگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئۆزى كۆرگەن نۇرغۇن تۈغ - ئەلەملەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىدە ۋېي سۇلالىسى (مىلادىيە 386 — 534 - يىللار)نىڭ يىلنامىسى بارلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ مىلادىيە 384 — 417 - يىللىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى يازغان.

## ئۇلۇغ مازارنىڭ شىمالىدىكى خارابىلىك

مەن ئۇلۇغ مازاردا بىر كۈن توختىدىم، چۈنكى شىمالغا قاراپ ماڭسا ئۇزۇن تاتى خارابىلىكىگە تېزلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. يولدا ئاددىي بىر ئىمارەت ئىزناسىنى بايقىدىم، بۇ شۈبھىسىزكى، مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتى ئىدى. بۇ «قەدىمكى خوتەن» ناملىق كىتابتا تەسۋىرلەنگەن قەدىمكى قورغان خارابىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تەخمىنەن يېرىم مىل كېلەتتى. ئانچە يىراق بولمىغان جايدا كېيىنكى مەزگىلگە خاس تۇرالغۇ ئۆي خارابىسى بايقالغاچقا، ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن قورغان كېيىنكى دەۋرگە تەۋە، دېگەن قاراش تېخىمۇ جەزملەشتۈرۈلدى. ماركو پولو تىلغا ئالغان «پىما» خارابىلىشىپ ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، كىشىلەر قايتىدىن بۇ جايغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ ئىمارەتلەرنىڭ دەۋرى مۇشۇ مەزگىللەرگە توغرا كېلىشى مۇمكىن. ئۇلۇغ مازار بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بېكىتىمىز ئىدى، قىشلىق تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئەترەت ئەزالىرى مۇشۇ يەردە جەم بولدۇق. 3 - ئاينىڭ 22 - كۈنى جەنۇبقا قاراپ مېڭىپ، چىرا بوستانلىقىغا يېتىپ كەلدىم.

## چىرا بوستانلىقى ۋە راۋاق خارابىلىكى

چىرا چوڭ ھەم ئاۋات بىر يېزا، ئاھالىسى مۆلچەرىمچە 3500 تۈتۈندىن ئاز ئەمەس، تېرىقچىلىقتا ئاساسەن كەلكۈن سۈيىگە

تايىنىدۇ، سۇ بىۋاسىتە مۇز تاغ چوققىسىدىن كېلىدۇ. بۇ يەردە سۇغىرىلىدىغان يەر تېز سۈرئەتتە كېڭەيگەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يىللىق كۆپىيىشى 1000 موغا يېتىدىكەن. بىرقانچە ئەسىردىن بۇيانقى قاقاس قۇملۇق ھازىر قايتىدىن ئېچىلغانىدى. بۇنىڭ بۇ يەردە ساقلىنىۋاتقان يادىكارلىقلارغا تەسىر كۆرسىتىشى ئېنىق ئىدى. بۇنداق بۇزغۇنچىلىققا قارىتا مەن بىر مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي. مەن قونالغۇمىز ئوغرىلىق(Oghrelik) نىڭ غەربىي تەرىپىگە تەخمىنەن 1 مىل كېلىدىغان، «راۋاق» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خارابىلىككە باردىم. بۇ يېڭى ئېچىلىۋاتقان تېرىقچىلىق رايونىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ يەردىن كۆلىمى خېلى چوڭ ئۆيلەرنىڭ تېمىنى بايقىدىم، تام كېسەكتىن قوپۇرۇلغانىدى. ھازىر ئەتراپتىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى سۇغىرىش ئۈچۈن يېڭىدىن ئۆستەڭ چېپىلغان بولۇپ، سۇ تاملارنى ئۆرۈۋەتكەنىدى، ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئۆينىڭ ئۇزۇنلۇقى 48 فۇت، كەڭلىكى 37 فۇت كېلەتتى. ئېنىق ئىزلار بايقالمىغاچقا، ئۇنىڭ يىل دەۋرى ۋە نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكى نامەلۇم. تېخى سۇغىرىلمىغان يەرلەردە شامالنىڭ يالىشى نەتىجىسىدە بىر قىسىم كىچىك ساپال پارچىلىرى ئېچىلىپ قالغان بولۇپ، بۇ ئىلگىرى بۇ يەردە ئادەم ئولتۇراقلاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى.

**ماھىرە (Maira) تاتىدىكى ساپال پارچىلىرى**

غەربىي شىمال تەرەپكە تەخمىنەن 1.5 مىل كېلىدىغان جايدا توغراقلىق بار ئىدى. ھازىر بۇ يەر پۈتۈنلەي قاقاسلىشىپ كېتىپتۇ، بۇ يەردىكى دەرەخ ۋە دەرەخ يىلتىزلىرىنى چىرىلىقلار كېسىپ كېتىلىپتۇ. بۇ قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا مەن تەخمىنەن 1/4 كىۋادرات مىل كېلىدىغان يەرگە كېلىپ، ناھايىتى كۆپ قەدىمكى ساپال پارچىلىرىنىڭ دۆۋىلەنگەنلىكىنى كۆردۈم. يەر يۈزىدىكى يۇمشاق لايلار ئىچىدىن ساناقسىز لاي ھەيكەل

پارچىلىرىنى تېرىۋالدىم، بۇ ساپال پارچىلىرى قاتتىق ئاق ساپال بولۇپ، ئىبادەتخانا تېمىنىڭ بېزەك بۇيۇملىرى بولسا كېرەك. بۇ ئىبادەتخانا ناھايىتى بۇرۇنلا گۇمۇرۇلۇپ چۇشكەن بولۇپ، تاڭ دەۋرىدە ياسالغانلىق ئېھتىمالى چوڭ.

**چىرىنىڭ غەربىدىكى كېڭەيتىلگەن تېرىقچىلىق يەرلىرى**

3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى مەن چىرىدىن ئايرىلىپ، غەربكە قاراپ لوپقا بېرىپ، قايتىدىن خوتەن رايونىنىڭ ئەڭ چېتىنى تاپماقچى بولدۇم. ئىلگىرى مەن كېرىيە بىلەن خوتەن ئارىسىدىكى ئاساسىي قاتناش يولىدا مېڭىپ باققان بولغاچقا، چىرىنىڭ غەربىدىكى كېڭەيمىۋاتقان تېرىقچىلىق رايونىدىكى ئۆزگىرىشنى ئاسانلا بىلىۋالدىم، 1901 ـ يىلى كەڭكانغا كەلگەن ۋاقىتتا ساناقلىقلا بىرقانچە پارچە تېرىلغۇ يەر بار ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تېرىقچىلىق يەرلىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ، چىرىنىڭ كونا يەرلىرى بىلەن تۇتىشىپ، 2 مىلچە سوزۇلغانىدى. ئالدى تەرەپتىكى كارپاتمۇ مۇشۇنداق ئىدى. ئىلگىرى يول ياقىسىدا ئاندا ـ ساندا لەڭگەرلەر بولغان بولسا، كېيىنچە ئۇنىڭ ئەتراپى كىچىك بوستانلىقتا ئايلانغانىدى. ھازىرقى تېرىقچىلىق يەرلىرى ۋە يول بويىدىكى ئاق تېرەكلەرنىڭ ئىگىلىگەن ئۇزۇنلۇقى 2 مىلغا يەتكەنىدى.

**ۋەيسكەرەمنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بۇتخانا خارابىسى**

لوپ بازىرىدىن ئايرىلىپ، شىمالغا قاراپ مېڭىپ، مېنىڭ بىر «تەكلىماكانلىق» ئادىمىم بايقىغان مەخمۇد (Mahmud) خارابىسىنى تەكشۈرۈشكە باردىم، خارابىلىك ئىمام ئاسىم (Imam–Asim) مازىرى بىلەن سۇلتان ۋەيىسكەرەم (Sultan Waiskaram) ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقانىدى. ئۇ يەرگە بارىدىغان يولدا ھاڭگۇيىنىڭ مۇنبەت يەرلىرىنىڭ شىمالىي چەتلىرىدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن سازلىق بىلەن توشۇپ

كەتكەن دەريا قىنىنى بويلاپ ماڭدۇق. بۇ دەرياغا يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن كەلگەن ئەڭ شەرق تەرەپتىكى قانالدىن تېشىپ چىققان سۇ ھەم سان - ساناقسىز بۇلاقتىن چىققان قارا سۇلار يىغىلىپ ئاقىدۇ. دەريا قىنىنى بويلاپ شەرقىي شىمالغا ماڭسا ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ قومۇشلۇق جىلغا ۋە چاتقاللىق بەلباغلىرىغىچە تۇتىشىپ بارىدىكەن. پادىچىلار بۇ يەرگە كېلىپ باققان، بۇ يەر سۇلتان ۋەيىسكەرىمدىن ئۈچ - تۆت كۈنلۈك يىراقلىقتا ئىدى. دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىگە ماڭىدىغان يولدا سۇ بولغاچقا، بۇ خوتەندىن ئۇ يەرگە بارىدىغا ئەڭ ئۇدۇل، ئەڭ قولايلىق يول ئىدى. بۇ يول كېيىنكى ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئەرزىيتتى. دەندەن ئۆيلۈك مازىرىنىڭ غەربىدىكى توغراقلىقتا ئىككى كىچىك تاغ جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەردىكى «شەيخ»مۇ ھەممىنى بىلەتتى. ئۇلار قارىماققا پۈتۈنلەي گۆمۈرۈلۈپ كەتكەن بۇددا مۇنارىدەك قىلاتتى. بىرىنىڭ ئارىلىقى 1 مىل بولۇپ، ئېغىر دەرىجىدە خوراپ كەتكەن، تەخمىنەن 21 كىۋادرات فۇت كېلىدىغان، ئېگىزلىكى 7 ~ 8 فۇت كېلىدىغان بىر سۇپا بار ئىدى. كېسەكلەرنىڭ ئۆلچىمى 18 × 10 × 3 دىيۇم كېلەتتى. غەربكە يەنە 400 مېتىر كېلىدىغان جايدا ئىككىنچى كىچىك تاغ بولۇپ، كۆچمە قۇملاردىن چىقىپ قالغان قىسمى 3 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. يەر يۈزىنى تازىلىغاندىن كېيىن بىر ئىبادەتخانا سۇپىسىنىڭ ئەڭ ئاستىنقى قىسمىنى كۆرگىلى
بولىدى. سۇپىنىڭ ئەڭ ئاستى 23 كىۋادرات فۇت بولۇپ، 3 فۇت ئېگىزلىكتە كېلىدىغان بىرقانچە جايدا ئاق ساپالدىن ياسالغان قاپارتما ھەيكەللەر ساقلانغانىدى. ساقلىنىپ قالغان سۇپىنىڭ ئۈستى تەخمىنەن 7 فۇت ياكى ئۇنىڭدىن ئېگىزرەك كېلەتتى. ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلىپ كەتكەچكە، ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس.

**ھاڭگۇيا تاتى خارابىسى**

ئىككىنچى ئىبادەتخانا خارابىسىدىن غەربكە قاراپ مېڭىپ، ئېگىزلىكى 50 ~ 60 فۇت كېلىدىغان ئىككى قۇملۇقتىن ئۆتسە، ئاندىن دوكلاتتا تىلغا ئېلىنىغان خارابىلىككە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. خارابىلىك 15 ~ 20 فۇت ئېگىزلىكتىكى قۇملۇق ئارىسىدا بولۇپ، ئارىلىقى تەخمىنەن 1.5 مىل كېلەتتى. يولدا كونا ساپال پارچىلىرى دۆۋىلەنگەن يەرلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ خىل ئەھۋال يەنە بۇ ئېگىز قۇملۇقنىڭ كەينى تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن قۇملۇقتىمۇ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ غەرب ۋە غەربىي جەنۇبقا سوزۇلغان قىسمى تېخى ئېچىلىپ قالمىغان بولۇپ، «ھاڭگۇيا تاتى»نىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ تاتىنى مەن 1901 - يىلى ئارقا قۇدۇقتا تۇنجى قېتىم، 1906 - يىلى ئاقتېرەك خارابىسىگە بارىدىغان يولدا ئىككىنچى قېتىم ئۇچراتقانىدىم. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر جايدا بىر ئۆينىڭ كېسەك تېمىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ تامنى شامال يالاپ كەتكەچكە، ئېگىزلىكى پەقەت 1 فۇت ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى ئۆيدە ئوچاق بار بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 2 فۇت كېلەتتى. قۇرۇلمىسى دەندەن ئۆيلۈك، خادىلىق ۋە باشقا جايلاردا كۆرۈلگەنلىرى بىلەن ئوخشىمايتتى. جەنۇبقا تەخمىنەن 20 يارد ماڭسا دىيامېتىرى 40 فۇت كېلىدىغان ياغاچ ۋە توپا دۆۋىسى بار ئىدى. بۇ بىر ئىبادەتخانا ئىزى بولسا كېرەك. روشەنكى، بۇ ئىبادەتخانا ئوت ئاپىتىگە ئۇچرىغان. كېيىنچە بۇ يەرگە ھەمىشە «گۆھەر ئىزدەش» ئۈچۈن كىشىلەر كېلىپ تۇرغان، ھازىرمۇ يېقىن ئەتراپتىكى ئوتۇنچىنىڭ بۇ يەردىن ئۆتكەن ئىزىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كېڭەيتىلگەن سۇغىرىش رايونى**

شۇنىڭدىن كېيىن زىچ ئېتىزلار بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن

ھاڭگويا ۋە سامپۇل كەنتىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن بىزىل(Bizil) غا كەلدىم. بىزىل يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، تاغدىكى سۇلار مۇشۇ يەردىن دەرياغا قۇيۇلاتتى. مەن يولدا ئۇرغۇن پايدىلىق ئۇچۇرلارنى توپلاپ، بۇ يەرنىڭ تەرەققىي قىلغان ئۆستەڭ تورىنى بىلىۋالدىم، بۇ سۇغىرىش تورى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى خوتەننىڭ ھەرقايسى ئايماقلىرىنى، يەنى ئۇلاردىن تەشكىل تاپقان لوپ ناھىيەسىنى سۇغىراتتى. خوتەن بوستانلىقىدىكى مۇھىم ئورۇن ھېسابلىنىدىغان بۇ رايوننىڭ تېرىقچىلىق كۆلىمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، قۇملۇق گىرۋەكلىرىدىكى «يېڭى يەر»لەر سۇغىرىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، شورلىشىپ كەتكەن كونا تېرىقچىلىق يەرلىرى ئېچىلغان.

**يامادا تاتىنى قايتا زىيارەت قىلىش**

بىزىلدىن ئۆتۈپ يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا بېرىپ، قايتىدىن «گوسرىنگا (Gośrṅga)» (كالا مۈڭگۈزى) خارابىسى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى بىر قىسىم ئىزلارنى تەكشۈرمەكچى بولدۇم. خوتەننىڭ ئىككى چوڭ دەرياسىنى بۇ يەردىكى ساي ئىككىگە ئايرىۋېتەتتى. مەن تاشلىق سايدىن ئۆتكەن چاغدا كۆچلۈك قۇم - بوران چىقىپ، تەكشۈرۈش تولىمۇ تەسكە توختىدى. ئەمما، يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن (ئۇ چاغدىكى دەريا قىنى 1 مىل كەڭلىكتە، سۇ يۈزىنىڭ كەڭلىكى 100 يارد، چوڭقۇرلۇقى 1 ~ 1.5 فۇت ئىدى) ئۆتكەندىن كېيىن، سول قىرغاقتىكى ھەرقايسى رايونلارنى سۇغىرىدىغان ئۆستەڭنىڭ مەنبەسىنى كۆردۈم. ئاندىن كېيىن خارابىلىككە يېتىپ كەلدىم، بۇ خارابىلىك يامادا تاتىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بۇ تاتى مەن تۇنجى قېتىملىق تەكشۈرۈشكە كەلگەن چاغدىكىگە قارىغاندا غەربىي جەنۇبقا 1 مىل ئەتراپىدا سوزۇلغانىدى.

# 4 ـ بۆلۈم  خوتەننىڭ شىمالىدىكى ئىبادەتخانا خارابىلىرى

**خوتەندە توختاش**

خوتەندە بىر قانچە كۈن تۇردۇم. «گۆھەر ئىزدەش ئەترىتى»دىكى يول باشلىغۇچىلىرىم خوتەن بوستانلىقىنىڭ شىمالىدا بىر قىسىم خارابىلىكنى بايقىغانىدى.

**قاراسايدىكى ئىبادەتخانا خارابىسى**

مەن تەكشۈرگەن بىرىنچى خارابىلىك قۇملۇقتىكى تار كەتكەن قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا جايلاشقان. بۇ قۇملۇق خوتەن بازىرىنىڭ ئەڭ غەربىي شىمالىدىكى ياۋا (Yawa) بىلەن قارا سايىنىڭ سىرتىدىكى كەنتلەر ئارىسىغا جايلاشقان. مەن ياۋىدىكى كەڭ كەتكەن بوستانلىقلارنىڭ يېقىنقى 15 يىلدا ئېچىلغانلىقىنى بايقىدىم. ئەمما، بۇ يەر بىلەن قاراسايىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى خارابىلىك كىشىنى تولىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرەتتى. قۇرۇپ كەتكەن توغراقلىقلار ـ دەرەخلەر پوتونلەي كېسىلىپ، تامامەن كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى. ئۇلار بۇ يەردە ماڭا بىر خارابىلىكنى كۆرسەتتى. بۇ جايدىن لايدىن ناھايىتى نەپىس ياسالغان نۇرغۇنلىغان ھەيكەللەر تېپىلغان. ئۇلار ماڭا بەرگەن بىر قىسىم ھەيكەللەر دەل مۇشۇ يەردىن تېپىلغانىدى. بۇ يەردە ھېچقانداق ئۆي ئىزىمۇ ساقلانمىغان، پەقەت شامال يالاپ كەتكەن تۇپراقتىن نۇرغۇن كىچىك ھەيكەل پارچىلىرىنى تاپقىلى بولاتتى. شۈبھىسىزكى، بۇ بۇيۇملار ئۆزئارا ئارىلىقى 160 يارد كېلىدىغان ئىبادەتخانىدىكى ھەيكەللەر ئىدى. مېنىڭچە، خارابىلىكنىڭ ئىككى تەرىپىدە 2 چاقىرىم ئەتراپىدا كېلىدىغان ئۆستەڭ بولغاچقا، يەر ئاستى سۈيىنى يەر يۈزىدىن 5 فۇت ئەتراپىدا كېلىدىغان يەر قاتلىمىغا تارتىپ چىقارغان.

www.uyghurkitap.com

### پارس لېيدىن ياسالغان ھەيكەل پارچىسى

بۇ يەردىن تېپىلغان لاي ھەيكەل پارچىلىرى ئارىسىدا نەپىس، ياخشى ساقلانغانلىرىمۇ بار، ئۇلار كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان بىر قىسىم بۇددا ھەيكىلى بار بولۇپ، شۇنچە نەپىس ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدا نۇر ھالقىسى بار بىر ئەرنىڭ ھەيكىلى بار بولۇپ، مۇزىكا ئىلاھىدەك قىلاتتى. ساقلىنىپ قالغان باش ۋە بەدەن قىسمى تولىمۇ نەپىس، خۇددى «ئۈچ رەتنە» (tri–ratna) (ھەق ھىكمەت، ھەق ئېتىقاد، ھەق ئەمەل — مۇھەررىردىن)گە چوقۇنىدىغان ھەيكەلگە ئوخشايتتى. بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن دەندەن ئۆيلۈك ۋە خادىلىقتىن تېپىلغان ئوخشاش تۈردىكى ھەيكەللەر ئۆزئارا ئوخشايتتى. ئەمما، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە بەكرەك تارتقىنى ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى، يەنى ئىنتايىن قاتتىق بولغان پارس لېيى ئىدى. بۇ خىل لاينىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئەڭ دەسلەپ ئارتۇر چۇرچ (Arthur church) ئەپەندى دىققەت قىلغان. بىرى ئۇنىڭغا بىر قىسىم ئەۋرىشكىنى سوۋغا قىلغان بولۇپ، ئۇ بۇلارنى تەھلىل قىلىۋاتقان چاغدا بۇ ئالاھىدىلىكنى بايقاپ، بۇ ھەقتە ئىزدەنگەن. ئۇ، قاراسايىنىڭ لېيى ئىنتايىن قاتتىق، ئۇنىڭدىن «بۇيۇم ياسالغاندىن كېيىن ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ بۇ خىل ئوتتا پىشۇرۇشنى مەقسەتلىك دەپ قارىغان، بۇ خىل قاراش توغرا بولۇشى مۇمكىن. چىغلىقتىن تېپىلغان نۇرغۇن لاي ھەيكەللىرىمۇ كۆيدۈرۈلگەن، ئەمما بىر سىنىڭمۇ رەڭگى ئۆزگەرمىگەن، پەقەت بەزىلىرىنىڭ سىرتى ئازراق يېرىلغان. بۇ كۆيدۈرگەندە دائىم كۆرۈلىدىغان ئىز ئىدى. قالغان كۆپ قىسمى تولىمۇ سىلىق بولۇپ، بۇ ھادىسىگە نىسبەتەن كىشىلەر ھازىرغىچە قايىل قىلارلىق چۈشەنچە بېرەلمىدى.

### ماياقلىق (Mayaklik) قۇم خارابىسى

قاراسايدىن يولغا چىقىپ، قاراقاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ شەرققە

قاراپ ماڭدىم. «تەكلىماكانلىق» يولباشچىم ئابباس (Abbas) ئېگىز قۇملۇقنىڭ يان تەرىپىدە بىر ئىبادەتخانىنى كۆرگەنلىكىنى، ئورنىنىڭ بوستانلىق مەركىزى بىلەن ئىككى دەريا قوشۇلىدىغان قوشلاش (koshlash) ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. دەريانىڭ ئولڭ قىرغىقىدا سارىغ يېزىسى (Sarigh–yez) بولۇپ، ھازىرقى «يېڭى دەريا» (Yangi–darya) نىڭ تارماق ئېقىنى بۇ يەردە ئاساسىي دەرياغا قۇيۇلاتتى. دەريانىڭ ئولڭ قىرغىقىدىكى سايلىق ئېگىز دۆڭلەردىن ئۆتۈپ، تەخمىنەن 5 مىل ماڭغاندىن كېيىن ئابباس بىزنى خارابىلىك بار جايغا باشلاپ باردى. بۇ خارابىلىكنى ئۇ ئىككى يىل ئىلگىرى بايقىغان بولۇپ، قاقاس قۇملۇقتا تام رەسىمى ئىزلىرىنى كۆرگەنىكەن. بۇ خارابىلىك كۆزگە ئانچە چېلىقمايدىغان بولۇپ، يەردىمۇ ھېچقانداق ئىز يوق ئىدى. مەن يول باشلىغۇچىمىزنىڭ بۇ يەرنى يەنە تاپالىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم، يەر يۈزىدىن 20 فۇت ئېگىزلىكتىكى قۇم بارخىنى باغرىدا بىر قىسىم رەڭلىك كاكىل پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، ئۇنىڭ غەربىي ۋە شىمالىي تەرىپىدە نۇرغۇن ساپال پارچىلىرى بار ئىدى. بۇ ساپال پارچىلىرى قىپقىزىل ھەم تولىمۇ قاتتىق بولۇپ، يىل دەۋرى ناھايىتى بۇرۇندەك قىلاتتى. ئەمەلىيەتتە خارابىلىكنىڭ ئورنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىغا 2 چاقىرىم كېلىدىغان جايدا، بۇ يەر چاتقاللىق بىلەن قاپلانغان يايلاق بولۇپ، مايىقلىق دەپ ئاتىلاتتى.

چوڭ تام رەسىمى

قۇم دۆۋىسى ناھايىتى چوڭ ئىدى. ئۈستىدىكى قۇملار توختىماي تۆۋەنگە سىيرىلىپ چۈشۈپ تۇرغاچقا، قېزىش تولىمۇ جاپالىق بولدى. ئەمما، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن يەر يۈزىگىچە كولاپ، ھازىرقى تامدىن 9 فۇت تۆۋەنگە چۈشتۇق. تام كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، غەربىي جەنۇبقا قارايتتى. ھەممىسىنى تازىلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



132 ـ رەسىم مايائىلىق بۇتخانىسى II . Ta تامدىكى رەڭلىك رەسىم، چوڭ ھەيكەل ئارىسىدىكى ئولتۇرغان بۇددا

بولغاندىن كېيىن، تامنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ 34 فۇت كېلىدىغانلىقىنى، تام يۈزىنىڭ تۇخۇم رەڭگىدە بولۇپ، ئۈستىگە رەسىم سىزىلغانلىقىنى، بۇ رەسىمدە بۇددا ۋە بۇدساتۋا ئوبرازلىرىنىڭ ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈلۈپ سىزىلغانلىقىنى بايقىدۇق. تامنىڭ ئەينى چاغدىكى ئېگىزلىكى 12 فۇت ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. رەسىملەرنىڭ ئارىلىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى بوش يەرگە 132 ـ رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك، ئېگىزلىكى 3 فۇت 3 دىيۇم كېلىدىغان كىچىك رەسىملەر سىزىلغانىدى. تام رەسىملىرىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى قۇم ئېگىز بولغاچقا، بۇ چوڭ تام رەسىمىنى سۈرەتكە تارتالمىدىم. بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئىككىنچى كۈنى ئېخمۇ كەڭرى ۋە چوڭقۇر كولىدۇق، نەتىجىدە تام گۆمۈرۈلۈپ چۈشتى. تامنىڭ ئاستىدىكى خىشنىڭ يېرىقلىرىغا سۇ كىرىۋالغان بولۇپ، ئىچىدىكى ياغاچنىڭ ھەممىسى چىرىپ كەتكەنىدى. شۇڭلاشقا، بۇ تامنىڭ

ئاسانلا ئۆرۈلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە تامنىڭ كەينىدىكى قۇمنى، يۆتكىگىلى بولمىغاچقا، كولىشىمىز بىلەنلا ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. رەسىم سىزىلغان تامنۇ بالدۇرلا بوشاپ كەتكەچكە، قۇمنىڭ بېسىمى بىلەن پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ كەتكەنىدى. مۇشۇنداق بولغانلىقتىن قازغان چاغدىكى خاتىرىگە ئاساسەن بۇ تام رەسىملىرىنى يېزىق ئارقىلىق بايان قىلدىم.

## چوڭ تام رەسىمنىڭ ئىنچىكە ھالقىلىرى

بۇ چوڭ تام رەسىمى ئەمەلىيەتتە ئالتە پارچە بولۇپ، ھەربىر رەسىمنىڭ تامدىكى كەڭلىكى 4 فۇت 10 دىيۇم كېلەتتى. رەسىمدە بۇددا ئوڭ تەرەپكە 75 گىرادۇس قىيسايغانىدى. ئۇ سول قولىنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ بېلىنىڭ ئاستىغا قويغان، بىر گۈللۈك چەمبىرەكنى باش بارماق بىلەن بېگىز بارماق ۋە ئوتتۇرا بارماق ئارىسىغا قىستۇرۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ كىيىمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان بولۇپ، سول مۈرىسىگە كەڭ كاسايا ئارتىۋالغانىدى، بۇ خىل كاسايانىڭ رەڭگى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى قىزغۇچ بىغىر رەڭ، يەنە بىر خىلىنىڭ ئۈستىگە قېنىق بىنەپشە رەڭلىك بالداقچە نۇسخىلار ئىنتايىن زىچ سىزىلغان، بالداقچە نۇسخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 8 دىيۇم، كەڭلىكى 3 دىيۇم كېلىدۇ، ئوتتۇرىسىدا بىر دانە تىك ئاق رەڭلىك بالداقچە بار. ھەربىر بۇددا رەسىمىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى قېنىق بىنەپشە رەڭلىك ئاق يوپۇرماق بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، سۆسۈن سىرىن تۆكۈلۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇچىسىغا ئالدىدا بايان قىلىنغان ئالا ـ چىپار كاسايا كىيگەن بۇددا رەسىمدە سايە نۇرىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا كەڭرى ئۇچ بولۇك سىزىلغان، ئۇچ بۆلۈكنىڭ ئۇچى يۇقىرىغا قارايدىغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىنىڭ ھەربىرىدە ئىككىدىن سەل تارراق نەقىش بار، ئۇنىڭ ئىچى سۆسۈن ۋە بىغىر رەڭ بويالغان، سىرتىغا ئەت رەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىلگەن، ئوتتۇرىدىكى نەقىشنىڭ ئوستىدىكى ئۈچ بۆلۈك قارا، قىزغۇچ، قېنىق بىنەپشە، قىزغۇچ، ئاق، قىزغۇچ رەڭگە كىرىپ قالغان. بىنەپشە رەڭلىك كاسايا كىيگەن بۇددانىڭ سايە نۇرىنىڭ ئىچ تەرىپى شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن سەل تار ئىدى. بۇنىڭ گىرۋىكىنىڭ سىرتقى تەرىپى ئىككى نەقىشتىن تۈزۈلگەن گىرۋەكتىن ئىبارەت. نەقىش ئايرىم - ئايرىم هالدا كۆك ۋە ئاق رەڭنى ئاساس قىلغان بولۇپ، بۇ رەڭلەر ئۆزئارا كىرىشىپ قاپارتما نەقىشكە ئوخشاپ كېتىدىغان سۇ ياڭىقى گۈلىنى هاسىل قىلغان. سۇ ياڭىقى گۈلىنىڭ ئىچى ئەت رەڭ بىلەن بويالغان، سىرتى سۆسۈن رەڭنى ئاساس قىلغان، ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئاستىدىكى بوشلۇقتا تولدۇرۇلغان كىچىك بۇددا رەسىملىرىدىكى بۇددا ئۈچىسىغا ئۇچۇق قىزىل رەڭلىك كاسايا كىيگەن، سولغا 75 گىرادۇس بۇرۇلغان، ئېلىپىسمان باش نۇر هالقىسى ۋە سايە نۇر هالقىسى بار.

### ئىبادەتخانا بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن چوڭ زال

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رەسىم بار تام بىر مەركىزىي خانا ياكى زالنىڭ تېمى بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەردىن تۆۋەندە دېمەكچى بولغان Ta.I زالغا ئۆتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇ هازىر پۈتۈنلەي گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن باشقا زاللارغىمۇ تۇتاش بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر تام بىلەن بۇ تام ئۈچرىشىپ تۈز بۆلۈك هاسىل قىلغان، غەربىي جەنۇب تەرىپى ئاللىقاچان گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن، قالغان قىسمى 10 فۇتقىمۇ يەتمەيدۇ. نەملىك ۋە شامالنىڭ تەسىرىدە هېچقانداق مەركىزىي خانا ياكى زال ساقلىنىپ قالمىغان. شۇ سەۋەبلىك ئۇي ئۆگزىسىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمىدى. ئەمما، رەسىم بار تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى Ta.I ئىبادەتخانىنىڭ ئالدىغا تۇتاشقان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، ئۆينىڭ ئۆگزىسىمۇ بۇ تامغا قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك ئۇستى ئوچۇق كارىدور شەكلىدىكى رەسىم كارىدورى ياكى

ئۆتۈشمە يول شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئۆگزە راۋاق ئىبادەتخانىسىنىڭ تۆت تەرىپىنى يېپىش ئۈچۈن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىكى تام رەسىمى ۋە تامدىكى ھەيكەللەرمۇ يامغۇرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن ساقلىنىپ قالغان، بۇ تام ئازراق نېپىز بولۇپ، 2 فۇتتىن كۆپرەك كېلىدۇ.


### ئىبادەتخانىنىڭ كارىدورىنى قېزىش

بىز رەسىم بار تامنىڭ غەربىي شىمال چېتىنى داۋاملىق قېزىپ، بىر قىسىم كارىدور ئىزىنى بايقىدۇق، ئۇ بىر تۈۋرۈكنىڭ ئەتراپىدىكى كارىدور بولۇشى مۇمكىن. كارىدورنىڭ قورشاۋ تېمى ii نومۇرلۇق تامغىچە سوزۇلۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تۈز بۇلۇڭ ھاسىل قىلغان، شەرقىي شىمال يۆنىلىشىدىكى باشقا تاملارنىڭ ھەممىسى قومۇش تام ئىدى. ئۇلارنىڭ قېلىنلىقى ئاران 6 دىيۇم كېلەتتى، بۇ جايدىكى خارابىلىك باشقا جايلاردىكى خارابىلىككە ئوخشاشلا يەر ئاستى سۈيىنىڭ تەسىرىدە بوشاپ كەتكەنىدى. تۈۋرۈكنىڭ شەرقىي جەنۇب ۋە غەربىي شىمال تېمىنى تازىلىغاندا، تام گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى. كارىدور تېمىدىكى رەسىمنىڭ مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا رەڭلىرىنىڭ ئوچۇق ساقلىنىپ قالغانلىقىغا ئادەمنىڭ راستتىنلا ئەقلى يەتمەيتتى. كارىدور i نىڭ سىرتقى تېمى ئاستىدىكى سۇپىغا قويۇلغان ھەيكەلنىڭ رەڭگىمۇ ئوچۇق ئىدى.

### ئادەم چوڭلۇقىدىكى ئولتۇرغان بۇت ھەيكىلى

جەنۇب تەرەپتىكى بۇلۇڭغا ئەسلىي چوڭ ھەيكەل قويۇلغان، ئۇنىڭ ھازىر پەقەت گىرەلەشكەن پۇت قىسمى ۋە نېلۇپەر سۇپىسىلا ساقلىنىپ قالغان. سۇپا 5 فۇت كەڭلىكتە بولۇپ، ئاللىقاچان يېرىلىپ كەتكەنىدى. ئەمما، بۇ يەردىن يېرىلىپ كەتكەن بىر چوڭ ھەيكەل بېشى تېپىلدى (133 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ ھەيكەل بېشىنىڭ ئېگىزلىكى 16 فۇت كېلەتتى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



133 ـ رەسىم  ماياقلىقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى Ta.I بۇتخانىدىن تېپىلغان ھەيكەل بېشى

ھەيكەل بېشى يۇمشاق بولغاچقا، يۆتكەشكە ئامال بولمىدى، بىراق يۈزىدە رەڭلەر ساقلىنىپ قالغانىدى. فوتو سۈرەتتىكى قارا جايلار ئەسلىدە ئالتۇن ياپراقچە چاپلانغان جاي بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ھەيكەل پارچىلىرىنى ھەممىلا جايدا كۆرگىلى بولاتتى. تام بۇلۇڭىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە لاي سۇپا ۋە يەنە بىر ئادەم چوڭلۇقىدىكى ئولتۇرغان بۇتنىڭ ئىككى پۇتى بايقالدى (134 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇنىڭ ئۈستىدىكى كىيىم قىزىل بىلەن كۆك ئارىلاشقان، لەتلىمە تۇتۇلغان كىيىم ئىدى. بۇت سۇپىسىنىڭ ئالدى تەرىپى 1 فۇت ئەتراپىدا بولۇپ، ھەممە يېرىگە رەسىم سىزىلغان. گەرچە تەبىئىي ئاپەتنىڭ تەسىرى ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما بىز بۇ رەسىمنى يەنىلا كېسىۋالدۇق.

رەڭلىك ھەيكەل

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەيكەلدىن باشقا، بىز يەنە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئادەمدەك، بېلىنىڭ تۆۋەن قىسمى مۇكەممەل

ساقلانغان بىر ئەرنىڭ ھەيكىلىنى بايقىدۇق (135 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئەمما، ئۇ بىز رەسىمگە تارتىپ بولغاندىن كېيىن گۇمۇرۇلۇپ چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىنەپشە رەڭلىك تون كىيىۋالغان بولۇپ، تون تىزىغىچە كېلەتتى، ئۈستىدە كەشتە گۈل ياكى قاپارتما گۈلگە سىمۋول قىلىنغان چوڭ چەمبىرەكلەر بار ئىدى. ئىچىدىكى كىيىمى بېغىر رەڭدە بولۇپ، كۆك چەمبىرەك بىلەن زىننەتلەنگەن. پۇتىغا ئۇزۇن چورۇق شەكلىدىكى سۇس قىزىل رەڭلىك ئۆتۈك كىيگەنىدى. ھەيكەلنىڭ كەينىدىكى تامنىڭ تۆۋىدىن بەش جۇلۇق يارماق بايقالغان بولۇپ ھەيكەل سۇپىسىنىڭ لېۋىگە قېتىۋېتىلگەن، بۇ سۇپىدىن ھەيكەل پارچىلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپى تامدىكى رەسىمنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 4 فۇت كېلەتتى. ئۈستىنى كىشىنى تولىمۇ قىزىقتۇرىدىغان تام رەسىمنىڭ ئىزى بار



134 ـ رەسىم ماياقلىقنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بۇتخانا Ta.I دىن تېپىلغان رەسىم، سۇپىلىق لاي بۇت ئىزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



135 ـ رەسىم ماياقلىقنىڭ يىقىن ئەتراپىدىكى بۇتخانا Ta.I دىن چىققان ئۆتۈشمە يولنىڭ شەرقىي جەنۇب تېمىدىن چىققان، تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك تام رەسىمى ۋە لاي ھەيكەل ئىزى

(135 ـ رەسىمگە قاراڭ). بۇ ھەيكەلنىڭ بوينىغىچە بولغان قىسمى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ناھايىتى نەپىس بېزەلگەن بۇدساتۋا ھەيكىلى ئىدى. ئۇ سول قولىدا بىر دانە گۈللۈك چەمبىرەك، ئوڭ قولىدا قوپال سىزىلغان بىر نەرسە تۇتۇۋالغاندى، بۇ يەردىكى تام رەسىممۇ تازىلاپ بولغاندىن كېيىن سويۇلۇپ چۈشۈپ كەتتى. بۇددا تولىمۇ كېلىشكەن، ئۈچىسىغا ئاق رەڭلىك كاسايا كىيىۋالغان بولۇپ، كاسايانىڭ سىزىقلىرى ئىنتايىن نەپىس ئىدى. بوينى ۋە بىلىكىگە ئىنتايىن چىرايلىق زەنجىر پۇتىغا يۆگۈۋالغان پايتىمىنىڭ ئۈستىدە بىر مۆڭگۈزلۈك بوغىنىڭ رەسىمى بار بولۇپ، ناھايىتى ياخشى سىزىلغاندى.

چاشقان باشلىق ئىلاھ

Ta.I كارىدورىنىڭ ئىچكى تېمى نېپىز ۋە ئاجىز ئىدى،

ئۆنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئىككى پارچە ئىلاھدە رەسىم بار، ئېگىزلىكى 4 فۇتقىمۇ يەتمەيتتى. سول تەرەپتە سايىنىڭ ئىزى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بىر ئىلاھە ھەيكىلى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئىچى تەرىپىدە ئادەم ئوبرازى بار ئىدى. 136 ـ رەسىمدىكى بىرىنىڭ ساقلىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى. ئادەمنىڭ بېشى ھايۋان بېشىدەك بولۇپ، ماڭا قەدىمكى خوتەن رىۋايەتلىرىدىكى چاشقان باشلىق ئىلاھنى ئەسلەتتى. بۇ خىل رىۋايەتنى شۈەنزاڭمۇ خاتىرىلىگەن. مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم دەندەن ئۆيلۈكتىن چىققان تاختا رەسىمدە كۆرگەنىدىم. گەرچە بۇ باش ئىتنىڭ بېشىغا ئوخشىسىمۇ، ئەمما تاڭلىيىدىكى ئۆتكۈر چىشى ۋە ئۆتكۈر قۇلىقى ئۇنىڭ رىۋايەتلەردىكى چاشقان ئىلاھنىڭ مەنسۇپلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن خوتەن ھۇنلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ئامان قالغان. بۇ خىل قاراش بىۋ بەگلىكنىڭ كۆشەندىسى بولغان بويسۇندۇرغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنتايىن مۇۋاپىق ئىدى. دەندەن ئۆيلۈك ھەيكەللىرىدىكى يەلپۈنۈپ تۇرغان قوڭۇر رەڭلىك چاچ بىلەن ساپسېرىق تېرە ناھايىتى ماسلاشقان ئىدى، باش، بويۇن ۋە قولىنىڭ سېرىق ياكى ئاچ سېرىقلىقىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇنىڭ



136 ـ رەسىم چاشقان باشلىق ئىلاھ

www.uyghurkitap.com

ئوڭ تەرەپ ئۈستۈنكى قولى يېرىلىپ كەتكەن، ئوڭ تەرەپ ئاستىنقى قولىدا نېمە ئېلىۋالغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بەلكىم مېۋە ياكى دەرەخ يىلتىزى بولۇشى مۇمكىن. سول تەرەپ ئۈستۈنكى قولىدا ئاق رەڭلىك بىر نەرسىنى سىقىمدىۋالغان، ئۇ بەلكىم قوڭغۇراق بولۇشى مۇمكىن، سول تەرەپ ئاستىنقى قولىدا بىر يومىلاق تەخسىنى كۆتۈرۈۋالغان. ئالدى بىلىكىدە بەش دانە قارا رەڭلىك لېنتا بولۇپ، بىلەزۈككە ۋەكىللىك قىلىسا كېرەك، ئۇ تولىمۇ غەلىتە كۆرۈنەتتى. بۇ رەسىم بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى تاختا رەسىم ئۈستىدە ساناقسىز قارا چېكىت بار ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلغان ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ قارا چېكىت ئالتۇن ياپراقچە پارچىلىرىنى چاپلىغان جاي بولۇپ، دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

تۆت قوللۇق ئايالنىڭ رەڭلىك رەسىمى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئوڭ تەرەپ تامدىكى تاختا رەسىم تولىمۇ ئالاھىدە ئىدى. بۇ تاختىنىڭ ئۈستىگە ئۆرە تۇرغان تۆت قوللۇق ئايالنىڭ رەسىمى سىزىلغان، ئۇنىڭ كىيىمى ھەشەمەتلىك بولۇپ، بېشى ۋە كەينىدىن نۇر بېرىلگەنىدى. ئايالنىڭ ئۇدۇلىدا تېۋىنغۇچىلار بار، ئايالنىڭ كۆزى ئالدىغا تىكىلگەن، بەدىنىگە ھىم كېلىدىغان تون كىيگەن بولۇپ، تون تىزىغىچە چۈشۈپ تۇرىدۇ، تۇز ۋە كەڭ كۆكرىكى بىلەن ئىنچىكە بېلى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرسەتكەن بولۇپ، ئېلىزابىت ئۇسلۇبىغا ئوخشايتتى. بېشىدا سېرىق رەڭلىك تاج بار ئىدى. گۈللۈك تاج ناھايىتى نەپىس. ئۇنىڭ ئۇسلۇبىغا ئەڭ يېقىن كېلىدىغانلىرىدىن ھازىر ئەسكە ئالالايدىغىنىم دەندەن ئۆيلۈك خارابىسىدىن بايقالغان تاختا رەسىمى D . X . 4 نىڭ سول تەرىپىدىكى ئايال تاقىۋالغان تاج ئىدى. تاجنىڭ سول تەرىپىنىڭ قىسمەن بۆلىكى سويۇلۇپ چۈشۈپتۇ. ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن، سول قولىدا كۆتۈرۈۋالغان نەرسىنىڭ گۈل ياكى

ئەمەسلىكىنى بېكىتىشكە ئامال بولمىدى. ئوڭ قولىدا تۇتۇۋالغان نەرسە يۇمىلاق ئاق سېرىق رەڭدە بولۇپ، ئىككى قولى قوپاللىراق ھالەتتە ساغرىسىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئوڭ مۈرىسىدە بىر دانە كىچىك سىۋەتنى كۆتۈرۈۋالغان، ئىچىدىن ناھايىتى روشەن بولغان تۆت دانە ئۈزۈم، تار يوپۇرماق چىقىپ تۇرىدۇ؛ سول تەرىپىدىكى بىرىنچى، ئىككىنچى ياپراق ئارىسىدىن تېخىمۇ كىچىك بولغان تۇخۇمسىمان بىر نەرسە چىقىپ تۇرىدۇ.

يىپەك مەلىكىسىنىڭ رەسمى

ئىككى ئەھۋال مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى قوزغىدى. ئۇ ئوڭ قولىدا پىلە قۇرتىغا ئوخشاش بىر نەرسە تۇتۇۋالغانىدى، يەنە ئوڭ مۈرىسىدە بىرقانچە تال يېشىل يوپۇرماق بولۇپ، بۇ كىشىگە ئالاھىدە تەسىر بېرەتتى. بۇ خىل ئوبراز ماڭا خۇددى جۇڭگو مەلىكىسىدەك تۇيغۇ بەردى. شۈەنزاڭ خاتىرىلىگەن خوتەن رىۋايەتلىرىدە ئەنە شۇ مەلىكە پىلىچىلىكنى خوتەن بەگلىكىگە ئېلىپ كىرگەنىكەن. بۇ رەسىمنى مەن بۇزۇلۇپ كېتىشتىن بۇرۇن تارتىۋالغان بولغاچقا، كېيىن تەپسىلىي كۆزىتىش ئارقىلىق بۇ قارىشىمنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. دەندەن ئۆيلۈكتىن چىققان تاختا رەسىم D. X. 4 ئەسلىدە سەدىپە بۇيۇمى بولۇپ، بىر ھۇجرىغا قويۇلغان، بۇ ئەھۋال بۇ رىۋايەتنىڭ ئۇدۇندا كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. يەنى بۇ رەسىمنى ئۇدۇن خەلقى بۇ مەلىكىنىڭ پىلىچىلىكنى تارقاتقان شاپائىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ھەدىيە قىلغان. ئۇنى ئۇدۇندىكى پىلە باققۇچىلار مەلىكىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پىلە غوزىسىنى ئۆز پاناھىدا ساقلىشىنى ئۆتۈنۈپ سىزغان.

ئېنىق خارابە ئىسپاتى

بۇ بۇيۇملار ئىسپاتلىگەن خوتەننىڭ رەسساملىق سەنئىتى كىشىنىڭ تولىمۇ قىزىقىشىنى قوزغايدۇ. بىز خارابىلىككە يىراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بوستانلىقنىڭ ھازىرقى گىرۋەكلىرىدىن يىل دەۋرى ھەققىدىكى بىر ئۇچىنى تېپىشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلغانىدۇق. نۆۋەتتىكى ئەڭ ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپات دەل پۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خارابىلىكتىن ئىككى دانە يارماق چىققان بولۇپ، بىرى ئالدىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بەش جۇلۇق يارماق، يەنە بىرى خارابە تېمى ii نىڭ تۈۋىدىن چىققان خېتى يوق مىس يارماق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىز خارابىلىكنىڭ جەنۇبىدىكى شامال يالاپ كەتكەن تاتى رايونىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەن سەككىز دانە جۇڭگو پۇلىنى بايقىدۇق. ئۇلار بىر بولسا بەش جۇلۇق پۇل ياكى بولمىسا خېتى يوق پۇل بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خارابىلىك تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇنلا تاشلىۋېتىلگەن

بارلىق پاكىتلار بۇ خارابىلىكنىڭ تاڭ دەۋرىدىن بۇرۇنلا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. تېخىمۇ كونكرېت يىل دەۋرى توغرۇلۇق نۆۋەتتە تېخى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار يوق. بىلىشىمىز چەكلىك بولغانلىقتىن، مەيلى تام رەسىمدىن ياكى ئۇنىڭ يېنىدىن بايقالغان پارەمىنا سۇترەنىڭ ئۇستىدىكى يېزىقلاردىن بولسۇن، قىممىتى بار يىپ ئۇچىغا ئېرىشەلمىدۇق، ئەمما بىز بىرىنچى جىلغىدىكى بوشاپ كەتكەن قۇم قاتلىمىدىن كىچىك بىر پارچە رەڭلىك كاكىلنى بايقىدۇق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۈچ خەت يېزىلغانىدى. مەن بۇلارنى شەرھلىمەكچى بولدۇم، مۇبادا خاتا بولمىسىلا بۇ خارابىلىكنىڭ يىل دەۋرىنى مىلادىيە 5 ـ ئەسىرگە سۈرۈشكە بولىدۇ. خارابىلىكنىڭ ئورنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ كەڭلىك گرادۇسى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىنىڭ شەرقىگە 13 مىل كېلىدىغان قىنېتوقماق (Kine-tokmak) خارابىسىنىڭ ئەڭ شىمالىي تەرىپى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدىكى خارابىنىڭ تاڭ سۇلالىسىدىن بۇرۇن بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ، بۇ بىرقەدەر كېيىن بولغان يىل

دەۋرىنى يەنە جەنۇبقا 3 مىل كېلىدىغان راۋاق ئىبادەتخانىسىغا نىسبەتەن مۇقىملاشتۇرۇشتا گەپ يوق. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قولىمىزدىكى ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللار يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خوتەن رايونىنىڭ ئاساسىي بوستانلىق دائىرىسىنىڭ هازىرقىدىن شىمالغا سوزۇلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

### ئىسلامئابادتىكى هاسلاتلار

4 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، مەن دەريانىڭ شىمالىنى بويلاپ خېلى ئۇزۇن مېڭىپ، ئىسلامئاباد (Islamabad) بوستانلىقىغا كىردىم. بۇ جاي خوتەننىڭ ئەڭ شىمالىدىكى كەنت ئىدى، تاۋاقىرلىقلار ئۆتكەن يىلى تاغ چوققىسىدىكى خارابىلىككە «گۆهەر» ئىزدىگىلى بارغانىكەن، ئۇلار ماڭا 10 دانە تارشا پۈتۈكنى ئەكەپتۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تىبەت يېزىقى يېزىلغان بولۇپ، مىرەندىن تېپىلغان ياغاچ تارشىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئىسلامئابادلىق قاسىم ئاخۇن، كونا يولباشچىم هامىت مەرگەن (بىرقانچە ئاي بۇرۇن تۈگەپ كەتكەن)نىڭ ئوغلى 13 دانە ياغاچ پۈتۈك ئەكەلدى. ئۇلار بۇنى يۇرۇڭقاش دەرياسى بويىدىكى پادىچىلاردىن ماڭا بېرىش ئۈچۈن ئەكەلگەن بولۇپ، مېنىڭ كېلىشىمنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتەي، ئۈچ ئايدىن كېيىن خوتەنگە قايتقان ۋاقتىمدا قاسىم ئاخۇن ماڭا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 3.5 فۇت كېلىدىغان بىر دانە ياغاچ كالتەك بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە توغرىسىغا يېزىلغان ئالتە قۇر خەت بار بولۇپ، ئوڭدىن ـ سولغا يېزىلغان، قارىماققا پەهلىۋى تىلىدەك قىلاتتى. بۇنىڭ ئىسلامئابادنىڭ غەربىدىكى توغراق چاتقاللىقنىڭ ئۈستىدىن تېپىلغىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىككى پارچە خەت يېزىلمىغان ياغاچ كالتەكمۇ بايقالدى، ئۇ بايقالغان چاغدا بىر ئۈچى قۇملۇققا سانجىپ قويۇلغانىكەن. كىشىلەر بۇ تاغ چوققىسىنى دەرهال

www.uyghurkitap.com

«يېڭى مازار» دەپ ئاتاپ، بۇ تاياقچىنى قايتا كۆمۈپ قويغان. بىراق، قاسىم ئاخۇن مېنىڭ «قەدىمكى بۇيۇملار»غا ئامراقلىقىمنى ئويلاپ، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، ئۇنى بۇ ئورۇندىن كولاپ چىقىپ، ماڭا بەرگەنىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى توغرا دەپ قارىدىم. ئەپسۇسكى، ئۆچۈپ كەتكەن يېزىق تا ھازىرغىچە ئوقۇپ يېشىلمىدى. ئۇستىدىكى سىياھ يوق جايلار ئاللىقاچان چىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ بۇ بۇيۇمنىڭ ئەسلىي ماتېرىيالىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەلەيتتى.

قىرىڭگۇل ئوغىل خارابىسى

4 ‐ ئاينىڭ 13 ‐ كۈنى ئىسلامئاباتتىن ئايرىلدىم. 2 ‐ كۈنى قىرىڭگۇل ئوغىل (Kirigul–oghil) دىن يولغا چىقىپ، قاراقاش دەرياسى بويىدىكى يايلاققا يېتىپ بېرىپ، قاسىم ئاخۇن ۋە باشقىلار دەپ بەرگەن يەرنى تەكشۈرمەكچى بولدۇم، ئۇلار ئۇ يەرنى «خىتاي ئۆيلۈك»(khitai–oilik) دەپ ئاتايدىكەن. ئۇ يەردە سەككىز ئېغىز ئاددىي ئۆينى بايقىدىم، بۇ ئۆيلەر تاپتاقىر قۇملۇققا تارقالغان بولۇپ، كۆلىمىنىڭ دىيامېتىرى 140 يارد كېلەتتى. بۇ ئۆينىڭ تېمى توغراق ياغىچىدىن قوپۇرۇلغان، ھازىرقى ئېگىزلىكى 3 ~ 4 فۇت كېلىدۇ. قۇم ياكى قىغ دۆۋىسىگە كۆمۈلۈپ قالغان بولغاچقا، ھەر ھالدا ساقلىنىپ قالغانىدى. بۇ قىغ دۆۋىسىنىڭ كۆپلۈكى، بۇ يەرنىڭ پادىچىلارنىڭ چۈشكۈن قىلىدىغان جايى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ۋاقتى ئېنىق ئەمەس ئىدى، يەر يۈزىدە تولىمۇ قوپال ياسالغان ساپال پارچىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى ۋە يىل دەۋرى بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمكى خارابىلىكلەردىن چىققان ساپال پارچىلىرىغا ئوخشىمايتتى. شۈڭلاشقا، خوتەن كونىشەھەر (Kone–shahrs) نىڭ ئەڭ شىمالىدىكى خارابىلىكنىڭ ھېچقانداق قىيالمايدىغان يېرى يوق ئىدى.

# يەتتىنچى باب

# مازارتاغدىن مارالبېشىغىچە

## 1 ـ بۆلۈم مازارتاغ قەدىمكى قەلئەسى

**خوتەن دەرياسىنى بويلاپ چوڭ دەريا قىنىغا سەپەر**

ئىككى كۈنلۈك سەپەر ئارقىلىق، مەن ئۇڭغۇشلۇق هالدا مىراۋىت(Mirawit) تىكى قاراگاھتىن مازار تاغ بىلەن خوتەن دەرياسى يېنىدىكى رايونغا يېتىپ باردىم، ئۇلار مېنى يۇرۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ قوشۇلىدىغان جايىغا باشلاپ باردى. بۇ جاي ئادەملەر ئاندا ـ ساندا بارىدىغان قوشلاش (koshlash ) «لەنگەر» نىڭ «قوشۇلۇش نۇقتىسى» بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بۇ يەرنى ساقلاۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇلار ساياھەتچىلەرگە، سودىگەرلەر ماڭىدىغان يولدىن تارىمغا قاراپ مېڭىپ، ئۇ يەر ئارقىلىق دەريانىڭ بىپايان چوڭ دەريا قىنى ئارقىلىق دەريانىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا بارغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەتتى. بۇ پەسىلدە دەريا ئېقىنىنىڭ بىر قىسىم بۆلەكلىرى قۇرۇپ كەتكەن بولۇپ، نۇرغۇن جايلار 1 مىل ياكى 1 مىلدىن كەڭرەك كېلىدىكەن. قوشلاشنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى تار، ئەگرى ـ بۈگرى دەريا ئېقىنىنىڭ كەڭلىكى 5 مىلغىمۇ يەتمەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، سۇ مىقدارى ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم سۇ كۆلچەكلىرى بار بولۇپ، كۆلچەكتىكى سۇ ئۆتكەن يىلى يازدا كەلگەن كەلكۈن سۈيىنىڭ قالدۇقى ئىدى. 7 ـ ، 8 ـ ئايلاردا قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان قاراقورۇم تاغ تىزمىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىككى دەريانىڭ باشلىنىش مەنبەسىگە ئېرىگەن قار - مۇز سۈيى ئېقىپ كېلىپ، دەريا قىنىنى بېسىپ كېتەتتى، شۇنىڭ بىلەن، يول لىنىيەسى دەريانىڭ سول قىرغىقىدىكى دەرەخزارلىقتىكى قۇم بارخانلىرىنى بويلاپ داۋاملىشاتتى. بەزى يەرلەردىن ئۆتۈش ئىنتايىن قىيىن ئىدى، لېكىن بىر يىل ئىچىدىكى باشقا ۋاقىتلاردا، يول لىنىيەسى كەڭ، تۈز كەتكەن دەريا قىنىدا مېڭىش ئىنتايىن قولايلىق ئىدى، ياز كۈنلىرى داۋاملىق كەلكۈن كېلىدىغان جايلاردا، مول يەر ئاستى سۈيى دەريا قىنىغا سىڭىپ كىرىدىكەن، شۇڭا دەريا قىرغىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى سۇ كۆلچەكلىرىدە يەنىلا يېڭى سۇ ساقلىنىدىكەن ياكى قۇدۇق كولىسىلا سۇ چىقىدىكەن.

خوتەن دەرياسى بويىدىكى قۇملۇق يولى

خوتەن دەرياسى بويىدىكى يول خوتەن رايونى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئارىسىدىكى ئالاقىنى بىۋاستە يول لىنىيەسى بىلەن تەمىن ئەتكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئارىلىقى ئەڭ قىسقا بولغاچقا، تارىختا ئىنتايىن مۇھىم يول لىنىيەسى دەپ قارالغان. لېكىن، شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدا قۇملۇق يولنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. مازارتاغنىڭ ئاستىدىكى قۇرۇپ كەتكەن تارماق دەريا ئېقىنلىرى بىلەن كىچىك ئاراللار دەريا ئېقىنىنىڭ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تەبىئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ھەرقانداق كۆلەمدىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئولتۇراقلىشىش شەكلى دەريا ئېقىنىنىڭ بېشىدا كۆرۈلمەيدۇ. ئەمما، دەريا بويىدىكى دەرەخزارلىقتا ئادەملەرنىڭ چارۋا بېقىۋاتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ يېقىنلاشقان يەرلىرى قۇملۇقتىكى ئەڭ ئېگىز، قاقاس كەتكەن قۇم بارخانلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. بۇنداق ئەھۋال تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قاتناش بىلەن نورمال كىشىلىك

ئالاقىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ياقۇپبەگ ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە خوتەندىن ئاقسۇغىچە بولغان بىر قىسىم ئۆتەڭلەر ساقلاپ قېلىنغان. ھازىر بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ۋاقىتلاردا، ھەرقايسى جايلاردىن كەلگەن چارۋىچىلار دەريا بويىدىكى چارۋا بېقىشقا ئەڭ ياخشى جايلارغا باراتتى، بۇ بىر قاتار ئاددىي يول لىنىيەلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەم بۇلار تۇتىشىدىغان رايونلار ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ مىنىڭ مازارتاغدىكى تەكشۈرۈش ۋە بايقاشلىرىمغا زور ياردىمى بولدى.

## مازار تاغ تىزمىسى

4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئەتىگەندە، ئاۋۋال كۆزگە چېلىققىنى دەريانىڭ سول تەرىپىدىكى يېرىمىنى قۇم بېسىپ كەتكەن بىر تاقىر تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئۇ تۇماننىڭ ئىچىدە يېقىنلاشقانسېرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆپ قىسىم تاغ تىزمىلىرى سېرىق قۇم - توپىلار بىلەن قاپلانغانىدى، تاغ باغرىدىكى دەريا بويلىرىدىكى يۇلغۇن ۋە توغراقلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى، دەريا ئېقىنىنىڭ كۆرگىلى بولىدىغان جايلىرىدا شېغىللار جۇلالىنىپ تۇراتتى. بۇ يەردە رام سىنگ سەپەردە ئۆلچىگەن مازارنى خاتىرىلەپ قويدۇم. بۇ غەربىي شىمالغا سوزۇلغان تار، ئۇزۇن كەتكەن بىر تاغ تىزمىسى بولۇپ، ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ 14 مىل كېلىدۇ. تاغنىڭ ھەرقانداق نۇقتىسىنىڭ ئېگىزلىكى 330 فۇتتىن ئاشمايدىغان بولۇپ، ئىككى تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرىدىن خېلىلا ئېگىز ئىدى. ئۇ تەكلىماكاننىڭ مەركىزىگە جايلاشقانلىقى ھەمدە گېئولوگىيەلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئىنتايىن تارتاتتى. ئۇنىڭ شەكلى يەكەن دەرياسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مارالبېشى بىلەن تۇمشۇق ئەتراپىدىكى يالغۇز تاغ تىزمىسىنىڭ گېئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى، ئۇ خوتەن

دەرياسى ۋادىسىدىكى مازار تاغنىڭ قەدىمكى تاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن ئاقسۇ بىلەن مارالبېشى ئارىلىقىدىكى سەپەردە، تەڭرىتاغنىڭ ئەڭ چېتىدىكى تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي ۋە جەنۇبىي قىسمىغا سوزۇلۇپ، تارىم ئويمانلىقىغا كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى توختىماي كۆزىتىپ ماڭدىم. بۇ تاغلار ئۇزۇن مەزگىللەردىن بېرى شامالدا يىمىرىلىش نەتىجىسىدە زور دەرىجىدە پەسلەپ كەتكەن. شۇڭا، مەن 1913 - يىلى مارالبېشىدىن مازارتاغقا بېرىش سەپىرىمدە، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىنى يىغدىم①.

## كۆمۈلۈپ قالغان تاغ تىزمىسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدىكى قەدىمكى قەلئە

بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ كىشىنى جەلپ قىلىدىغان ئېگىز چوققىلىرى قۇملۇقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان مۇنداق تەبىئىي مەنزىرە تەبىئىيلا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە يەرلىك كىشىلەرنىڭ چوقۇنۇشىنى قوزغىغان. بۇ بەلكىم ئۇنىڭ ھازىرقى «مۇقەددەس تاغ» دېگەن نامىنى تولۇق شەرھلەپ بېرىشى مۇمكىن. شۇڭا، مەن رەخت پارچىلىرى، ياغاچ ۋە باشقا سەدىقە بۇيۇملىرى چىگىلگەن ھېلىقى خادىلارنى يىغىشقا تەييارلاندىم. ئۇ نەرسىلەر تاغ تىزمىسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا تۇراتتى. تۆۋەن تەرىپى دەريا ئېقىنىنىڭ سول قىرغىقىدىكى تىك يارلىق ئىدى. مېنى ئەڭ رازى قىلغىنى شۇكى، بىر 100 فۇت ئېگىزلىكتىكى چوققىغا چىقىپ خېلىلا ياخشى ساقلانغان كىچىك بىر يادىكارلىقنى بايقىدۇق. ئەگەر، بەلگىلىك ئارىلىقتا تۇرۇپ تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىسا، قەدىمكى قورغان تېمى خۇددى تاش ئويما بۇيۇم كۆككە تاقىشىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. تىك تاغنىڭ يانباغرىنى قاپلىغان شېغىل ۋە قۇملار تەبىئىي شەكىللەنگەن تام، پەلەمپەي يەر ياكى تۆپىلىككە تۇتاشقان جايدا شەكىللەنگەن قۇم - شېغىللىق يەر قاتلىمىدىكى

① مۇشۇ بابنىڭ 3 -، 4 - بۆلۈملىرىگە قاراڭ.

پەلەمپەيگە ئوخشايتتى.

## قەدىمكى قورغان ئىزى

قەدىمكى قورغاننىڭ قالدۇق ئىزى تاغ چوققىسىنىڭ ئىنتايىن تار جايىغا جايلاشقان بولۇپ، شەرق تەرىپى بىر دەريا ئېقىنىغا يېقىن ئىدى. كىچىك تۆپىلىكتىكى ئەڭ ئېگىز نۇقتىغا بىر تۇر جايلاشقان بولۇپ (137 ـ رەسىمگە قاراڭ)، ئۇنىڭ كەڭلىكى 30 يارد كېلىدۇ. تاغ چوققىسىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. قەدىمكى قورغانغا يامىشىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شىمالىي قىسمىدىكى تاغ باغرى نىسبەتەن پاكار، لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي قەدىمكى قەلئە ۋە تۇرنىڭ تىزگىنلىشىدە ئىدى. يەنە بىر تاغ چوققىسى مۇئەييەن ئارىلىق تاشلاپ ئاساسىي چوققا بىلەن پاراللېل جايلاشقان، تاغ پاكار بولۇپ، ئوقيانىڭ يېتىپ بېرىش مۇساپىسىنىڭ سىرتىدا ئىدى.

## قەدىمكى قەلئەنىڭ قۇرۇلمىسى

قەلئەنىڭ غەربىي قىسمىنى تۇر قوغداپ تۇرىدۇ، ئۇ



137 ـ رەسىم. مازار تاغ تىزمىسىدىكى قەدىمىي قەلئە ۋە تۇر، غەربىي ـ شىمالدىن كۆرۈنۈشى

جوغراپىيەلىك ئورنى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئۆتۈش تەس جايغا جايلاشقان بولغاچقا، جەنۇب ياكى شىمال تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىش قىيىن ئىدى. قەدىمكى قورغاننىڭ غەربىي شىمال تەرىپىنى مۇداپىئە قىلىشتا مەركىزىي نۇقتىدىن يىراق جايلاشقان غايەت زور تۇردىن باشقا، تاشلار بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىسىدىكى بىر تام ۋە 16 كىۋادرات فۇت كېلىدىغان ئىككى قەلئەگە تايانغان. قەلئە سېپىلىنىڭ ئىككى ئۇچى مەزمۇت ياسالغان (137 ـ رەسىمگە قاراڭ). قەلئە بىلەن تۇتاشقان تام لاي ۋە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان، ھەر 10 دىيۇم ئارىلىقتا بىر قەۋەت يۇلغۇن شېخى بار. بۇنىڭدىن باشقا ئوتتۇرىسىغا توغراق ياغىچىدىن تۈۋرۈك ۋە لىم قويۇپ، يەنىمۇ پۇختىلانغان. بۇ قەدىمكى قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبى بىلەن شەرقىي شىمال قىسمىنى ئوراپ تۇرىدىغان سېپىلنىڭ قېلىنلىقى 10 فۇت كېلىدۇ. قەدىمكى قەلئە ۋە ئىچكى قىسمىدىكى ئىمارەت، شۇنداقلا قورۇنىڭ سېپىللىرى قوپال كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان، كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 15×8×3.5 دىيۇم.

**قەدىمكى قەلئەنىڭ ئىچكى قىسمى**

تاملار ئارىسىدىكى تەكشى بەلباغ تەبىئىي ھالدا بىر تىك قىيانى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ يەردىن قەلئەگە كىرگىلى بولاتتى. ئۇ 50 كىۋادرات فۇت كېلىدىغان ھويلا iv نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. خارابىلىكتىن بىر قىسىم مۇستەھكەم ئىمارەتلەرنى بايقىدۇق، بۇ يەر بارگاھ قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. كۆيۈپ كەتكەن كۆپ مىقداردىكى ياغاچلار ئۇلارنىڭ ئاساسەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھويلا iv نىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاشقى تام پۈتۈنلەي يوقالغان، پەقەت جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى توغراق شاخلىرىنىڭ قالدۇقىلا ساقلىنىپ قالغان. گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن سېپىل قالدۇقلىرى 150 فۇت پەستىكى تاغ قاپتىلىدا چېچىلىپ ياتاتتى. سېپىل ئۆلىنى بويلاپ، تىك چىقىپ قالغان تاغ

جىنسىنىڭ تۆۋەنگە غولاپ چۈشىشى سەۋەبىدىن گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن. قورغان i غا كىرىش ئۇچۇن ئىگىز ئىمارەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاساسلىق قۇرۇلۇشنىڭ يېنىدىكى چوڭ ئىشىكتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. قورغاننىڭ سېپىلى ئەڭ دەسلەپ قوپال كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، قېلىنلىقى 4 فۇت كېلىدۇ، شىمال، شەرق، جەنۇب تەرەپتىكى سېپىل تەدرىجىي 8 فۇتقىچە قېلىنلاپ بارغان. i بىلەن قوشنا قورغاننىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئاساسلىق تام ئوخشاش بولمىغان ماتېرىياللاردىن ياسالغان. بۇ پاكىت قورغان i نىڭ خارابىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇنقى ئىمارەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇ بىر قەۋەت بولۇپ، تامدا يەنە چاسا شەكىللىك تۇۋرۇك تۆشۈكى بار ئىدى، بۇ دەل ھازىر بۇزۇلۇپ كەتكەن تورۇس قىسمىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ئېنىقلا يەنە بىر قەۋەتنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قورغاننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بوشلۇق 20 كىۋادرات فۇت كېلىدۇ، خارابە قالدۇقى ئارىسىدا كۆيۈپ كەتكەن ياغاچلارمۇ بار بولۇپ، ئېگىزلىكى تەخمىنەن 7 فۇت كېلىدۇ.

**تېمى بار ھويلا**

قەلئە بىلەن قەدىمكى قەلئە تېمى ئارىسىدىكى شەرقىي شىمال تەرەپتە تار بىر ئېغىز ئۆي ii بار بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 20 فۇت، كەڭلىكى 6 فۇت كېلىدۇ. قەدىمكى قەلئەنىڭ تاملىرىنىڭ كۆپىنچىسى بۇزۇلۇپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە ئۆي ii بىر پەلەمپەي ئارقىلىق سىرتىدىكى ھويلا v بىلەن تۇتىشىدۇ. ھويلا v نىڭ تەكشى يۈزى قورغاندىن 20 فۇت پەس بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىن قوشۇپ سېلىنغان ئىمارەت ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ھويلا تېمى گەرچە ئىنتايىن قېلىن، قەدىمكى قەلئەگە ئوخشاش كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىنكىسىنىڭ يۇلغۇن ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدىغان قەۋىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ تۇۋرۇك بىلەن تىرەلمىگەن بولغاچقا، شىمالىي بۇرجىكى

تېخىمۇ كۆپ بۇزۇلغانىدى. قورشاۋ تام ئۇراپ تۇرغان بوشلۇق تەخمىنەن 90 × 29 فۇت كېلىدۇ. خارابە بىلەن ئەخلەتلەر ئارىسىدىن كۆپ مىقداردىكى كۆيگەن ياغاچ پارچىلىرىنى بايقىدۇق. ئوتتا كۆيۈپ قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن كېسەكلەرگە ئاساسەن، ئەسلىدە بۇ يەردە ئۆگزە بارلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. شەرقىي شىمال تەرەپتىكى تامنى بويلاپ تازىلىغاندا، ئۇ يەرلەردىن ئات قىغىنىڭ دۆۋىسى بايقالدى، بۇنىڭ تاشقى ھويلا ئىكەنلىكى ئېنىق. بۇ يەردىن ئۆتۈپ قەدىمكى قەلئەگە كىرگىلى بولىدۇ. بۇ يەر ئاساسەن ئات ئېغىلى قىلىنغانىدى. چوڭ دەرۋازىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمى10 فۇت قېلىنلىقتىكى تام توساققا تۇتىشىدۇ.

تاغ چوققىسىدىكى تۇر

تاغ چوققىسىدىكى تۇر (137 ـ رەسىمگە قاراڭ) دېڭىز يۈزىدىن 225 فۇت ئېگىز بولۇپ، دەريا قىنىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى تۆپىلىكتىن ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ، ئۇ قەدىمكى قورغاننىڭ غەرب تەرىپىگە 60 يارد كېلىدۇ. ئىمارەتنىڭ قۇرۇلمىسى، كۆلىمى ۋە يۇمىلاق تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندا، دۇنخۇاڭغا جايلاشقان تۇرلار بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ تەكشى، رەتلىك كېسەكلەر بىلەن قوپۇرۇلغان، شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن توپا تاغ باغرىدىكى دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدىن ئېلىنغان. كېسەكنىڭ ھەر 10دىيۇم ئارىلىقىغا بىر قەۋەت يۇلغۇن شېخى، توغراق ياغىچى ۋە توغرا لىم قويۇلغان، غەربىي جەنۇب قىسمى بىلەن شەرقىي شىمال قىسمىنىڭ ئاساسىي ئۇلى 25 فۇت قېلىنلىقتا، ئىككى تەرىپى تەخمىنەن 22 فۇت كېلىدۇ. شەرقىي جەنۇب قىسمى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەشكە ئامال بولمىدى. تۇرنىڭ ھازىرقى ئېگىزلىكى 20 نەچچە فۇت كېلىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ چوققىسىغا چىققىلى

بولمىسىمۇ، ئەمما يىراقتىن كەڭ كەتكەن دەريا قىنى ۋە دەريا بويىدىكى دەرەخزارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغىلى، شۇنداقلا يىراقتىكى ھەيۋەتلىك قاقاس قۇم تاغنى كۆرگىلى بولىدۇ.

### قەدىمكى قەلئەنىڭ قېزىلىشى

بىز قەدىمكى قەلئەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خارابىلىكنى قېزىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ئالدىراشلىق ئىچىدە ئىسسىق ئۈچ كۈننى ئۆتكۈزدۇق. قورغان i دىكى يېقىندا قېزىلغان غار ئىزى مەن ئىسلامئابادتا ئېرىشكەن تىبەت يېزىقىدىكى ياغاچ پۈتۈكلەرنىڭ مۇشۇ يەردىن تېپىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ بۇيۇملار خارابىلىك ئاستىدا بېسىلىپ قالغانىدى، تازىلاش ئارقىلىق بايقالغان بىر قىسىم تىبەت يېزىقىدىكى تارىشا پۈتۈكلەر مىرەندىكى قەدىمكى قەلئەدىن تېپىلغان پۈتۈكلەرگە ئىنتايىن ئوخشايتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدىغان، قەغەزگە يېزىلغان تىبەتچە ۋەسىقە ۋە كىتابلار بايقالدى. مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان يادىكارلىقلارنى قەدىمكى قورغاندا تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى كىشىلەر قالدۇرغان، دەپ جەزملەشتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلار ئۆي i نىڭ تاشقى كىرىش ئېغىزىدىكى ئويۇقچە iii تىكى دۆۋىلىكتىن تېپىلدى. ئۆي i ئىچىدىكى ئارىلاش بۇيۇملارنىڭ ئىچىدىن بىر دانە قومۇش قەلەم تېپىلدى، قەلەم ئۇچى كېسىلگەن بولۇپ، مىرەندىن تېپىلغان قەلەم بىلەن ئوخشاپ كېتەتتى. بىر دانە ياغاچ شىشىخالنىڭ ئۈستىدىكى رەقەملەرنىڭ تىزىلىش شەكلى مىرەندىن تېپىلغان، پىل چىشىدىن ياسالغان ئاسقۇ بۇيۇمنىڭ قالدۇقى بىلەن ئوخشايدۇ. بىر دانە خادىلىق ئۇسلۇبىدىكى ياغاچ ئاچقۇچ ھەمدە بىر نەپىس ياسالغان تاشپاقا شەكلىدىكى ساپال تەخسە بار ئىدى. ئۆي i دىن ئىنتايىن چوڭ گەمە بايقالدى، بۇ گەمىنىڭ چوڭقۇرلۇقى 5.5 فۇتتىن ئارتۇق، كۆلىمى 6 كىۋادرات فۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بۇرۇن كۆكۈل قويۇپ ياغاچ ياتقۇزۇلغان بولۇپ، چوڭ ياغاچ تاختايغا ئوخشايدىغان يوپۇق ھاسىل قىلىنغان. ياغاچ تاختاي بىلەن كىچىك ياغاچ ئىشىك ئەڭ ئاخىرقى ئوتتا ۋەيران بولغان. بۇ گەمە چوقۇم نەرسە ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن. كىشىلەر ئىلگىرى بۇ يەردە چوقۇم «بايلىق» بار دەپ ئىشەنگەن، ئەمما ھېچنېمە تېپىلمىغان.

### ئۆي ii دىن تېپىلغان بۇيۇملار

تارغىنە ئۆي ii دىن ئالتە پارچە تېبەت يېزىقىدىكى ۋەسىقىلەردىن باشقا، ئۈچ بۇرجەك شەكىلدىكى پۇختا گەج قېلىپ بايقالدى. ئۇ ئولتۇرغان بۇددا ھەيكىلىنى قۇيۇشقا ئىشلىتىلگەن. بۇ بايقاش بولمىغان تەقدىردىمۇ، مەن بۇددىزم دەۋرىدىكى «دۇئا ـ تىلاۋەتخانا تېغى»دا چوقۇم بۇتخانا بارلىقىغا ئىشىنەتتىم. لېكىن، 1913 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، مەن يەنە بىر قېتىم ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋاقتىمدىلا، ئاندىن يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بۇتخانىغا ئائالغان بۇيۇملار بېزەلگەن ياغاچ تۇۋرۇك دۆۋىسىنىڭ بىر تەرىپىدىكى تام ئاستىدىن بۇ ئىبادەتخانىنىڭ ئىزىنى تاپتىم. ھازىر بۇ يەر ئىسلام دىنى ئېتىقادچىلىرىنىڭ دەم ئېلىش ئورنى دەپ قارىلىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان يېرى بولۇپ قاپتۇ. ئۆي ii نىڭ بىر بۇلۇڭىدىن 20 چە قوپال ياسالغان ساپال چىنە تېپىلدى. ئۇلارنىڭ دىيامېتىرى تەخمىنەن 5 فۇت ئەتراپىدا بولۇپ، نەزىر ـ چىراغ ئىشلىرىدا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

### iv نومۇرلۇق تازىلانغان ئورۇن

قەدىمكى قورغاننىڭ ئاساسىي تېمىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ iv نومۇرلۇق ئورنىدىن تېپىلغان نەرسىلەر كۆپ ئەمەس. يەر يۈزىنى كۆيگەن توپا ـ كېسەكلەر بىلەن ياغاچ قالدۇقلىرى قاپلىغان بولۇپ، قېلىنلىقى 3 ~ 5 فۇتقا يېتىدۇ. چىرىگەن

يادىكارلىقلار بۇ قېتىمقى ئوت ئاپىتىدە كۆيۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ يەردىن يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن ئىككى ساپال ئىدىش بايقالدى، بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 2 فۇت 6 دىيۇم، ئەڭ كەڭ يېرى 2 فۇت 4 دىيۇم، ئېغىزىنىڭ دىيامېتىرى 10 دىيۇم كېلىدۇ؛ يەنە بىرى پاكار بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.5 فۇت كېلىدۇ. بۇ ساپال ئىدىشلار سۇ قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

**تېپىلغان پۇللار**

چوڭ ساپال ئىدىشتىن ئىككى دانە يارماق بايقالغان بولۇپ، يىلنامىسى چيەنيۈەن (乾元، مىلادىيە 758 — 760 ـ يىللار) ئىدى. يىلنامىسى ئوخشاش بولغان 3 ـ يارماق كىچىك ساپال ئىدىشنىڭ يېنىدىن بايقالدى. بىز يەنە خارابىلىك ئەتراپىدىكى يەر يۈزىدىن ۋە قەدىمكى قورغاننىڭ ئاستىدىكى ئەخلەت دۆۋىسىدىن ئالتە دانە يارماق بايقىدۇق. بۇنىڭ ئىچىدە ئاز دېگەندىمۇ تۆت دانە يارماق چيەنيۈەن يىلنامىسىغا تەۋە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر دانە يارماق دالى (مىلادىيە 766 — 780 ـ يىللار) يىللىرىغا تەۋە ئىدى. يەنە بىر دانە يارماق تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە كەڭ كۆلەمدە ئىشلىتىلگەن كەييۈەن يارمىقى ئىدى. شۇڭا، بۇ پۇللار تەمىنلىگەن قىممەتلىك يىلنامىشۇناسلىق پاكىتلىرى ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

**تاغ باغرىدىكى چوڭ ئەخلەت دۆۋىسى**

بىرىنچى كۈندىكى خىزمەتتە شەرق ۋە شەرقىي شىمال تەرەپتىكى تىك تاغ باغرى ئاستىدىن قەدىمكى ئەخلەت قاتلىمى بايقالدى. ھەرخىل شەكىلدىكى يادىكارلىقلار قەدىمكى قورغان خارابىسىدىكى بۇيۇملاردىن كۆپ ئىدى. ئەخلەت دۆۋىسى تاشقىرىقى ھويلا v نىڭ دەرۋازىسىغا يېقىن بولۇپ، v نىڭ شىمالىي بۇلۇڭىنىڭ سىرتىغىچە سوزۇلغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 190 فۇت كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ تاغ قاپتىلىدىكى ئەڭ كەڭ يېرى

70 فۇت كېلىدۇ، بەزى جايلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 4 ـ 5 فۇت كېلىدۇ. بۇ ئەخلەت دۆۋىسى ئاساسلىقى پاخال، گەندە، ھايۋانلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى ئىدى، ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە ئادەمنىڭ دىمىقىنى ئېچىشتۇرىدىغان سېسىق پۇرىقى خۇددى قەدىمكى تىبەتلەرنىڭ مىرەن قەلئەسىگە تاشلىۋەتكەن، تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز مەينەت ھەم چوڭ ئەخلەت دۆۋىسىنى ئەسلىتەتتى. ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ شەكلى شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئەڭ بالدۇر بۇ يەردە تىبەتلەرنىڭ بىر تارماق قوشۇنىنىڭ تۇرغانلىقىنى ئىسپاتلايتتى. سىستېمىلىق رەتلەش ئارقىلىق تۇرغۇن ياغاچ تاختا، قەغەزگە يېزىلغان تىبەتچە ۋەسىقىلەر تېپىلدى. بۇ قېلىن ۋە چوڭ ئەخلەت دۆۋىسى ئارىسىدىن تېپىلغان ۋەسىقىلەر داۋاملىق ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى. ھەر خىل مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەر ئۆزئارا ئارىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئىنتايىن ياخشى ساقلانغان. چۈنكى، تۆۋەنكى تەرەپتىكى دەريا سۈيىنىڭ نەم ھاۋاسى بۇ تاغقا كۆتۈرۈلۈپ چىقالمىغان، شۇ سەۋەبتىن ئۇ نەملىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان، شۇڭلاشقا بۇ يەردە ھېچقانداق ئۆسۈملۈك يوق ئىدى. ئىلگىرى سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئېگىز يەر ۋە سىرتقى قىسىمدىكى پاكار تاغ تىزمىلىرى ئۆز نۆۋىتىدە قۇم بارخانلىرى ھەمدە كۆچمە قۇمنىڭ بۇ يەرنى ئۇپرىتىشىدىن توسۇپ قالغان.

### قەدىمكى قورغاندىن تېپىلغان ھەر خىل يادىكارلىقلار

بۇ ئاددىي يادىكارلىقلار قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ كىچىك ئۆتەڭنىڭ ئومۇمىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم دەستىسى بار يا ئوقلىرى بۇ يەردە مۇھاپىزەتچى قىسىمنىڭ تۇرغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم زىنىتەلەنمىگەن يا ئوقى دەستىسىمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ تېرە بار قىسمى يوپۇرماق

شەكلىدىكى بىرونزا بىلەن زىننەتلەنگەن. يۇلغۇندىن ياسالغان ياغاچ ئوقيا قالدۇقى (138 ـ رەسىمگە قاراڭ)، قىسقا شەمشەر ۋە پىچاقنىڭ ياغاچ دەستىسى قاتارلىقلار بار. بۇلاردىن باشقا، يەنە تاشلىقۇپتىلگەن قوي يۇڭى ۋە كىگىزدىن تىكىلگەن ھەر خىل ئاياغلار بار ئىدى، بەزى ئاياغلار ئوخشىمىغان نۇسخىدا تىكىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قىلىنىلىقى بىلەن چوڭ نومۇرلۇق رازمېرى قەھرىتان سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىشكە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كروران، دۇنخۇاڭ چېگراسىدىن تېپىلغان توقۇلما ئاياغلارنىڭ شەكلىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئىدى. كۆپ ساندىكى توقۇلما بۇيۇملارنىڭ قالدۇقى ئېنىقلا يۇڭ كىيىملەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، كۆپىنچىسى سۆسۈن قىزىل رەڭلىك ياكى قىزىل رەڭلىك ئىدى. نەپىس يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار، بولۇپمۇ يىپەك بۇيۇملار كەمچىل بولغاچقا، بۇ يۇڭ توقۇلما بۇيۇملار ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. پەقەت بىر دانە كىمخاب پارچىسى بايقالغان بولۇپ، ئۇنىڭ توقۇلۇشى مىرەندىكى تىبەت قەلئەسىدىن تېپىلغان بىر پارچە كىمخاب رەخت بىلەن ئوخشايدۇ. ئىككى جۈپ ياغاچ چوكىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە (139 ـ رەسىمگە قاراڭ). بېلىق تورىنىڭ قالدۇقى دەرياغا كەلكۈن كەلگەندە بېلىق تۇتقىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ياغاچتىن ياسالغان شىشخال ئۈستىدىكى تۆشۈكلەر ياكى سىزىلغان قارا يۇمىلاق



138 ـ رەسىم ياغاچ ئوقيانىڭ قالدۇقى

www.uyghurkitap.com



139 ـ رەسىم ياغاچ چوكا

ھالقىلارنىڭ تىزىلىشى مىرەندىكى قورغاندىن تېپىلغانلىرى بىلەن ئوخشايدۇ. بۇ ئېنىقلا تىبەت ئەسكەرلىرى ئارىسىدا بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىنىڭ ئومۇملاشقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر قىسىم ياغاچتىن ياسالغان، ئېغىزى لاي بىلەن ئېتىلگەن قۇتىلارنىڭ شەكلى دۇنخۇاڭ چېگرا رايونىدىكى ئۆتەڭلەردىن تېپىلغان شۇ خىلدىكى بويۇملارنىڭ شەكلى بىلەن ئوخشايدۇ. ئەخلەت دۆۋىسىنى رەتلەۋاتقاندا كۆپ مىقداردا تىبەتچە، ئۇدۇنچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەم خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنىڭ قالدۇقى بايقالدى.

## 2 ـ بۆلۈم ئاقسۇ ۋە ئۇچتۇرپاندىن ئۆتۈش

### خوتەن دەرياسى دېلتىسى

سەككىز كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ مازارتاغدىن تارىم دەرياسى ياكى يەكەن دەرياسى بويىغا باردىم، ئارىلىقتىكى 150 مىلدىن ئارتۇق مۇساپىدە ھېچقانداق ئارخېئولوگىيەلىك ئىزنى بايقىمىدىم. كورلا دەرياسى ئاياغ (korla - ayaki) ئېقىنىدىن باشلاپ خوتەن دەرياسىدىن نۇرغۇن تارماق ئېقىنلار بۆلۈنۈپ چىقاتتى، بۇ تارماق ئېقىنلارنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردە شەكىللەنگەن. ئەمما، بۇ تارماق ئېقىنلار تىنىپ كەتكەندىن كېيىن قۇم بەلبېغىغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەن بۇ تارماق ئېقىنلار ئارىسىدا تەدرىجىي كېڭىيىپ بارىدىغان خوتەن دەرياسىنى بويلاپ

ماڭدىم، كۆز ئالدىمدا لوپ قۇملۇقىدىكى قۇرۇق (kuruk) دەريا دېلتىسى بىلەن كېرىيە دەرياسىنىڭ قەدىمكى دېلتىسىدا كۆرگىنىمگە ئوخشاش، پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇنقى مەنزىرە نامايان بولدى.

### ئاقسۇ دەرياسى بويىدىكى يول لىنىيەسى

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، يەكەن دەرياسى بىلەن ئاقسۇ دەرياسى قوشۇلىدىغان ئورۇننىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا تەخمىنەن 1 مىل كېلىدىغان يەردە تارىم دەرياسىدىن ئۆتتۇق. بۇ پەسىلدە يەكەن دەرياسى ئاساسەن قۇرۇپ كەتكەنىدى، لېكىن ئاقسۇ دەرياسى قىنىنىڭ كەڭلىكى 300 يارد كېلىدىغان بولۇپ، خېلى كۆپ سۇ ئېقىۋاتاتتى. ئاقسۇ دەرياسى سۈيىنىڭ ئۇلۇغ بولۇشى ئۇنىڭ دائىرىسىنىڭ چوڭ ھەمدە سۇ مەنبەسىنىڭ تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىدىكى قار ـ مۇز قەۋىتىگە يېقىن بولغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى خانتەڭرى (khan – tengri) چوققىسىنىڭ غەربىي باغرىدىن قەشقەرنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تېرەك (terek) تاغ ئېغىزىغىچە بولۇپ، تۆت مىرىدىيان ئۇزۇنلۇقىچە سوزۇلغان. لېكىن، بۇ يەردىكى سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدىغان مول سۇ مەنبەسى دەريا ئېقىنىنىڭ سول تەرىپىدىكى ئۇزۇن، تار كەتكەن يېزىلاردىكى قاقاس ئېتىزلار بىلەن ئىنتايىن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ تۇراتتى. ئاقسۇ «يېڭى شەھەر» گە قىلغان ئۈچ كۈنلۈك سەپىرىمدە، بۇنداق ئەھۋاللارنى كۆزىتىشىمگە يېتەرلىك پۇرسەت بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇنبەت خوتەن تۇپرىقى تەسىراتىمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى.

### ئاقسۇدىكى دولانلىقلار

تەرەققىي قىلىپ، چوڭ كۆلەمدە گۈللەنگەن بۇ رايوننىڭ ھازىرقى قالاق ھالىتىنى سۇنىڭ كەمچىللىكىگە باغلاشقا

بولمايدىغاندەكمۇ قىلاتتى. مەن ئاخىرىدا قالاق ھالەت بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغان نوپۇس، ئىرق ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاقسۇ رايونىنىڭ دەريا قىرغىقى بەلبېغى ھەم كەڭ كەتكەن رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان ساپ تۈرك قان سىستېمىسىدىكىلەر، يەنى مەشھۇر «دولانلىقلار» نى ئۆزئارا باغلىدىم. تىل، ئىرق تىپى ھەمدە ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، دولانلىقلار قىرغىزلار بىلەن ئىنتايىن يېقىن كېلىدىكەن. قىرغىزلار تەڭرىتاغ ئەتراپىدىكى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا تارقالغان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۇچتۇرپاننىڭ يۇقىرىسىدىكى توشقان (tushkan) دەرياسى ۋادىسىدا دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، مارالبېشىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىن ئاقسۇغىچە بولغان يەكەن دەرياسى بويلىرىغا نۇرغۇن دولانلىقلار تارقالغان، ئۇلارنىڭ قان سىستېمىسى بوستانلىقنىڭ جەنۇبى، شەرقى، غەربىدىكى كىشىلەر بىلەن ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ يېرىم چارۋىچىلىقتىن مۇقىم ئولتۇراقلىشىشتەك دېھقانچىلىق ئىگىلىكىگە ئۆتكەنلىكىنى يېقىنقى زاماندىكى ئىش دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆچمەنلەر دولقۇنىغا ئەگىشىپ تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى ھەقىقىي تۈركلەر زېمىنىدىن ئۆتۈپ تارىم ئويمانلىقىغا كىرگىنىگىمۇ ئانچە ئۇزاق بولمىغانىدى. ھالبۇكى، دولانلىقلارنىڭ كۆچۈشىگە تۈرتكە بولغان جۇغراپىيەلىك ئامىلنىڭ ئاقسۇنىڭ ئېنىق تارىخىنى چۈشەندۈرۈشتە مۇئەييەن ياردىمى بولۇشى مۇمكىن.

### فەن دوتەيىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ قېلىش

فەن دوتەيىنىڭ «يېڭى شەھەر»دە بەش كۈن تۇرۇش جەريانىدا، ئاقسۇدا ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان قەدىمكى بۇيۇملارغا ئېرىشتىم. ئاقسۇنىڭ دوتيىي، ھۆرمەتكە سازاۋەر بۇ ئەمەلدار دوستۇمنىڭ بۇ قېتىمقى ئاكتىپلىق بىلەن بەرگەن ياردىمىگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇنىڭ قارىمىقىدىكى رايونلاردا زىيارەت

دائىرەمنى كېڭەيتتىم، يەنى چارقىلىقتا كىرگەندىن بىرى تۇنجى قېتىم شەرقىي چېگرادىن ھالقىپ كەتتىم. ئۇنىڭغا قېزىۋېلىنغان جۇڭگونىڭ قەدىمكى يازما ھۆججەتلىرىنىڭ ئەۋرىشكىسى قاتارلىقلارنى كۆرسەتتىم، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىمگە قىزىققانلىقىغا رەھمەت ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، فەن جانابلىرىنىڭ تەۋسىيەسى ۋە كۆچلۈك قوللىشى ئارقىسىدا، رام سىنگ تەڭرىتاغنىڭ سىرتقى تاغ تىزمىلىرى ھەمدە قەشقەرنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىدا ئۇدا داۋاملاشقان نەچچە قېتىملىق ئۆلچەش جەريانىدا يەرلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭ دوستلارچە غەمخورلۇقى جياڭ بېگىمنىمۇ خاتىرجەم قىلدى. جياڭ بېگىمنىڭ قىزغىن مۇلازىمىتىنىڭ خىزمىتىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا كۆپ ياردىمى بولدى.

**ئاقسۇ — «خەننامە» دە تىلغا ئېلىنغان قۇم**

ئاقسۇدا توختاپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىمدە، بۇ رايوندا قەدىمكى خارابىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرۇلۇق ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدىم. شاۋان بىلەن گرېنارد ئىلگىرى جۇڭگو يازما مەنبەلىرىدىكى زۆرۈر ھەم كېرەكلىك ماتېرىياللارنى بايان قىلىپ ئۆتكەچكە، مېنىڭ بۇ يەرنىڭ دەسلەپكى تارىخى ۋە جۇغراپىيەلىك ئەھۋاللىرى ھەققىدە ئۇزۇن گەپ قىلىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. گرېناردنىڭ تۆھپىسى — ئۇنىڭ تۇنجى بولۇپ خەننامىدىكى قۇم «姑墨»نىڭ ئورنىنى ئېنىق بەلگىلەپ بەرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «كېيىنكى خەننامە» ھەمدە «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى»دا تىلغا ئېلىنغان ئوخشاش نام دەل ھازىرقى ئاقسۇنى كۆرسىتەتتى. «خەننامە»دە، قۇم «姑墨»نىڭ ئورنى كۇسەن ياكى كۇچانىڭ غەربىگە 670 چاقىرىم كېلىدۇ، جەنۇب تەرەپتىكى خوتەنگە ئاتلىق «15 كۈن» مېڭىشقا توغرا كېلىدۇ، دەپ خاتىرىلەنگەن. بۇ مەن ھېسابلىغان ئاقسۇدىن خوتەنگىچە بولغان مۇساپە بىلەن ئوخشاش چىقتى.

www.uyghurkitap.com

هازىرقى 3500 تۈتۈن تارىختا خاتىرىلەنگەن كۇسەن (كۇچا)دە، 6970 تۈتۈن، ئاگنى، يەنى قاراشەھەردە 4000 تۈتۈن، دېيىلگەن سانلىق مەلۇماتلار نىسبەتەننىڭ خېلى توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغاندەك قىلاتتى. ئوخشاشلا رىۋايەتلەردە، ئونسۇ قۇمنىڭ غەربىگە 270 چاقىرىم كېلىدىغان يەردە، دەپ خاتىرىلەنگەن. يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو جۇغراپىيە ئەسەرلىرى ۋە ھۆكۈمەت تەرەپ نام قويغان نامدا، بۇ جاي خاتا ھالدا «ئاقسۇ» دەپ ئاتالغان. گرېنارد بىلەن شاۋات ئۇنى ھازىرقى «ئۇچتۇرپان» دەپ كۆرسىتىدۇ.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاقسۇ

«تاڭنامە»دە، خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇم ھازىرقى بالۇكا بەگلىكى ئىدى، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن، يەنى شۈەنزاڭ كۇچادىن غەربكە قاراپ بىر كىچىك قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، 600 چاقىرىم يۈرگەندىن كېيىن يېتىپ بارغان كىچىك بەگلىك ئىدى. «تاڭنامە»دە يەنە كۇچادىن غەربتىكى ئۇچقا بارىدىغان بارلىق يول لىنىيەسى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاقسۇ شەھىرى نامىنىڭ «بالۇكا، ۋېيروك، قۇم» دەپ ئاتىلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئېنىق ئورنى بايان قىلىنغان. «تاڭنامە»نىڭ بىرىنچى بۆلۈمىدە «قۇم» دېگەن نامنىڭ باشقىچە ئوقۇلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ۋېيروكدىن باشقا، ۋۇكۇڭ يەنە بارخان ياكى باخان دېگەن نامنىمۇ تىلغا ئالغان. ۋۇكۇڭ تەخمىنەن مىلادىيە 787 ـ يىلى جۇڭگوغا قايتىش سەپىرىدە خوتەندىن ئاقسۇغا كەلگەن. ئېنىقكى، ئۇ ئايلىنىپ ئەگرى يول بىلەن مېڭىشقا مەجبۇر بولغان. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا لوپنۇر ئارقىلىق بىۋاستە دۇنخۇاڭغا بارغىلى بولىدىغان يولنى تىبەتلەر ئىگىلىۋالغانىدى. شۈەنزاڭنىڭ «بالۇكا» ھەققىدىكى قىسقىچە بايانى «تاڭنامە»دە قىلچە ئۆزگەرتىلمىگەن، پەقەتلا قۇمنى «كىچىك بەگلىك» دەپلا بايان قىلىنغان. شۈەنزاڭ: «بالۇكانىڭ

شەرقتىن غەربكىچە ئۇزۇنلۇقى 600 چاقىرىم، جەنۇبتىن شىمالغىچە كەڭلىكى 300 چاقىرىم، ئاستانىسىنىڭ ئايلانمىسى تەخمىنەن 5 ـ 6 چاقىرىم كېلىدۇ» دەپ خاتىرىلىگەن. ئۇنىڭدا «يېرى مۇنبەت، هاۋاسى مۆتىدىل، ئادەملىرىنىڭ خۇلق ـ مىجەزى، ئۆرپ ـ ئادىتى، يېزىقى، قائىدە ـ قانۇنلىرى كۇسەن بەگلىكىنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ، تىلى ئازراق پەرقلىنىدۇ، كىگىز ـ پالاسلىرىنى قوشنا ئەللەر ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. ساڭراملىرى ئونغا يېتىدۇ، راهىبلىرى مىڭدىن ئاشىدۇ» دېيىلگەن.

### ئاقسۇنىڭ ئورنى

شۇەنزاڭ بارلىق زېھنىنى كۇچا بىلەن خوتەننى تەپسىلىي بايان قىلىشقا قاراتقان: مەيلى قايسى ئەل بولمىسۇن، بۇددا راهىبلىرىنىڭ سانى 5000 غا يەتكەن. بۇلارنى مۇبادا ئاقسۇ هەققىدىكى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئۇ ئاقسۇغا يېتىپ بارغان ۋاقىتتا، بۇ يەرنىڭ ئۇنچىلىك مۇهىم ئەمەسلىكى ۋە بايلىقى كەمچىل رايون ئىكەنلىكىنى هېس قىلغانلىقىنى ناهايىتى ئاسانلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. «كېيىنكى خەننامە»، «ۋېي سۇلالىسىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ۋە «تاڭنامە»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇم بەگلىكى كۇسەن بەگلىكىگە بېقىندى بەگلىك ئىدى، بۇگۈنكى كۇندىمۇ بۇ خىل ئەهۋالنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمدىلىكتە سودا ۋە مەمۇرىي مەركەز بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاقسۇ كۇندىن ـ كۇنگە مۇهىم ئورۇنغا ئۆتمەكتە، بۇ قانداقتۇر كۇچانىڭ مەهسۇلاتى ۋە سانائىتىنىڭ ناچارلىقىدىن بولماستىن، بەلكى يېڭى شەهەر بىلەن «كونا شەهەر»نىڭ ئەۋزەل جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن تۇلۇق پايدىلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. قاراشەهەردىن قەشقەرگىچە بولغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى بوستانلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ سودا يولى ئاقسۇدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي قىسمىغا

تۇتىشىدىغان مۇھىم يول ئوخشاشلا مۇشۇ جايدىن كېسىپ ئۆتىدۇ. ئاقسۇدىن شىمالغا ئۆتىدىغان نۇرغۇن يول لىنىيەلىرى مۇزئارت (Muz - art) تاغ ئېغىزىدىن ئۆتىدۇ. مۇزئارت تاغ ئېغىزى تارىم ئويمانلىقى بىلەن ئىلى دەرياسى ۋادىسىنى، يەنى سودا مەركىزى بولغان غۇلجا (kulja)نى تۇتاشتۇرىدۇ. توشقان دەرياسىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىن ئۇچتۇرپان ئارقىلىق بەدەلئارت (Bedelart) تاغ ئېغىزىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بىر يولمۇ مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. بۇ يول ئىسسىقكۆلنى ئوراپ تۇرغان تاغ جىلغىسى ھەمدە ياشارتېس (Yaxartes)نىڭ باشلىنىش مەنبەسىگە تۇتىشىپ، فەرغانىدىكى تاغ جىلغىسىنىڭ بىر تەرىپىگە قاراپ داۋاملىشىدۇ. بۇ ئارىلىقتىكى يەرلەر ئوتتۇرا ئاسىيا مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تالىشىش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. ئوخشاش سەۋەب تۈپەيلىدىن، ھازىرقى ئاقسۇ خەن سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ باراۋەر ئاساستا مال ئالماشتۇرۇش ۋە سودا ئالاقىسىدە بولۇپ كەلگەن رايون ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇيسۇنلار شىمالدىكى تاغ جىلغىسىدا قۇدرەتلىك خانلىق قۇرغان. شۈەنزاڭ بالۇكادىن داۋاملىق ئالدىغا قاراپ مېڭىپ، توقماق (Tokmak) ئەتراپىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، تاغ تىزمىسىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ۋە تۈزلەڭلىكىنى غەربىي تۈركلەرنىڭ ئىگىلىۋالغانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبىرىنىڭ «قاغان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئوخشاش بولغان جۇغراپىيەلىك ئامىل ئاقسۇنى ھەربىي ۋە سىياسىي جەھەتتىكى مۇھىم ئورۇنغا ئايلاندۇرغان بولسىمۇ، ئەمما زۆرۈر چۈشەندۈرۈشلەر كەمچىل ئىدى. شەك ـ شۈبھىسىزكى، 1877 ـ يىلى شىنجاڭ قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى بۇ يەردە دوتەي تەسىس قىلغان، ئەڭ دەسلەپ ئاقسۇنى ئەمىر لەشكەر (باش قوماندان) مەھكىمىسى قىلىپ تاللاپ، بۇ يەرنى قۇدرەتلىك بىر قوشۇن بىلەن مۇھاپىزەت قىلغان.

### ئۈچتۇرپانغا ئاتلىنىش

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ئاقسۇ «يېڭى شەھەر»دىن ئۈچتۇرپان ھەم تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى مەشھۇر كەلپىن رايونىنى تەكشۈرۈشكە ئاتلاندىم. كەلپىن تۈزلەڭلىكىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈلمىگەنلىكىنى بىلەتتىم. ئاقسۇدا فەن بېگىمنىڭ دوستلارچە ياردىمىدە ئېرىشكەن خەۋەردىن كىچىك بوستانلىق ۋە مارالبېشىغا تۇتىشىدىغان رايونلاردا تاشلاندۇق خارابىلىكلەرنىڭ بارلىقى مەلۇم بولدى. خوتەندىكى خىزمەتلەر مېنى كۈتۈپ تۇرغاچقا، يەكەندىن خوتەنگە قايتىشتىن ئىلگىرى، بۇ خارابىلىكلەرنى ئارخېئولوگىيەلىك جەھەتتىن تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئاقسۇ «يېڭى شەھەر»دىن «كونا شەھەر»گىچە ئاتلىق ماڭسا 7 مىل كېلىدۇ، بىز كەڭ، قاقاس ئېگىزلىكنىڭ چېتىنى بويلاپ ماڭدۇق. قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئېگىزلىك ۋە سېرىق تۆپىلىك ئىككى شەھەردىن 60 ~ 100 فۇت ئېگىز بولۇپ، سۇغىرىش رايونى بىلەن قوشنا ئىدى. ئېگىزلىكنىڭ ئۈستىدە چوڭ قەبرىستانلىق بار ئىدى، مازار ۋە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قەدىمي قەلئە ياكى قاراۋۇل (karauls) ئېنىقكى ئىسلامىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا تەۋە ئىدى. يېقىنقى دەۋردىكى نۇرغۇنلىغان دۇئا ـ تىلاۋەتخانىلارنىڭ ئەتراپىدا بۇرۇنقى دەۋردىكى خارابىلەر بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئەمما ئۇلارنى تاپالمىدىم. بىراق، مۇشۇنىڭغا ئوخشايدىغان تارىختىن بۇرۇنقى نۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئۆڭكۈرلەردىكى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ خارابىسى ۋە قەبرىلەر ياخشى ساقلىنىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ئۇلارنىڭ تىك ۋە قۇرۇلۇش قىلىشقا ئاسان بولغان جايغا سېلىنغانلىقى ئىدى.

### ئاقسۇدىن ئۈچتۇرپانغا بارىدىغان تاڭ دەۋرىدىكى يول لىنىيەسى

ئىككى كۈن يۈرۈپ ئۈچتۇرپاننىڭ ئەڭ شەرقىي قىسمىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ تۆپرىقى مۇنبەت، سۇغىرىشقا ئاسان جايلار

ئىدى. لېكىن يەنىلا ئېچىلمىغان بولۇپ، خۇددى تارىم ئەتراپىدا تەكشۈرگىنىمگە ئوخشاش ئىدى. سەۋەبى، بۇ يەردە ئاھالىلەر شالاڭ بولۇپ، ئەمگەك كۈچى كەمچىل ئىدى. ئاقسۇ دەرياسى (بۇ يەر قۇمئېرىق ‹kum – arik› دەرياسى دەپ ئاتىلىدىكەن) بىلەن توشقان دەرياسىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ مول سۇ ئېقىمىنى ھاسىل قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئوخشاش پەسىلدىكى خوتەن دەرياسى سۈيىنىڭ مىقدارىدىنمۇ جىق ئىدى. ئۇنىڭدىن قالسا، دەريا سۈيى پەقەت كەلكۈن مەزگىلىدىكى دەريا قىنىنىڭ كىچىك بىر قىسمىنى تولدۇرسىمۇ، بىراق كەڭلىكى 3/4 مىل كېلىدىغان قۇمئېرىق دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتكىلى بولمايتتى. گرېنارد بىلەن شاۋان بۇ ئىككى دەريا «تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دىكى مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردە ئىنتايىن ئېنىق تىلغا ئېلىنغان، كىتابتىمۇ بارخان (ئاقسۇ) شەھىرىدىن داشى (چوڭ تاش) ياكى ئۇنسۇ(ئۇچتۇرپان) شەھىرىگە تۇتىشىدىغان يول ئېنىق خاتىرىلەنگەن، دەپ كۆرسەتكەن. بىرىنچى دەريا بارخان دەرياسى، ئىككىنچى دەريا خۇلۇ دەرياسى (葫芦河) دەپ ئاتىلىدۇ، بارخان دەرياسى بىلەن بارخان شەھىرىنىڭ ئورنى ئېنىق خاتىرىلەنمىگەن، لېكىن ئۇنىڭ خۇلۇ دەرياسى بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ 40 چاقىرىم كېلىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، بۇ ھازىرقى سازلىقنى كېسىپ ئۆتىدىغان، ئۇزۇنلۇقى 12 مىل كېلىدىغان يول بىلەن ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. قۇمئېرىق دەرياسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى قەدىمكى بىر دەريا قىنى تېرەكباغ (Terek – bagh)كەنتى بىلەن توشقان دەرياسىنىڭ تۇتاشقان جايدا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «جۇغراپىيە تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن «كىچىكتاش» (小石) شەھىرى ئىككى دەريا ئارىسىغا جايلاشقان، ئۇ ھازىرقى بارۇن (Barun) كەنتى بىلەن چاۋارىق (Chawarik)كەنتىگە ئىنتايىن يېقىن بولۇشى مۇمكىن.

### ئۈچتۇرپاننىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى تېرىقچىلىق

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئازادە بىر كۆڭۈلۈك سەپەردىن كېيىن توشقان دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقى ئەتراپىدىكى ئۈچتۇرپانغا قاراپ ماڭدۇق. يول ئاساسەن جەنۇب تەرەپتىكى مەشھۇر قاراتېكە (kara – teke) تاغ تىزمىسى ئېتىكىدىكى قەدىمكى ئېكىنزارلىق بەلباغنى كېسىپ ئۆتەتتى. دالىدا تۈجۈپىلەپ ئىشلەۋاتقان مەنزىرە كۆرۈنەتتى، پات ـ پات چىرايلىق باراڭلار پەيدا بولاتتى. كېيىنچە كونا تونۇشۇم ئۈچتۇرپاننىڭ مەمۇرىي ئەمەلدارى پىلىڭ بېگىمنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، چيەنلۇڭ خان ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدىكى بىر قېتىملىق توپىلاڭدىن كېيىن، بۇ يەردىكى بارلىق يەرلىك ئاھالىلەر قىرىپ تاشلانغان. ھازىرقى ئاھالىلەر قەشقەر ۋە خوتەندىن كەلگەن كۆچمەنلەرنىڭ ئەۋلادى ئىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن سۆگەتلىك (sugetlik) مازارىنىڭ ئەتراپىدىكى خارابىلىكتىن ئۆتكەندە، مەن ئۇ يەردە كۆرگەن بىر قىسىم چولڭ تىپتىكى گۈمبەزلىك قەبرىلەر ياكى «گۈمبەز»لەر قىرغىزلار ياكى ئۇنىڭ بىلەن قانداش بولغان ئۇرۇقلارنىڭ قەبرىسى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن يەرلىك كىشىلەر ئەنئەنە بويىچە خاتا ھالدا بۇلارنى «قىپچاق شاھزادىسىنىڭ قەبرىسى» دەپ قارايدىكەن.

### قىرغىزلارنىڭ قىشلىقى

تار كەتكەن ئېكىنزارلىقنىڭ شىمالىي تەرىپى كەڭ كەتكەن يايلاققىچە سوزۇلىدۇ، يايلاق توشقان دەرياسىدىن كەلگەن يېتەرلىك نەم ھاۋانى قوبۇل قىلىدۇ، قىرغىزلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، قىشلاق ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن قىرغىزلار ئېگىز تاغ جىلغىلىرىدا ئولتۇراقلىشىدىكەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمى دېھقانچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. ئۈچتۇرپاندىمۇ نۇرغۇن

قىرغىزلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىكەن، مەن ئۇلارنىڭ بىگىنىڭ ئۆيىدە قوندۇم. قاينام - تاشقىنلىقتىن يىراقراق كىچىك شەھەردە ئىككى كۈنلۈك ۋاقتىمدىن پايدىلىنىپ، ئىنسانشۇناسلىق تەكشۈرۈشى ئېلىپ باردىم. كۆپ ساندىكى قىرغىزلارنىڭ تەن ئالاھىدىلىكى يەنىلا ساپ تۈرك قان سىستېمىسىنى ساقلاپ قالغان، لېكىن يەنە بىر قىسمى «سارت» (sart) لار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردىكى قىرغىزلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، مۇقىم ئولتۇراقلاشقانلارنى «سارت» دەپ ئاتايدىكەن. غەربىي تۈركىستاندا مۇنداق ئاتاش بەك ئومۇملىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، تارىم دەرياسى بويىدا بۇنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىشىم بولۇپ، بۇ روسىيە چېگراسىغا يېقىن رايونلار ۋە سىر دەرياسىنىڭ مەنبەسىنى ئەسلەتتى.

ئۈچتۇرپاننىڭ تەبىئىي قەلئەلىرى

ئەتىيازدىكى داۋاملىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تۇمان شىمالىي قىسىمدىكى ئاسمان - يەلەك تەڭرىتاغ تىزمىلىرىنىڭ قارلىق چوققىلىرىنى ئوراپ تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبتىن يىراقتىن تاغ ئېغىزىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۆز ۋاقتىدا بەدەل داۋانىدىن ئۆتۈپ ئىسسىقكۆل رايونىغا بارغان، ئۇ يەردىن سوغدىياناغا بارغان. تەڭرىتاغنىڭ بۇنداق ھەيۋەتلىك مەنزىرىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، مەن يەنىلا ئۈچتۇرپاننى جۇڭگو شىنجاڭدا زىيارەتتە بولغان بارلىق رايونلارنىڭ مەركەزلىرى ئىچىدە مەنزىرىسى ئەڭ گۈزەل، ئادەمنى خۇشال قىلىدىغان جاي، دەپ قارايتتىم. مۇنبەت تۇپراق، يېشىل تاغ جىلغىسى روشەن ھالدا جەنۇبنى ئوراپ تۇرغان قاقاس كۇل رەڭ تاغ تىزمىسى ئارىسىدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇرىدىغان جۇڭگو ئۇسلۇبىدىكى چوڭ قورغان بار (140 - رەسىمگە قاراڭ). ئۇ چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان بىر تاغ تۇمشۇقىغا جايلاشقان. تاغ تۇمشۇقى شەھەرنىڭ غەربىي سېپىلى بىلەن تۇتىشىپ، سېپىلنىڭ ئۈستىدە قەد

كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ ناھايىتى چوڭ تەبىئىي قەلئەگە ئوخشايتتى. ئەڭ غەربىدىكى تاغنىڭ ئېگىزلىكى 250 فۇت كېلىدۇ. قورغان ۋە ئىككى تەرەپتىكى مۇداپىئە ئىستىھكامى بىلەن شەھەر سېپىلى يېقىندىلا تۇتاشتۇرۇلغان. ئىسلام دىنى مۇرتلىرىنىڭ بىر قېتىملىق توپىلىڭىدا ئۇچتۇرپان مۇھاسىرىگە ئېلىنغان ۋە ئىشغال قىلىنغان، بۇزۇۋېتىلگەن ئىستىھكام ئورنىغا سېپىل ياسالغان، لېكىن بۇ تەبىئىي قورغان ناھايىتى بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا ئىشلىتىلگەن بولۇشى مۇمكىن.

## 3 - بۆلۈم تاغ تىزمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كەلپىنگە بېرىش

### تاغ ئىچىدىكى سېھىرلىك قەدىمىي قەلئە ھەققىدە رىۋايەت

ئۇچتۇرپاندا تۇرغان مەزگىللەردە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىمدە، تاغ جىلغىسىدىكى قەدىمكى خارابىلىك توغرۇلۇق ھېچقانداق مەلۇماتلارغا ئېرىشەلمىدىم، لېكىن قىرغىز دېھقانلىرى ئارىسىدىن سېھىرلىك شەھەر ياكى قەلئە



140 - رەسىم ئۇچتۇرپاننىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى تاغ تۇمشۇقىغا جايلاشقان جوڭگو قورغىنى، شەرقتىن كۆرۈنۈشى

تۇغرىسىدىكى بىر قىسىم مۇجمەل رىۋايەتلەرنى ئاڭلىدىم. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەقەت ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرىلا يىراقتىن ئۆلارنىڭ جەنۇبىتىكى چوڭ تاغ تىزمىسىدا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدىكەن، بىراق قانداقلا چاغدا ئىزدەپ بارسا تۇساتتىن يوقاپ كېتىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، تاشلاندۇق شەھەر ۋە «بايلىق ئىزدەپ» بارغان كىشىلەر بۇ جاينى تاپالمىغان. بۇ رىۋايەتلەر كۆلەك شەھىرى بىلەن بەربەر شەھىرى (kulek - shahr ،shahr - i - barbar) قاتارلىقلارنىڭ يەرلىكتىكى ئىنكاسى ۋە تەكلىماكان قۇملۇقى ئەتراپىدىكى كۆپلىگەن بوستانلىقتىكى كىشىلەرنىڭ قەدىمكى شەھەرنى ئىزدەيدىغان ئومۇمىيۇزلۇك ئارزۇسىنى يېتەرلىك چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياشانغان ئوۋچى — ئاقال يولچى(Akal - yolchi)دىن ئاقسۇغا بارىدىغان يولدا، خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن بۇ رىۋايەت تۇغرۇلۇق چوڭقۇر ئىزدىنىش پۈرسىتىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىدىم. ئون نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ بىر مۇسۇلمان بىلەن ئامبالنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، بىر خەنزۇ ئەرگە ھەمراھ بولۇپ قاقەجادە (kaka - jade) تاغ چوققىسىغا بارغانىكەن. تاغ چوققىسى كەلپىن يول لىنىيەسىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىكەن. خەنزۇ ئەر بۇ يەردىن ئۆزى «تاڭ دەۋرىدىكى سەركەردىنىڭ سارىيى» دەپ ئاتايدىغان يەر بىلەن ئۇ يەرگە كۆمۈلگەن تاش ئابىدىنى ئىزدەپ تېپىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن، خەنزۇ ئەر تاغ ئىچىدە ئۈچ كۈن يوقاپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتىپ كەپتۇ، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئاشكارىلىماپتۇ، كېيىن ئاقال يولچى ئۆزى قاقەجادە تېغىغا چىقىپ، ئۇيەردە پەقەت قورام تاش ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەن تۆپىلىكنىلا كۆرۈپتۇ.

قاقەجادە تۇتاش تاغ چوققىسىنى كۆرۈش

5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئۈچتۇرپاندىن ئايرىلىپ كۆكتەي

(kong–tai)دىكى تۇر خارابىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى كەڭ ۋە قاقاس دەريا جىلغىسىغا يېتىپ كەلدىم. سول تەرىپىمىزدىكى قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان تاغ تىزمىسى بارغانسېرى ئېگىزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئات بىلەن 20 نەچچە مىل ماڭغاندىن كېيىن، كۆز ئالدىمىزدا ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ھەرەچىشىمان تاغ چوققىسى كۆرۈندى. ئۇلار ئۇزۇن بىر قاتار تىزىلغان بولۇپ، جىلغىدا يەنە ئاز بىر قىسىم مۇز قاتلىمى ساقلىنىپ قالغان. قاراشىۋە (kara – shiwe) جىلغىسىدىن چىقىپ كەڭ كەتكەن بىر جىلغىغا كىرىپ، يىراقتىن كۆرۈنگەن چوققىلارغا يېقىنلاپ قالدۇق، بۇ ئادەمگە غەلىتە گىرانىت تاشنى ئەسلىتەتتى. بۇ تاغ چوققىلىرى 13 مىڭ فۇتتىن ئېگىزرەك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى خەتەرلىك تىك چوققا ۋە تىك يارلار بىلەن تاشلىنىۋېتىلگەن قەدىمىي مۇنار ۋە قەلئە ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوخشايتتى. ئېگىز تاغ جىلغىسىنىڭ ئەتراپىدا بىر قىسىم قىرغىزلارنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى ھەيدەپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇزۇلمەي داۋام قىلغان قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن يايلاقتا سۇ قالمىغانىدى. ئۇلار بۇ بىر قاتار تاغ چوققىلىرىنىڭ «قاقەجادە» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ھەم خۇراپىيلارچە ئۇلاردىن ئەيمىنىپ قورقىدۇ. كۆز ئالدىمدىكى تىك چوققىلارنى سىنچىلاپ كۆزەتتىم، خىيالىمدا مۇنار، شەھەر ۋە ئېگىز بىنالار پەيدا بولدى، ئىختىيارسىز ھالدا بۇ تاغدىكى ئاجايىپ مەنزىرىلەرنىڭ ئۇچتۇرپاندا ئاڭلىغان رىۋايەتلەرنىڭ مەنبەسى بولۇش مۇمكىنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم. يول باشلىغۇچۇم، قىرغىزلارنىڭ ئاتامانى مەنگۇش بەگ (Mangush Beg)نىڭ دېيىشىچە، تاغ چوققىسىدا بىر ئەجدىھا بولۇپ، ئۇ بەزىدە ئاسماندا بۇلۇت سىياقىدا پەيدا بولۇپ، ئاغزىدىن مۆلدۈر ۋە ئوت پۈركۈيدىكەن. ئۇنىڭ ۋە باشقا قىرغىزلارنىڭ ھېكايىسى ماڭا ياشانغان خەنزۇ تاۋاپچى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايىنى، يەنى پامىرنىڭ قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان ئېگىز

www.uyghurkitap.com

چوققىلىرى ۋە ھىندىقۇش تاغ ئېغىزىنىڭ ئۈستىدە ئەجدىھا بار، دېگەن رىۋايەتنى ئېنىق ئەسلەتتى. رىۋايەتنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن باشقا رايونلاردىكى تاغ تىزمىسىغا ئائىت قەدىمكى رىۋايەتلەرنىڭ ئىرق ئايرىمىسىغا قارىماي، ئىنتايىن مۇقىم بولىدىغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى.

### سېغىزقان تاغ ئېغىزىدىن كېسىپ ئۆتكەن تاغ تىزمىسى

مەندە بۇ تاغ تىزمىسىغا نىسبەتەن چوڭقۇر قىزىقىش پەيدا بولدى، ئۇ مەن ئوتتۇرا ئاسىيا سەپىرىدە كۆرگەن تاغ تىزمىلىرىغا ئوخشىمايتتى. شۇ كۈنى يېرىم كېچىدە مەنگۇش بەگنىڭ چېدىرىدا قونۇپ قالدىم. ئەقىل ـ پاراسەتلىك، ئۆتكۈر كارۋان بېشى ھەسەنئاخۇننىڭ ئىنتايىن تەستە ئىرىشكەن ئۇچۇرىدىن تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇب تەرىپىدىكى ئېگىزلىكتە بىر تاش بالىبالنىڭ بارلىقىنى بىلدىم. مەنگۇش بەگ ئانچە خالىمىغاندەك قىلىپ، تاش بالىبالنى بىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە يول باشلىغۇچى بولۇشقا ماقۇل بولدى. ئىككىنچى كۈنى ئىنتايىن قىسقا، ئەمما مۇشكۈل يوللارنى باستۇق، دېڭىز يۈزىدىن 8600 فۇت ئېگىز سېغىزقانئارت(saghiz – kan – art) تاغ ئېغىزى ئارقىلىق، تاغ تىزمىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، توپا ـ چاڭلار بىلەن قاپلانغان شېغىللىق جىلغىغا يېتىپ كەلدۇق. جىلغىدا بىر چىغىر يول بار بولۇپ، بۇ يولنىڭ جەنۇب تەرىپىدىن قاقەجادە تاغ ئېغىزىغا بارغىلى بولىدىكەن. سېغىزقان تاغ ئېغىزىنىڭ جەنۇبىدىن سەل نېرىراقتىكى جايدا شايىتقاق (shait ـ Kāk)دەپ ئاتىلىدىغان بىر تاش كۆلچەك بار ئىكەن، بىز شۇ يەردە چېدىر تىكتۇق. 5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مەنگۇش بەگنىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا تاش بالىبالنى ئىزدەشنى داۋاملاشتۇردۇم. يول گەرچە ئۇزۇن بولسىمۇ، قىرغىزلارنىڭ پاكار ئاتلىرى بۇ يەرنىڭ كۆپ جايلىرىنى بىر كۈندە بېسىپ بولدى، لېكىن بۇ ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ساياھەت بولدى.

### تاغ تىزمىسىنىڭ ھۆل - يېغىن مىقدارى ئاز

تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي جەنۇب قىسمىدىكى بىر قاتار ئېگىز چوققىلارغا چىققاندىن كېيىن، ئەڭ ئېگىز ساربەل (sar – bel) (دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 مىڭ فۇت كېلىدۇ) تاغ چوققىسىنىڭ ئاستىدا قىرغىزلارنىڭ بىر تۇرالغۇسىنى بايقىدۇق. بۇ يەر بىلەن تاغ تىزمىسىنىڭ باشقا جايلىرىدا سۇ ئىنتايىن كەمچىل ئىكەن. قىرغىزلار پەقەت قىشتا ياغقان قار - مۇز سۇيىگىلا تايىنىدىكەن، ئۇلار قار - مۇز سۇيىنى 3 - ، 4 - ئايلارغىچە ساقلايدىكەن. بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى باشقا ۋاقىتلاردا «قاق»، يەنى تاش كۆلچەكنىڭ سۇيىنى ئىچىدىكەن. ئېگىزلىكتىكى قار قاتلىمىدىن باشلىنىدىغان بۇلاق سۇيى قاتمۇقات تاغ چوققىلىرى ئارىسىدىكى چوڭقۇر جىلغىلارغا ئېقىپ كېتىدىكەن. بۇ تۇرالغۇدىكى ياشانغان، ئەقىللىق قىرغىز بوۋاينىڭ دېيىشىچە، ئۇ ياش ۋاقتىدا بۇ يەرنىڭ قار - يامغۇرى يېتەرلىك ئىكەن، بۇرۇن نۇرغۇن قىرغىزلار بۇ ئۇنۇمسىز تاغ چوققىسىغا كېلىپ، پاكار ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەرگە تايىنىپ، مال - چارۋىلىرىنى بېقىپ ياشىغانىكەن.

### قاقەجادە تاغ چوققىسىدىكى ئاجايىپ مەنزىرە

ساربەلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كەڭ كەتكەن تاغلىقتا قاراپ ئاتلىق ماڭدۇق، تاغنى ئايلىنىپ، ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا كۆرگەن قاقەجادە تاغ چوققىسىنىڭ تەدرىجىي يانتۇلىشىۋاتقان تاغ ئېغىزىغا كەلدۇق (141 - رەسىمگە قاراڭ). بۇ يەردىن قارىغاندا تاغ چوققىسى ئاجايىپ مەنزىرىلىك كۆرۈنەتتى. بۇ ئېگىز قورام تاشلىق تاغ چوققىلىرى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئەمما، تاغ چوققىلىرىغا چىققىلى بولمايتتى. شۇ سەۋەبتىن، نۇرغۇن قەدىمىي رىۋايەتلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە پەيدا بولغانلىقىنى، شۇنىڭدەك بۇ يەرنىڭ « يايلاقتىكى قەلئە» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى

www.uyghurkitap.com

ناھايىتى ئاسانلا چۈشەنگىلى بولاتتى. ناھايىتى ئەپسۇس، ۋاقىت قىس بولغاچقا، بىز تاغ چوققىسىغا يەنىمۇ يېقىنلىشالمىدۇق. ئامالسىز قالدۇق ھەمدە شەكلى غەلىتە بۇ قورام تاشلارنىڭ شەكىللىنىشىدىكى جۇغراپىيەلىك ئامىلنى ئېكىتتىشكىمۇ ۋاقىت چىقمىدى. شۇنى قوشۇپ قويايكى، تاغ ئىزمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جىلغىدا كۆرۈنۈپ قالغان قورام تاشلار ئاساسلىقى بىر خىل قىزىل رەڭلىك قۇم تاش ئىدى.

چالكۆيدى «ئەۋلىيالار قەبرىستانلىقى» دىكى تاش بالبال

سارىبەلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن ئاتلىق 10 مىل ماڭغاندىن كېيىن، چالكۆيدى (chalkoide) چارۋىچىلىق مەيدانىغا يېتىپ كەلدۇق. چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 6700 فۇت كېلىدۇ، ئۇ يەردىكى بىر كىچىك قورام تاشلىق تاغنىڭ چوققىسىدا قويپال ياسالغان «ئەۋلىيالار قەبرىستانلىقى»(ziarat) نى بايقىدىم. بۇ قەبرە تاغ چوققىسىدىكى بىر ئېگىزلىككە جايلاشقانىدى. يىراقتىن تاغ چوققىسىغا قارىسىڭىز بىر يولنىڭ ئىداق جىلغىسى (Idak – jilga)غا تۇتىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيسىز، ئۇ يەردە ناھايىتى تىك بىر يارلىق قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ئىخلاسمەن قىرغىزلار ئۇنى قەدىمدىكى «قازئاتا (kaz – ata)» دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەھرىماننىڭ ئوبرازى، دەپ قارايدىكەن. ئەمما، مېنىڭ دىققىتىمنى ئەڭ قوزغىغىنى، ئىنتايىن ئاددىي تاش دۆۋىسىدىن قوپۇرۇلغان، كەڭلىكى تەخمىنەن 8 فۇت كېلىدىغان قورشاۋ تامنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بايقالغان تاش بالبال ئىدى، ئۇ بۇ يەرنىڭ مۇقەددەس يەر ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى (142 ـ رەسىمگە قاراڭ). تاش بالبال بىر پارچە ئابىدە شەكىللىك تاش ئاختاي بولۇپ، ئېگىزلىكى 2 فۇت 10 دىيۇم، كەڭلىكى 12.5 فۇت كېلىدۇ. تەكشى يۈزى قوپال قاپارتما نەقىشتە بىر ئەرنىڭ قولىدا بىر ئەگمەچ قىلىچ تۇتۇپ، ئىككى قولىنى مەيدىسىنىڭ

ئالدىغا گىرەلەشتۈرگەن ھالىتى گەۋدىلەندۈرۈلگەنىدى، ئۇنىڭ باش قىسمى ناھايىتى يوغان بولۇپ، بەدىنىگە ماس كەلمەيتتى، ئىككى پۇتىنى ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولمايتتى. كۆز ۋە قېشىدا قارا سىياھنىڭ ئىزناسى بار ئىدى. ھەيكەل بەكلا قوپال ئويۇلغان بولۇپ، يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە مۇمكىن بولمىدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئېغىر دەرىجىدە يىمىرىلگەنلىكى بالىبالنىڭ قەدىمىيلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

كىچىك بۇددا مۇنارى دەپ قارىلىپ كەلگەن تاش

ھەيكەل مەيلى نېمىگە سىمۋول قىلىنىسۇن، ئۇ ئىسلاملىشىشتىن بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ ئېتىقاد قىلىدىغان نەرسىسى بولۇپ، مۇقەددەس نەرسىگە ئوخشايتتى. بۈگۈنگە قەدەر ئويدۇرۇپ چىقىلغىنى تاش بالىبالنىڭ بىر تەرىپىدىن پايقالغان بۇددا مۇنارىنىڭ كىچىك تىپىتىكى سىمۋولى دەپ قارىلىپ كېلىنىۋاتقان بۇيۇم ئىدى. تاش پارچىسىنىڭ ئېگىزلىكى 14 دېيۇم، ئۇ قوش يۈزلۈك بولۇپ، چاسا شەكىللىك قوش قەۋەتلىك تەگلىككە تېخىمۇ ئوخشايدۇ. ئۈستۈنكى قىسمى بولسا كەينىگە قىيسايغان ھالەتتىكى، ئۆگزە بولۇپ، بۇلار ئۇنىڭ گۈمبەزلىك



141 ـ رەسىم قاراتېكە تاغ تىزمىسىدىكى مويناققاق ئەتراپىدىن قاقەجادە چوققىسىغا نەزەر

www.uyghurkitap.com

ئۆگزە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ گىرانىت تاش بولۇپ، تاشنىڭ ئارقا يۈزى ياپىلاق. چۈنكى، ئۇ تېيىز قاپارتما نەقىشلىك ئىدى، مېنىڭچە بۇ ئاددىي ئويما بۇيۇم بۇددا مۇنارىغا سىمۋول قىلىنغان. ئەمما، يەتتە يىلدىن كېيىن يىراق پامىر ئېگىزلىكىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئۈزلۈكسىز تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ خىل تاشنىڭ غەيرىي شەكلىنىڭ تەبىئىي بولىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بەلكىم ئۇپراش سەۋەبىدىن شۇنداق بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. رۇسىيەنىڭ ۋاخان(Wakhan) نامادگۇت(Namangut) ئەتراپىدىكى ئادەمنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان مازارنىڭ قارشى تەرىپىدىكى ئوكسۇس(oxus) دەرياسى بويىغا جايلاشقان «قەلەيىقەقە (kala–i–kaka)» دېگەن جايدىن پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان نۇرغۇن تاش پارچىلىرىنى يىغىۋالدىم، ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىردەك بولمىسىمۇ، لېكىن كىچىك بۇددا مۇنارىغا بەكلا ئوخشايدۇ. ئۇلارنىڭ تەبىئىي شەكىللەنگەنلىكى ئېنىق تۇرسىمۇ، بىراق كىشىلەر ئۇنىڭ شەكلىنى ئۇلۇغلاپ ئىبادەتخانىلارغا قويغان. بۇددا دىنى ئوكسۇس



142 ـ رەسىم قاراتېكە تاغ تىزمىسى ئىداق تاغ ئېغىزىنىڭ ئاستىدىكى چالكۆيدىدىكى قىرغىزلار چوقۇنىدىغان بالبال

دەرياسىنىڭ ئۇستۇنكى ئېقىنىدا ئۇمۇملاشقاندا، سىۋايامبۇ (svayambhu) مۇنارى جەزمەن چوقۇنىدىغان ئوبيېكت دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن.

يەرلىكلەرنىڭ ھەيكەلگە چوقۇنۇشى

بۇ غەلىتە «ئەۋلىيالار قەبرىستانلىقى»نىڭ ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، قورشاۋ تام ئەتراپىغا ئەنئەنىۋى ئىسلام دىنىي مەسچىتلىرىدە دائىم بار بولىدىغان نەزىر - چىراغ بۇيۇملىرى تىزىلغان، ئۇلار قوي ياكى چوڭ قۇيرۇقلۇق قوي مۈڭگۈزى، تاغ تېكىسىنىڭ مۈڭگۈزى، ئاتنىڭ باش سۆڭىكى، خادىغا باغلانغان رەخت قاتارلىقلار ئىدى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشكە بولىدۇكى، گەرچە ئۇچتۇرپاندىكى موللىلار قاتتىق قارشى تۇرسىمۇ، بۇ ئىبادەتخانىنى ئۇلۇغ بىلىش نۆۋەتتە پات - پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. بۇ ئەھۋالنى ماڭا مەنگۇش بەگ ئېيتىپ بەرگەن. ئۇ تاكى يېقىنقى يىللارغا كەلگەندىلا بۇ غەلىتە «ئەۋلىيالار قەبرىستانلىقى»غا بولغان چوقۇنۇش ئەتراپتىكى يايلاق رايونلىرىدىكى قىرغىزلار ئارىسىدا ئومۇملاشقانىكەن، كۆپلىگەن ئەرلەر بۇرۇن يىراق جىلغىلاردىن بۇ يەرگە كېلىپ بارلىق قىرغىز چارۋىچىلارغا ئوخشاش سادىق ئىسلام دىنى مۇرتىغا ئايلىنىپ، ئۇزۇن زامانلارنى ئۆتكۈزگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پەقەت ياشانغانلارلا ئىبادەتخانىغا چوقۇنۇش ئادىتىنى ساقلاپ قالغان، قالغان ھەر قانداق ئادەم قورشاۋ تامنىڭ ئىچىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىكەن. ئىنتايىن غەلىتە بولغىنى شۇكى، مەنگۇش بەگ ئېيتىپ بەرگەن تاش ئادەم ئايال كىشىنىڭ ھەيكىلى بولۇپ، ئىسمى قۇۋاغىز (kuwaghiz) بولۇپ، قەدىمكى قەھرىمان قازئاتنىڭ ئايالى ئىكەن. ئالدىنقى قىسىمدا بىز كۆزنى قاماشتۇرىدىغان تاغ چوققىسىنىڭ قازئاتقا سىمۋول قىلىنغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بۇ ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان رىۋايەت بولۇپ، بۇ ئىككى

پىرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە ۋەقەلەر ھەققىدە چۈشەنچە بېرىشكە ئامالسىزمەن. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئېنىق بولمىغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە يېتەرلىك چۈشەنچە بېرەلەيمەن. بۇ يەردە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان غەلىتە ئىبادەتخانا بىر خىل غەلىتە ئېتىقادتىن، يەنى سىۋايامۇترتا (Svayambh - tirtha) دىن كېلىپ چىققان، بۇ سانسكرىتچە ئاتالغۇ بولۇپ، قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامان ھىندىستان خەلق رىۋايەتلىرىدە ئىنتايىن مەشھۇر ئىدى. چۈنكى، مەزكۇر رايوندىكى بۇددا دىنى مۇرتلىرى بىر سورۇنغا ئېھتىياجلىق ئىدى.

تاغ تىزمىسىدىكى قۇرغاق جايدا داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەش

سايتاقاقتىكى قىزىقارلىق سەپەر ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى كەلپىنگە قىلىنغان ئىككى كۈنلۈك سەپەردە، تەڭرىتاغ تىزمىسىنىڭ سىرتىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىنتايىن قۇرغاقلىقىنى چۈشەندىم. تارىخىي ماتېرىياللار ياكى قەدىمكى ھۆججەتلەر كەم بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاۋا كېلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى بولمايتتى. قىرغىزلارنىڭ رىۋايىتىدە، ھاۋا كېلىماتىنىڭ «قۇرغاقلىشىشى» يېقىنقى مەزگىللەردىن باشلانغان، دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ نۇقتىغا مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئېنىق ماتېرىيال يوق ئىدى. بۇ تاغ تىزمىلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى تەتقىق قىلغاندا، بۇلاق سۈيى ئىنتايىن ئازلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، سەپەردە سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان تاش كۆلچەكلەر ھەققىدىكى بىلىملەرنى چۈشىنىشكە توغرا كېلەتتى، ئوخشاش بولمىغان پەسىلدىكى سۇ بىلەن تەمىنلەشنىڭ ئۆزگىرىشى تارىخىي قىممەتكە ئىگە ئىدى. ماڭا ئۇلار شىمالىي تاغنىڭ ئەڭ غەربىي چېتىدە ھازىر پەقەتلا سۇ يوقلۇقىنى ۋە قاقاس تاغ تىزمىسىنىڭ بۆرۈنقى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋالىنى ناھايىتى ئاسانلا تونۇتتى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگو ئاتچىقان «يېڭى

شىمالىي يول» چۆللۈك تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈپ، تۇرپان ۋە گۇچۇڭغا بىۋاستە تۇتىشاتتى، ھۇنلار بۇرۇنقىدەكلا قۇمۇلنىڭ بىر تەرىپى ئارقىلىق دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي قىسمىغا بارغىلى بولىدىغان جۇڭگونىڭ ئاساسىي غول لىنىيەسىگە تايانغان. قىرغىزلارمۇ ئېگىز تەڭرىتاغ جىلغىسى ئارقىلىق ئاقسۇ ۋە قەشقەرگە تۇتىشىدىغان تۈزلەڭلىكتىكى سودا يولىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، پاراكەندىچىلىك سالغان، بۇ ئىشلار تا بۈگۈنگە قەدەر كەلپىن ۋە مارالبېشىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەپتۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى شىمالىي تەرەپتىكى مەمۇرىي ياكى ھەربىي ھوقۇق جەھەتتىكى كونتروللۇقىنى ئازراقلا بوشاشتۇرسا، ئۇلارنىڭ قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

### قورۇمبوگۇز جىلغىسىدىن ئۆتۈش

سايتاقاقتىن كەلپىنگە بارىدىغان يول خىلۋەت، مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل جىلغا ئىچىدە ئىدى. جىلغا قۇم تاش ۋە تاغ جىنسلىرىدىن تەركىب تاپقان تىك يار بولۇپ، بەزى يەرلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1000 فۇتتىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ بۇرۇن كەلكۈن سۈيىنىڭ يالىشىدىن شەكىللەنگەن ئىزى مانا مەن دەپلا چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز قورۇمبوگۇز (Korum – boguz) جىلغىسىدا بىر كىچىك ئېرىقنى كۆردۇق. بۇ ئېرىقنىڭ سۈيى كەلپىن بوستانلىقىدىكى يېڭىدىن ئېچىلغان تېرەكئاباد (Tereg–abad)ۋە كىچىك «تېرىلغا»(Teyelgha)دىكى 20 مودىن كۆپرەك بۇغدايلىقنى سۇغىرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇزۇنغا بارمايلا شېغىللىق ئەتراپىدا يوقاپ كېتىدىكەن. بۇ مەزگىلدە بۇ يەرنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دەريا قىنى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كېتىدىكەن. كىچىك ئېرىقنىڭ سۈيى جەنۇب تەرەپتىكى كەڭ كەتكەن كەلپىن جىلغىسىدىكى تامغا ئوخشاپراق كېتىدىغان تاغ تىزمىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەيۋەتلىك تاشقوۋۇق ئارقىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوستانلىقتا قاراپ كېتىۋاتقان بۇرۇلۇش بار. بۇ قاتلىق كۆپ ئايلىنىپ كېتىۋاتقان يولدا، ئۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىيا تاشلار بار.

بوستانلىقتا قاراپ كېڭەيگەن چوڭ بىر پارچە شېغىللىق رايوننى ئېقىپ كىرىدۇ. ئۇ بىۋاستە بوستانلىقتا ئېقىپ كىرمەي، تېرەكئاباتنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدىكى جىلغىنىڭ بىر تەرىپىدە توسۇلۇپ قالىدۇ. ئىلگىرى كەلكۈن سۈيى ئاققان، ئەمما ھازىر قۇرۇپ كەتكەن تۈز ۋە كەڭرى دەريا قىنىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىنى بويلاپ سايران (Sairan) مازىرىغا يېتىپ كەلدىم. ئۇ يەردىكى يەر ئاستى سۈيى ئېتىلىپ چىقىپ، بىر بۇلاقنى ھاسىل قىلغانىكەن. سالقىن، چىرايلىق شىپاڭ ئاستىدىكى ئەۋلىيا سۇلتان ئورازئاتا (Sultān Owraz–atā) مازىرى بۇ يەرنىڭ يېقىنقى زاماندىكى بىر سۇ مەنبەسى ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باشقا رايوندىن بۇ يەلپۈگۈچسىمان ئېقىن چۆكۈندىسىگە ئېقىپ كىرگەن ئېقىن سۇ تاكى بۇلاق بېشىنىڭ تۆۋىنىگە 15 مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان جايغا بارغاندىلا ئاندىن كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە بايان قىلىنىۋاتقان دەريا قىنى بىلەن كەلپىندىكى قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنى ئۆزئارا تۇتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىغا يېقىن يەردىن چىققان، سازلىقتا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇلاق سۈيى كىچىك بىر ئېرىقنى ھاسىل قىلغان، ئۇنىڭ سۈيى ئاچالغا قاراپ ئاقىدۇ. ئەڭ يىراق بولغاندا ئاقسۇدىن قەشقەرگە بارىدىغان چوڭ يولدىكى چىلان ئۆتىڭىگىچە ئېقىپ بارىدۇ.

كەلپىن بوستانلىقى

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، كەلپىن بوستانلىقىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ نام ـ ئاتىقى يامان بولۇپ، ئاقسۇ ۋە باشقا يەرلىكلەر ئۇلارنى ئۆزئۆزىدىن بېرى ئوغرى ۋە بۇلاڭچى دەپ ئاتاپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ جاينى كۆڭۈللۈك، ئەھمىيەتلىك جاي دەپ قارايمەن. قەدىمكى دەۋردە قىرغىزلار جەنۇبتىكى چوڭ يولغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغاندا ياكى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلغاندا، كەلپىن بەلكىم بازىلىق رولىنى

ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ شۇنداق «نام ـ
ئاتاق» قا ئىگە بولۇشى تەبىئىيلا ئىدى. ھازىرقى بوستانلىقتا
بىپايان تېرىلغۇ يەر ھەممە يۇقىرى سەۋىيەدىكى يېزا ـ قىشلاق
مەنزىرىسى نامايان بولاتتى، مەن تارىم ئويمانلىقى ۋە باشقا
رايونلاردا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاينى ئەزەلدىن كۆرۈپ
باقمىغانىدىم. يىراق ـ يېقىندىكى بارلىق ئاساسلىق يول
لىنىيەلىرى، كەلپىن بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى بازارلارنى ئايرىپ
تۇرىدىغان يوللاردىن ئۆتىدۇ. كەلپىنلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ
بايلىقىنى توشۇيدىغان بولۇپ، ئۇلار جۇڭگو ۋە باشقا تاشقى
تەسىرگە ئاززاقمۇ ئۇچرىمىغاندەك قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، بۇ يەرنىڭ يالغۇز ھالىتىمۇ ئۇلارنى ئىمكانىيەتنىڭ
بارىچە ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى قوللىنىشقا مەجبۇرلىغان. تار ۋە
ئۇزۇن تېرىلغۇ بەلباغنىڭ ئىككى تەرىپىنى ئوراپ تۇرغان قاقاس
تاغ تىزمىسى ياكى قاقاس سايمۇ بۇ يەكۈننى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ،
بۇ خىل ھالەت بۇگۈنكى كۈندە تېخىمۇ روشەن
ئىپادىلىنىۋېتىپتۇ.

### تېرىلغۇ يەر كۆلىمىنىڭ كېڭىيىشى

غەرب، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلەر قەدىمىي يېزا ـ كەنتلەر
تۇتىشىدىغان مۇنبەت يەرلەردۇر. سۇغىرىش مەنبەسى ئىنتايىن
چەكلىك بولغاچقا، تېز سۈرئەتتە ئېشىۋاتقان نوپۇسنىڭ
ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۈچ ياكى تۆت يىلدا
نۆۋەتلىشىپ يېڭى يەر ئېچىشقا توغرا كېلىدىكەن. شۇ يەردىكى
ئىشەنچلىك خەۋەردىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، جۇڭگو
ھۆكۈمىتىنىڭ قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئەگىشىپ،
مۇقىم ئولتۇراقلىشىشتەك تۇرمۇش ئۇسۇلى بېكىتىلگەندىن
كېيىن، كەلپىن ئەنئەنە بويىچە 12 يېزىغا (Oimaks)
بۆلۈۋېتىلگەن ياكى بولمىسا يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ نوپۇسى مۇقىم

ئېشىپ، تەخمىنەن 2000 تۇتۇنگە يەتكەن. شۇ ۋاقىتتىكى دانا يولباشچى قاسىم بەگ (kasim – Beg) بىلەن مەھەللىدىكىلەرنىڭ بىردەك كۆزقارىشىغا ئاساسلانغاندا، سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۇلارنىڭ ۋاقتىدا ئۆزگەرمىگەن، ئەنئەنە جەھەتتىمۇ ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان. شۇ سەۋەبتىن ناھايىتى ئېنىقكى، ياقۇپبەگ دەۋرىدىن تارتىپ ئېچىلغان ھەرقانداق يېڭى يەرنىڭ تارقىلىش دائىرىسىنى تەكشۈرۈش جەريانىدا بېكىتىپ چىقتىم، بۇلارنى ھاۋا رايى ئۆزگىرىشى ئەمەس، بەلكى نوپۇسنىڭ ئېشىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

### كەلپىندىكى ئۆزگەرمىگەن سۇغىرىش مەنبەسى

كەلپىن ئېرىشكەن ئىسپاتلار تارىم ئويمانلىقىدىكى «قۇرغاقچىلىق» ياكى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن كېيىنكىسىگە ئالاقىدار تالاش – تارتىشلار تاشلىنىۋېتىلگەن خارابىلىكتە كۆرۈلگەن ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. ئۇ ئىلگىرى بۇ يەردە تېرىلغۇ يەرنى كېڭەيتىشتە سۇ مەنبەسىگە ئېھتىياجلىق بولغانلىقى، يەنى ئىنتايىن نەم ھاۋا رايىغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ئىسپات ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدۇ، چۈنكى كەلپىننىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىغا تەسىر قىلىدىغان مەسىلە بىز خاتىرىلىگەن داماق خارابىلىكى جايلاشقان بوستانلىقتەك مۇرەككەپ ئەمەس ياكى تەمىنلىنىدىغان سۇ مەنبەسى ئاسان توسۇلۇپ قالىدىغان، دەريا قىنى سۇرۇلۇپ كېتىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. كەلپىندىكى بارلىق سۇ مەنبەسى بوستانلىق مەركىزىگە 10 مىل كېلىدىغان سۇ باشى جىلغىسىدىن ئېقىپ چىققان بۇلاق سۇيىدۇر. بۇ جىلغا ئالاھىدىلىك جەھەتتە قۇرۇمقاراۋۇلدىكى (Kurum–karaul) جىلغىغا ئوخشىشىپ

كېتىدىكەن، بۇلاق سۈيى غەربىي شىمال تەرەپتىن جىلغا تۇزلەڭلىكىگە ئېقىپ كىرىپ، تار چوڭقاراۋۇل (karaul - Chong) جىلغىسىدىن ئۆتىدىكەن. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، سۇ بىلەن تەمىنلەش چەكلىك، نوپۇس مۇقىم كۆپىيىپ بارغاچقا، سۇغىرىلىدىغان يەرلەر كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامدىيالمىغان. ئەمما، ئەزەلدىن «مەڭگۈلۈك كۆچمەن» دېگەننى ئاڭلاپ باقمىغان. گەرچە ئاقسۇ ۋە كورلىدا يېتەرلىك سۇ مەنبەسى ۋە تېرىقچىلىققا ماس كېلىدىغان يەرلەر بولسىمۇ، لېكىن كەلپىنلىكلەرنىڭ پەسىل خاراكتېرلىك تۇرۇپ قېلىش ۋاقتىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسىم ئادەملەر ئاقسۇ، كورلا ۋە شىمالدىكى باشقا بوستانلىقلارغا بېرىپ ئىشلەشكە ئادەتلەنگەن.

**بوستانلىق ئەتراپىدىكى خارابە ئىزى**


كەلپىننىڭ سۇغىرىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈش سەۋەبىدىن، بۇگۈنكى تېرىلغۇ يەر دائىرىسى ياكى ئەتراپىدىن ئۆتكەندە بايقىغان خارابىلەرنى دوكلات قىلىشىم ئانچە ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. سايات شەھىرى (Sayat-shahri) چاسا شەكىللىك بىر قەلئە بولۇپ، قۇچاكيارى (kuchak-yari)دىكى كەلگۈن سۈيى توشۇپ كەتكەن دەريا قىنىنىڭ غەرب تەرىپىگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئەتراپىنى نۆۋەت بىلەن سۇغىرىلىدىغان يىڭىدىن ئېچىلغان ئېتىزلىقلار ئوراپ تۇرىدۇ. توپىدىن قوپۇرۇلغان ئاددىي تام تەخمىنەن 166 × 90 يارد كېلىدىغان چاسا شەكىلنى ھاسىل قىلغان، بىر قىسىم تام گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىكى 6 ~ 10 فۇت، قېلىنلىقى 6 فۇت كېلىدۇ. ئاجىز بىر مۇداپىئە تېمىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن 1.5 فۇت، ئۈستى قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى ھازىرقى يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 6 فۇت ئېگىز. قورشاۋ تامنىڭ

ئىچىدىن گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن پاكار تۇپا دۆۋىسىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىمارەت خارابىسى بايقالمىدى. غەربىي جەنۇب بۇلۇڭىنىڭ سىرتىدا ئىككى قاتار يانداش سېلىنغان پاكار تۇپا تام بار بولۇپ، تەخمىنەن 50 × 25 يارد كېلىدۇ، بىراق ئەسلىدىكى ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان ھېچقانداق ئالامەتلەر يوق. بۇ كىچىك خارابىلىكتىن ھېچقانداق شەكىلدىكى يادىكارلىقنى ئۇچرىتالمىدۇق. بەزى چاغلاردا قانالدىن كەلگەن كەلكۈن سۈيىمۇ شامالدا يېمىرىلىشنى توسۇپ قالالايتتى، لېكىن يەر يۈزىدىن ھېچقانداق ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرى بايقالمىدى. شۇ سەۋەبتىن، بۇ كىچىك قەلئەنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتكىلى بولمىدى. بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىسالنى مۇنجاقچە (Monjakche) خارابىلىكىدىمۇ ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئۇ كەلپىن كىچىك بازىرىنىڭ جەنۇبىغا 1 مىل كېلىدىغان، تاشلىۋېتىلگەن كىچىك بىر رايونغا جايلاشقان بولۇپ، نۆۋەتتە كۆپ قىسمى ئېتىزلىقلارغا تارقالغان، بۇ يەردە پەقەت ئاز ساندىكى ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىسى ۋە ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15 فۇتچە كېلىدىغان تەرتىپسىز بىر تۇپا دۆۋىسىنىلا خاتىرىلىۋالدىم. تۇپا دۆۋىسىنىڭ بىر قىسمى ئاللىبۇرۇن كولىنىپ، ئېتىزلارغا ئوغۇت قىلىنىپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خارابىلىكنىڭ يىل دەۋرى ئەتراپتىن يىغىۋېلىنغان، تاشتىن ياسالغان كىچىك زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ۋاقتىدىن بۇرۇن ئىكەن.

كەلپىندىكى بۇ خارابىلىكلەرنىڭ ھېچقانداق ئارخېئولوگىيەلىك قىممىتى يوق. مېنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى شۇكى، بۇ قېتىمقى زىيارىتىمدە تەلىيىمگە يارىشا بىر كەلپىنلىكنىڭ زىياپىتىگە داخىل بولدۇم. ئۇ تېخى يېقىندىلا ئاقسۇدىن قەشقەرگە بارىدىغان يولدىكى تۇمشۇق بىلەن كەلپىننىڭ سىرتىدىكى قاقاس تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى كەڭ كەتكەن، يەككە ـ يېگانە قۇملۇق بەلبېغىغا تارقالغان، تاتىغا

ئوخشىشىپ كېتىدىغان كەڭ خارابىلىك رايونلىرىنى تەكشۈرۈپ كەلگەنىدى. خوتەندىكى تەكلىماكانچى (taklimakanchis)غا ئوخشاش، ئەتىياز پەسلىدىكى «بوران» قۇم بارخانلىرىنى يۆتكىۋېتىپ، قۇم ئاستىدىكى مۇستەھكەم يەرنى پارچە ـ پارچە ئېچىۋەتكەن، شۇنىڭ بىلەن ئادەملەر «بايلىق ئىزدەش»كە مەپتۇن بولۇپ قالغان. گەرچە كەلپىنلىكلەر بۇ ھەقتە ماڭا ھېچنېمە دەپ بەرمىگەن بولسىمۇ، بەزى ۋاقىتلاردا قىممەتلىك مېتالدىن ياسالغان كىچىككىرەك بۇيۇملار ھەمدە باشقا نەرسىلەرنىمۇ بايقىدىم. مەن ئۇلاردىن يىل دەۋرى خەن سۇلالىسىدىن تاڭ سۇلالىسىگىچە بولغان نۇرغۇن پۇلنى قولغا چۈشۈردۈم، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ پۇللار ئۇلار بۇرۇن بايلىق ئىزدىگەن رايونلارغا تارقالغانىدى. يەنىمۇ كۆپ ئىسپات، ئۇلار تاپقان تاش، مېتال، ئەينەك ۋە ئەينەك كاھىش قاتارلىق كىچىك بۇيۇملاردا نامايان بولغان ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغانلىرىدىن ئويۇلغان پارقىراق قىزىل قاشتاش تامغىدۇر، ئۇنىڭغا بىر ئايالنىڭ يېرىم بەدىنى قوپالراق ئويۇلغان. بىرونزا ئويما تامغا ئېغىر دەرىجىدە ئۇپرىغان بولسىمۇ، يەنىلا كلاسسىك ئەندىزىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە نەپىس بىرونزا ئاسما زىنىنەت بۇيۇملىرى، ئەر رەققاس ئوبرازى قاتارلىقلار بار. مەن كەلپىنگە كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېرىشكەن باشقا بىر يۈرۈش ئوخشىشىپ كېتىدىغان مېتال ياكى تاش بۇيۇملار قۇدۇغۇن (kudughun) تېغىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇق بەلباغلىرىدىن بايقالغان بولۇپ، ئۇلار ئوخشاش بىر خارابىلىك رايونىدىن تېپىلغاندەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ دانە بىرونزا تامغىغا (143 ـ رەسىمگە قاراڭ) ئورمان ئىلاھىنىڭ باش قىسمى تېپىزراق ئويۇلغان بولۇپ، ئادەمگە خوتەندىكى قىزىل ساپالنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان غەلىتە باش قىسمىنى ئەسلىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



143 ـ رەسىم بىرونزا تامغا

# 4 ـ بۆلۈم تۇمشۇق ۋە مارالبېشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى قۇملۇق خارابىلىرى

كەلپىننىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇققا كىرىش


5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، جەنۇبىي قىسمىدىكى قۇملۇقتا جايلاشقان خارابىلىكنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلپىندىن يولغا چىقتىم. «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر ۋە ئىشلەمچىلەرمۇ مەن بىلەن بىللە ئىدى. پىژغىرىم ئىسسىقتا يېتەرلىك ئىچىملىك سۇ ۋە ئىشلىتىدىغان سۇ ئېلىپ يۈرۈشنىڭ قىيىنلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغاچقا، ئاقسۇدىن ئۆتكەندىن كېيىن، تۆگىلەرنى ئاياپ، ئۇلارنى نەرسە توشۇشقا ئىشلەتمىدىم، شۇڭا بۇ ئۈچ كۈنلۈك تەكشۈرۈش سەل جاپالىق بولدى. بىرىنچى كۈنى قاقاس تاغ چوققىسىدىكى ئەگرى ـ توقاي يوللاردىن ماڭغاچقا، ئېگىز يۇك ـ تاق ئارتىلغان ئۇلاغلارنىڭ تاغدىن ئۆتۈشى تەسكە توختىدى، كەلپىننىڭ سىرتىدىكى تاغ تىزمىسىنىڭ شەرقىي ئۈچىدىن ئايلىنىپ خېلى ئۇزاققىچە ئەگرى يولدا ماڭدۇق. ئاچال (Achal، ئالدىنقى مەزمۇندا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كەلپىنگە يىراقراق

بولغان قىشلاق)غا ئانچە يىراق بولمىغان تاغ تىزمىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا شەرقىي جەنۇب تەرەپتە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالغىنىمدا، ئېگىز تۇپا دۆۋىسىنى يەنى سۆكسۆك شەھىرى (Soksuk - shahri) خارابىسىنى كۆردۈم. بىز ماڭماقچى بولغان يولدا ئۇ يەرنى زىيارەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كەلپىنلىكلەر سۆكسۆك خارابىسىنى ئىنتايىن قەدىمكى مۇنار دەپ قارايدىكەن، ئۇلار مانا مۇشۇنداق توغرا قىياسنى ئەۋلادلارغا قالدۇرغانىدى. ئۇ ئىلگىرى ئاقسۇدىن قەشقەرگە بارىدىغان يول ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن.

### چوڭتىم خارابىسى

بىز تار بىر جىلغىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى تاغ باغرىغا بارگاھ قۇردۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، جىلغىنىڭ ئېگىز يېرىدە بىر قاق (kak) ياكى قورام تاش سۇ كۆلچىكى بولۇپ، دائىم سۇ تولۇپ تۇرىدىكەن. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە مارالبېشىغا بارىدىغان قۇملۇق يولدىن يولغا چىقىپ، مەشھۇر قۇدۇغۇن تاغ چوققىسىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق غەرب - جەنۇب — جەنۇب تەرەپكە ماڭدۇق. تاغ تىزمىسىدىكى سېغىز تۇپىلىق يانتۇ يولنىڭ ھەممە يېرىنى شالاڭ يۇلغۇن دۆۋىسى ۋە قۇم بارخانلىرى بېسىپ كەتكەن، يەنە ئالدىغا ماڭغاندا قۇم بارخانلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 10 فۇتقا يېتەتتى. ئالاھازەل 14 مىل ماڭغاندىن كېيىن، كەلپىندىكى چوڭتىم خارابىسى، يەنى «چوڭ مۇنار»غا يېتىپ كەلدۇق. خارابىلىككە يېرىم مىل كېلىدىغان دائىرىدىكى قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى يەر ئۈستىدە ساپال دۆۋىسى، داشقال ھەممە تاتىغا ئوخشاپ كېتىدىغان خارابىلەر بار ئىدى، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۇلارنىڭ تارقىلىش كۆلىمىنىڭ 2 كىۋادرات مىلدىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. خارابىلىكنىڭ شىمالىي قىسمىنى قورۇپ كەتكەن يۇلغۇن دۆۋىسى ۋە ئېگىزلىكى 15 فۇت كېلىدىغان قۇم بارخانلىرى قاپلاپ تۇراتتى.

خارابىلىكتە قەدىمكى مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغانىدى. خارابىلىكنىڭ غەرب تەرىپى كىۋادرات شەكىللىك بولۇپ، ئاساسەن شەرقلەشكەن قەلئە (144 ـ رەسىمگە قاراڭ) بىلەن قوشنا ئىدى. قەلئەنىڭ ھەربىر تەرىپىدىكى توپا تامنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 110 يارد كېلەتتى، غەرب تەرىپى ناھايىتى ياخشى ساقلانغان بولۇپ، ھېلىھەم قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ تام ئەتراپىدىكى ئېچىلىپ قالغان يەر يۈزىدىن 12 فۇت ئېگىز ئىدى، قۇم بارخىنىغا يېقىن بولغاچقا، تۆت تەرەپىنىڭ ئەسلىدىكى يەر يۈزىنى بېكىتىش تەس. قەلئە شامالنىڭ تەسىرىدە ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بولسىمۇ، قۇرۇلۇشلارغا شاخ ـ شۇمبا ئارىلاشتۇرۇپ خاڭدالغان بولغاچقا، ناھايىتى مۇستەھكەم ئىدى. تۇر ئىنتايىن ئېغىر بۇزۇلغانىدى، شەرق تەرەپتىكى تامنى ئاساس قىلغاندا، يەر يۈزىدىن تەخمىنەن 35 فۇت ئېگىز بولۇشى مۇمكىن. تۇرنىڭ شەرق تەرەپ (چۈنكى ئۇنىڭ تۆۋەن قىسمى باشقا ئورۇنغا قارىغاندا ئازراق ئۇپرىغان) ئۇلىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى تەخمىنەن 25 كىۋادرات فۇت كېلەتتى. تۇر قۇرۇق كېسەكتىن قوپۇرۇلغانىدى. كېسەكلەرنىڭ ئۆلچىمى 11 × 10 × 3 دىيۇم ياكى



144 ـ رەسىم كەلپىننىڭ جەنۇبىدىكى قۇملۇقتىكى چوڭتىم خارابىسىدىكى تۇر

14 × 8 × 4 دىيۇم كېلەتتى. بۇ خىلدىكى قورۇلۇشلارنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى قوپال بولۇپ، پەقەت لاي قەۋىتىلا بار ئىدى، قەۋەت بىلەن قەۋەت ئارىسىغا چاتقال ياكى باشقا نەرسىلەر قويۇلمىغانىدى.

پۇل ۋە باشقا مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىسپاتى

يادىكارلىقلار ھەمدە تۆت ئەتراپى يىمىرىلگەن يەر يۈزى قەلئەنىڭ ناھايىتى قەدىمىيلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، قەلئە ئەتراپىدىن بايقالغان كىچىك يادىكارلىقلارمۇ بۇ نۇقتىنى پۈتۈنلەي ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ. شىمالىي تامنىڭ سىرتىدىن 11 دانە ئېغىر دەرىجىدە ئۇپرىغان «بەش جۇلۇق» يارماق ۋە «ئېيەن» (鹅眼، غاز كۆزى) يارمىقىنى يىغىۋالدۇق. بۇلار بايقالغاندا بىر يەرگە دۆۋىلەكلىك ئىكەن، ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇلار شۇيىنىدىن چۈشۈپ قالغان. يېقىن ئەتراپىتىكى قەلئەدىن بايقالغان باشقا جۇڭگو پۇللىرى ئىچىدە ئۈچ دانە بەش جۇلۇق، بىر دانە تاڭ دەۋرىنىڭ كەييۈەن پۇلى بار. بۇ نەرسىلەر قەدىمكى قەلئە يىل دەۋرىنىڭ دەسلەپكى دەۋردىن تاكى تاڭ دەۋرىگىچە داۋاملاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەن كېيىن ئېرىشكەن پۇللارمۇ بۇنى ئىسپاتلىدى. بۇ پۇللارنى بايلىق ئىزدىگۈچىلەر يېقىنقى بىر قېتىملىق ئىزدەشتە چوڭتىم خارابىسىدىن بايقىغانىكەن، بۇلارنىڭ ئىچىدە تاڭ دەۋرىنىڭ پۇلىدىن بىرقانچە دانە بولۇپ، ئەڭ كېيىنكىسىنىڭ يىل دەۋرى دالى يىلى (مىلادىيە 766 — 780 ـ يىللار)غا توغرا كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ۋاڭ ماڭ (مىلادىيە 14 — 19 ـ يىللار) دەۋرىدىكى خۇچۈەن يارمىقىدىن بىر دانە بار.

قەلئە ئەتراپىدىكى شامالدا يىمىرىلگەن يەر ئۈستىدە ناھايىتى قېلىن ساپال پارچىلىرى دۆۋىسى بار بولۇپ، كۆپىنچىسى لايدىن ياسالغان سىپتا قىزىل ساپاللار ئىدى، بۇلار روشەن ھالدا قەدىمىي ئۇسلۇبىنى نامايەن قىلىپ بېرەتتى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشىل ساپال سىردا ئالا ـ چىپار زىننەتلەنگەن بىر پارچە ساپالنى خوبسون ئەپەندى جۇڭگو خەن دەۋر ئۇسلۇبىغا ئىگە، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر ساپال پارچىسىنىڭ يېشىل ساپال سىرىنىڭ ئاستىغا گۈل نۇسخىسى سۈس ئويۇپ چىقىرىلغان، ئۇ يىل دەۋرى مىلادىيە 2 ـ ئەسىردىن 9 ـ ئەسىرگىچە بولغان يېقىن شەرقتىكى پارسلارنىڭ جابدۇقلىرىغا ئوخشىشىپ كېتىشى مۇمكىن. بۇ خارابىلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىنى خارابىلىكتىن يىغىۋېلىنغان كىچىك تىپتىكى ھەر خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى دەلىللەپ بېرەلمەيتتى، مەسىلەن، بىرونزا بۇيۇملار، ئەينەك، ئەينەك كاھىش ۋە ياغاچ بۇيۇملار ئىچىدە خارابىلىكنىڭ تاشلىۋېتىلگەن دەۋرىنىڭ تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدىن كېيىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بىرمۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى يوق.

قەدىمكى ئۆتەڭدىكى ئەخلەت دۆۋىسى

قورشاۋ تام ئىچىدە ھېچقانداق شەكىلدىكى ئىمارەت خارابىسى ساقلىنىپ قالمىغان. غەربىي تامنىڭ ئىچىدە بىر ئەخلەت دۆۋىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 3 ~ 4 فۇت كېلىدۇ، 25 ياردقىچە سوزۇلغان. بۇ ئەخلەت دۆۋىسىنى ئەڭ ئاستىغىچە تازىلىغان بولسامۇ، يادىكارلىقلار ئىنتايىن ئاز بايقالدى. ئات ـ كالىلارنىڭ تېزەكلىرى، شال پاخلى، چاتقال دۆۋىسىدىن پەقەت تىتىلىپ كەتكەن پاختا رەخت، كىگىز، ئارغامچا قاتارلىقلار تېپىلدى. ئەخلەت دۆۋىسىدىن بىرەر پارچىمۇ قەغەز پارچىسىنىڭ چىقمىغانلىقىنى خاتىرىلەپ قويۇشنى لايىق تاپتىم. ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغىنى، قورشاۋ تامنىڭ ئەتراپىغا چېچىلىپ كەتكەن گۈڭگۈرت پارچىلىرىنىڭ بايقالغانلىقىدۇر. ئۇلار قۇدۇغۇن تاغ چوققىسىنىڭ شەرقىي يانباغرىدا بىر گۈڭگۈرت كېنى بارلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، بۇ كان ھازىر كەلپىنلىكلەر تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە قېزىلىۋېتىپتۇ، لېكىن

تاغ چوققىسىنىڭ شىمالىدىكى بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان كانالار قەدىمىي قەلئە ئىگىلىۋېلىنغان چاغدىمۇ ئىچىلغان، خارابىلىكنىڭ ئىنتايىن چوڭلۇقى ۋە ئۇنىڭدىكى مۇستەھكەم تۇر ئۇنىڭ ئاقسۇدىن قەشقەرگىچە بولغان قەدىمىي يول لىنىيەسىدىكى بىر ئۆتەڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ يول بويىدىكى بىر كىچىك ئۆتەڭ بولۇش سۈپىتى بىلەن، تەبىئىيلا كۆزگە چېلىقىدۇ، ئۇنىڭ بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە جايلاشقان گۇڭگۇرت كانى بىلەن بولغان ئارىلىقى 10 مىلچە كېلىدۇ، ئۇ گۇڭگۇرت كېنىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى توشۇش ئۈچۈن شەكىللەنگەن مۇھىم بولۇشى مۇمكىن.

### قەدىمكى يول لىنىيەسى

بۇ يەردە شۇنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشۈم زۆرۈركى، چوڭتىم خارابىلىكنىڭ چىلان (chilan) بىلەن تۇتىشىدىغان بىۋاستە يول لىنىيەسى ئۈستىگە جايلاشقانلىقى ئىسپاتلاندى. ھازىر بۇ يول ئاقسۇدىن باشلىنىپ، تاغ چوققىسىنىڭ ئېتىكىدىن ئايرىلىدۇ. 1913 - يىلى 10 - ئايدىكى تەكشۈرۈشۈم قەدىمكى يول لىنىيەسىنىڭ مارالبېشىنىڭ شىمالىغا تۇتىشىپ، ئاندىن تاغ ئېتىكىنىڭ ئاستىنى بويلاپ، تاكى قەشقەرگىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ قەدىمكى يول ھازىرقى مارالبېشى قەشقەر يولىنىڭ شىمالىي قىسمىنى كېسىپ ئۆتىدىغان بولۇپ، ئەسلىدىكى قەشقەر دەرياسىنىڭ ئاسانلا كەلكۈن كېلىدىغان رايونىدىن خېلىلا يىراق. تۆۋەندە بايان قىلىنىدىغان لالتاغ (Lal-tagh) قۇملۇق تاغ ئېتىدىكى خارابىلىك غەربىي جەنۇبتىكى چوڭتىم خارابىسى بىلەن ئوخشاش بىر دەۋرگە تەۋە بولۇشى مۇمكىن. بۇ قەدىمىي يولنىڭ قارشى يۆنىلىشى ئومۇمەن چوڭتىمنىڭ غەربىي شىمالىدىكى سۆك - سۆك شەھەر تىم بىلەن چېگرالىنىدۇ. كەلپىنلىك يول

www.uyghurkitap.com

باشلىغۇچىم چوڭتىم خارابىلىكى بىلەن سوٓكسوٓك شەھەر تىمى ئارىسىدىكى قوٓم بارخىنىدا ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغان بىر توپا دوٓۋىسى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ بۇنى «پوتەي» (paotais) دەپ ئاتايدىغانلىقىنى سوٓزلەپ كېلىپ، مېنى تەكشۈرۈشكە باشلاپ بېرىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. بىراق، بۇ پەسىلدە سۇ قىس بولغاچقا، قۇملۇقتا ئۇزاق تۇرۇشقا ئامال بولمىدى. توپا دوٓۋىسى ئەتراپىدا خارابىلىك ياكى باشقا ئىزلار يوق ئىدى.

قەدىمي دېھقانچىلىق تۇرالغۇ نۇقتىسى

مەن ئەتراپتىكى يەر يۈزىنى ئەستايىدىل تەكشۈرگەندىن كېيىن، چوڭتىمنىڭ پەقەت يول بويىدىكى بىر ئوٓتەڭ بولۇپلا قالماستىن، يەنە بەلگىلىك كوٓلەمگە ئىگە تۇرالغۇ نۇقتىسى ئىكەنلىكىگە ناھايىتى تېزلا ئىشەندىم. خارابىلىكنىڭ جەنۇب ۋە شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى تەخمىنەن 1 مىلدىن كوٓپرەك دائىرىدىكى ھەممىلا يەردە يىمىرىلگەن ئېگىزلىكنى كوٓرگىلى بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىك تەخمىنەن 810 فۇت بولۇپ، يەرگە قېلىن ساپال پارچىلىرى دوٓۋىلەنگەنىدى، بۇلار بۇ يەرنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلغان ئولتۇراق جاي ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى سېغىز توپا «ئىسپاتى»، يەنى كوٓلىمى 10 × 10 × 6 دىيۇم كېلىدىغان چوڭ تىپتىكى توپا ـ كېسەك خارابىسى ئۇلارنىڭ بەلگىلىك كوٓلەمدىكى ئىمارەت ئۇلىدىن ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كەلپىنلىك «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر يېقىندىلا بۇ يەرگە كېلىپ بايلىق ئىزدىگەن، ئۇلار غارنى كولاش جەريانىدا تۇيۇقسىز بىر دانە ساپال ئىدىشنى بايقىغان، ئەمما ساپال ئىدىشنىڭ ئىچىدىن ئۇلار ئارزۇ قىلغان نەرسە ئەمەس، بەلكى بىر كاللەك ماي تۇرىدىكى نەرسە چىققان. يېرىلىپ كەتكەن ساپال ئىدىشنىڭ ئاستىغا يېتەرلىك كېروگېن چىلىڭ چاپلىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىر ئەۋرىشكە ياخشى ساقلىنىپ قالغانىكەن. مەن بىرقانچە يەردە ئوٓستەڭدىن چىقىپ

قالغان قىرنى بايقاپ قالدىم، بۇ ئۆستەڭ غەربىي جەنۇبتىن شەرقىي شىمالغا قاراپ سوزۇلغاندى. بۇ ئۆستەڭنىڭ سۇيى چوقۇم تۇمشۇقتىن كەلگەن، ئۇنىڭ مەنبەسى ئەسلىدىكى قۇرۇپ كەتكەن قەشقەر دەرياسىنىڭ بىر تارماق ئېقىنى بولۇشى ياكى بولمىسا ھازىر قۇرۇپ كەتكەن گۆرە ئېقىن (Gore - akin) دەرياسى قىنىنى چېگرا قىلغان ئوخشاش بىر تارماق ئېقىننىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا بولۇشى مۇمكىن. باشقا جايلاردا قۇرۇپ كەتكەن مېۋىلىك دەرەخ شاخلىرىنىڭ يەر يۈزىدە چېچىلىپ ياتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ قەدىمكى باغ ئىچىدىكى دەرەخلەرنىڭ رەتلىك تىكىلگەنلىكىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

**يېقىنقى زاماندىكى ئۇرۇشنىڭ يالدامىسى**

مول ۋە ئېنىق ئىسپاتلار خارابىلىكنىڭ خېلى بۇرۇنلا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، مەن قەلئەنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردىن تېخى يېقىنقى زاماندا ئوبوروت قىلىنغان جۇڭگونىڭ ئۈچ دانە مىس تەڭگىسىنى تېپىۋېلىپ، ئىنتايىن گاڭگىراپ قالدىم. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئىككى دانىسى چيەنلۇڭ خان دەۋرىدىكى پۇل بولۇپ، ئۇنىڭ قۇيۇلغان ۋاقتى مىلادىيە 1759 ـ يىلىدىن كېيىن ئىدى، يەنە بىر دانىسى جياچىڭ خان دەۋرىدىكى پۇل (مىلادىيە 1796 — 1821 ـ يىللار) ئىدى. بۇگۇنكى چوڭ يول ئۇستىگە جايلاشقان تۇمشۇققا يېتىپ كەلگەندىن كېيىنلا، بۇنىڭدىكى ئارخېئولوگىيەلىك سىرنى يېشىشكە مۇيەسسەر بولدۇم. بۇ يەردىكى ھۆكۈمەتنىڭ پوچتا ئىشلىرىغا مەسئۇل ياشانغان قاراۋۇل بېشىنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، تەخمىنەن 1876 ـ يىلى بۇ يولنىڭ ئاقسۇغا ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يايدى (Yaide) دېگەن يەردە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق جەڭدە، ياقۇپبەگنىڭ ئوغلى ھەققۇللا (Hakaullak)خان بولۇش تەمەسىدە يۈرگەن ھاكىم تۆرە (Hakim Toya)نىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغان. جەڭدە مەغلۇپ

www.uyghurkitap.com

بولغان قوشۇندىكى كۆپلىگەن ئەسكەرلەر شىمالغا قېچىپ قومۇلۇقنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، 8 - ئايدىكى پىژغىرىم ئىسسىقتا ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق، شۇنداقلا قاتتىق چارچاش سەۋەبىدىن ئۇلار ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتكەن، كەلپىنلىكلەر كېيىن قومۇلۇققا كىرىپ، ئۆلۈپ كەتكەن قاچقۇنلارنىڭ يېنىدىكى قىممەت باھالىق نەرسە - كېرەكلەر بىلەن پۇل - پۇچەكنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، جەسەتلەرنى كۆمۈپ قويغان.

### جەنۇب تەرەپتىكى كىچىك تاتى

چوڭتىمنىڭ غەربىي جەنۇبىغا قاراپ 3 مىل مېڭىپ، خارابىلەر بىلەن قاپلانغان كىچىك بىر يەردىن ئۆتكەندىن كېيىن، قۇم بارخانلىرىنىڭ ئارىسىدىمۇ نۇرغۇنلىغان قەدىمىي ئۆستەڭ خارابىسى كۆرۈندى. بۇ يەردىن بايقالغان بىر دانە بەش جۇلۇق يارماق بىلەن تۆت دانە كەيىۋەن يارمىقى بۇ يەرنىڭ چوڭتىم بىلەن ئوخشاش بىر دەۋرگە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىز قومۇلۇقتا يەنە بىر قېتىم قونغاندىن كېيىن، 5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تۇمشۇقنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنىدىغان تىك تاغ چوققىسىنى بويلاپ غەربىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. ئۇزاققا بارماي قۇم بارخانلىرى ئازىيىپ، پاكار چاتقاللىقلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. 389 - نومۇرلۇق قارارگاھنىڭ سىرتىغا تەخمىنەن 2 مىل كېلىدىغان جايدا، يەنە پارچە - پارچە تاتىلار بىلەن قاپلانغان، يىمىرىلگەن يەر يۈزى پەيدا بولدى. بىراق، ناھايىتى تېزلا بايقالغان پۇللار ھازىر يېتىپ كەلگەن بۇ رايوننىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرىنىڭ چوڭتىم رايونىدىن ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى، تاكى ئىسلامىيەت دەۋرىگىچە داۋاملاشقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئىككى دانە تاڭ سۇلالىسىگە مەنسۇپ پۇلدىن باشقا، يەنە يىل دەۋرى مىلادىيە 1034 — 1038 - يىللار ۋە

1068 — 1078 ـ يىللار بولغان، سۈلۈك سۇلالىسىگە مەنسۇپ ئىككى دانە پۇل ھەمدە ھىجرىيە 734 ـ يىلى سوقۇلغان خارەزمىنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن بىر دانە كۈمۈش تەڭگىسىمۇ بار ئىدى.

**قەشقەر دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى دېلتا**

زىچ يۇلغۇن دۆۋىلەنگەن جاي، يەنى مۇشۇ كىچىك تاتىلارغا 1 مىلچە كېلىدىغان جاي ئادەتتە بىر قەدىمكى دەريا قىنىغا كىرگەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى. بىز بۇ قۇرۇپ كەتكەن گۆر ئېقىن دەريا قىنىدا سەپىرىمىزنى داۋام قىلدۇق، قىرغاقتىكى يوغان توغراقلارنىڭ بەزىلىرى يەنىلا ياپيېشىل كۆكىرىپ تۇرغان بولسا، بەزىلىرى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەنىدى. يول باشلىغۇچى ماڭا قەشقەر دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى قەدىمىي بىر ئېقىنىنىڭ تۇمشۇقىنىڭ غەربىدىكى ئىككى تاغ ئوتتۇرىسىدىكى جىلغىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئاڭلىشىمىزچە، بۇ ئېقىن يىراقتىكى شەرق تەرەپكە ئېقىپ بارىدىكەن. كىچىك يۇلغۇن دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان پاكار توپا دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر توپ ئۆي خارابىسىنى كۆردۇم. دەريا بويىدىكى جايلاردىن باشقا، بارلىق ئەھۋاللار ماڭا تەكلىماكان قۇملۇقىدا يوقاپ كېتىدىغان كېرىيە دەرياسى، نىيە دەرياسى قاتارلىق ئېقىنلارنى ئەسلىتەتتى. بۇ ئۆي خارابىسىنىڭ ھېچقايسىسىدىن قەدىمكى بۇيۇملار تېپىلمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. يېقىنقى دەۋرلەردە گۆرەئېقىن بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قېلىپ، يەنە بىر قېتىم سۇ ئۆركەشلەپ ئاققۇچە يەرلىك كىشىلەر چاتقاللىقتىكى بۇ يەرنى ئېچىشقا ئۇرۇنغان بولسا كېرەك. بىز قەشقەر دەرياسىنىڭ ئايىغىدىكى دېلتىغا يېتىپ كەلدۇق. باشقا قوشۇمچە رايونلارنىڭ ماتېرىيالىغا ئېرىشىشتىن بۇرۇن، بۇ رايوننىڭ تېرىقچىلىق ئەھۋالىدىكى دائىملىق ئۆزگىرىشنى خاتىرىلەشمۇ ئۇنىڭ ئېچىدىكى بىر مۇھىم تەرەپ ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### تۇمشۇق ئەتراپىدىكى خارابىلىك

مەن چوڭ يولنى بويلاپ تۇمشۇق كەنتىگە يېتىپ كېلىپ، ئىلگىرى قايتا - قايتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن، كۆپچىلىكنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان، ياۋروپا سەيياھلىرى ۋە ئارخېئولوگلىرىنىڭ نەزىرى چۈشكەن خارابىلىككە ئىنتايىن يېقىنلاپ قالغانلىقىمنى بايقىدىم. پىروفېسسور پائۇل پېللىئوت 1906 - يىلى بىرنەچچە ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، تۇمشۇقنىڭ غەربىي شىمالىدىكى مەنزىرىسى گۈزەل تاغ ئېتىكى ئاستىدىكى كەڭرى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. تېز سۈرئەتتە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، بۇددا ئىبادەتخانىسى ۋە ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى ئىنىقلا ئوت ئاپىتىگە ئۇچراپ، ئېغىر دەرىجىدە كۆيۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما پىروفېسسور پائۇل پېللىئوتنىڭ خارابىلىكنى تۇنجى قېتىم سىستېمىلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك تازىلىغانلىقىنى رازىمەنلىك بىلەن كۆرۈپ چىقتىم. تاغ تىزمىسىنىڭ يەنە بىر تەرىپى قەدىمكى توپا شەھەرنىڭ (tōpa - shahr) سېپىلى ۋە گۆرەئېقىن دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا يېقىن ئىدى.

### توققۇز ساراي خارابىسى

ئۇ يەردىكى توققۇز ساراي خارابىسىنى تەكشۈردۇم. مەن تۇمشۇقتا ئېرىشكەن مۇسۇلمان ئارسلان (Arslan)نىڭ تەڭگىسى توققۇز سارايدىن تېپىلغان تەڭگىلەر بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىدى. بۇ توققۇز ساراي خارابىسىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن دەۋرىنىڭ 14 - ئەسىر ياكى 15 - ئەسىردىن بۇرۇن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. تۇمشۇقتا بىر كۈن تۇرۇشۇم ئۇزۇن كەتكەن تاغ تىزمىسىنىڭ ئىككى ئۇچىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن خارابىلەرنى تەكشۈرۈشۈمگە پۇرسەت يارىتىپ بەردى. تاغ تىزمىسىنىڭ جەنۇبىي ئۇچىغا جايلاشقان خارابىلىك ئىنىقلا

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تۇرالغۇ ئورنىغا تەۋە ئىدى (145ـ رەسىمگە قاراڭ).

**يەرلىكتىكىلەرنىڭ تاغقا چوقۇنۇشى**

نۆۋەتتە ياز پەسلىدىكى كۆپ تەرەپلىمە خىزمەتنى كۇچەيتىپ، خوتەنگە دەل ۋاقتىدا قايتىشقا چوقۇم كاپالەتلىك قىلىشىم كېرەك ئىدى. بىرنەچچە قېتىم ئويلىشىپ كۆرگەندىن كېيىن، خوتەن بىلەن بولغان ئارىلىقى 350 مىلدىن ئارتۇق كېلىدىغان يولنى بېسىپ ئۆتۇش ئۇچۇن، يەكەندىن ئۆتىدىغان يولدا مېڭىشنى قارار قىلدۇق. كۆپ ۋاقىت قالمىغاچقا، كېچىلەپ يول مېڭىشىمىز كېرەك ئىدى. 5 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۇنى مېنى مارالبېشىغا بېرىشقا قىزىقتۇرغان سەۋەبلەرنىڭ بىرى، بۇ تاغ چوققىلىرىدا ئىپادىلەنگەن ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيەلىك قىممەت ئىدى.

**تۇمشۇق ئەتراپىدىكى تاغ چوققىسى**

تۇمشۇقتىن ئۆتىدىغان بۇ يول بىر قاتار تىك، ئېگىز ـ پەس



145 ـ رەسىم تۇمشۇقتىكى تاغاق شەھىرى خارابىسى

www.uyghurkitap.com

تاغ چوققىلىرى ئىتتىكىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، بۇ كىچىك تاغنىڭ غەربىي شىمال — شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشىنى بويلاپ، پاراللېل ھالەتتە رەتلىك ئورۇنلاشقانلىقى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. تاغ چوققىلىرى ئېغىر يىمىرىلىش سەۋەبىدىن تۇزلەڭلىكتىن چوقچىيىپ چىققان يېگانە تاش ئارالغا ئوخشاپ قالغاندى، ئەمما تاغنىڭ ئوخشاش بولغان گېئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى ئۇلارنىڭ قەدىمكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ قالدۇق قىسمى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ قەدىمكى تاغ مارالبېشىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تەڭرىتاغ بويلىرىدىكى رايوندىن سوزۇلۇپ چىققان بىر بۇرجەك بولۇپ، بۇرۇن شەرقىي جەنۇب يۆنىلىشكە قاراپ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە سوزۇلغانىدى. بۇ بىر قاتار تاغلار ئۆزىنىڭ روشەن، خەتەرلىك چوققىلىرى بىلەن گەۋدىلىنىپ تۇرغاچقا، ئەڭ بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپلا يەرلىكلەرنىڭ چوقۇنۇش ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئېگىز كۆرۈنىدىغان تاغلار مارالبېشىنىڭ شەرقىي قىسمىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7000 فۇتتىن ئارتۇقراق كېلىدۇ، ئۇنىڭ چوققىسى مازارتاغ (Mazar – taghkar) دەپ ئۇلۇغلىنىدىكەن. ئۇنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى تاغ ئىتىكىگە جايلاشقان، چارباغ (Char – bagh) تۇزلەڭلىكىدىن ئېگىزرەك كۆرۈنىدىغان بىر مەسچىتكە دائىم ئادەملەر كېلىپ تاۋاپ قىلىپ تۇرىدىكەن. باشقا ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، تاغ چوققىلىرى ئىسلام ئەۋلىيالىرىنىڭ ئارامگاھى بولۇپ، كىشىلەر تەرىپىدىن ھۆرمەتلىنىدىكەن. سەل پاكارراق تۇتاش تاغ تىزمىلىرى ئېگىز ھەم تىك يار بولغاچقا، «مۇقەددەس جاي»(Tirthas)دىن پەرقلەندۈرۈلىدىكەن، بۇ ئوقۇر مازارتاغدىكى(Okur – Mazar – tagh) ئۇچراتقان ئەھۋاللار بىلەن ئوخشايدىكەن (146 ـ رەسىمگە قاراڭ).



146 ـ رەسىم تۇمشۇقتىكى ئوقۇر مازارتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدىكى مۇقەددەس تىلاۋەتخانا ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقى

### قەشقەر دەرياسىنىڭ ئاخىرى

بۇ تۇتاش تاغ تىزمىلىرىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەڭرى ئويمان يەر سوزۇلۇپ ياتىدۇ، بەزىلىرى ئۇزۇن يىللىق سازلىق بولۇپ، ھەر يىلى دېگۇدەك يەكەن دەرياسى بىلەن قەشقەر دەرياسىنىڭ ياز پەسلىدىكى كەلكۈن ئاپىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىكەن. بۇ رايوننى پەقەت ئىنچىكە تەكشۈرگەندىلا، ئاندىن مۇرەككەپ سۇ يولى ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولىدۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، نۆۋەتتە قەشقەر دەرياسىنىڭ ھەقىقىي ئاخىرقى نۇقتىسى بايقىلىپتۇ. چوڭتىم ئەتراپىدىكى قۇملۇقتا ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن سۇغىرىش ئىنشائاتلىرى ھەمدە 1913 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بۇ يەردە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ يۈز بەرگەن ئاز كۆرۈلىدىغان كەلكۈن ئاپىتىنىڭ يىراقتىكى ئاقسۇ

www.uyghurkitap.com

تېرىقچىلىق رايونىنىڭ جەنۇبىي بۆلىكىدىكى قەدىمكى دەريا قىنىنى بېسىۋالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇم. شۇ سەۋەبتىن، بۇرۇنقى قەشقەر دەرياسى شەرققە قاراپ ئۇزلۇكسىز كېڭەيگەن بولۇشى مۇمكىن.

چوڭ يولنىڭ قەدىمىي لىنىيەسى

ھەربىر دېلتا رايونىغا ئوخشاشلا، تۇمشۇق بىلەن مارالبېشى ئارىسىغا جايلاشقان رايونىنىڭ يەر يۈزىدە ئۆزگىرىش بولغان. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ئىككى پاكىت ھەمدە بايقىلىش ئېھتىمالى بولغان ئاددىي خاتىرىلەر بۇ ئۆزگىرىشنى شەرھلەپ بېرىدۇ. مەن جۇڭگو 1877 ـ يىلى قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، مازارتاغ بىلەن ئوقۇر مازارتاغ ئارىسىغا جايلاشقان پۈتۈن رايونلار، يەنى ھازىرقى بۇك – باراقسان، كەڭرى چارباغ تۇزلەڭلىكىدىكى رايونلارنىڭ ئېچىلمىغانلىقىغا ھەقىقىي ئىشەندىم. چۈنكى، بۇ رايون ھەر يىلى قەشقەر دەرياسىدىن كەلگەن كەلكۈننىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ، يەنە كېلىپ بۇ يەرگە كەڭ سازلىق جايلاشقان. شۇ سەۋەبتىن، تۇمشۇقتىن باشلانغان يول ھازىرقى ئوقۇر مازارتاغنىڭ جەنۇبىي ئۇچى ھەمدە چارباغنى كېسىپ ئۆتمەي، تۇمشۇق تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى تاغ ئېغىزى ئارقىلىق قۇملۇقتىن ئۆتۈپ، بىۋاستە غەربتىكى بەلتاغ(Bel – tagh) تىزمىسىغا بارىدۇ. بۇ قەدىمىي يول تاغ ئېغىزىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان يەردىن ئۆتىدۇ، ئۇ ھازىر تاشلىۋېتىلگەن «قەدىمكى چارباغ» يېزىسى ئەتراپىدىكى سازلىقنىڭ شىمالىي ئۇچىنىڭ چېتىگە جايلاشقان بولۇپ، بۇ يەرنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىن ئۆتۈپ، قەشقەر دەرياسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىغا جايلاشقان مارالبېشىغا تۇتىشىدۇ.

مارالبېشىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىنى تەكشۈرۈش

يېقىنقى مەزگىلدە يۈز بەرگەن يېتەرلىك ئۆزگىرىشلەر بۇ رايوننىڭ تېرىلغۇ يەرلىرىگە ۋە مۇھىم چوڭ يولىغا تەسىر

كۆرسەتكەن. بۇ ئۆزگىرىشلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان روشەن ئالامەتلەر مەن كەلپىننىڭ جەنۇبىنى تەكشۈرگەندە تۇنجى قېتىم پەيدا بولغان، قەشقەرگە بارىدىغان جۇڭگونىڭ قەدىمىي يول لىنىيەسى مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. شۇڭا، مارالبېشىغا باردىم، بەلتاغنىڭ قەدىمىي يول لىنىيەسىدە بەزى خارابىلەرنىڭ تارقالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، لالتاغ ئېتىكىدىمۇ بىر خارابە ئىزى بار ئىكەن، بىر كۈن ۋاقىت چىقىرىپ خارابىلىك بار تەرەپكە بېرىپ تەكشۈرۈپ بېقىشنى قارار قىلدىم. بىزغىرىم ئىسسىقتا بىر كۈنلۈك ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، ئاتلىق تەخمىنەن 40 مىل ماڭغاندىن كېيىن، بەزى قىزىقارلىق ھادىسىلەرنى بايقىدىم، ئەمما بەش يىلدىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنى تەكشۈردۈم. كۆزىتىش ئىقتىدارى ئۆتكۈر، ياشانغان كەنت باشلىقى ئايۇپ مىراب (Ayib – Mirāb) مەن بۇرۇن ئۇنىڭ بېغىدا قونغانىدىم) نىڭ يول باشلىشى ئارقىسىدا، ئالدى بىلەن شەرقىي شىمال تەرەپتىكى پۈتۈن بوستانلىقتىن ئۆتتۈم. سەپەر جەريانىدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قايتا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىغا ئەگىشىپ، مارالبېشىدىكى چوڭ كۆلەمدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ تەرەققىي قىلىپ، بۇ مۇھىم يول لىنىيەسىنىڭ تۇتىشىش نۇقتىسىدىكى يېزا ئىگىلىك بازىسى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. بىراق، بۇ خىل تەرەققىياتنىڭ ئاقسۇغا ئوخشاش توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقىنىمۇ ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بۇ يەرنىڭ نوپۇسى دولانلىقلارنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن بۇرۇنقى بىر - ئىككى ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھەممىسى يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چارۋىچىلار ئىدى.

توپانۇردىكى سۇغىرىلىدىغان يەرنىڭ چېتىدىكى بۇك - باراقسان چاتقال ۋە يۇلغۇنلار ئۆسكەن يەنە بىر رايونغا كىردۇق، بۇلار قاقاس بەلتاغ ۋە ئوقۇر مازارتاغلىرىغىچە سوزۇلغانىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، پۈتكۈل رايون بۇرۇن قەشقەر دەرياسىنىڭ

كەلكۈن سۈيى قۇيۇلىدىغان ئويمانلىقنى شەكىللەندۈرگەن. ھاۋا رايى ئاززاق نەم بولسىلا، قەشقەر دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى ھازىرقى سۇ مىقدارىدىن كۆپىيدۇ، شۇڭا بىر يىلنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن ۋاقىتلاردا يول چوقۇم ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. بىز بۇ پاكىتقا ئاساسەن مۇنداق بىر سەۋەبنى، يەنى يېقىنقى مەزمۇندا پەرەز قىلىنغان ئاقسۇدىن قەشقەرگىچە بولغان قەدىمكى يولنىڭ نېمە ئۈچۈن تەڭرىتاغنىڭ ئەڭ سىرتىدىكى تاغ تىزمىسىدىن شىمالغا قاراپ سوزۇلغانلىقىنى تېپىپ چىقالايمىز. بۇ قەدىمىي سازلىقتا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر ئىنتايىن زىچ ئۆسكەنىدى، ناۋادا تەجرىبىلىك يولباشچى بولسا، بۇ سازلىقتىن ئۆز ۋاقتىدا ئۆتۈپ، تۇرۇشلۇق ئورنىمىزغا يېتىپ كېلەلىشىمىز ئىنتايىن تەسكە توختايتتى. بىر چەت جايدا توساتتىن ياش ئوۋچى تالىپ ھاجىغا (Talib - Haji) ئۇچراپ قالدۇق، ئۇ بىزنى باشلاپ سازلىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. ئۇ سېھرىي كۈچكە تولغان بىر بوز يەر ئاچقۇچى بولۇپ، بۇرۇن ئورمانلىقتا يەر ئاچقانىكەن.

ئاچالتاغنىڭ ئەتراپىدىكى سازلىق

سازلىق يەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يول باشلىغۇچىلىرىم دەپ كېلىۋاتقان، تونۇشۇقتىن كەلگەن «كونا يول»نىڭ ئىزى ئىدى. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان يول لىنىيەسىنى بويلاپ ئەڭ ئاخىر ئوقۇر مازارتاغنىڭ غەربىي شىمالىي ئۇچىغا، يەنى ئاچالتاغ (Achal - tagh)قا يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە قۇرۇپ كەتكەن بىر كۆلچەكنى بايقىدىم، بۇ كۆلچەك ناھايىتى چوڭ بىر سازلىقنىڭ شىمالغا سوزۇلغاندىكى ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق قىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، چارباغ ئەتراپىدىكى سازلىق يەرلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئاللىبۇرۇن ئېچىلغانىكەن، يىراقتىن قارىسىڭىز، تۇتىشىپ كەتكەن تاغ چوققىسىنى بىر تار جىلغا ئۈزۈۋەتكەندەك كۆرۈنەتتى. سازلىقتىن ئۆتۈپ شەرقىي جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلىدۇق. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، كىشىلەر

ئاشۇ زور كەلكۆن ئاپىتى مەزگىلىنى ئېنىق ئەسلىيەلەيدىكەن، كەلكۆن سۇيى ئوقۇر مازارتاغنىڭ هازىر پۇتۇنلەي قۇرۇپ كەتكەن شەرقىي قىسمىدىكى تاغ ئېتىكىنىڭ ئاستىغا ئېقىپ كىرگەنىكەن، بۇگۈنكى كۈندىمۇ ئاشۇ كەلكۈن سۇيى يالىۋەتكەن يەرنىڭ ئىزلىرىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن.

ئاراچتىكى تۆر خارابىسى

ئۆزۈنلۇقى تەخمىنەن 1 مىل، ئوتتۇرا قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 200 فۇتتىن ئارتۇقراق كېلىدىغان بىر يالغۇز تىك تاغ تىزمىسى بولۇپ، بەلتاغ ئېتىكىنىڭ ئاستىدىكى كەڭ جىلغا ئۇنى ئايرىۋېتىدىكەن. بۇ تاغ ئاراچ (Arach) تېغىنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىدا ناھايىتى ئېنىق بولغان قەدىمىي مۇداپىئە ئىستىھكامى بار. مۇداپىئە ئىستىھكامى تاغ ئېغىزى ئەتراپىغا ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇمشۇقتا كېلىدىغان ياكى تۇمشۇق تەرەپتىن ئۆتىدىغان بارلىق قاتناشنى كونترول قىلغىلى بولاتتى. مۇداپىئە ئىستىھكامىنىڭ يەر ئۈستىگە سېلىنغان ئىمارەت ئىكەنلىكى ئىنتايىن ئېنىق. ئۇچ كىچىك تاغنىڭ، يەنى ئوقۇر مازار (ئاچالتاغ)، ئاراچ ھەممە بەلتاغنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 18 مىلدىن ئارتۇقراق بولۇپ، بىر تەبىئىي مۇداپىئە توسۇقىنى شەكىللەندۇرگەنىدى. پەقەت ئاراچنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان تاغ ئېغىزىدىنلا ئۆتكىلى بولاتتى، بۇ يولدا پەقەت پىيادە ياكى يامىشىپ ماڭىدىغانلا يول بار ئىدى. ئوقۇر مازار «ئاچالتاغ» نىڭ شەرقىي جەنۇب ئۇچىدىكى يەر ئىنتايىن نەم ۋە بوش بولغاچقا، يېقىنقى مەزگىلدە ئۇ يەردىن ئۆتكىلى بولمايدىغان بوپقالغان، شۇ سەۋەبتىن بۇ تەبىئىي شەكىللەنگەن مۇداپىئە لىنىيەسىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەبىئىي ئىستراتېگىيەلىك ئورنى ئىنتايىن كۆرۈنەرلىك ئىدى. تەكشۈرۈشكە ئەرزىيدىغان بىردىنبىر جاي ئاراچنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جىلغا ئىدى. ئاراچ تېغىنىڭ شەرقىي جەنۇب

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچىدىكى پاكار تاغ تۇمشۇقىنىڭ ئۈستىدە تەخمىنەن 60 يارد كېلىدىغان كېسەك تامنىڭ ئۇلى بار ئىكەن، بۇ تۇر خارابىسى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئالىملاچان «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر تەرىپىدىن ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇۋېتىلىپتۇ. تاغ چوققىسىنىڭ بىر تەرىپىدە چاسا شەكىللىك بىر كىچىك تۇر خارابىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 10 فۇتتىن ئاشىدۇ. تۇرنىڭ جايلاشقان ئورنى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، تىك ۋە ئىنتايىن تېيىلغاق قورام تاشلىق تاغ قاپتىلىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىلى بولىدىكەن.

جىلغىنى قوغداپ تۇرغان تۇر

ئاراچ تېغىنى بويلاپ ئۇنىڭ غەربىي شىمالىغىچە ماڭسىڭىز، تاغ چوققىسىدا قۇرۇلمىسى ئىنتايىن مۇستەھكەم بىر تۇرنى كۆرىسىز. تۇر ئۇلىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 فۇت، كېسەكنىڭ ئۆلچىمى 14 × 9 × 3 دىيۇم كېلىدۇ. كېسەك قەۋىتىنىڭ ئارىسىغا نېپىز يۇلغۇن چىۋىقلىرى قىستۇرۇلغان، ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىمارەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تۇر شىمال تەرەپتىكى ئېگىزلىكى تەخمىنەن 10 فۇتچە كېلىدىغان قورشاۋ تېمى بار سۇپىغا جايلاشقان، سۇپىنىڭ ئۈستىدىكى ھازىر ساقلىنىپ قالغان قالدۇقنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 15 فۇت كېلىدۇ. تاغ چوققىسىدىن شىمالدىكى جىلغىغىچە يەر شەكلى تەدرىجىي تۆزلىنىپ بارىدىغان بوشلۇقتا تەخمىنەن 120 ياردچە كېلىدىغان مۇستەھكەم كېسەك تام خارابىسى جايلاشقان. قوم دۆۋىلىرىنىڭ قوغدىشى سەۋەبىدىن، ئۇنىڭ بەزى قىسمىدىكى تام گەۋدىسىنىڭ ئېگىزلىكى 12 فۇت، قېلىنلىقى 3.5 فۇت كېلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى تۇرنىڭكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. تاغ ئېغىزىدىكى يەر يۈزىدىن قارىغاندا، بۇ تام ئاۋۋال شەرق تەرەپتىن باشلاپ قوپۇرۇلغان، ئاندىن كېيىن جەنۇب

تەرەپكە قاراپ سوزۇلۇپ، تۇرنىڭ ئاستىغا كەلگەندە يوقاپ كەتكەن. شامالدا يىمىرىلىشتىن پەيدا بولغان كىچىك ياردائىلىق يەر شەكلى تۇپەيلىدىن سېپىلنىڭ ئېنىق ئورنىنى بېكىتىش تەس. قورشاۋ تام بىلەن ئورالغان ئۆلچەمسىز يەرنىڭ كەڭلىكى مېنىڭ مۆلچەرىمچە تەخمىنەن 300 يارد كېلىدۇ، ئىچىدىكى يەر يۈزىنى قۇم بارخانلىرى بېسىۋالغانىدى. يىمىرىلگەن تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە كېسەكتىن قوپۇرۇلغان بىر ئۇل قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بولۇپ، كۆلىمى تەخمىنەن 24 كىۋادرات فۇت، قالدۇق قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى 5 ـ 6 فۇت كېلىدۇ. بۇ كىچىك تامنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى يىمىرىلگەن يەر يۈزىدىن قوپال ساپال پارچىلىرى بايقالدى. جىلغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە مۇداپىئەلىنىشكە ئىشلىتىلىدىغان بەلتاغ تاغ ئېتىكى ۋە تاغ تۇمشۇقىدىكى تۇر خارابىسى بار ئىدى، ئۇمۇ توپىدىن خاڭداپ ياسالغان ئىمارەت بولۇپ، ھەربىر قەۋىتىنىڭ ئارىسىغا تېرەك شېخى قىستۇرۇلغان. ھازىرقى تۇر تاغ جىنسلىرىدىن 12 فۇت ئېگىز چىقىپ تۇرىدۇ، ئۈستى قىسمى تەخمىنەن 30 × 27 فۇت كېلىدۇ. بۇ تۇر ياكى قاراۋۇلخانا جىلغىدىكى يەر يۈزىنىڭ ئۈستىگە تەخمىنەن 100 فۇت كېلىدىغان يەرگە جايلاشقان، ئۇنىڭ ئورنى ۋە پەستىكى ئىنتايىن تىك تاغ قاپتىلى مۇداپىئەلىنىش ئاسان، ھۇجۇم قىلىش تەس بولۇشتەك يەر شەكلى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئىدى.

### لارتاغ خارابىسى توغرىسىدىكى دوكلات

تۆت تەرىپىنى نۇرغۇنلىغان يېگانە تاغ تىزمىسى ئوراپ تۇرغان يەردىن گۈزەل مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، ئەڭ ئاۋۋال جەنۇبتىكى چوڭتىم ۋە تۇمشۇقتىن مازارتاغقىچە بولغان يەرلەرنى، شىمالدا ئۇزۇن سوزۇلغان لارتاغ تىزمىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. يول باشلىغۇچىلار ماڭا لارتاغنىڭ ئىچكىرىسىدىكى تاغ ئېتىكىدە بىر خارابىلىكنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بەردى، ئۇلارنىڭ

تەسۋىرلەپ بېرىشىدىن، ئۇ يەرنىڭ خېلى چوڭ كۆلەمدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدىم. بەلتاغ بىلەن لارتاغنىڭ ئارىلىقى كەڭ كەتكەن، پاكار قۇم بارخانلىرى بىلەن قاپلانغان قاقاس تۈزلەڭلىك ئىكەن. «كونىشەھەر»نىڭ ھېكايىسى لارتاغ بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەكمۇ قىلىدۇ، ئەمما كەلپىنلىكلەرنىڭ مارالبېشىغا بارىدىغان قۇملۇق يول لىنىيەسى بۇ تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. ئۇلار، مەلۇم جايدا ھېلىمۇ تاتىغا ئوخشايدىغان خارابىلىكلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ، دەيدۇ. بۇ ئىسپاتلار كەلگۈسىگە قالدۇرۇلدى. مەن خوتەندىن كېتىشتىن بۇرۇن ئېرىشكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى مەلۇم دەرىجىدىن ئېيتقاندا، «كەتەك شەھىرى» (Kötek - shahr) تۇرىگە ئەمەس، بەلكى لارتاغ خارابىسى تۇرىگە كىرىدۇ، دەپ جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ. ئايۇپ مىراب بىر سودىگەر ئارقىلىق ماڭا بەزى كىچىك لاي ھەيكەللەرنىڭ پارچىسىنى سوۋغا قىلدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى لارتاغدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن تاپقانىكەن ، 1913 - يىلى 10 - ئايدا، مەن ئۇنىڭ سۆزلەپ بەرگىنىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردۈم، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ بۇ خىل تەجرىبىلىك قىزىشىمۇ تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس ئىدى.

**يەكەن ئارقىلىق خوتەنگە سەپەر**

مارالبېشىدىن چىقىپ بەش كۈن جەددىي يول يۈرۈپ، پىژغىرىم ئىسسىق ھەم قۇم - بوران سەۋەبىدىن ئىنتايىن چارچىغان ھالدا يەكەنگە يېتىپ كەلدىم. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، ئۇ يەردە ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش مۇمكىن بولمىدى، ئەمما بۇ جەرياندا، ئۆزۈم يەكەن دەرياسىنىڭ سۇغىرىش ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تەبىئىي شارائىتنى چۈشىنىۋالدىم. بۇ يەردىكى بوستانلىق تېرىقچىلىق رايونى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ. يەكەندە چوقۇم بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ھىندىستانغا

قايتىش سەپىرىدىكى بىر قاتار خىزمەتلەرنى قىلىشقا تەييارلىق قىلىشىم كېرەك، بۇ خىزمەتلەر كېرىيەدىن ئەكەلگەن تۆگىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ تۆگىلەر قۇملۇقتىكى سەپىرىمدە ماڭا مەردانىلىك بىلەن خىزمەت قىلغانىدى. ئاندىن كېيىن، خوتەندىكى قارارگاھىمدىن يولغا چىقىپ، سەككىز كۈن يول يۈردۈم، ئاساسلىقى كېچىدە ماڭدىم، سەپەر جەريانىدا پەسىل خاراكتېرلىك «قاتتىق بوران»غا يولۇقۇپ، ئاخىر ھىندىستانغا يېتىپ كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سەككىزىنچى باب

# خوتەندىن لوندونغىچە

## 1 ـ بۆلۈم خوتەندىكى تەييارلىق

**يادىكارلىقلارنى قاچىلاش**

مەن 6 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى خوتەنگە قايتىپ كېلىپ، ئاۋۋالقىدەكلا نىياز ھەكىم بەگ (Niaz Hakim Beg)نىڭ نار بېغىغا (Nar–bagh) چۈشتۈم، 1901 ـ يىلى كەلگەندىمۇ بۇ يەر مېنىڭ قونالغۇم بولغانىدى. بىزنىڭ قىشتا قويۇپ قويغان ساندۇقلىرىمىز خوتەندىكى ئافغانىستانلىق بوۋاي (بۇ كىشى تولىمۇ قىزغىن بولۇپ، يەرلىك دوستۇم ئىدى)نىڭ ئەستايىدىل قارىشى بىلەن ئىنتايىن بىخەتەر تۇرغانىدى. بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدە ھارۋىغا لىق قاچىلانغان قەدىمكى يادىكارلىقلار قەشقەردىن يۆتكەپ كېلىنەتتى، 1906 ـ يىلىدىن 1907 ـ يىلىغىچە كېنەز جورج ماكارتنى بۇ يادىكارلىقلارنى باشقۇرغانىدى، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق قاتتىق ساندۇقلارغا قاچىلانغان بۇ بۇيۇملارنىڭ بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، مەن ھايال بولمايلا ئارخېئولوگىيەلىك تەكشۈرۈش جەريانىدا توپلىغان بۇيۇملىرىمنى رەتلەشكە، قاچىلاشقا باشلىدىم. ئىلگىرىكى ناھايىتى ئۇزاق ھەم جاپالىق ئەمگىكىمىزنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇ ئىمكانقەدەر ئىنچىكە ھەم ئەستايىدىل بولۇشنى تەلەپ قىلىدىغان خىزمەت بولغاچقا، ئالتە ھەپتە جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا توغرا كېلەتتى. نەچچە ئون ئەر كىشى نار باغدىكى ھويلا ئىچىدە

ئالدىراشلىق بىلەن بۇ قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ساندۇقلارغا بەلگە قويدى. ئەمما، قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ساندۇق ئىچىدىكى بارلىق يادىكارلىقلارنى ئۆزۈم قايتىدىن قاچىلىدىم. بۇ تومۇز ئىسسىقتا ھەر كۈنى سەھەردىن كەچ كىرگۈچە مۇشۇ ئىشلار بىلەن ھەپىلەشتۇق. بۇ جەرياندا كىشىنى ئەڭ بىزار قىلىدىغان ئىش پاختىنى تام رەسىمنىڭ ئارقا تەرىپىگە قويۇپ، رەسىمنى مۇقىملاشتۇرغاندىن كېيىن، تام رەسىملىرىنىڭ ئارىسىغا قومۇش قىستۇرۇپ مۇقىملاشتۇرۇش ئىدى. بۇ بۇيۇملار ئاسان سۇنىدىغان ۋە چېقىلىدىغان ماتېرىياللاردىن ياسالغان بولغاچقا، ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىل بولمىغاندا، 8000 چاقىرىملىق سەپەردە بۇزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ياخشى قاچىلانغاندىلا، ئېگىز تاغلار، قار ـ مۇزلۇق تاغ ئېغىزى قاتارلىقلاردىن قوتاز، تۆگە، ئات قاتارلىقلارغا ئارتىپ توشۇپ ئۆتكۈزۈلۈپ، ئاندىن كالا ھارۋىسى، پويىز، كېمە قاتارلىقلار بىلەن يۆتكىسىمۇ ھېچقانداق زەخىمگە ئۇچرىمايتتى.

نايك رام سىنگنىڭ پاجىئەسى

بۇ خىزمەتلەرنى بىرقانچە كۈن ئىشلىگەندىن كېيىن يۈز بەرگەن بىر ئىش كىشىنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، مەن نايك رام سىنگنى مىرەنگە تولىمۇ مۇھىم بىر ۋەزىپىگە، يەنى ئۇ يەردىكى ئىلگىرى رەسىمگە تارتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن تام رەسىملىرىنى قايتىدىن رەسىمگە تارتىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم. تام رەسىمى M . V ئىبادەتخانىسىدا بولۇپ، ئۇ ئىشنى قىلىش ئۈچۈن مول تەجرىبە ۋە ۋاقىت كېتەتتى. رام سىنگ مەندىن ئايرىلغان چاغدا سالامەتلىكى ياخشى بولغاچقا، ئۇ خىزمەتكە جىددىي كىرىشمەكچى ئىدى. ئۇ يولغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خەۋىرىنى ئالالمىدىم. ئەمما، بۇ قەيسەر، چىداملىق، چاققان ياردەمچىم يادىكارلىقلارنى ئېلىپ قايتىدىغان چاغدا، كور بولۇپ قالغانىكەن. مېنىڭ ئەڭ

ئىشەنچلىك، ئىشچان ئۇيغۇر ئەگەشكۈچۈم ئىبراھىم بەگ قاتارلىقلار چارقىلىقتا ئالدىراش ماڭغان سەپەردە رام سىنگنىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن. بۇ قورقۇنچلۇق گىلاۋكوما كېسىلىنىڭ ئالدىنقى بېشارىتى بولۇپ، چارقىلىقتا كەلگەندە ئاغرىق تېخىمۇ كۈچىيىپ، بىر كۆزى تۇيۇقسىز كۆرمەس بولۇپ قالغان. ئەمما باتۇر، چىدامىلىق، قەيسەر رام سىنگ ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مىرەنگە بېرىشتا چىڭ تۇرغان. ئىبراھىم بەگ بىلەن بىرگە ئىبادەتخانىغا كەلگەندە، يەنە بىر كۆزىمۇ كۆرمەس بولۇپ قالغان. ئۇ بۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرىپ، مىرەن دەرياسى بويىدا بىرقانچە كۈن تۇرۇپ، كۆزى ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىن، خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئۇ چارقىلىقتا بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن ئاخىرى قايتىشقا ماقۇل بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم بەگ ئېھتىياتچانلىق بىلەن تېزلىكتە ئۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەندى.

### نايك رام سىنگنىڭ ھىندىستانغا قايتىشى

مەن بۇ يەردە ئۇنى داۋالاش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىم توغرىسىدا ئازراق توختىلىپ ئۆتەي. چۈنكى، كۆندىلىك خاتىرەمدە بۇ ئەھۋال ناھايىتى تولۇق خاتىرىلەنگەن. خوتەندە قىسقا مەزگىل دەم ئالغان چاغدا، رام سىنگ خۇددى ئىلگىرى ھەربىي بولغاندىكىگە ئوخشاش، تولىمۇ باتۇرلۇق بىلەن ساقىيىپ كېتىشكە ئىشەنچ باغلىغانىدى. مەن دەرھال ئۇنى يەكەنگە ئەۋەتمەكچى بولدۇم ھەم زۆرۈر لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ بەردىم. بىراق، شۋېتسىيە تېببىي خەير ـ ساخاۋەت ئورنىدىكى باستىر گ. راكۇت (G. Raquette) ئۇنىڭغا ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بوپتۇ، دەپ دىياگنوز قويۇپتۇ. ئۇچ ھەپتىدىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ دىياگنوز دوكلاتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ، تولىمۇ ئازابلاندىم، مېنىڭچە ئۇ بۇ قېتىمقى سەپەرگە قاتناشمىغان بولسىمۇ، كېسىلى يەنىلا قوزغىلاتتى.

پەقەت، دەل ۋاقتىدا ئوپېراتسىيە قىلىپ داۋالىسىلا، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈمىدى تۇغۇلاتتى. ئەمما، دوختۇرمۇ كېسەلنىڭ ئالدىنقى مەزگىلىدىكى يوشۇرۇن ھالىتىگە توغرا دىياگنوز قويۇشقا ئامالسىز ئىدى. راكوت ئەپەندىنىڭ تەكلىپى بويىچە قاراقورام (kara–koram) يولى ئېچىلىش بىلەنلا، ئۇنى لاداخقا قايتىشقا ئورۇنلاشتۇردۇم، سىنگ ئۇ يەردىن ھىندىستانغا قايتاتتى. ئۇنىڭ يولدا راھەت، بىخەتەر مېڭىشى ئۈچۈن كۆچۈمنىڭ يېتىشىچە تەييارلىقلارنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ لاداخقا تىنچ ـ ئامان كەلگەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى ئەنگلىيە بىرلەشمە يەرلىك ئەمەلدارى، پولكوۋنىك د. گ. ئولىۋېر (D.G.oliver) ئۇنى كەشمىرگە بىخەتەر ئۆزىتىپ قويغان. ئۇ يەردە سرىناگار (Srinagar) دىنىي جەمئىيەت دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى، قەدىناس دوستۇم دوكتورئا. نېۋ (A.Neve) تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ، يەنىلا شۇ يەكۈننى چىقارغان. نايك رام سىنگنىڭ بىر ئاكىسى يېقىن ئەتراپتا تۇرىدىغان بولۇپ، ئۇ بىچارە نايك رام سىنگنى پەنجاپ فىروزپۇر (Firōzpur) دىكى يۇرتىغا ئېلىپ كەتكەن. 12 ـ ئايغا كەلگەندە، لاھور (Lahore) دىن ئۆتكەندە ئۇ يېنىمغا كەلدى، ئۇنىڭ چۈشكۈن ھالىتى ھەر ئىككىمىزنى ئازابلىدى. مەن رام سىنگنىڭ تەمىناتىنى ئۇ تۇرۇشلۇق جايدىكى ھەربىي قوماندانغا ھاۋالە قىلدىم. ئۇمۇ سىنگنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. كالكۇتتا (Calcutta)غا زىيارەتكە بارغان مەزگىلىمدە، بۇ ساداقەتمەن ھەمراھىمغا ئالاھىدە تولۇقلىما بېرىش ئۈچۈن كۆپ كۈچ چىقاردىم. مەرھۇم باستىر مىنتو ئالىيلىرى (كېيىنچە گوبېرناتورلۇققا ئۆستۈرۈلگەن)مۇ سىنگنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىغا دوستانىلارچە كۆڭۈل بۆلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مېنىڭ خىزمىتىمنى ئۆتكۈزۈۋالغان كىشىدىن ئاڭلىشىمچە، ھىندىستان ھۆكۈمىتى سېخىيلىق بىلەن سىنگقا ئالاھىدە فوند تەسىس قىلىپ، ئۇنىڭ ۋە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ

ئېھتىياجىنى قاندۇرغان. 1909 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن، سىنگ ۋاپات بولغان. ئېشىپ قالغان كۆپ مىقداردىكى ياردەم، تولۇقلىمىدىن ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئايالى داۋاملىق بەھرىمەن بولغان.

جيالىڭ بېگىمىنىڭ ئىلىم جەھەتتىكى ياردىمى

زىمەمگە يۈكلەنگەن جاپالىق ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ماڭا نىسبەتەن ئېغىر سىناق ھېسابلىناتتى. بۇ جەھەتتە ئىزچىل يېنىمدا تۇرۇپ، ماڭا تەسەللى بېرىپ، ئازاب ۋە جاپالىرىمنى تەڭ ئۈستىگە ئالغان جىيالىڭ بېگىمگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ ھەمىشە مەن ئورۇنلاشتۇرغان جىددىي ئىلمىي خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە دۇنخۇاڭ چېگرا رايونى ۋە باشقا جايلاردىن ئەكەلگەن خەنزۇچە ۋەسىقىلەرنى كۆچۈرۈپ چىقتى ۋە تەرجىمە قىلدى، ھېچبولمىغاندا مىڭئۆيدىن تېپىلغان بىر قىسىم خەنزۇچە قول يازمىلارنىڭ مۇندەرىجىسىنى خاتىرىلەپ چىقتى. ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ئەڭ نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىس شاۋان ئەپەندى رەسمىي مۇئەييەنلەشتۇردى. كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلەرگە كەلسەك، ئەمەلىيەت شۇ ئىدىكى، بۇ قول يازما ھۆججەتلەر لوندوندا بىخەتەر ساقلانغاندىن كېيىن، نەچچە مىڭ پارچە قول يازما پۈتۈكنىڭ پۈتۈن مۇندەرىجىسىنى تۇرغۇزۇپ چىقىشقا پۈتۈنلەي كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. مەن ھازىر جىيالىڭ بېگىمنىڭ خوتەندە قاتتىق ئىسسىقتا قارىماي بىر قانچە ھەپتە قول يازمىلارنىڭ 1/3 نىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ چىققانلىقىغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

قورۇم تېغىنى تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلىش

قاچىلاش خىزمىتىدىن باشقا، مەن يەنە خوتەننىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى قورۇم تاغ تىزمىسىدىكى ئۇزۇن مەزگىللىك جاپالىق

تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلىشىم كېرەك ئىدى. مېنىڭ 1900 ـ يىلى ۋە 1906 ـ يىلىدىكى قاراڭغۇتاغ (Karanghu-tagh) تىزمىسىدىكى تەكشۈرۈشۈم شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنداق چوڭقۇر جىلغىدىن ئۆتۈپ، يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا بېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، خېلى بۇرۇنلا شەرق تەرەپتىكى شىزاڭ ئېگىزلىكىنىڭ غەربىي شىمالىغا تۇتاش تاغ رايونىدىن يولغا چىقىپ، سىناپ بېقىشنى قارار قىلغانىدىم. پىلانىم كېرىيە دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىدىن ئۆتۈپ، قورۇم تېغى ئاساسىي تاغ تىزمىسىنىڭ تېخى تەكشۈرۈلمىگەن جەنۇبىي تۆپىلىكىنى بويلاپ مېڭىش ئىدى. قورۇمدىكى قار ـ مۇزلار يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ئىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەن ر. ب. لار سىنگ بىلەن قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي جەنۇب باشلىنىش مەنبەسىگە كەلدۇق. دەريا ئېقىنىنى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ ئىلگىرىلەپ، قاراقورۇم تاغ ئېغىزىنىڭ شىمالىي چېتىدىكى لاداخ سودا يولىغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ يەردە مەن مەدەنىي يادىكارلىقلار ساندۇقى ۋە ئېغىر يۈك ـ تاقلارنى توشۇشقا ئالدىنئالا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان قىرغىزلار ساقلاپ تۇرغانىدى.

### سەپەر ۋە توشۇشتىكى قىيىنچىلىق

كۆز ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىقنىڭ ھەقىقەتەن ئېغىرلىقىنى بىلەتتىم، ئەگەر تاغ يولىدىن ماڭساق، ئوت ـ چۆپ ئۆسمەيدىغان قاقاسلىقتىن ئۆتۈشىمىزگە توغرا كېلەتتى. ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇشىمىز مۇمكىن ئىدى. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، توشۇش ۋە تەمىنلەش ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېكىن، ئىنتايىن جىددىي بىر مەسىلە شۇ ئىدىكى، قورۇم تېغىدىكى ئەڭ ئاخىرقى قونالغۇ پولۇر (Polur) قاراقاشنىڭ ئەڭ ئېگىز نۇقتىسىغىچە

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈنىشاتتى. قاراقورۇم يولىدا سىتىۋالدى (Satip–aldi) دېگەن قىرغىز كىشىنىڭ ئۆتىگى بولۇپ، بۇ يەردە تۇرغان مەزگىلىمىزدە ئادەم ۋە ئات ـ ئۇلاغلارنى ئۆزىمىز ئېلىۋالغان نەرسىلىرىمىز بىلەن قامدىدۇق. بۇ سەپەر پىلانىمىزدا 40 كۈن داۋاملىشاتتى. بىزمۇ ئۇلاغلار (ئات ـ ئېشەك) نىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرمىدۇق، ئۇلار مۇشۇنداق ئېگىزلىكتە يەر يۈزىدە ئادەتتىكى چاغلاردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ يۈك ئارتالاتتى. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلارنى شەخسىي كۈندىلىك خاتىرەمدىن كۆرۈڭ.

**ر. ب. لار سىنگنىڭ ئۆلچىشى**

ر. ب. لار سىنگ بىزدىن ئايرىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن، تىنچ ـ ئامان ئەترىتىمىزگە قېتىلدى، بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم ناھايىتى ئەمىن تاپتى. ئۇ ئۆزىگە تاپشۇرغان بارلىق ۋەزىپىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇندىغانىدى. ئۇ تەڭرىتاغنى بويلاپ، ئاقسۇدىن قەشقەرنىڭ شىمالىي ۋادىسىغىچە بولغان جايلارنى تۈنجى قېتىم ئۆلچىگەن بولۇپ، بۇ تولىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش ئىدى. ئاندىن بىز ئىلگىرى تېخى تەكشۈرمىگەن بىر يول بىلەن جەنۇب تەرەپتىكى تاغقا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ كىلياڭ (Kilian) ۋە قاراقاش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى ئارىلىقىدىكى قورۇم تېغى شىمالىي باغرىدىكى تېخى تەكشۈرۈلمىگەن جايلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمىنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقتى.

**يوتقان خارابىسىنى قايتا زىيارەت قىلىش**

بىر ھەپتىدىن كېيىن قاچىلاش ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، ئازراق ئارام ئېلىۋالغاندىن كېيىن يوتقاندىكى قەدىمكى خوتەن بەگلىكىنىڭ خارابىسىنى زىيارەت قىلغىلى باردىم. غايەت زور سېرىق توپا قاتلىمىغا يىغىلىپ قالغان «مەدەنىيەت قاتلىمى»غا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر يىللىق ئالتۇن چايقاش

پائالىيىتى ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. بۇ يەردە شۇنى قوشۇمچە قىلىپ ئۆتەي، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ قولىدىن بىۋاستە ئېگە بولغان يادىكارلىقلار ھەم قولۇمدىكى شەكلى ھەر خىل ساپال بۇيۇم قاتارلىق يادىكارلىقلار كۆمۈلۈپ قالغان خارابىلەرنى 10 يىلدىن بۇيان ئۈزلۈكسىز قېزىش داۋامىدا تېپىلغانىدى. بۇ قېتىمقى پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، بىر تۈركۈم تېپىك خوتەنلىكلەرنى ئۆلچەپ، ئانتروپومېتىرىيە (ئادەم تېنىنى ئۆلچەش ئىلمى)گە دائىر ماتېرىياللىرىمنى بېيىتتىم. خوتەننىڭ يېزا - كەنتلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق بۇ سەپىرىم تولىمۇ قىسقا بولسىمۇ، ئەمما بۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى تەرەققىياتنى كۆردۈم. بوستانلىقنىڭ چېتىدىكى قۇملۇقلار ھەمدە 1900 - يىلدىن 1901 - يىلغىچە بولغان تەكشۈرۈشتە كۆرگەن سازلىق ياكى شورلۇق (shor) يەرلەر، مەسىلەن، ئايدىڭكۆل (Aidin-köl) ئەتراپى ياكى خوتەن شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى شورباغ (shor-bāgh) قاتارلىق يەرلەر ئاللىقاچان ئېچىلىپ بولغانىدى.

### خوتەندىن يولغا چىقىش

8 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، 93 ساندۇق يادىكارلىق قاچىلانغان غايەت زور تۈشۈش ئەترىتى ئۆزۈن سەپەرگە ئاتلاندى. مەن تىللاباي (Tila Bai) نىڭ نازارىتى ئاستىدا، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ سانجۇغا بىخەتەر يارىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. مەزكۇر ئەترەتنىڭ ياز پەسلىدىكى كەلكۈن يانغان چاغدا بۇ يەردىن داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، قاراقاش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى سۆگەت مۇز داۋىنىدىن ئۆتۈپ، شۇ يەردە بىز بىلەن ئۇچرىشىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم. ئىككى كۈندىن كېيىن خوتەندىن يولغا چىقىپ، كېمە بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بوستانلىقنىڭ شەرقىي جەنۇب چېتىدىكى قوتازلەنگەر (Kotaz-langar) گە كەلدىم. ئەتىسى ئەتىگەندە، جىياڭ بېگىم ۋە باھاۋۇدۇنخان بىلەن

www.uyghurkitap.com

خوشلاشتىم، ئۇلار ئۆتكەن بىرقانچە ھەپتە ئىچىدە پىژغىرىم ئىسسىقتا جاپالىق ئىشلەپ، ماڭا زور ياردەم بەرگەنىدى. بىرىنچى قېتىملىق تەكشۈرۈش پائالىيىتىمدىن باشلاپ باھاۋۇدۇنخان سەممىمىي ـ سادىقلىق بىلەن مەن ئۈچۈن ئىشلىدى، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ قىممىتىنى ئىسپاتلىدى. كېيىن ئاڭلىشىمچە، باشقىلارنىڭ كۈچلۈك قوللىشى ئاستىدا، ھىندىستان ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «خان ساھىب» (khansahib) دېگەن ئۇنۋانىنى بەرگەن. بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇشال بولدۇم، ئەمما مېنىڭ خەنزۇ كاتىپىم بىرئاز ئاۋارچىلىككە ئۇچرىغان، ئۇ مېنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئىلمىي خىزمەتلىرىمدىكى ئەڭ قابىل، ئەڭ ئىقتىدارلىق ياردەمچىم ئىدى. جورج ماكارتنى ماڭا ئۇنى ئەنگلىيەنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىنىڭ خەنزۇچە مونشىسى (مىرزا) قىلىدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەنىدى. مەنمۇ ئۇنى شۇ يەردە يەنە بىر قېتىم ئۇچرىتىشنى چىن كۆڭلۈمدىن ئارزۇ قىلاتتىم.

## 2 ـ بۆلۈم  قورۇم تاغ تىزمىسىدىن ئۆتۈش

### قاپاقئاستى مازىرى


تۆۋەندە مەن ئىككى كۈنلۈك سەپىرىمنى سۆزلەپ ئۆتەي. بىز تىكىلىك تاغ (Tikelik-tagh) (ئېگىزلىكى 18780 فۇت كېلىدۇ)نىڭ باغرىدىن ئۆتتۇق. بۇ يەردىن پەستىكى تۇزلەڭلىككە نەزەر سالغاندا ئۇ خۇددى قورۇم تېغىنىڭ غايەت زور قورغىنىغا ئوخشايتتى. تاغدا چوڭقۇر جىلغىلار بولۇپ، بۇ پەسلىدە سۇ يوق ئىدى. مەن ئۇ يەردىكى بىر چوڭقۇر جىلغىدا قاپاقئاستى (Kapak-aste) مازىرىنىڭ خادىسىغا ئېسىقلىق تۇرغان، يىرىلىپ كەتكەن بىرقانچە يۈز غەلىتە قاپاقنى كۆردۈم. لېكىن بۇ يەردە ئەسكى لاتا كۆرۈنمەيتتى. خادىنىڭ ئاستىدا بىر چوڭ تاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان

22 دانه ئىستاكان شەكلىدىكى نەرسە قويۇلغان بولۇپ، دىيامېتىرى 5 دىيۇمدىن تەدرىجىي كىچىكلەپ باراتتى. بۇ تاشقا بىرقانچە يارد يىراق جايدىن ئۈستى تەكشى ئىككى دانە كىچىك گىرانىت تاش بايقالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگىمۇ ئوخشاشلا ئىستاكانسىمان بويۇم قويۇلغانىدى. يەرلىك رىۋايەتتە بۇ تاشلارنى «توت ئىمام»(Imams) بىلەن ئۆزئارا باغلايدۇ. كىشىلەر بۇنى ئىماملار دەم ئالىدىغان جاي، يەنى ئالدىنقى بابتا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پولۇنىڭ غەربىي شىمالىدىكى كىشىلەر ھەمىشە تاۋاپ قىلىدىغان مەسچىت دەپ قارايدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سەپەردە ئىمام بۇ يەردە توختاپ ئۆتۈپ، تاشنى سۇ ئىچىدىغان ئىستاكاندەك قىلىپ ياسىغان، بۇ ئىستاكانسىمان تاشنىڭ مەنبەسى تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋرلەر بولۇشى مۇمكىن. بىزنىڭچە بۇ ئىسلام دىنىنى تاشقى كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا ساقلىنىپ قالغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى باشقا بىر خىل يەرلىك ئېتىقادنىڭ شەكلى بولسا كېرەك.

### ھاسىدىكى «كونا شەھەر»

قاراقاش دەريا جىلغىسىدا ئەڭ ئاۋۋال تېرىلغۇ يەرلەر كۆرۈندۇ، بۇ يەرگە نۇرغۇن كىچىك كەنتلەر جايلاشقان، بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ھاسا (Hasha) دەپ ئاتىلىدۇ. كەنتلەر تار تىندۇرما بەلباغنى بويلاپ چېرىغىچە سوزۇلغان. ئېگىز ھەم تىك تاغ يولىدىن باشلانغان يول تاكى گوجىلغا (Go–jilga) جىلغىسى ۋە قاراقاش دەرياسى بويىدىكى بىر تار قۇرۇقلۇق بەلبېغىغىچە تۇتىشاتتى. بۇ يەرنىڭ «كونا شەھەر» خارابىسىگىچە بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 1 مىل كېلەتتى. بۇ يەر تەبىئىي، مۇستەھكەم يەر شارائىتىغا ئىگە بولۇپ، ئەتراپى خەتەرلىك قورام تاشلار بىلەن ئورالغانىدى، كىشىنى ھەيران قالدۇرغىنى، بۇ يەر يارغول قەدىمىي شەھەرنىڭكە ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما كۆلىمى كىچىك ئىدى. قاپتاللىق بىلەن بولغان ئارىلىقى 620 يارد

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



147 ـ رەسىم ھاسانىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى قەدىمىي شەھەرنىڭ قورشاۋ تېمى، غەربىي جەنۇبتىن كۆرۈنۈشى ۋە ئەخلەت دۆۋىسى

بولۇپ، دەريا سۈيى چىقىش مۇمكىن بولمايدىغان يارلىقتىن ئېقىپ چۈشەتتى، غايەت زور بىر سېپىل جىلغىنى كېسىپ ئۆتۈپ، يولنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. بۇ سېپىلنىڭ (147 ـ رەسىمگە قاراڭ) ئۇزۇنلۇقى 120 يارد، ئەڭ ياخشى ساقلانغان قىسمىنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 20 فۇت كېلەتتى. ئۇ گەرچە ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ، يەنىلا دەريا قىنىدىكى سۇ يالاپ ئۆپرىتىۋەتكەن قوپال تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، ھەر بىر قەۋىتىگە لاي سېلىنغان، جىلغا بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 30 يارد كېلىدىغان ئىككى قورغان تامدىن تۇرغان تېمى 30 چى ئالدىغا چىقىپ تۇراتتى. قورغاننىڭ ئارىسىدىكى بەلباغ قېلىنلىقى تەخمىنەن 10 چى كېلىدىغان قوپال سىرتقى تام بىلەن ئورالغان بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 يارد، كەڭلىكى 25 يارد سېپىلنى شەكىللەندۈرگەنىدى. ھاسا كەنتىدىكىلەر يەرگە ئوغۇت بېرىش ئۈچۈن كولىغان چوڭقۇر ئورەككە شېغىل ـ تاش ئارىلاش ئەخلەتلەرنى تۆككەن بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 10 ~ 12 فۇت كېلەتتى. سېپىلنىڭ ئۈستىگە يېقىن قەۋىتىدىن يوڭ ئارىلاش

توقۇلما بۇيۇم قالدۇقىنى تاپتىم.

ئەخلەت دۆۋىسىنى قېزىش

ئەخلەت دۆۋىسى ئىچىدە كۆپ مىقداردا سۆڭەك بار بولۇپ، بۇ تۇپراقتا تولىمۇ پايدىلىق ئوغۇت بولاتتى. شۇڭلاشقا، تامنىڭ ئىچىدىكى كۆپ جايلارغا ئورەك كولانغان بولۇپ، كولاش ئۇسۇلى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى باننۇ (Bannu)غا يېقىن جايدىكى پېشاۋۇر كەنتى ياكى ئاكرا (Akra) قەدىمكى كەنتى ھەم شەھەر ـ بازاردىكىگە ئوخشايتتى، قورشاۋ تامدىن باشقا، بەر يۈزىدە ھېچقانداق ئىمارەت ئىزى يوق. يەنە بىر تەرەپتىن، سېپىل ئېگىز تاغدىن ھالقىتىپ ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 يارد كېلەتتى، لېكىن قورۇلمىسى ئوخشىشىپ كېتەتتى. خارابىلىكتىكى ئۆي تېمىنىڭ تاش ۋە كېسەكلىرى ئارىسىدا ساپال پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ھاسالىقلار يول ياكى باشقا بۇيۇملارنى كولاشقا قەتئىي قارشى تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ ياردىمىسىز خارابىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يىل دەۋرىگە ھۆكۈم قىلىش تەس ئىدى. ئەمما، ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ قېلىنلىقى بۇ يەردە ئۇزۇن مۇددەت ئادەم تۇرغانلىقىنى ھەم ئەينى چاغدىكى نوپۇسنىڭ چوقۇم ھازىرقى ھاسادىكى نوپۇستىن تېخىمۇ زىچ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى.

چاقار (Chakar) ئەتراپىدىكى كەنت

شۇ كۈنىلا يول يۈرۈپ چاقار (Chakar)غا يېتىپ كەلدىم. كۆلىمى نىسبەتەن چوڭراق بۇ كەنت دەريا بويىغا جايلاشقانىدى. بۇ دەريا بىلەن شەرق تەرەپتىن كەلگەن ئۇلۇغساي (Ulugh-sai) قوشۇلغاندىن كېيىن، چوڭ يولغا جايلاشقان گۇلاخما (Gulakhma) تەرەپكە قاراپ ئاقىدۇ. بۇ يەردە تېخى ئېچىلمىغان مۇنبەت سېرىق توپا قاتلىمىنى بايقىدىم، بۇنى سۇ كەمچىللىكى كەلتۈرۈپ چىقارمىغانىدى. بۇ يەرنىڭ سۇ مەنبەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىنتايىن مول بولۇپ، دەريا سۇيى بولۇپلا قالماستىن، يەنە چاقار تەرەپتە بۇلاق سۇيىمۇ بار ئىدى. بۇ جايدا ئەمگەك كۈچى كەمچىل ئىدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى قايتىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلغاندىن كېيىن، چىرا دەرياسى بىلەن كېرىيە دەرياسى ئارىلىقىدىكى بەلباغلارغا جايلاشقان كەنتلەر ھەرقايسى جەھەتلەردىن كۆرۈنەرلىك تەرەققىياتقا ئېرىشىپتۇ.

نۇرى بوستانلىقى

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، بىر كۈنلۈك ئۇزاق ۋە زېرىكىشلىك سەپەر ئارقىلىق شىغىللىقتىن ئۆتۈپ، مۇنبەت نۇرى(Nura) بوستانلىقىغا كەلدۇق. بوستانلىقنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 7000 فۇتتىن يۇقىرى بولۇپ، ھاۋاسى سالقىن ئىدى. كەچتە قۇم توزانلىرى تاراپ، جەنۇب تەرەپتىن ناھايىتى ھەيۋەتلىك قارلىق چوققا كۆرۈندى (148 ـ رەسىمگە قاراڭ)، مەن خوتەندە تۇرغان مەزگىلدە قۇم توزانلىرى تاغ مەنزىرىسىنى توسىۋالغانىدى. بىر قىسىم قارلىق چوققىنىڭ ئېگىزلىكى 21 مىڭ فۇت بولۇپ، كىشىگە خۇددى بوستانلىق ۋە قۇملۇقلار بىلەن خوشلىشىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.



148 ـ رەسىم نۇرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپى بىلەن غەرب تەرىپىدىكى قورۇم تېغى ئاساسىي تاغ تىزمىلىرىدىكى قارلىق چوققا

### نۇرى بوستانلىقىغا يېقىن ئەتراپتىكى تىم خارابىسى

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىمۇ، ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى. داۋاملىق شىمالغا قاراپ مېڭىپ، تىم خارابىسىگە يېتىپ كەلدىم، پىروفېسسور خونتىڭتۇن ئۇنى تۇنجى قېتىم بايقىغانىدى. بۇ خارابىگە بارىدىغان يول ئاۋۋال سۇ مەنبەسى مول بولغان دەريادىن يالغۇزباغ (Yalghuz-bagh) نىڭ چەتلىرىدىكى كىچىك ئولتۇراق رايونىغىچە تۇتىشاتتى، ئاندىن كېيىن بىر قۇملۇق ۋە كەڭ، ئوتلاقتىن ئۆتەتتى. ئوتلاقنىڭ كۆلىمى چوڭ بولۇپ، ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغان دەريا يولى ئىلگىرىكى قاتناش يولىنىڭ قانچىلىك ئاربىلىقتا سوزۇلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى، ئاخىرى تاكى قۇملۇققىچە تۇتىشاتتى. خارابىلىك نۇرى كەنتىگە 8 مىل كېلىدىغان جايدا ئىدى. بۇ خارابىلىكنىڭ ئىسمى تىم خارابىسى بولۇپ، ئەسلىدە بۇ يەردىن شېغىل ۋە توپىدىن تەشكىل تاپقان يۇمىلاق شەكىللىك دۆۋىلىك بايقالغانىدى. تۆپىلىكنىڭ ئۈستىنىڭ كەڭلىكى تەخمىنەن 36 فۇت، ئېگىزلىكى 16 فۇتقا يېقىن بولۇپ، «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر كولىغانىدى. بۇ ئىلگىرىكى تاشلاندۇق بۇددا مۇنارى خارابىسى بولسا كېرەك. شەرقىي شىمال تەرەپكە تەخمىنەن 250 يارد كېلىدىغان جايدا كۆرۈنۈشى ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەنە بىر تۆپىلىك بولۇپ، كۆلىمى كىچىك، دىيامېتىرى تەخمىنەن 21 فۇت، ئېگىزلىكى 6 فۇت. ئىمارەتكە ئىشلىتىلگەن كېسەكنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 14 دىيۇم، 8 دىيۇم، 3 دىيۇم كېلەتتى. بۇ يەرمۇ پۈتۈنلەي كولانغانىدى.

### خارابىلىك كۆپ رايون

چوڭ تۆپىلىكنىڭ جەنۇبىغا تەخمىنەن بىرىم مىل كېلىدىغان جايغا كۆپ مىقداردىكى ساپال پارچىلىرى خارابىسى تارقالغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ تاكى شىمال تەرەپتىكى بىر

«پوتەي» (تەخمىنەن 2 مىل ئەتراپىدا) بار جايغىچە سوزۇلغان. بىز بۇ يەردىن بىرەر دانە يارماقمۇ بايقىمىدۇق ھەم ھېچقانداق مۇناسىۋەتلىك خەۋەرمۇ ئاڭلىمىدۇق. مەن خارابىلىكنىڭ بۇددىزم خارابىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم، ئەمما ئولتۇراق رايونغا ئالاقىدار ھېچقانداق ئىزنى تاپالمىدىم، قەدىمكى قانال رايونىدىنمۇ ساپال بۇيۇملارنى بايقىمىدىم. بۇ پەسىلدە قەدىمكى قانالدا يالغۇزباغدىن ئېقىپ قالغان سۇ تەخمىنەن 35 يارد ئاققاندىن كېيىن، چوڭ تۆپىلىكنىڭ غەربىي قىسمىغا يېتىپ كېلىدىكەن، ئاندىن توپا دۆڭنىڭ شەرقىي قىسمىغا قاراپ تەخمىنەن 500 يارد ئاققاندىن كېيىن دەريا ئۈزۈلۈپ قالىدىكەن. بۇ ئەھۋال بۇ يەرنىڭ مازىرىقى نۇرىدىكى تار بەلباغقا ئوخشاش قەدىمكى ئولتۇراق رايون ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇنبەت سېرىق توپىلىق تۈزلەڭلىك يىراقتىكى كەڭ كەتكەن ئاستى شېغىللىق دەريا قىنىغىچە سوزۇلۇپ بارىدىكەن. دەريا سۇيى سايۋاغدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا يامغۇر ياغقاندىن كېيىن كەلكۈن سۇيى تۆۋەندە دامكۈنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى چۆلگىچە ئېقىپ بارىدىكەن.

تۆت ئىمام مازىرى

تۆت ئىمام مازىرى بۇ قېتىملىق سەپىرىمدە تەكشۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى خارابىلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىر كۈن يۈرۈپ، مەنزىرىسى چىرايلىق بۇ ئۇلۇغ مازارغا يېتىپ كەلدىم. بۇ ئۇلۇغ مازار ئىسلام دىنى مۇرتلىرى چوقۇنىدىغان مۇقەددەس جاي بولۇپ، ئەتراپىدىن ھېچقانداق قەدىمكى خارابىلىك بايقالمىدى. بۇلار دەسلەپكى دەۋردىكى يەرلىكلەر چوقۇنغان ئىسلام دىنى مەسچىتلىرى بىلەن تامامەن ئوخشاش بولسا كېرەك. بوستانلىق يولدىن يىراق، تار، قاقاس تاغ ئىچىگە جايلاشقان بولغاچقا، بۇددا دىنى تاۋاپچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز بۇ بۇددا

مۇخلىسلىرىنىڭ قەدىمكى خوتەندىكى مەشھۇر توپوگرافشۇناسلار ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

**پولۇدىكى تەييارلىق**

تۆت ئىمام مازىرىدىن ئۆتۈپ، دېڭىز يۈزىدىن 8500 فۇت ئېگىزلىكتىكى پولۇ كەنتىگە كەلدۇق، پولۇ كەنتى كېرىيە دەرياسىنىڭ يېنىدىكى بىر كىچىك ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە، قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان ئېگىز تاغ ئېغىزىنىڭ باغرىغا جايلاشقانىدى. بۇ تاغ ئېغىزى جەنۇبىي قىسمىدىكى قورۇم تېغىدىكى غايەت زور تاغ گەۋدىسىنىڭ يانتۇ سوزۇلۇپ چۈشكەن قىسمى ئىدى. پولۇ كەنتى مەن شىنجاڭدا كۆرگەن ئەڭ ئاخىرقى ئولتۇراق رايون، شۇنداقلا تەكشۈرۈش جاپالىق تاغلىق رايون ئىدى. ئۈچ كۈن ئالدىراش يۈرۈپ، تەييارلىق خىزمىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، كەنتتىكى «تاغلىقلار»غا قارىتا ئىنسانشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردىم. تەكشۈرۈشتە تاجىكلارنىڭ تىپى بايقالدى، ئۇلار باشقا خوتەن بوستانلىقىدىكىلەرگە ئوخشىمايتتى. ئۇلار دەسلەپتە جەنۇب تەرەپتىن كەلگەن تىبەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، بىز ئۇزۇن مەزگىللىك تەكشۈرۈش، يەنى جۇغراپىيەلىك تەكشۈرۈشنى باشلىدۇق. بۇ يەردە تەپسىلىي ئەھۋاللارنى بايان قىلمايمەن، بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ھاسىلاتلار خېلى مول بولدى. بۇ توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كۈندىلىك خاتىرەمدە تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن. بىراق، بۇ ئاددىي بايانلاردىن يەنىلا ئۆز ۋاقىتتا ئۇ جاينىڭ قورام تاش، مۇزلۇق ياكى شېغىل بىلەن قاپلانغان چۆلدىكى 500 مىل مۇساپىنىڭ بىرقانچە تەرىپىنى ئىپادىلەپ بىرەتتى، بۇ چۆللۈك ئىنسانلار پەيدا بولغان ۋاقىتتىن تارتىپلا، ئىنسانلار پۈتۈن كۈچى بىلەن بويسۇندۇرىدىغان تەبىئىي مەنزىرە بولۇپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

### پولۇ جىلغىسىدىكى قىينچىلىق

پولۇنىڭ ئۇستى تەرىپىدىكى قورقۇنچلۇق، تار جىلغىدىن تۆت كۈندە ئاران ئۆتۈپ، ئاندىن شىمالىي قىسمىدىكى ئېگىزلىككە يېتىپ كەلدۇق، بۇ جاي بىلەن دېڭىز يۈزىدىن 15مىڭ فۇت ئېگىز قورۇم تېغىنىڭ ئاساسىي تاغ تىزمىسى يېقىن ئىدى. بۇ يولغا كەتكەن ۋاقىت 1873 ـ يىلى فورس مىسسىئونېرلار ئەترىتى (Forsyth Mission) ئالىملىرىنىڭ سەرپ قىلغان ۋاقتىغا قارىغاندا ئالتە ھەسسە كۆپ ئىدى. بىراق، ئۇ غەربتىكى شىراڭ ئېگىزلىكىگە تۇتىشىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەردى، مەيلى ئۇرۇش ياكى تىنچلىق دەۋرىدە بولسۇن، بۇ يول ھەرقانداق نەتىجىدىكى پائالىيەتكە خىزمەت قىلمىغان. كۆز ئالدىمىزدىكى قىينچىلىق بولسا چوڭقۇر، تىك، خەتەرلىك تاغ يولىنى بويلاپ ئىلگىرىلەش ئىدى. بۇنداق خەتەرلىك يولدا ئۇلاغلارنىڭ يۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

### ئېگىزلىكنىڭ سىرتىدىكى قاقاسلىق

تېخىمۇ ئېغىر يەنە بىر توسالغۇ سودا ۋە ھەربىي ئىشلارغا ئىشلىتىلگەن يولنىڭ ھەمىشە دېڭىز يۈزىدىن 16مىڭدىن 17 مىڭ فۇتقىچە ئېگىزلىكتە بولۇشى ئىدى. بۇ رايوندىن ئۆتۈپ لاناقلا(Lanak–la) تەرەپتىكى لاداخقا ئەڭ يېقىن ئولتۇراق رايونغا بېرىش ئۈچۈن بىرقانچە ھەپتە ۋاقىت كېتەتتى. پولۇ جىلغىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتى مال بېقىشقا ماس كەلمەيتتى، سەپەر جەريانىدا مال باققۇدەك شارائىت يوق ئىدى، گەرچە بۇ سەپەردە تۆگە ئىشلىتىلگەن بولسىمۇ، قارىغاندا بۇ يەردىكى قىينچىلىق قاراقورۇم يول لىنىيەسى بىلەن ئوخشاشتەك قىلاتتى. شۇڭلاشقا، خوتەننىڭ ساتقىن پادىشاھى ھەبىبۇللاخان (Habib–ul–lah) دۈشمەنلەرنىڭ مۇداخىلىسىدىن بىخەتەر بولۇش ئۈچۈن، لاداخ ۋە ھىندىستان بىلەن ئالاقە قىلىدىغان يولنى ئېچىشقا ئۇرۇنغان. ئۇ خۇددى بىز ھازىر

كۆرۈۋاتقاندەك قاراڭغۇ داۋاندىن ئۆتىدىغان يېقىن يول يېڭى داۋان (Yangi-dawan)دىكى ئېگىز مۇز داۋاندىن ھالقىپ ئۆتىدىغان لىنىيەنى ئېچىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولۇپ، بۇ لىنىيەدە قورقۇنچلۇق تەبىئىي توسالغۇلار مەۋجۇت ئىدى.

### زەيلىك ئالتۇن كانى

كۈندىلىك خاتىرەمدە، بىر قوتاز ئۇۋلايدىغان ئوۋچىنى ئۇچراتقانلىقىمنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدىم. ئۇ ھېيلىگەر پوپۇرلۇقلارغا قارىغاندا تولىمۇ ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئۇ بىزنىڭ تەكشۈرۈش ئەترىتىمىزنى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مۇزلۇق مەنبەسىگە باشلاپ باردى، بىز زەيلىك (Zailik) ئېگىز تاغ جىلغىسىغا تۇتىشىدىغان يول بىلەن ماڭدۇق، ئۇ يەردە نۇرغۇن ئالتۇن كانلىرى بار ئىدى. بۇ يەردىكى دېڭىز يۈزىدىن 13 مىڭدىن 14 مىڭ 500 فۇتقىچە ئېگىزلىكتىكى يۇرۇڭقاش جىلغىسىغا يېقىن ئەتراپتىكى رايونلاردا ئالتۇن كانلار كۆپ يىل بۇرۇنلا ئېچىلىشقا باشلىغانىدى. ئەمما، بۇ يەردىكى نەچچە يۈز تاشلاندۇق كان قۇدۇقى ھەمىشە دېگۈدەك كەمبەغەللەرنىڭ قەبرىسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. بۇ بىچارىلەر خۇددى شىمالىي قۇتۇپ كىلىماتىدا ئىشلەۋاتقان قۇللارغا ئوخشاش جاپالىق ئەمگەك قىلاتتى. ھازىر ئالتۇن كانلىرىنىڭ مەھسۇلاتى كۆپ مىقداردا ئازلاپ كېتىپتۇ. بىراق، ئۇزاق يىللار ئىلگىرى فاشىيەن نۇرغۇن ئالتۇننىڭ سېخىيلىق بىلەن خوتەندىكى بۇتخانىلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى خاتىرىلىگەن، بۇنى يوتقان قەدىمكى شەھەرنىڭ يەر قاتلىمى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ، بۇ ئالتۇنلار مۇشۇ جىلغىلاردىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە بۇ ئالتۇن ساقلانغانلىقى بىلەن مەشھۇر بولغان جىلغىنى باشقا چۆلگە ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ خالىغانچە كىرىشى چەكلىنەتتى.

### يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مۇزلۇق مەنبەسى

يازدىكى دىمىق ئىسسىقتا زەيلىك جىلغىدىكى كاندا بىر قانچە

www.uyghurkitap.com

ئاي ئىشلەيدىغان 48 دەك بىچارە كان ئىشچىسىنىڭ ياردىمى بىلەن سەككىز كۈن جاپالىق يول يۈرۈپ، قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان يۈرۈڭقاش دەرياسىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى تارماق ئېقىن مەنبەسىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ خەتەرلىك جىلغىدىكى تاغ يولىدا قوتاز ماڭىدىغان يولنى بويلاپ پىيادە ماڭدۇق. ئېگىزلىكى 18 مىڭدىن 19 مىڭ فۇتقىچە كېلىدىغان جايدا پۈتكۈل تاغ مەنزىرىسىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. بىز بۇ دەريانى بويلاپ ئىلگىرىلەپ، دەريانىڭ مەنبە مۇزلىقىغا باردۇق. بۇ مۇزلۇقتا بىز جۇغراپىيە ئىلمى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە مۇھىم پاكىتنى، يەنى بۇ مۇزلۇقنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردە شەكىللەنگەنلىكىنى، ھازىر شېغىللىق مۇزلۇق توپىدىن شەكىللەنگەن ئېگىزلىككە ئايلانغان. ئۆتمۈشتە يۈرۈڭقاش دەرياسى ۋە قورۇم تېغىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى مۇزلۇقنىڭ تارماق ئېقىنلىرى يوقىلىپ، قۇملۇقتىكى تاشلاندۇق قەدىمكى ئولتۇراق رايونغا، يەنى دەندەن ئۆيلۈك ۋە نىيە خارابىسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋال ئېھتىماللىققا تولىمۇ يېقىن.

### قورۇم تېغىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىزلىك

9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، بىز قايتىدىن ئۇلۇغكۆلنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى ئاسانراق ماڭغىلى بولىدىغان رايونغا يېتىپ كەلدۇق، ئۇ يەردە نەرسىلەرنى توشۇشقا تەييارلىق قىلىش ۋە تەمىنلەش پونكىتى بار ئىدى. ئاندىن بىز يەنە داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. يولدا قار ـ بورانغا ئۇچرىدۇق. پولۇدىن لاناقلاغىچە بولغان لىنىيەنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 17 مىڭ 200 فۇت بولۇپ، كېرىيە دەرياسى دەل مۇشۇ لىنىيەدىكى غايەت زور مۇزلۇقتىن باشلىناتتى. دېڭىز يۈزىدىن 18 مىڭ فۇت ئېگىزلىكتىكى كېرىيە دەرياسىنىڭ ئېقىنىدىن ئۆتۈپ، غەربكە قاراپ ئىلگىرىلەپ «ئاقسايچىن» (Ak - sai - chin)

دېگەن تۆزلەڭلىككە يېتىپ كەلدۇق. لېكىن، ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسىنىڭ ئەڭ يېڭى تىرانسپورت لىنىيە خەرىتىسىگە بۇ رايون كىرگۈزۈلمىگەنىدى. بۇ تۆزلەڭلىكنى تاپالماي، ئەكسىچە ئۈستى قار ـ مۇز بىلەن قاپلانغان، ئېگىزلىكى 23 مىڭ فۇتتىن ئاشىدىغان ئېگىز تاغ چوققىسىنى بايقىدۇق. تاغ چوققىسىنىڭ ئارىلىقلىرى كەڭرى بولۇپ، قاقاس جىلغا جەنۇب تەرەپتىكى يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ مەنبەسى بولغان غايەت زور تاغ تىزمىسىدىن پەسكە قىيسايغانىدى. بۇ جىلغىنىڭ چىقىش ئېغىزىدا كىچىك ئويمانلىقلار بار بولۇپ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 15 مىڭ فۇتتىن 16 مىڭ فۇتقىچە كېلەتتى، ئويمانلىقتىكى كۆل ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەنىدى. تەلىيىمىزگە تاغ ئېغىزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى يول يۇرۇشكە قولاي ئىكەن، شۇڭا تېزلىكتە بۇ جايدىن ئۆتۈپ كەتتۇق. بۇ يەر تولىمۇ قاقاس بولۇپ، بىرىنچى كۆلدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلاغلار يېگۈدەك ئوت ـ چۆپ يوق ئىدى. كۆپچىلىكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئات، ئۇلاغلارنى ناھايىتى تېزلىكتە بۇ جايدىن ئۆتكۈزۈۋالدۇق.

**قۇرغاق شورلۇق ئويمانلىق**

بىز لاناقلاغا بارىدىغان يولدىن ئايرىلىپ، بىر ھەپتە يول يۈرۈپ، چوڭ بىر تۈز كۆلگە يېتىپ كەلدۇق. 40 يىل ئىلگىرى بۇ جاي ھىندىستان ئۆلچەش ئىدارىسىنىڭ بىر تارماق تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى تەرىپىدىن تەكشۈرۈلگەن، بىراق ھازىر كۆپ قىسمى قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ تەخمىنىي ئورنى 1865 ـ يىلى ۋ.ج. جونسون ئەپەندىنىڭ لاداختىن خوتەنگىچە بولغان تەكشۈرۈش لىنىيە خەرىتىسىدە چۈشەندۈرۈلگەن، بۇ قېتىم مەن بۇ قەدىمكى لىنىيەنى تەكشۈرۈشكە تەييارلىق قىلدىم. بىز غەربىي شىمال يۆنىلىشكە قاراپ ئۈچ كۈندىن كۆپرەك يول يۈرگەندىن كېيىن، قاقاس ئويمانلىقتىن ئۆتتۇق. بۇ يەرگە شورلىشىپ كەتكەن، قۇرۇق، تۇزلۇق كۆللەر تارقالغان

بولۇپ، ھېچقانداق ھايۋانات ياكى ئۆسۈملۈك يوق ئىدى. بىز زور ئىشەنچ بىلەن كونا يولنى بويلاپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدۇق. شىمال تەرەپتىكى جىلغا ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان جايدا ئىككى كىچىك تاش دۆۋىسى بايقالدى. بۇ تاش دۆۋىلىرى بىز ئىككى ھەپتە ئىلگىرى باباھاتىم (Baba–Hatim) داۋىنىدىن ئۆتۈپ، كېرىيە دەرياسىنىڭ باش مەنبەسىگە بارغاندىن كېيىن ئۇچراتقان تۇنجى ئىنسانلار پائالىيەت ئىزلىرى ئىدى.

جونسون لىنىيەسىدىكى مەدەنىي يادىكارلىقلار

بۇ تېپىلمىلاردىن مۇكەممەلرەك بولغىنى كونۇس شەكىللىك كىچىك تاش دۆۋىسى بولۇپ، ئۇ جىلغىنىڭ ئېگىز يېرىدىكى قۇرۇپ كەتكەن بۇرتىس (Burtse) دەرىخى تۈۋىدىن بايقالغان ئىدى. باشقا بىر قىسىم كىچىك يادىكارلىقلار، ئىلگىرىكى بىر قانچە يىل داۋامىدا (1864 — 1866 ـ يىللار) بۇ يولدىن ئۆتكەن كىشىلەر قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر ئىدى. يەر شەكلى ئېگىز، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق بولغانلىقتىن، بۇ يادىكارلىقلار تولىمۇ ياخشى ساقلانغان بولۇپ، خۇددى دۇنيا بىلەن ئايرىۋېتىلگەن بۇ ئېگىزلىككە ئىنسانلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەرگەندەك قىلاتتى. ئېگىزلىك تارىخ باشلانغاندىن بۇيان شىنجاڭنىڭ ئەڭ غەربىي شىمالىنى كېسىپ ئۆتكەنىدى.

قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسىم مەنبەسى

كۆپ ساندىكى يەرلەرنىڭ يول لىنىيەسىنى يەنىلا ياخشى مۇقىملاشتۇرغىلى بولسىمۇ، لېكىن 40 نەچچە يىلدىن بۇيان كىشىلەر بۇنداق قارىمىغانىدى. يولنى بويلاپ جونسوننىڭ خەرىتىسىدە بەلگە قويۇلغان «خىتاي داۋان»غا يېتىپ كەلدۇق، 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى كەچتە، بىز ئاخىرى قاراقاش دەرياسىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى تارماق ئېقىن جىلغىسىغا كىردۇق. جىلغىدا تاشتىن ياسالغان ئاددىي بىر لەمپە بار بولۇپ،

ئۇستىگە «ھاجى لەنگەر» (Haji–langar) دەپ يېزىلغانىدى. قاراقاش دەرياسى جىلغىسىدىكى ياشانغان بىر قىرغىز باشلامچى سېتىۋالدى بەگ (Satip–aldi Beg) نىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ لەمپە ھاجى ھەبىبۇللاخان (Haji Habib–ullah) نىڭ ئەمرى بويىچە ياسالغانىكەن. ئەينى چاغدا، خوتەننىڭ تەقدىرى پاجىئەلىك ئەكسىيەتچى بۇ ھۆكۈمرانى (1863 ـ 1866 ـ يىللار) قاراڭغۇ تاغنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ئېگىز كەتكەن قورۇم تاغ تىزمىسىدىن لاداخقا تۇتىشىدىغان لىنىيەنى ئاچقان. ئىككى كۈندىن كېيىن، قاراقاش دەرياسى جىلغىسىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا، مەن ئۈچۈن خوتەندىن نەرسە ـ كېرەك ئەكەلگەن سېتىۋالدى بەگ باشچىلىقىدىكى قىرغىزلاردىن تەشكىللەنگەن ئەترەت بىلەن ئۇچراشتىم. شۇنىڭ بىلەن قورۇم تاغ تىزمىسىدىكى جاپالىق تەكشۈرۈشىمىز ھەرھالدا ئوڭۇشلۇق ئاخىرلاشتى.

جونسون ماڭغان يېڭى داۋاننى ئىزدەش

ئەمما، يەنە بىر تەكشۈرۈش مېنى ئۆزىگە تولىمۇ جەلپ قىلىپ تۇراتتى، چۈنكى بۇ تەكشۈرۈش تارىخشۇناسلىق ئىلمى جەھەتتە قىممەتكە ئىگە ئىدى. مېنىڭ كۆزدە تۇتقىنىم ھاجى ھەبىبۇللاخان ئاچقان لىنىيە بولۇپ، قاراڭغۇ تاغنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى قورۇم تاغ تىزمىسىنىڭ ئاساسىي تىزمىسىدىن ئۆتىدىغان ئېگىز كەتكەن مۇزلۇق داۋان ئىدى. بىراق، 1901 ـ يىلى ۋە 1906 ـ يىللىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولساقمۇ، ئەمما جونسون خاتىرىلىگەن يېڭى داۋاننىڭ ئېنىق ئورنىنى تاپالمىدۇق. شۇڭا، بۇ قېتىم قىرغىزلار ۋە ئۇلارنىڭ قوتازلىرى بىلەن قايتىدىن ھاجى لەنگەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قايتىپ كېلىپ تەكشۈرۈش قىلدۇق. ئۇ يەردە بىر مۇنچە كونۇس شەكىللىك تاش دۆۋىسى بار ئىدى. ئۇزۇن يىللار ئىلگىرى جونسون توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن «خىتاي داۋان»نى بۇ تاش دۆۋىسىنىڭ شىمالىدىكى تاغ جىلغىسىدىن بايقىدىم، بۇ تاغ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

جىلغىسىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىن تەخمىنەن 7 مىل كېلىدىغان جايدا، يول قار دۆۋىسى ۋە قىيا تاشلار سەۋەبىدىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالاتتى. تار تاغ جىلغىسىنى بويلاپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، ئىككى خەتەرلىك جىلغىغا كىرگىلى بولاتتى، ئۇنىڭ بىرى شىمال تەرەپتىكى قارلىق تاغدا، يەنە بىرى شەرق تەرەپتىكى قارلىق تاغ جىلغىسىدا ئىدى. بىز ئۆتكەن تاغ جىلغىلىرىدا ھېچنېمە بايقالمىدى. ئەمما، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەڭ ئاخىرقى تەكشۈرۈش خىزمىتىمىز بىلەن ئالاقىدار بولغاچقا، سۇ بۆلگۈچ چوققىسىغا بېرىشىمىز لازىم ئىدى.

### قورۇم تېغىنىڭ سۇ بۆلگۈچى چوققىسىدىكى قارلىق تاغ ئېغىزىغا چىقىش

كۈندىلىك خاتىرەمدە 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ر. ب. لارسىنگ ۋە بىر قىسىم قىرغىزلارنىڭ ھەمراھلىقىدا، شىمال تەرەپتىكى مۇزلۇقنى بويلاپ، قورۇم تېغىنىڭ سۇ بۆلگۈچى چوققىسىدىكى قارلىق تاغ ئېغىزىغا چىققان ئەھۋاللارمۇ بار ئىدى. ئېگىزلىككە جايلاشقان مۇزلۇقتا يۇمشاق قار دۆۋىلىرى بىلەن يېرىقلار كۆپ بولغاچقا، چىقىش تولىمۇ تەس ئىدى. شۇڭلاشقا، 10 سائەتچە ۋاقىتتا ئاندىن ئېگىزلىكى 20 مىڭ فۇت بولغان تاغ چوققىسىغا چىقتۇق. تاغ چوققىسى ھەيۋەتلىك قارلىق چوققىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۈچ بۇلۇڭ بويىچە ئۆلچەنگەن ئېگىزلىكى 23 مىڭ 71 فۇت بولۇپ چىقتى. مەن بۇ مۇز داۋانغا چىقىش يېقىنقى مەزگىلدە مۇمكىن بولمايدىغان ئىش دەپ قارىغانىدىم. بىراق، بۇ قېتىمقى پۇرسەتنى بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى دېيىشكە بولاتتى، بۇ ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلىساق، تاغ جىلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپى ھەمدە ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھۇزۇرلىناتتۇق. بۇ يەردە تۇرۇش ۋاقتىم قىسقا بولغاچقا، چارچىشىمغا قارىماي جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقتا خەرىتە

سىزىشقا ۋە سۈرەتكە تارتىشقا باشلىدىم. شۇ چاغدا كۈن ئوچۇق تۇرۇقلۇق، چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتتە تېرمومېتىر نۆلدىن تۆۋەن 16 سېلسىيە گرادۇسنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. مۇزلۇقتا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ، بۇ يەردە ئۇزاق تۇرمايلا تاغدىن چۈشۈپ بازىغا قايتتۇق، ئىككى پۇتۇمنىڭ قاتتىق مۇزلاپ ئۇششۇپ قالغانلىقىنى سەزدىم. شۇ كۈنى جاپادا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجەم كېيىن ماڭا ئۇزۇن مەزگىللىك ئازاب ئېلىپ كەلدى. بىراق، ئادەمنى مەمنۇن قىلىدىغىنى، پۇتۇم ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق تەكشۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاخىرلاشتۇرغىچە بەرداشلىق بەردى.

# 3 ـ بۆلۈم قاراقورۇمدىن ئۆتۈپ ئەنگلىيەگە قايتىش

**كۈتۈلمىگەن ئېغىر ئاقىۋەت**

ئۇششۇپ قالغان پۇتۇم بارغانسېرى قاتتىق ئاغرىپ كەتتى، شۈبھىسىزكى، بۇ شۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى بولۇپ، جىددىي داۋالانمىسام بولمايتتى. پۇتۇم ئاغرىپ مېڭىشقا، ھەتتا ئات مىنىشكىمۇ ئامال بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ياسالغان بىر ناسىلكا ئۈستىدە يېتىپ قاراقاش تاغ جىلغىسىدىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلدۇق. تۆت كۈنلۈك ئازابلىق سەپەردىن كېيىن پورتاش(Portash) قا يېتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلار قاچىلانغان ساندۇقلارنى توشۇش ئەترىتىمىز سانجۇ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، بىخەتەر ھالدا بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىدى. قونالغۇدىكى ئىككى كۈندە كېيىنكى قەدەمدىكى توشۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردۇم. قورۇم تېغىنى تەكشۈرۈشكە قاتناشقان قىرغىزلار بىلەن قاراقاشلىقلارنىڭ ئىش ھەققىنى بېرىپ، ياشانغانلىرىنى خىزمەتتىن توختاتتىم. توشۇش ئەترىتىدىكى قالغان كىشىلەر ر. ب لار سىنگىنىڭ باشقۇرۇشىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

بولدى. ئۇ ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى بىلەن يۈكۈمنى خېلى يېنىكلەتكەنىدى.

ناسلكىدا يېتىپ قاراقورۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈش

مەن ئۇلاغ يۈتۈمنىڭ يارىسىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دەرھال لېخ (Leh) شەھىرىگە بارماقچى بولدۇم. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، قاراقاش تاغ جىلغىسىدىن يولغا چىقتۇق. ماڭالمىغاچقا يەنىلا ناسلكىدا يېتىشقا مەجبۇر بولدۇم. بىز قاراقورۇم سودا يولىنى بويلاپ تېز ماڭدۇق. 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، بىز دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 18 مىڭ 687 فۇت كېلىدىغان قاراقورۇم تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ بولدۇق. يەنە بىركۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، مۇرغې (Murghe) تاغ ئېغىزىدىكى قورام تاشلار ئۈستىدە مەن ياتقان ناسلكا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئات پەقەت ماڭالمىدى. تەلىيىمىزگە بىر توپ قاۋۇل زاڭزۇ مەدىكارلارنى ئۇچرىتىپ قالدۇق. ئەگەر، لاداختىكى ئەنگلىيە بىرلەشمە يەرلىك ئەمەلدارى پولكوۋنىك د. گ. ئولىۋېر دەل ۋاقتىدا بۇ ياردەمنى قىلمىغان بولسا، مەن ھەرگىزمۇ ئۆزۈمنىڭ كۆچىگە تايىنىپ ئالدىمىزدىكى جاپالىق مۇساپە ھەم قورقۇنچلۇق ساسسېر (Sasser) مۇزلۇقىدىن ئۆتەلمىگەن بولاتتىم.

لېخ شەھىرىدە ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش

توققۇز كۈنلۈك جاپالىق سەپەردىن كېيىن مەن نۇبرا (Nubra) دەرياسىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىدىكى لاداخ كەنتىدە پوپ س. شمىت (Schmitt) نى ئۇچراتتىم. ئۇ لېخ شەھىرىدىكى مۇراۋىئات (Moravian) پاراۋانلىق دوختۇرخانىسىغا مەسئۇل ئىدى. گەرچە ئۇ ئۆزىمۇ ئېغىر كېسەل ئازابىنى تارتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنى قۇربان قىلىپ، تېزلىكتە قارادۆڭ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، مېنى داۋالىغىلى كەلدى. سالامەتلىك ناچار، ئۇنىڭ ئۈستىگە چارچاپ كەتكەچكە، يۇقۇملىنىپ قالغانىدىم. س.

شمىت دوختۇر ئامالسىز ئوڭ پۈتۈمنى ئوپېراتسىيە قىلىشنى كېچىكتۈردى، 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە كەلگەندە بىز لېخ شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق، لېختا پۈتۈمنىڭ ئۈششىگەن بارماقلىرى كېسىۋېتىلدى. پوپ س. شمىت ۋە ئۇنىڭ دوختۇرخانىدىكى خىزمەتداشلىرى مېنى ناھايىتى ياخشى كۈتتى. ئۈچ ھەپتىگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە خېلى ئەسلىمگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئالدىمدا يەنە كەشمىرگە بارىدىغان 14 كۈنلۈك جاپالىق سەپىرىم بار ئىدى. ئوپېراتسىيەدىن كېيىن يارا ئېغىزىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئاستا بولدى. شۇڭلاشقا، قەدىناس دوستۇم، ئاتاقلىق تاشقى كېسەللىكلەر دوختۇرى ۋە تاغقا چىقىش تەنھەرىكەتچىسى دوكتور ئا . نېۋ (Neve) نىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، سرىناگار (Srinagar) دا ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قالدىم. ئەمما، بۇ قېتىم ياردەمچى بارگاھتا قوشۇمچە تۇرۇشلۇق ئەمەلدار پولكوۋنىك د. گ. ئولىۋېر ۋە ئا. د. ماكپېرسون (Macpherson) نىڭ كۆڭۈل قويۇپ كۈتۈشى بىلەن كېسىلىم تېزلا ياخشى بولۇپ قالدى. كەشمىردىكىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلىرىم ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلدى.

### كالكۇتتا، دېھرادۇن ۋە لاھورغا بېرىش

ئاخىرى ھاسا تايىنىپ ماڭالايدىغان بولدۇم. 12 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ھىندىستانغا قايتىش سەپىرىگە ئاتلاندىم، يارام خېلى جاپا سالدى. شۇڭلاشقا، لاھوردا پەنجاپلىق كونا دوستۇم ئېدۋارد ماكلاگان (Edward Maclagan) نىڭ ئۆيىدە داۋالىنىپ، ئارام ئالدىم ھەم ھۆكۈمەتكە بېرىدىغان، ھەم باشقا جەھەتلەردىكى زۆرۈر ھېساباتلارنى پۈتكۈزۈۋالدىم. كالكۇتتا (Calcutta)غا ماڭىدىغان يولدا، نۇرغۇن ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشەتتىم، يەنە بىر قەدىناس دوستۇم، باش ۋالىي جانابلىرىنىڭ شەخسىي كاتىپى، قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنېرالى جامېس دۇنلوپ شمىس (James Dunlop Simth) مېنى تەكلىپ

www.uyghurkitap.com

قىلغانىدى. شۇڭلاشقا، مەن دېھرادۇن(Dehra dun) نى زىيارەت قىلدىم. قۇرۇقلۇق ئارمىيە پولكوۋنىكى ھىندىستان ئۆلچەپ تەكشۈرۈش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بۇررارد (Burrard) دوستانە ياردەم قىلىپ، مېنىڭ ئۈچ بۇلۇڭ بويىچە ئۆلچەنگەن خەرىتىلىرىمنى تولۇق نەشر قىلىشقا كاپالەت بەردى. كالكۇتتادا تۇرغان بىرقانچە كۈن ئىچىدە، لورد مىنتوسىن ئۆزىنىڭ كەڭ قورساق، كىشىگە ئۈمىد ئاتا قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. لورد مىنتوسىنىڭ شەخسەن ئارىلىشىشى بىلەن ئالدىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بىچارە نايىك رام سىنگ ئىلتىماس قىلغان ئالاھىدە نەپىقە پۇلى ناھايىتى تېزلا تەستىقلاندى. راي لار سىنگ ئادەتتىن تاشقىرى جاپالىق شارائىتتا ئۆزىنىڭ قىزغىنلىقى ۋە قابىلىيەتلىكلىكىنى ئىسپاتلىدى. بۇنداق روھنى مەن باشقا ھېچقانداق ھىندىستانلىقتا ئۇچراتمىغانىدىم. ئۇ ھۆكۈمەت تەرەپىنىڭ يۈكسەك ماختىشىغا ئېرىشتى، ئۇنىڭغا راي باھادۇر (Rai Bahadur) دېگەن ئۇنۋان بېرىلدى ھەم 1909 ـ يىللىق شەرەپ تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى، شۇنداقلا ئۆستۈرۈلدى. ئۆلچەپ سىزغۇچى راي رام سىنگكە پادىشاھلىق جۇغراپىيە جەمئىيىتى ئۇزۇن ئۆتمەيلا مۇكاپات بەردى ھەم ئۇنىڭ بىرقانچە قېتىملىق تەكشۈرۈشتىكى كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ھىندىستان تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدىكى كىنەز ھاركورت بۇلتېر (Harcourt Bulter)نىڭ دوستانە ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە، مېنىڭ خەنزۇ كاتىپىم جياڭ بېگىمگە ھىندىستان ھۆكۈمىتى ناھايىتى قىممەتلىك بىر دانە سائەت سوۋغا قىلدى.

### ياۋروپاغا قايتىش

1908 ـ يىلىدىكى مىلاد بايرىمىدىن كېيىن، مەن ئاخىرى بومباي (Bombay) دا ياۋروپاغا ماڭىدىغان پاراخوتقا چىقتىم.

دېڭىزدا يېتەرلىك دەم ئېلىش پۇرسىتى بولغاچقا، يارام پۈتۈنلەي دېگۈدەك ساقىيىپ كەتتى. پاراخوت ماركو پولو شەھىرىدە قىسقا ۋاقىت توختىغاندا، مېڭىپ باقسام پۈتۈم پەقەتلا ئاغرىمىدى. 1909 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى لوندونغا يېتىپ كەلدىم. كىشىنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدىغىنى، مەدەنىي يادىكارلىقلار ساقلانغان ساندۇقلارنىڭ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇلۇغ بىرىتانىيە مۇزېيىغا يېتىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئىدى.

يېڭى خىزمەت ھەم خۇلاسە

ماڭا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئۇزاق سەپەردىن قايتىپ كېلىشى پەقەت ئارام ئېلىشتىنلا دېرەك بەرمەيتتى، يەنە مەلۇم جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ دالىدىكى خىزمەتتىنمۇ جاپالىق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. تېخىمۇ مۇھىم بولغان خىزمەتلەرگە سەمىمىي ئىلھاملاندۇرۇش ۋە گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن كىرىشىپ كەتتىم. ھىندىستان گوبېرناتورىنىڭ كاتىپى ھىندىستاندىن ماڭا يازغان خېتىدە، مېنىڭ پىلانىمنى يېقىندىن قوللايدىغانلىقىنى، مېنى بىر مەزگىل ئىچىدە ئالاھىدە ۋەزىپىگە تەيىنلەيدىغانلىقىنى، مېنىڭ يىغىپ كەلگەن بۇيۇملىرىمنى رەتلىشىم ۋە تەكشۈرۈش خاتىرەمنى يېزىشىمغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىككى ئاي ئىچىدە، مەن پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىگە بىر پارچە دەسلەپكى دوكلاتنى تاپشۇردۇم، ئورۇنلىغان جۇغراپىيەشۇناسلىق جەھەتتىكى خىزمەتلىرىمنى نەزەردە تۇتۇپ، مەزكۇر جەمئىيەت ماڭا فوندىنىڭ ئالتۇن مېدالىنى بەردى. ئەڭ ئاخىرىدا چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن شۇنى كۆرۈپ يەتتىمكى، ئىلىم ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار ئىچىدىكى سەمىمىي دوستلار ۋە ھەمكارلاشقۇچىلار مېنىڭ بۇ تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشقا ۋە ئاخىرلاشتۇرۇشۇمغا سەمىمىي ياردەم بېرىشنى خالايدىكەن.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 2000 - يىلى 10 - ئاي 1 - نەشرى، 2000 - يىلى 10 - ئاي 1 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据广西师范大学出版社2000年10月第1版，2000年10月第1次印刷本翻译出版。

# تەكلىماكاندىن ئۆتۈش

ئاپتورى: ئاۋرېل ستەين (ئەنگلىيە)
تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئايگۈل قادىر، رىزۋانگۈل نۇرۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئابدۇراخمان ئەبەي، ئابدۇخېلىل ئابدۇجېلىل
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۈل كېرەم
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991-2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 14.75
نەشرى: 2010 - يىلى 7 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2010 - يىلى 7 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 4000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 228 - 12243 - 1
باھاسى: 37.00 يۈەن